غۇلام ئۆمەر

# باياۋاندىكى گۈلخان

2 - قىسىم

# مەشئەل

# بىرىنچى باب

سىلەر (ھىندىيانلا) پەقەت ئاق تەنلىكلەرنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاشىلا قىلماي، ئۆز - ئۆزۈڭلارنى قىرىپ تۈگىتىۋەتسەڭلارمۇ مەيلى. ئاق تەنلىكلەر تەبىئىي يۇقۇلۇشىنىڭ نەتىجىسىنى جان دەپ كۆرىدۇ.

— بەي ياڭ «رەزىل جۇڭگولۇقلار»

## 1

مارت ئېيى كىرىش بىلەنلا يەر- جاھان ئىللىپ شامال بىلەن بىللە تۇپراقنىڭ ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ ھىدى كېلىشكە باشلىدى. دەل- دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىكى بۇ يىل نوتا سۈرىدىغان ۋە يوپۇرماق چىقىرىدىغان بىخلار كۆرىنەرلىك دومبىيىپ چىققانىدى. قىشتا قار ئوبدان يېغىپ، باش باھاردىن باشلاپ ئېرىپ، تۇپراققا سىڭىپ كەتكەچكە، يەردە بىر خىل يامغۇردىن كېيىنكى ھالەت —— كۆكچىلىك باردى. بۇ ھال كىشىگە ئاللىقانداق سەپەردىن كېيىن ئوبدان ھاردۇق ئېلىۋالغاندەك ھوزۇر بەخش يېنىكلىك بېرەتتى. بۇ يىل سۇ مول بولۇشى مۆلچەرلىنەتتى. قىران دەرياسىنىڭ پەسىللىك سۈيى لايىقلىنىپ كېلىشكە باشلىغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى چەتئەلدە ئوقۇۋاتقاندىلا كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئاجايىپ ئوي- پىلانلىرىنى بىر- بىرلەپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرايتتى. يېڭى باھار بەخش ئەتكەن ھايات زەۋقى، ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي قەلبىنى لەرزىگە

سالماقتىدى. بۇ ھىسلار گاھى ئۇزۇن يىللىق قۇللۇق ۋە خورلۇقتىن كېيىن ھۆرلۈك ئۈچۈن قوزغالغان مىليونلىغان خەلق غازاتچىلىرىنىڭ شاۋقۇنلىرىدەك مۇزىكا بولۇپ قۇلاقىغا پۈتۈلسە، بەزەن قىيا ئۈستىدە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى كۆزىتىپ، ئولتۇرغان بۈركۈت بىردىنلا كۆك قەھرىگە كۆتۈرۈلگەندەك ، يېنىك ۋە ئەركىن قانات قېقىپ تاغلار بېشىدا ئايلىنىپ يۈرگەندەك شائىرانە قۇرلارنى تەۋەللۇق قىلاتتى. ئۇ يەنە بىردىنلا رومانتىك ئالەمدىن ھارغىن ھالدا رېئاللىق ئالىمىگە قايتىپ كېلەتتى ـ دە، كونكېرىت پىلانلارنى تۈزۈشكە باشلايتتى.

”نامرات دېھقانلارنى قانداق باي قىلىش كېرەك؟ ئۇ نېمىشكە ھاياتقا بۇنداق سالقىن قارايدۇ؟ نېمىشكە ھايات مۇساپىسىدىكى توسالغۇلارنى ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن يېڭىشنى بىلمەيدۇ؟ نېمىشكە ھاياتنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان دولقۇنىدا بىر تال خەستەك دولقۇن قايان تاشلىسا شۇيان بولۇپ، تەقدىرنىڭ مەيلىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ ... — ئۇ شۇلارنى ئويلايتتى — ئۇلارنى تەشكىللەش، يېتەكلەش، ئائىلە ئىگىلىكىنى، ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاپ تەرتىپكە سېلىشۋېلىشى ئۈچۈن پىلان- تەدبىرلەرنى ئۈگىتىش كېرەك! سەن پەقەت بىر نەچچە ئادەمنى ئوقۇتۇش بىلەنلا ۋىجدانىڭنى ئالداشقا، ئۆز - ئۆزۈڭگە تەسەللىي بېرىشكە ھەقلىق ئەمەسسەن! ئويلا، سېنىڭ مىللىتىڭنىڭ نەدە قالغان؟ باشقىلارچۇ؟ ئالدىراش كېرەك! ساقلاپ تۇرساڭ ھايات قىيانلىرى سېنى قىياغا ئاپىرىپ ئۇرىدۇ، كۈكۈم تالقان بولىسەن!.... ئەمىسە ئوقۇش- ئوقۇتۇش بىلەن دېھقانلارغا ياردەم بېرىشنى بىرلەشتۈرگىلى، بىر- بىرىگە پۈتلاشتۇرماي ئېلىپ، بارغىلى بولماسمۇ؟... ھازىر دەل باھار، دېھقانلار ئۈچۈنمۇ، باشقا جانلىقلار ئۈچۈنمۇ يىلنىڭ بېشى، ھاياتنىڭ باشلىنىشى، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك!...“

ئۇ يېڭى باھارنى ئالدىراشلىق ئىچىدە كۈتىۋالماقتىدى. بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ھويلىلىرىنى گويا باغ- ھويلا ئىنژىنىرلىرىدەك پىلانلاپ، كۆكەرتىش لاھىيىسى ئىشلەپ چىقتى. ئۇ ئەۋلادلار بىلىم ئالىدىغان جاينىڭ بوستانلىق بىلەن چۆمكۈلۈپ تۇرىشىنى، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر چارچىغاندا

ئىشكتىن چىقىسىلا يېشىللىق دۇنياسىنىڭ ساپ ۋە نەمخۇش ھاۋاسى ئۇلارنىڭ تالغان نېرۋىلىرىغا ئارام بېرىشنى ئىستەيتتى. بۇندىن باشقا يەنە دېھقانلارغا تەۋە يەرلەرگە، يول بويلىرىغا، بازار، مەسچىد قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارغىمۇ كۆچەت قويۇپ، گۈزەللەشتۈرۈپ چىقىشىم كېرەك دەپ ئالدىرايتتى. شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنى نۆۋەتتىكى زۆرۈر ئىشقا تەشكىللەش، كۆچەت ھەل قىلىش، شۇنداقلا دېھقانلارنىمۇ كۆچەت قويغىلى بولىدىغانلىكى بوش يەرلەرگە كۆچەت قويۇشقا تەشكىللەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى.

نامرات دېھقانلارنى دەرەخلىرىنى چاتاپ، كەسلەپ، كۆچەت قىلىپ سېتىشقا رىغبەتلەندۈردى. بايلارنى ئەمگەك كۈچى يوق ئائىلىلەر ئۈچۈن كۆچەت ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئەمگەك كۈچى يوقلارغا بولسا ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ بېرىپ كۆچەت قويۇپ بېرىشنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ ھەم كۆچەت ھەل قىلىندى، ھەم كەمبىغەللەر ئاز-تولا پۇلغا ئىگە بولدى. ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن مەشھەد قۇمباغدا يېڭىدىن پۈتكەن رۇشتى مەكتەپ ۋە قىزلار مەكتىۋى، ھەم مەشھەد ئىپتىدائى مەكتەپتە ئەمگەككە قاتنىشىپ ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ خالىسانە ياردەمگە كېلىشىگە سەۋەب بولدى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئاتۇشتا بىر خىل قاينام- تاشقىنلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

ھازىر ئاتۇش بازىرىدا (مەشھەدتە) بۇرۇنقىدەك ئەپسانە تىللاشلار، يولسىز جېدەللەر، پەدىشەپسىز مۇناسىۋەت ۋە گەپ سۆزلەر قۇلاققا كىرمەيتى؛ ھەممە يەر گويا ئۆز ئۆيۈڭدەك ئىشەنچلىك، ھەممە كىشى تۇققىنىڭدەك يېقىن بىلىنىدىغان بىر خىل ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇ خىل يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ كىندىك ئانىسى بولغان يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئىناۋىتى تىكلەنگەن، ئوقۇشقا بولغان تەلەپ ئېشىپ، ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئىككى- ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپلەر يېتىشمەي قالغاچقا يەنە مەكتەپلەر سېلىنىماقتىدى. بۇ يىل مۇشۇ باھاردىن باشلاپ مەكتەپلەر كېڭەيتىلەتتى. تېجەننىڭ يۇقىرى مەھەللىسىگە يەنە بىر

مەكتەپ، ئوڭۇرۇققا ئىلگىرىكى مەدرىسىنىڭ غەربىي - شىمال تەرىپىگە يۈز مېتىر كېلىدىغان جايغا بىر قىزلار مەكتىۋى سېلىنماقچى. شۇرۇق مەكتەپكىمۇ بىر نەچچە سىنىپ كۆپەيتىش قارار قىلىندى. يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپلەرنىڭ ئىچى سىرتىغىمۇ كۆچەت قويۇش، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشىنى كۈتۈپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋەتمەسلىك كېرەكىدى.

يېڭى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلارمۇ كەملەيتتى. بۇ ھال يانۋار ئېيىدا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ چىققانلار تەقسىم قىلىنىپ، ئارقىدىن ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيگەندىلا سېزىلگەنىدى. شۇڭا تەۋپىق تاشاخۇنۇمنىڭكىدە ئازغىنە ئوقۇغۇچى بىلەن زايە بولىۋاتقان سالاھىددىن ئەپەندىنى بىر قارار ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىشكە ئۈندەپ، سۇنتاغدىكى يۇسۇپ ھاجىنىڭ كەڭ تاشا ئۆيلىرىدىن دارىلمۇئەللىمىن ئۈچۈن سىنىپ ھەل قىلىپ كەلدى. مۇشىپىقە خانىم بولسا سۇنتاغدىكى ”چاتاقچى قارىم“نىڭ ھويلىسىدا قىزلار مەكتىۋى ئاچتى.

دېمەك، ھازىر مەكتەپ — ئوقۇش — مەكتەپ، ئاتۇشتىكى ئەڭ قىزىق ئىش، ئەڭ مۇھىم ئىش بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى بۇ مەكتەپ ھازىر جىمى ئىنسانى خىسلەتلەرنىڭ مەنبىئىي بولۇپ كىشلەرگە تونۇلماقتىدى. ئوقۇتقۇچىلار كىچىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ قوياتتى. يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ قوياتتى. ھەتتا ئاغرىپ قالغانلارنى يۆدۈپ ئەپكېلىپ، يۆدۈپ ئاپپىرىپ قوياتتى. مەمتىلى ئەپەندى ھەپتىدە بىر قېتىم نازاپەت تەكشۈرۈش ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ تويۇقسىزلا خالىغان بىر مەكتەپكە بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاكىزلىقىنى تەكشۈرەتتى. ئۇلارنىڭ تىرنىقى ئۆسۈك، يۈز-كۆزى توپا بولماسلىقى، بوينى، قوللىرىنىڭ دۈمبىسى توڭرا بولماسلىقى كېرەكىدى. ئۇنداق بولمايدىكەن شۇ مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى تەنقىتلىنەتتى. مەمتىلى ئەپەندى شەكىلۋازلىق ئادەتلىرى پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىرىنچىدىن كېلىدىغان كۈننى ئالدىن بەلگىلىمەيتتى. ئىككىنچىدىن، مەكتەپكە كېلىدىغان شۇ كۈنى خېلى يىراق جايدىلا ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى شۇ يەرگە باغلاپ قويۇپ، يول بىلەن ماڭماي تامنىڭ

ئارقىسى، ئېتىز قىرلىرى بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، دەرىسكە كىرىشكە قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن ئاندىن قوزغىلاتتى. ۋە ئاۋۋال ئىشىك تۈۋىدە، دەرىزە تۈۋىدە دەرس تىڭشاتتى. ئاندىن سىنىپقا كىرەتتى. ئوقۇغۇچى چاقماقتەك تېز، روھلۇق ۋە توغرا جاۋاب بېرەلمىسە ئوقۇتقۇچىنى تەنقىد قىلاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىمۇ سەممىي ئەيىپلەيتتى. (ئۇنىڭ سەممىي ئەيىپلەشلىرى تەسۋىرلىگۈسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىدىكى، كىشىلەردە تۇغما بولىدىغان ئەڭ ھۆرمەت قىلىدىغان كىشى ئالدىدا ئاجىزلىقىنىڭ بىلىنىپ قېلىشىدىن قورۇنۇش تۇيغۇسى ئۇلارغا چەكسىز كۈچ بېرەتتى). شۇڭا ھېچكىم ئەپلەپ- سەپلەپ ئۆتكۈزىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ھەممە ئىشقا، ھەتتا كۆچەت قويۇشقىمۇ ئەنە شۇنداق قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ رۇشتى مەكتەپتىكى كۆچەت قويۇشقا قاتنىشىش بىلەنلا قالماي، يەنە ھەممە يېزا مەكتەپلىرىگە بېرىپ كۆچەت قويۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۆزىمۇ ئەمگەككە قاتناشتى.

ئۇ تېجەننىڭ يۇقىرى مەھەللىسىدىكى يېڭى مەكتەپكە ئەتراپتىكى دېھقانلار بىلەن قولمۇ- قول كۆچەت قويۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە ياردەم بەرگەن دېھقانلارغا ياردەملەشتى. ئىمتۇللا، مەڭلىكاخۇنلار بىلەن ئۇچى دېھقانلارنىڭ ئىشىك ئالدى، بېغىنىڭ ئارقىسى قاتارلىق كۆچەت قويىدىغان جايلاردا دېھقانلار بىلەن خۇشال چاقچاقلاشقاچ بىللە ئىشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلار ھارغىنىنى سەزمەي قالاتتى.

— بۇ يىل ئەنجۈر قويىدىغانلار يوقمۇ؟- دەپ سورىدى ئۇ دېھقانلاردىن،— ئەنجۈر قويساڭلار مېنى مەدەتكارلىققا ئېلىڭلار، مەن ئىشلىگەچ ئەنجۈرنى قانداق قويىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالاي، كېيىن بىز ھەر بىر مەكتەپكە باغ قىلىمىز.

— سىز دېگەن ئەپەندى تۇرسىڭىز، دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىپ نېمە قىلىسىز،— دېدى ياش بىر دېھقان. ئۇنىڭ ساددا چىرايىدىن ھەيرانلىق، قىزىقىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

—ھەي، گېپىڭىزنى قارىڭا، بىزدە ”ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماپتۇ“دېگەن تەمسىل بارغۇ؟ ”قىرىق ھۈنەر ھۈنەر ئەمەس، ئەسلى ھۈنەر چويلىچىلىق“دەپ، بىر كۈن ئەسقېتىپ قالامدىكىن دەيمەنغۇ، قانداق؟ — دېدى ئۇ يىگىت بىلەن چېقىشىپ، ئاندىن، — بىلىم دېگەنمۇ بىر خىل بايلىق، يەنە كېلىپ بايلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇنداقكەن، ئوشۇقراق بىر نەرسە بىلىپ قويغاننىڭ نېمە زىيىنى بار؟

دېھقانلاردا تەۋپىققە نىسبەتەن قايىللىق، يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت ئويغىنىپ باراتتى.

ئۇلار بىر تەنھا ياشايدىغان بوۋاينىڭ بېغىدا ئىشلەۋاتاتتى.

— ئەپكېلىڭە كەتمەننى، نېمە مەن كەچكىچە كۆچەت تۇتۇپ بېرىشنىلا ھۆددە ئالغانمۇ؟- دەپ كۈلدى مەمتىلى ئەپەندى ھېلىقى ياش دېھقاننىڭ قولىدىن كەتمەننى تارتىپ، ئىشلەيمەن دەپ كەلگەندىن كېيىن راۋۇرۇس ئىشلەي ـ دە، پۈتۈنسۈرۈك ئەر كىشى كۈن بويى كۆچەت تۇتۇپ بەرسىمۇ بولماس.

ياش دېھقان ئۇنىڭغا كەتمەننى بېرىپ، كۆچەت تۇتۇپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەتمەن چېپىشىغا قاراپ تۇراتتى.

—مەسخىرە قىلىۋاتامسىز قانداق؟ سىز بەلكىم كەتمەن چېپىشنىڭمۇ بىر خىل ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆرمىگەن بولغىدىڭىز؟ ماڭا قاراڭ، مەن سىزدەك ئەپلەشتۈرەلمەيمەن، ئۇنداق بولغاندىكىن كۆپرەك چېپىپ، ئۆگىنىۋېلىشىم ئۇچۇن پۇرسەت بېرىڭ، قانداق؟— دېدى ئۇ.

— كىم سىزنى مەسخىرە قىپتۇ؟ بۇنىمۇ بىزدىن ياخشىراق ئەپلەشتۈرىدىكەنسىز،— دېدى يىگىت چىن كۆڭلىدىن. ئۇمۇ مەمتىلى ئەپەندىگە چوڭقۇر ئىخلاس قىلغۇچىلاردىنىدى. شۇڭا ئۇ كەچكۇرۇسقا قاتنىشىپ ساۋادىنىمۇ چىقىرىۋالغانىدى.

ئۇلار يۇمشاپ كېلىۋاتقان تۇپراقتا- ئېرىقنىڭ قىرىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشقاندا تەۋپىق دېھقانلار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئۇ شۇ چاغدا ھېلىقى بوۋاينىڭ ئۆسۈپ قالغان چاچ ساقىلىغا قاراپ، نىمتۇللاغا:

— سومكامنى ئىلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يامان بوپتۇ ئەمەسمۇ، ئەمدى ماڭا ئۇستىرا لازىم بولىۋاتىدۇ،— دېدى.

— ئۇستىرا دەمسىز؟ — دېدى يىگىت،— مېنىڭ بىرسى باردەكىدى...-

ئۇ ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە ئۇستۇرىنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي گۇدۇڭشىدى.

—بۇلسا مالال كۆرمەي ئېلىپ چىقمامسىز، مەن بۇ ئاتىمىزنىڭ چاچ-ساقىلىنى ياساپ قوياي،— دېدى ئۇ.

بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ هودۇقۇپ كەتتى. ئۇ هەم خىجىل بولغان، هەم تەسىرلەنگەن هالدا دۇدۇقلاپ:

—بۇ، ئۆزى...؟ — دېدى.

— باهار هەممە نەرسىنى ياشىنىتىدۇ، سىزنىمۇ باهاردەك ياساندۇرۇپ قوياي، — دېدى ئۇ خوش كۆلۈمسىرەپ،—ياكى سىز ماڭا ئىشەنچ قىلالمايۋاتامسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ، ئاغرىتمايمەن.

ياش يىگىت ئۇستۇرىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇستۇرىنى دېققەت بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، خۇددى كەسىپ ئەهلىدەك باهالىدى:

—ئەسلىدە كېسىدىغان ئۇستۇرىكەن، ئۇستىنىڭ قولىغا چۈشمەي، نائۇستا ئىشلىتىپتىكەن، تىكرەك بىلەپ قويۇپتۇ.

— راست ئېيتىسىز، مەن گېرىنىڭ قىلغان ئىشى بولمامدۇ، — دېدى يىگىت.

مەمتىلى ئەپەندى ئېرىقتىن چاڭگىلىدا سۇ ئېلىپ بوۋاينىڭ بېشىنى ئۇگىلىغاچ:

— سىلىق بىلەي بولسا ئوبدان بىلەپ بېرەتتىم، — دېدى.

كېيىن پاراڭ تېمىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. باشقا دېهقانلارنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى هەققىدە قىلىشىۋاتقان پارىڭى سورۇننى ئىگىلىدى. بىرسى قايسى بىر مەهەللىدە سۇ تالىشىپ بىر- بىرىگە كەتمەن كۆتۈرۈشكەنلەر

ھەقىقەتەن، قايسى بىرىنىڭ بېشى يېرىلىپ سەكراتتا ياتقانلىقى ھەقىقەتەن پاراڭ باشلىنىپ كەتتى، كىمدۇر بىرى:

— سۇنىڭ دەستىدىن ئادەم ئۆلىدۇ، تېخى،— دەپ خۇرسىنىپ قويدى.

— ئۆلمىدى دەمسەن، ھېلىقى بىر يىلى...— يەنە بىرەيلەن ئىلگىرى ئەسلىمىلەرنى ۋاراقلاپ، قانلار جىدەللەردە بىر-بىرىنى ھالاك قىلىشقان ھېكايىلەرنى يېقىن- يىراق يېزىلاردا بولۇپ ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ كەتتى.

— بۇ سۇمۇ چۇ، باشقا بالا بىر نېمە، مەنمۇ بۇ توغرىدىن دەقەت بولۇپ يۈرمەن، قوشنام، يەر قوشنام دېگەن خۇمسى بىلەن خېلى يەرگە يېتىشىپ كېتىمەن. قاراپ تۇر تېخى، بۇدو ئۇنىڭ ئانا- مانىسىنى... — ئۇ مەمتىلى ئەپەندىدىن ھايا قىلىپ ئەپسانە گەپلەرنى دېمەي توختىۋالدى ۋە ئۆزگەرتىپ،— كۆرگىلىكنى كۆرسىتىمەن،— دېدى.

— نېمىشكە ئۇنداق قىلىسىز؟— دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى بوۋاينىڭ بېشىغا ئۇستۇرا سېلىۋېتىپ.

— مېنىڭ ئۈچ پۈللۈق سۇيۇم بار، ئۇنىڭ ئىككى پۈللۈق، يەنە مەندىن جىق سۇ تۇتىمەن دەپ كاشىلا قىلىدۇ... — دەپ قايىندى ئۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئىچىنىش تۇيغۇسى بىلەن چىرايىنى پۈرۈپ، كېيىن بىر پىكىرگە كەلگەندەك چېھرى ئېچىلىپ:

— شۇنداقمۇ؟... قاراڭ، يۇرتداش، مۇنداق بىر ئىش بولسۇن، يوغان بىر ئۆيدە بىر ئاز ئادەم بولسۇن، بىردىنلا ئۆگزە گۈمۈرلۈپ چۈشىدىغاندەك ئالامەت كۆرۈلسۇن، شۇ چاغدا قانداق بولىدۇ دېمەمسىز؟ ھەممە ئادەم ئۆزىنىلا ئويلايدۇ- دە، ئۆزىلا بۇ بالا- قازادىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىككە ئۆزىنى ئۇرىدۇ. جان جەھلى بىلەن قىستۇرىلىدۇ. ھېچكىم- ھېچكىمگە يول بەرمەيدۇ. نەتىجىدە خەتەرلىك يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ھېچكىم قېچىپ چىقالماي، ئىشىككە قاپلىشىپ تۇرۇۋېرىپ، ئۆرۈلگەن ئۆگزىنىڭ ئاستىدا قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئادەمگە خاس ئەقلىنى ئىشلىتىپ، بىر- بىرىگە يول قويۇپ رەتلىك ھالدا بىردىن- بىردىن يۈگرەپ چىقسا ھەممىسى قېچىپ چىقىشقا ئۈلگۈرەتتى،— مەمتىلى ئەپەندى ئىككى ئەسكەرگە ۋە باشقا

دېھقانلارغا بىرمۇ بىر قاراپ قويۇپ، قولىدىكى ئۇستۇرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — خۇددى شۇنىڭدەك بىزدە ئۆز ئارايول قويۇش، ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈش كەم. خەلقىمىز تەرتىپسىز پادىدەك، نۇرغۇن ئىشلاردىن كىشى خىجىل بولىدۇ. مەن شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆردۈم. ئىككى كىشى سۇ تالىشىپ بىر- بىرى بىلەن بوغۇشىدۇ. ھېچكىم- ھېچكىمگە يول قويمايدۇ، سۇ بولسا ھېچقايسىسىنىڭ ئېتىزىغا كىرمەي بىكار ئېقىۋېرىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككىسىنىڭ ئېتىزى توشقىدەك ۋاقىت تالاش- تارتىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، بىرسىنىڭمۇ ئېرىقى نەم بولمايدۇ. بىلەمسىز، نادانلىق، ساۋاتسىزلىق، ئادەمنى نەزەر دائىرىسى تار، كۆزى كىچىك قىلىۋېتىدۇ. ھە، دېگەندە كۆز ئالدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، كېيىنكى چوڭ مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىدۇ. مەن سىزگە قوشنىڭىزنىڭ"كۆرگىلىكىنى" كۆرسەتمەسلىكنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىز نۆۋەتنى ئۆتۈنۈڭ، ئۇ بولدى، دېگەندە سىز ئېچىڭ. "ئادەم دېگەن ياخشىلىقنىڭ قۇلى " دەيدىغان گەپ بار، ياخشىلىقتىن تەسىرلەنمەيدىغان ئادەم يوق. ئەگەر ئۇ ئىككى پۇتلۇق ھايۋان بولمىسىلا سىز ئۇنىڭغا ئۆتۈنسىڭىز ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرسىڭىز، ئۇ سىزگە ئۆتنىدىغان، قارىشىپ بېرىدىغان بولىدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ ئىشى بىرسىنىڭكىدىن، ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىسىنىڭكىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مانا قاراڭ، بۈگۈن بىز جەمئىي بەش ئائىلىنىڭ كۆچىتىنى بىرلىشىپ قويىۋەتتۇق، كۆپچىلىك بولغىنىمىز ئۈچۈن ئىش توشىمىدى، ھەم كۆڭۈللۈك بولدى. مانا مۇشۇنداق ھەمكارلىشىپ ئىشلىسەكمۇ بولىدىكەنغۇ؟ كۆڭۈلنى غەش قىلىپ، ھاياتنىڭ ئېشىغا زەھەر قوشۇپ نېمە قىلىمىز؟ نېمىشكە بىز يۇرتلارغا، ئاندىن مەھەللىلەرگە، ئاندىن ئائىلىلەرگە بۆلىنىپ، بىر- بىرىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىمىز؟

— ئۇن ئالتە سەر گەپ قىلدىڭىز- دە، ئەپەندى، — دېدى ساقال- بۇرۇتلىرى چىرايلىق قىلىپ ياسالغان بوۋاي ھەدەپ ساقىلىنى سىلاپ،— دەسلەپ سىلىنى يامان ئاتلىق قىلىپ، ئانداقچى ئەسكى، مۇنداقچى دىنسىز دەپ گەپ تارقىتىپ يۈرگەن ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىزمۇ بۈگۈنگىچە مۇشۇنچىلىك

گەپ قىلمىغان. ياكى مەن ئاڭلىماي قالدىمۇ قانداق، ئىشقىلىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىسىمۇ ئۇلار يۈزىگە قاراپ بىر نېمە دەپ قويىاتتى، يا بولمىسا دەي- دەيگە سېلىشتىن يانمايتتى. ئەپەندى ئۇ خەقتەك نەچچىسىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن ئىشلارنى قىلىشقا يارايدىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى بوۋاينىڭ ماختىشىدىن ئوڭايسىزلىنىپ، چاخچاققا ئايلاندۇرۇپ:

—چاچ- ساقىلىڭىزنى ياساپ قويغىنىم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسىزغۇ، ئاتا؟— دېدى ۋە دېھقانلارغا يەنە ئىناقلىق ھەققىدە جانلىق تەمسىل، ھېكايىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ پاراڭلىرىدىن يۈرىكىدىكى ئاللىقانداق ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان جاراھەت قايتا قوزغالغاندەك بىر خىل ئارامسىزلىق ھىسياتىغا كېلىپ قالغاچقا بەكمۇ قايناپ تەسىرلىك سۆزلەپ، ئاخىرىدا يەنىلا دەردى چىقمىغاندەك خۇرسىنىپ، ئېغىر تىنىپ ياش يىگىتكە بۇرۇلۇپ، — يىگىت، بىزنىڭ ئاتلىرىمىزنى ئېلىپ چىقىڭ، ئەمدى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى.

ئۇ يولدا كېتىۋاتقانچە ئۇزاق جىم- جىت ماڭدى . قېشىدىكى يىگىتلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغان تۈگىمەس لەتىپىلىرىنىمۇ باشلىمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىللەتكە پاتقان بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ پەقەت دۈشمەنىنىڭ تاماشا كۆرۈشى ئۈچۈنلا ياخشى بولغان ناچار تەرەپلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتەتتى. بىرلىك روھىنى يوقاتقان، مەزھەپچىلىك تورىغا چىرمىلىپ قالغان بۇ مىللەتنى داۋالايدىغان دورا بارمىدۇ؟ ئىلگىرىكى ھېكىملەر هامان دىئاگنوز قويۇپ كەلدى، دىئاگنوز توغرا قويۇلدىيۇ، دورا بېرىلمىدى. بۇ پىكىر ئۇنىڭدا دائىم دېگۈدەك باش كۆتۈرۈپ يۈرىكىنى تاتىلاپ ئۆتۈشكە باشلاپ، ”مەن بۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ؟ يالغۇزلۇق قىلارمەنمۇ؟ ئاۋۋال بىر توپ ئادەمنى داۋالاپ، ئۇلارنى ’ھەكىم‘ قىلىش كېرەك، ئاندىن بۇ بىر توپ ’ھەكىم‘ تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى داۋالاپ كېتەلەيدۇ... “ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ يىراقتىن ئوچۇق يېشىل رەڭ ئېلىشقا باشلىغان كۈزگى بۇغداي ئېتىزىغا ۋە سۆگەت گوستاڭلىرىغا قاراپ، بىردىنلا دەل بۇلتۇر مۇشۇ چاغدا

ۋەتەن تۇپرىقىغا قەەم قويغانلىقىنى، ئۇ يۇرتقا يېڭى كەلگەندىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ نەقەدەر چىدىغۇسىزلىقىنى ئويلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كەچمىش دەپتىرىنى ۋاراقلاپ، بىر يىل ئىچىدىلا مەدەنىي مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىنى، شۇنچە كۆپ مەكتەپلەرنىڭ سېلىنغانلىقىنى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللىي تاپتى. ئۇنىڭدا تەۋرەنمەس ئۈمىد تۇغۇلدى. بۇ ئۈمىد بولسا ئۇنى سۆيۈندۈردى. ئاۋۇندۇردى، تېتىكلەشتۈرىۋەتتى.

— يىگىتلەر، سىلەرگە بىر لەتىپە سۆزلەپ بەرسەم ئاڭلامسىلەر؟— دېدى ئۇ دائىمى خۇشخۇيلىقىغا قايتىپ.

2

مەكتەپلەرگە ئورمان قويۇش ۋە دېھقانلارنىڭ ئورمان قويۇشىغا قارىشىپ بېرىش جەريانىدا مەمتىلى ئەپەندى نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ ئىشلەپ بىر ھەپتىچە ئۆيىگە بارمىغانىدى. بۇ ئالدىراش ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈگىگەندە ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

نىزامىدىنلارنىڭ ھويلىسىمۇ باھارنىڭ ئۆزىگە خاس رېڭى بىلەن بېزىلىپ، ئۆزىگە خاس ھىدى بىلەن تولغانىدى. ئەتراپتىن يېڭى چىقىرىلغان قىغىنىڭ ھىدى كېلەتتى.

— سىزگە قارىشىپ بېرەلمىدىم، ئاكا، مانا مۇشۇنداق، ئىش تۈگىگەندە كەلدىم،— دېدى ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا. نىزامىدىنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى.

— ھېچقىسى يوق، يۈرتىنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىم ئەمەسمۇ، — دېدى نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ كەلگىنىدىن ئىنتايىن خوشال بولۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئەسكەر بىلەن قول ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ سىزنىڭ تەۋەلىكىڭىزگە بىرەر تۇپ كۆچەت تىكىپ قويمىسام بولمايدۇ،— دېدى ئۇ.

— مەيلىڭ، ئەتە ئەتتىگەندە ئىشىك ئالدىغا بىر نەچچە تۇپ ئۈژمە قويۇپ قويارمىز. بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى، ھارغانسىلەر، دەم ئېلىڭلار.

ئۇلار تېخى پىشايۋانغا كۆچۈپ چىقمىغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى ھاۋارايىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك كۆككە بېقىپ:

— ئەمدى پىشايۋانغا كۆچسەڭلارمۇ بولىدىكەن. كۆپ-كۆك سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ يېتىش قانداق راھەت. قاچانغىچە قىشلىق ئۆيدە قامىلىپ ئولتۇرىۋېرىمىز،— دېدى ئۇ،— يەڭگە، پىشايۋانغا كىگىز سېلىڭ، مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى.

زورىخان ھايال بولمايلا پىشايۋان سۇپىسىغا كىگىز سالدى. ھەممەيلەن جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تەۋپىق غېنىغا:

— قېنى ئەمىسە، تەمبۇرنى ئېلىپ چىققىن، بىر پەيزى قىلايلى،— دېدى. ئۇنىڭ چېھرىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ۋە قىيىن ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بولىدىغان مەمنۇنىيەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. غېنى تەمبۇرنى ئېلىپ چىقتى. مەمتىلى ئەپەندى تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى- دە، خەلق سەنەملىرىنى چېلىشقا باشلىدى. ئۇ سەنەملەرنى نوتىغا ئېلىشنى، رەتلەشنى زۆرۈر ئىشلار ئالدىراشچىلىقىدا ئورۇنداپ بولالمىغانىدى. گەرچە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىراشچىلىقى قىسمەن ئازايغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە ھەر قايسى مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك ماتېرىيالى تەييارلاش، مەكتەپلەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ھەققىدە ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەكتەپ تەكشۈرۈپ، كەچلىرى «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن بەند ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مۇشۇ بىر

مەزگىل ئىچىدە ئىككى سەنەمنى نوتىغا ئالغانىدى. ئەمما تېخىچە تەكشۈرۈپ كۆرمىگەنىدى. ئۇ بۇگۈنكى كۈننى مۇشۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ھېسابلىدى ھەمدە كەچتە ھەممەيلەن ئۇخلىغاندىن كېيىن چوقۇم بىر سەنەمنىڭ نوتىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش، تۈزىتىپ توغرىلاشقا نىيەت قىلىپ قويدى.

مەمتىلى ئەپەندى خىيالپەرەسلەردىن بولمىسىمۇ گايىدا ئىككى تۈرلۈك رومانتىك، ھەتتا بىر ئاز ئەپسانىۋي خىيالدىن خالىي بولالمايتتى. بۇنىڭ بىرى ئۆزى بىر نەچچە ئادەمگە ئايلىنىش خىيالىدى: يەنە بىرى قايتا دۇنياغا كېلىش خىيالىدى. ھەر ئىككىلا خىيالى ئىشلارغا يېتىشەلمەي ئالدىراپ قالغان چاغدا بولاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ بۇنداق خىياللىرىمۇ "خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى"دىن تۇغىلاتتى. قايتا ھايات كەچۈرۈش ھەققىدە ئۇ ھامان يۈز قېتىم قايتا تىرىلسىمۇ ئۆزىنى يۇمشاق دىۋان، ھەشەمەتلىك سارايدا ئەيش-ئىشرەت ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. بەلكىم، ئۇ "ھەممە" قېتىمقى ھاياتىدا ئۆزىنى ئالدىراش خىزمەتلەر ئىچىدە كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ، ئەھمىيىتىمۇ مانا شۇ. بولۇپمۇ، ھاياتنىڭ مەقسىدى سۈپىتىدە ئۇنىڭدا باشقا خىيال ۋە تەسەۋۋۇر بولمايتتى.

ئۇنىڭ ھازىرقىدەك "ئارىسال" ۋاقتى يېقىندا ئاخىرلىشاتتى. ئەمدى ئۇ يېقىندا نورۇز بايرىمى پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ 24 كەنتتىكى 24 مەكتەپتىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، رۇشتى مەكتەپكە ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. يەنە ھەممە ئىشتا چاقماقتەك ياشلاردىن قىرىقنى تاللاپ، "ئىزچى" قىلىپ ئايرىم تەربىيىلەپ، جەمئىيەتنىڭ تەرتىۋىنى قوغداش ئىشىغا قويماقچىدى. خەلق ئىچىدىكى نىزاھ- جاڭجال، نەشە چېكىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زىنا قىلىشقا ئوخشاش رەسۋا ئىشلارنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغا يول قويۇۋېرىشكە بولمايتتى. گەرچە بۇ ئىشلاردىكى ياخشىلىنىش كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ، ئايرىم بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا مەينەتچىلىكنىڭ يىلتىزى تازىلانمىغاچقا يەنە قايتا كۆكلەش ئېھتىمالى، ھەرقاچان ئۇھتۇنلۇككە چىقىۋېلىش ئۇرنىنىشى مەۋجۇت ئىدى.

مىللەت ئۆز غېمىنى ئۆزى يەپ، ئىللەتلىرىنى ئۆزى تۈزەتمىسە، ھۆكۈمرانلار ھېچقاچان ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ھەققىدە پايدىلىق ئىش قىلمايدىلغانلىقى، ئەكسىچە ئۇلار قۇللۇق ئورۇندىكى خەلقنىڭ ئىللەتلەرگە پاتقان بولىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى، قۇللارنىڭ بىر- بىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىرىپ، چېپىشى ئۇلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئەمەك بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا مىللەتنىڭ جىسمانىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تاز ۋە قارا يەل (سىفلىس) دىن بولىدىغان ھەر خىل ئاپەت خاراكتېرلىق كېسەل ئاقىۋەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغانغا ئوخشاشلا، ئۇلارنى تەرتىپلىك، دوستانە، مەدەنىيەتلىك ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەربىيە ۋە مەجبۇريي چارىلار بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ ھەقتە كونكرت سان- پىلان باردى. گەرچە بۇ بىر ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر ئىش بولسىمۇ، پىلان بەك چوڭ بولسىمۇ بۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشقا ئۇنىڭدا ئىشەنچمۇ يېتەرلىك ئىدى.

ئۇ كەچلىك تاماق ئۈچۈن داستىخان سېلىنغىچە خەلق سەنەملىرىنى ئارقا- ئارقىدىن چالدى. ئاندىن تەمبۇرنى پېشايۋاننىڭ تېمىدىكى مىخقا ئىلىپ قويدى. ئۇ تەمبۇرنى قويىشى بىلەنلا نىزامىددىننىڭ باللىرى ئۇنىڭغا يامىشىشقا باشلىدى. ھەر بىرى تاغىسىغا يېقىنراق ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى. پاتىمەم ئۆزىنىڭ ”ئانا“لىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغانىدى. تەۋپىق باللارنىڭ ”ھوجۇملىرى“ ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىلىپ ئاكىسىغا:

— ئاكا، يېقىندا رۇشتى مەكتەپتە ئوقۇش باشلايمىز. سىز تارىخ بىلەن رۇس تىلىدىن دەرس بەرسىڭىز قانداق؟ كەلگۈسىدە بىز چەتكە ئوقۇغۇچى چىقارماقچى بولساق ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ باشقا تاللاش ئىمكانىمىزمۇ يوق، شۇڭا روس تىلىدىن ئاساس بولمىسا بولمايدۇ،— دېدى ئۇ. ئاندىن ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ قوشۇپ قويدى.

— ئۆتكەندە قەشقەرگە بارغىنىمدا سىجاڭنىڭ مۇشاۋۋۇرى رىبالكىن ئەپەندى شۇنداق مەسلىھەت بەرگەنىدى. دېمىسىمۇ ھازىر شىڭ دوبەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىۋىنىپ قالدى.

— باشقا دەرسلەرنى كىم بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى نىزامىدىن.

— لىۋاھىددىننى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇ جۇغراپىيە بىلەن تەبىئەت دەرسىنى ئۆتىدۇ. ھېزى سىھھەت بىلەن دىن دەرسىنى ئەمەت مەخسۇم ئۆتسە، باشقا دەرسلەرنى ئۆزۈم بېرەرمەن. يەنە تېخى قەشقەردە ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىدىن بەزىلەر دۆلەت تىلىنى دەرس تەركىبىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنى كىمـــــــگە تاپشۇرغۇلۇقكىن تاڭ.

— مەيلى، شۇ ئىشقا مېنى لايىق كۆرگەن بولساڭ، مەن ئۈستۈمگە ئالاي،— دېدى نىزامىددىن.

— دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىللەردە قوشنا- خۇلۇملار ھە- ھو قىلىشىدۇ، يا بولمىسا ئادەم ياللاپ سېلىپ قويساقمۇ بولىدۇ.

— ئەگەر بەگكە ئېغىر كەلمىسە، ئىلگىرى توڭچى بولغاندىكىن، خىتايچىنى شۇ كىشى ئەپلەشتۈرەتتى. بىراق، ئەمەلدارغا بۇ ئىش خوپ كەلسە...

— بۇنى يەنە ئويلىشارمىز، ئاكا، ھەممىگە ئامال تېپىلىدۇ،— دېدى تەۋپىق خاتىرجەملىك بىلەن

مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئىشنى ياخشى ھەل قىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى خېلى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. تاماقتىن كېيىن يەنە بىر ھازا ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەسرالىشىپ ئولتۇردى. بۇ ئارىدا قوشنىلاردىن بىرى قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كىرىپ كەلدى. تەۋپىق ئۇنىڭغا دورا بەردى. ئارقىدىن يەنە بىر ئايال كىچىك بالىسىنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بالىسىنىڭ بېشىنى داۋالىتىۋاتقانلاردىن بىرىدى. ئۇنىڭغا قەرەللىك دورا چېپىپ تۇراتتى. تەۋپىق بالىنىڭ بېشىغا دورا چېپىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىنى تېخىمۇ روھلۇق ھېس قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ مەزمۇنى كۆپەيگەن، ئەھمىيىتى ئاشقانىدى.

جەڭچىلەرنىڭ ھارغىن چىرايىغا بىردەم قارىۋالغاندىن كېيىن تەۋپىق ئۇلارنىڭ پاتراق ئارام ئېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەڭگىسىگە ئىما قىلدى. نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇن پىشايۋاندا نىزامىددىن بىلەن قاتار ياتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا بالىلاردىن غېنى، رەجەپ، نەبىلار ئورۇن ئالدى. ئۇلار ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى يالغۇز ئۆينىڭ ئىچكىرى خانىسىغا كىرىپ، پىيانىنونىڭ ئالدىغا جايلاشتى. ئاندىن قەشقەر سەنىمىنىڭ نوتىسىنى ئالدىغا قويۇپ، پىيانىنونى ئاستا چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئاشۇ تەقلىتتە مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن چېلىپ، بىر تەرەپتىن نوتىنى تۈزىتىپ ماڭاتتى. ھەتتا بەزىدە بىر چېكىتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئورنىدا قالدۇرۇش مەسىلىسىدە توغرا پىكىرگە كېلىش ئۈچۈن پۈتۈن سەنەمنى باشتىن- ئاخىر نەچچە قېتىم قايتا- قايتا چېلىشتىن ئېرىنمەيتتى.

ئۇ نوتىغا قاراپ جىم ئولتۇرۇپ ئويغا كەتكەن چېغىدا يېڭىلا ئۈچەكتىن چىققان چېكەتكە ئۆينىڭ قايسىدۇر بىر بۇلۇڭىدا چىرىلداپ سايرىدى. بۇ ئاۋاز تەۋپىققا ھايات زەۋقى ئېلىپ كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ روشەن تەسەۋۋۇرىدا جىمى ھاشارەتلەر نەغمە قىلىشىۋاتقان ياپ- يېشىل ئېتىزلىق پەيدا بولدى. دېمەك، ئەمدى ياز كەلدى. ھايات قاينايدۇ. ياشاشقا ئالدىراش كېرەك! ئۈچەكتىن چىقىپ، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەندىن شاتلىنىپ تۈننى ئويغاق ئۆتكۈزمەكچى بولغان چېكەتكە تەۋپىققە تىرىشچان ئوقۇغۇچى قىياپىتىدە تۇيۇلدى. ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقىرىپ قارىۋىدى، ۋاقىت بىر بولغانىدى، بۇ دېمەك ئىككىنچى كۈننىڭ بىرىنچى سائىتى ئىدى. تەۋپىق شۇندىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خىيالپەرەسلەردەك بىر كۈلكىلىك ”پال“نى بۇ ئىشقا تەدبىق قىلىپ، ”دېمەك، نۆۋەتتىكى كۈنۈمنىڭ بىرىنچى سائىتى تېنچ- ئامان، شۇنداقلا ئۈنۈملۈك مېھنەت بىلەن ئۆتتى. بۇ كۈننىڭ داۋامىمۇ ئەنە شۇنداق ھايات قىزغىنلىقىغا تولغان ھالدا ئۆتكۈدەك“دەپ ئويلاپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىپ، كۈلۈپ قويدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، راھەتلىنىپ كېرىلدى. ئۇ ئەمدى دەم ئېلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

# ئىككىنچى باب

كىشىلىك دۇنياسىدىكى مۇھەببەت
بولمىغان بولسا قۇياشمۇ ئۆچكەن بولاتتى.
— ۋىكتور ھىيوگو «خارلانغانلار» 4-كىتاب.

## 1

نورۇز بايرىمىدىن ئاۋۋال قەشقەرگە بېرىپ سەپداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشقا زۆرۈر كېلىپ قالدى. بولۇپمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تەرجىمە قىلىنىپ بولغان بۆلۈكلىرىنى شەۋقىگە كۆرسىتىش، بۇ ھەقتە پىكىرلىشىش كېرەك ئىدى. نورۇز بايرىمىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن پائالىيەتلەر زىچ بولۇپ، ئەڭ ئالدىراش كۈنلەر باشلىنىپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا قەشقەرگە بېرىشنى ئويلاشقىمۇ چول تەگمەيتتى.

مەمتىلى ئەپەندى قەشقەرگە كېلىپلا ئىككى جەڭچىسىنى دېۋىزىيە ئىشتابىغا قايتىپ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا قويۇۋەتتى. ئۇلار ياۋاغدا—"ھىلال ئەھمەر" ئالدىدا خوشلاشتى. تەۋپىق ئاۋۋال مەجىددىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. دوختۇرنىڭ توختىماي قىلىۋاتقان ھەرخىل چاقچاقلىرىغا قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ مېھماندارچىلىقىنى تېخىمۇ قىزىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە نوۋېشىغا بېرىشقا كۆندۈردى.

— ئىبادەتخان يەڭگىمىزنىڭ لەغمىنىنى يېمەي كەتمەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىڭ، ئەمما ئاۋۋال باشقا دوستلار بىلەن دىدارلىشىش كېرەك، — دەيتى تەۋىق. مەجىددىن يېقىندا شامالباغدىن ئۆيلەنگەندى.

— ئەمسە نىمىشكە شۇ تەرەپكىلا كېتىۋەرمەي بوسۇغىدا دوقۇرۇپ يۈرۈيسىز؟ سېغىنىپ قالدۇ دەمسىز؟

— سىز سېغىنمىغان بىلەن مەن سېغىنىمەن- دە، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزدىن ئايرىلغىم كەلمەي بىللە بېرىڭ دەپ ئولتۇرىمەن.

— ئوھۇ، ئادەم ئالداشنى بىلىسىز- دە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەيسەرلىكى[1]، — دېدى بوۋاي.

بوۋاي ئەگرى ساپلىق ھاسىسىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىدا بىر پىرقىرىتىپ "يىپ ئېشىپ" قويۇپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئۇلار نوۋېشى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا يەكەندىن بىرسىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

تەۋپىق شۇئانلا ئۆزىنى ئىزدىگۈچىنىڭ ھېلىقى قېيىقچى تۇرداخۇن ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ چاغدا ۋاقتىمۇ چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇلار ئانچە كۆپ كۈتمەيلا ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك دەم ئېلىشقا چىقتى. يۈسۈپ ئەپەندىمۇ سىنىپتىن چىقىپ تەۋپىقنى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. سالامدىن كېيىن ئۇمۇ تۇرداخۇن دېگەن بىر بوۋاينىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇ بوۋايمۇ ئەمەس، بىزدىن ئانچە چوڭ چىقمىسا كېرەك، ئەمما ھاياتنىڭ جاپاسىدىن بوۋايدەك كۆرۈنىدۇ، — دەپ تۈزەتتى تەۋپىق يۈرىكى «ۋىژ» قىلىپ كۆيگەندەك بولۇپ.

— ئۇ سىلىنى ئىزلەپ ئاتۇشقا بارماقچى بولغانىدى. مەن بارغۇزمىدىم،— دېدى يۈسۈپ ئەپەندى،— ئاتۇش دېگەن شەگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭغا ساراي، دەڭ يوق، ئۇ بارسا ئۇنى كۈتۈشتىن تارتىپ ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى

[1] قەيسەرى — تۈركىيەدىكى بىر ۋىلايەتنىڭ ۋە شۇ ۋىلايەت مەركىزىنىڭ نامى. بۇ يەرلىكلەر دىپلوماتلارچە مۇئامىلىگە پىششىقلىقى، چېچەنلىكى، سودىغا چاققان، "تۈگمەنىنىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان" لىقى بىلەن مەشھۇر—ئا.

قىلمىسىلا بولمايدۇ. سىلىنىڭ ئالدىراشچىلىقلىرى ماڭا ئايان بولغاچقا، ئۇنى ئەۋەتمىدىم، مېنىڭ مۆلچېرىممۇ سىلىنى كۆچەت قويىدىغان ئىشلىرى تۈگىسىلا كېلىدىغۇ دېگەنىدىم، شۇڭا تۇرداخۇنكامنى بارغۇزمىغان.

— ئۇ نېمىشكە كەپتۇ؟ قانچىلىك بوپتۇ؟

— ئۆزىنىڭ سودا- سېتىق ئىشلىرى بىلەن كەپتىكەن، كۆرۈشۈپ كېتەي دەپتۇ. بىر ھەپتىچە بولدى. بىچارە سىلىنى تاپىمەن دەپ كۆپ مۇشەققەت چەككەن ئوخشايدۇ. ئاخىرى ئاتىقى چىققان باينى تونىمايدىغان ئادەم ئازغۇ دەپ قىزىل دۆۋىگە چىقىپ تۇرداخۇنباينىڭ توختاجىنى ئىزدەيمەن دەپ يۈرۈپ، ئۇ كىشىگە يولۇقالماي، توختاجىنىڭ ئىنىسى ئابدۇكېرىماخۇننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دارىلمۇئەللىمىنگە كېلىپ ئەخمەد ئەپەندىنى تېپىپتۇ. كېيىن مەمتىلى ئەپەندى كەلسە ئەڭ ئەۋۋەل نەگە كېلىدۇ، كىم بىلەن كۆرىشىدۇ دەپ سۈرۈشتۈرۈپ نوۋېشىنى تاپقانىكەن.

— ھازىر ئۇ قەيەردە؟

— ئەخمەد ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە بىر قونۇپلا ئۇنىڭ ئالدىراشچىلىقىنى كۆرۈپ ئاۋارە قىلىپ قويماي دەپ سارايغا بېرىۋاپتىكەن، مەنمۇ ئۆيىدە تۇرسىلا دەپ ئاڭلىتالمىدىم. ئەمما ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ مۇشۇ يەرگە كېلىپ سىلىنى كەلدىمۇ دەپ سوراپ تۇرىدۇ.

— ئاپلا، بىچارە، كۆپ ئاۋارە بوپتۇ- دە...

— يۈرۈڭلار، مۇئەللىملەرنىڭ ياتىقىغا بېرىپ ئارام ئالغاچ كۈتۈپ باقايلى.

ئۇلار ياتاققا كېتىۋېتىپ تۇرغۇن ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

— كەچتە بىزگە مېھمان بولالامىلا ياكى باشقا زۆرۈر ئىشلىرى بارمۇ؟— دەپ سورىدى تۇرغۇن ئەپەندى.

— كەچتە شەۋقى ھەزرەتنىڭ ھوزۇرىدا بولىمەن، بەلكى ئەتە كەچتە ھەر قايسىڭلارنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلارمەن،— دېدى تەۋپىق.

— ئەمسە، شۇنداق بولسۇن، —دېدى ساۋۇت ئەپەندى، — بىز سىلىنى ئەتە كەچتە كۈتىمىز، بىزنىڭ ئۆيدە بولارمىز، يۈسۈپ ئەپەندى سىلىنى باشلاپ

بارىدۇ. سىلىدىن سورايدىغان بىرمۇنچە مەسلىھەت بار، مېھماندارچىلىق دېيەلمەيمىز، شۇڭا. قىسقىسى ئىش، يەنە ئىش، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

تۇرغۇن ئەپەندى بىلەن ساۋۇت ئەپەندىلەر خوشلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار مۇئەللىملەرنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

مەتىلى ئەپەندىنىڭ بېقىنىدا چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرىۋالغان دوختۇر ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىۋالغىنىچە:

— پات- پات كېلىپ تۇرۇڭ، دوستۇم، بىزنى تاشلىۋېتىپ بارسىز، — دېدى ئامراقلىق بىلەن.

— تويىڭىزدا بولمىغىنىم ئۈچۈن، دەۋاتىسىزغۇ، دەيمەن؟- دەپ چېقىشتى تەۋپىق. ئاندىن يەنە جىددىيلىك بىلەن، — كېلىشكە تىرىشىمەن، ماڭا دورىلىرىڭىزدىن ئازراق بېرىسىز، بارمۇ- قانداق؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

— سىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە بار. يېقىندا توختاجى سوۋېتتىن ئالغاچ كەلدى.

يۈسۈپ ئەپەندى داستىخان راستلاپ، مەكتەپ ئاشخانىسىدىن ئېلىپ كىرگەن تاماقنى قويدى. تاماقنىڭ ئۈستىگىلا تۇرداخۇن كىرىپ كەلدى.

— مانا، مانا، دېمىدىممۇ، — دېدى ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپلا، مەتىلى ئەپەندىنى قۇچاقلىماقچى بولىۋاتقاندەك قوللىرىنى يېيىپ، تۇرداخۇن بۇلتۇرقىدىن سەل قېرىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇچىسىدىكى ماتادىن بوياپ تىكىلگەن كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئۆچكەن، ئۆزىنى ”بازارغا لايىق“ ياساشقا تىرىشقان، ھەر ھالدا كىيىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى كىيىپ كەلگەن بولسىمۇ، پۈتۈن تۇرقىدىن سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. پۇتىدا قىشنىڭ تەۋەرۈكى بولغان، يۇقىرى تەرىپى نېپىزلەپ ھەم يىرتىلغان پىيما ئۇنى سەل بىچارە كۆرسىتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كالتە چاپانلىق ئەپەندىلەر ئالدىدا ئۆڭۈپ كەتكەن ماتا يەكتىكى، ئىچىدىكى تېرە جىلىتكە ۋە يەنە ئاللىقانداق قىشلىق قېلىن كىيىملەرنىڭ تۇرتكىسىدە غەلىتە ئېسىلىپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، — زادى ئالدى يارىشىملىق ئادەم يا، سىلى، — مەتىلى ئەپەندى كارۋاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تۇرداخۇن ئۇنىڭ قولىنى قوش قوللاپ سىقىپ نېمىشكىدۇر كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا،

ئەپەندىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي تۇرۇپ، — ئۆتكەن يىلى يۇرتتا پەيدا بولۇۋېدىلە، خاسىيەتلىرىدىن هالى-كۇنۇم ياخشىلىنىپ، قويۇمىمۇ قوشماق توغۇپ بەرگەنىدى. بۇگۇن نەخ بىزنىڭ چىمدۇ[1] غىلا كېتىدىغان بىر هارۋىكەشكە يولۇقۇپتىم، ئۇ بىللە كېتىلى دەپ ئۆزىلا ئېغىز ئېچىپ قالدى. توختىغىنا، مېنىڭ زۆرۈر كۆرىشىدىغان بىر كىشىم بارىدى، بۇگۇن كېلىپ قالغان بولسا، كۆرىشەلىسەم سەن بىلەن كەتتىم، بولمىسا مەن يەنە قالىمەن، خۇدا دىلىمغا سېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ خاسىيىتى بولمىسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسەي، دېدىم- دە، بۇيان كېلىشىمتى، مانا، دېمىدىممۇ، ئەمدى ياخشى بولمىدىمۇ، سىلى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق، ئەمدى تەييار هارۋىدا كېتىۋالىدىغان بولدۇم، كىرا پۇلىغا پايدا بولدى ئەمەسمۇ، — دېدى تۇرداخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۇلكە بىلەن تاماملاپ.

— خوش، ئەمدى ماڭا نۆۋەت كەلگەندۇر؟ — دېدى تەۋپىق ئېچىلىپ كۇلۇپ، چاقچاق بىلەن، — يەڭگەمنىڭ تېنى ساقمۇ؟ سۇلايمان نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟ هەمراجاننىڭ كېسىلى قانداق بولدى؟ تەلەيقىز چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟

تۇرداخۇن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىگە هەقىقەتەن قايىل بولدى. ئۇ هېچكىمنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بۇ هال تۇرداخۇننىڭ ساددا، ئۇيغۇر دېهقىنىغا خاس قەلبىدە شۇنچىلىك كۇچلۇك هارارەت ئۇيغاتتىكى، ئۇنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، دىمىقى ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرىمۇ ۋىژىلداپ، گويا قايغۇلۇق بىر خەۋەرنى ئېيتقاندەك ئۆمچىيىپ، بۇغۇلغان هالدا:

— ئوبدان، ئەپەندىم، خۇداغا شۇكرى، ئەپەندىم، — دەپ كەتتى، — سۇلايماننى مەكتەپكە بەردۇق. كۇزدە بەرگەن. ئۆزىمۇ ئارام تاپقۇزماي مەكتەپكە بارىمەن، ئوقۇپ ئەپەندى دادامدەك ئادەم بولىمەن، دەپ غەلۋە قىلىۋەردى. ئانىسىمۇ "تىلەپ يېسەكمۇ چىداپ، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۇدەك ئوقۇتايلى" دەپ...بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى، مەنغۇ سىلىنىڭ قوللىرىغا ئەكىلىپ

[1] يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى بىر يېزا – كاچۇڭنىڭ قارشىسىدا، — ئا.

بىرەي دېگەنتىم، ئانىسى قويمىدى. ئاخىر ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ئاۋۋال يەكەن بازىرىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان، بالا شۇ يەردە تۇرۇپ، بازاردىكى ئىمىن بەگنىڭ ھويلىسىدا ئېچىلغان مەكتەپتە[1] ئوقۇپ خەت- ساۋادى چىقسۇن، كۆزى ئېچىلسۇن، يېشىمۇ سەل چوڭىيىپ، ھېچ بولمىسا 15ياشقا چىسۇن، ئۇنىڭياقى ئەپەندىنىڭ قولىغا بېرىپ تازا مۇرادىغا يەتكۈچە ئوقىتىلى دېيىشىپ قالدۇق،... تۇرداخۇن سۆزلىرىدىن ئېزىپ، گاھ تاغدىن، گاھ باغدىن قىلىپ ئاساەن شۇ مەزمۇنلاردا بىر نېمىلەرنى دېدى، — ھەمراجاننىڭ بېشى سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى، ئانىسى ھەمىشە ئۇنىڭغا سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى يادلىتىپ تۇرىدۇ. بالىمىزدىن ـ بالىمىزغا، ئىگەكىم با،... ھە، نىمىمۇ؟ تەلەيقىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ سىلىنى ئانچە ئەسلىيەلمەي قالسا كېرەك؟ كىچىك ئەمەسمۇ، ئىككى ئاكىسى ئۇنى شۇنداق ئەيىپلەپ كېتىشىدۇ،... ئىككىنچى ئېسىدىن چىقماس بولىدىغۇ دەيمەن، يا بولمىسا ئاكىلىرىنىڭ ئالدىدا شۇنداق دەۋالامدۇ، ئىشقىلىپ ھەممىدىن بەك گەپلىرىنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ... ھەممىمىز ئوبدان،... — ئۇ كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ، تاماقتا قول ئوزارتماي ھەدەپ قوللىرىنى ئىشقىلاپ، تارتىنچاق بالىدەك، دېيىشكە ئوبدانىراق سۆز تاپالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئاۋۋال تاماقتا بېقىڭ، ئاندىن يەنە سۆزلىشىمىز، — دېدى تەۋپىق.

— ئانىسى سىلىگە ئاتاپ بىر نەرسە ئەۋەتكەنىدى...

— ھەممىگە ئۇلگۈرىمىز. قېنى داستىخانغا قاراڭ، — دېدى تەۋپىق يەنە.

ئەزەلدىن چېقىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان مەجدىدىن ئەپەندى تۇداخۇننىڭ يۇرىكى ئېرىپ تۇرغان روھى ھالىتىدىن تەسىرلىنىپ چاخچاق ئارىلاشتۇرمىدى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىز بىلمەيدىغان مۇنداقمۇ دوستلىرى بارىكەن دەپ ئويلىغان دوختۇر ئاخىرىدا سۆز قىستۇردى:

[1] ”مەتلە ئېل ئىرپان“ (”ئىلىم تۇغۇلىدىغان جاي – بىلىم بۆشۈكى“) ناملىق مەكتەپنى دىمەكچى (يەكەن بازىرىدا ئېچىلغان) — ئا.

— تۇرداخۇن، سىز بۇ ئەپەندى بىلەن بىر نەچچە يىل بىللە بولغان ئىكەنسىز ـ دە؟ قەيەردە بولغانىدىڭلار؟

— بۇ، ھېلىقى، نېمە،... ئەپەندىم سەپەر ئۈستىدە يېرىم كۈنچە غېرىپخانىمىزدا بولغانىدى، خالاس،...

— پاھ — دېدى مەجىددىن يۈرىكىدە نېمىدۇر شۇرردە تېنىگە تارىغاندەك بولۇپ، — شۇنىڭ دوستلىقىمۇ مۇشۇنىڭ ھەممىسى؟ ياق، ھېچ ئوخشىمايدۇ، يوشۇرىدىغان بىر يېرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، شۇنداق، ئىشەنمىسىلە ئەپەندىنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا، توختاجى، ئەخمەد ئەپەندىلەرمۇ بىللىدى،.... — دېدى تۇرداخۇن ساددىلىق بىلەن مەجىددىنىڭ چاقچىقىنى چۈشەنمەي. دوختۇر ئەمدى ھاياجاندىن يېنىۋاتقان قەلبىنى، دوستىغا بولغان سۆيگۈ ۋە قايىللىقىنى چاخچاق بىلەن پەردىلەشكە ئۇرۇنغاندەك:

— شۇنداقمۇ دەيلى، يېرىم كۈنلۈك بىللە بولغانىنىڭ ھېكمىتى مېنىڭ تارلىقىمنى كەلتۈرۈپ قويدى. بىز بۇ ئەپەندى بىلەن نەچچە يىللىق تونۇش بولساقمۇ يەنىلا ئوخشاش، كۆرگىمىز كەپ قالمايدۇ، بىراق، سىز دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان ئادەمدەك تۇرىسىز، ئۇنداقمىكىن دەيلى دېسە، يەنە ئەمەس، نېمىشقا دېگەندە، قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى بىز بىلەن نەچچە قېتىم ئۇچراشتىڭىز، بىللە بولدۇق، بىراق بىز بىلەن ئەجەپ كارىڭىز بولماي كەتتى؟ ياكى سىزنى بۇ ئەپەندى سېھىرلەپ قالدىمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭ، بۇ ئادەم سىزنى ئالداپ كەتمىسۇن. بىزنىڭغۇ كۆڭلىمىزگە كەلمەيدۇ، كىمنى ياخشى كۆرۈش ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەمما سىزنى ھۆل قىشقا دەسسىتىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمىز، — مەجىددىن ئىستانبۇل شىۋىسى بىلەنراق سۆزلىگەچكە، بىر چەتئەللىكنىڭ بۇنداق چاقچىقى تېخىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى.

بۇ گەپ بىلەن ئۇنىسىڭىزمۇ قورۇنۇپ ئاران ئولتۇرغان تۇرداخۇن تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى. باشقىلارمۇ كۈلۈپ كېتىشتى. پەقەت مەجىددىن ئەپەندىلا خۇددى راست دەۋاتقاندەك، كۈلمەستىن جىددى قاراپ تۇراتتى. باياتىن بېرى

پاراڭغا ئاربلاشماي جمغۇر ئولتۇرغان يۈسۈپ ئەپەندى تۇرداخۇنغا ئىچ ئاغرتىپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن:

— مىنىڭ كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ، پەقەت سىلىلام ئىچى تارلىق قىلمىسىلا بولغىنى، — دېدى ۋە — سىلەرگە بولغان يېقىنلىقىمنى نەچچە كۈندىن بېرى بىلدۈرۈپ بولمىدىممۇ دىمەمدىلا، — دېدى دىھقانغا بولۇشۇپ.

— شۇنداق بولماي يا، — دېدى تۇرداخۇن ئەمدىلا ئېسىنى تاپقاندەك، ئۇ مەجىددىن ئەپەندىنىڭ يەنە پۈتاق تېپىشىدىن قورققاندەك باشقا گەپ قىلمىدى.

تاماقتىن كېيىن تۇرداخۇن مەمتىلى ئەپەندىگە باللارنىڭ ئانىسى ئەۋەتكەن ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋە ئاندىن تەييار هارۋىدىن قالماي كېتىشكە ئالدىردى. ئۇنىڭ نەرسە- كېرەكلىرى سارايدا ئىدى. تەۋپىق ئۇنى تۇتۇپ قېلىش نىيىتىدە بولمىدى. تۇرداخۇننىڭ شەھەردە تۇرىۋېرىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن زىيان ئىدى. يەنە كېلىپ ئوڭ كەلگەن تەييار هارۋىدا كېتىۋالمىسا، بىرمۇنچە كىرا پۇلى چىقىم بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنى يەنە ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن، سارايغا بىللە بېرىپ، ئۇنىڭ سوغىتىنى قوبۇل قىلغاچ، ئۇزىتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى.

تەۋپىق يۈسۈپ ئەپەندىدىن بىر پارچە ئېلىپبە كىتاۋى، بىر پارچە ئوقۇش كىتابى، ئالتە دانە تىترات[1] سورىۋېلىپ سومكىسىغا سالدى ۋە يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن مەجىددىنگە ئەيىپكارلارچە كۆلۈمسىرەپ قاراپ:

— ئەتە كۆرۈشەيلى، سىز مېنى باشلاپ ساۋۇت ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارىسىزغۇ؟ ئەتە كەچتە. ئەمما ئەتە كۈندۈزدە يەنە بىز بىللە بولىمىز، — دېدى، — رەنجىمەڭ دوختۇر، سىزنى ئاۋارە قىلدىم.

— ئەلۋەتتە ئاۋارە قىلدىڭىز! ئۆيۈمدىن سۆرەپ چىقىپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇپ، نەگە قاچماقچىسىز؟

[1] ртеТáьд (رۇسچە) — مەشق دەپتىرى، — ئا.

— باشلاپ ئاچىققان بولسام نىمە زىيان بولدى سىزگە؟ چۈشلۈك تامىقىڭىزنى بىكارغا توختاتتىڭىز، يولنى بىكارغا ماڭمىدىڭىز، — دېدى تەۋپىقمۇ چېقىشىپ جاۋاب بېرىپ، — بۇ تاسادىپى ئۇچرىشىشنىڭ نەتىجىسى، ئەپۇ قىلىڭلار. شۇ يەردىن شەۋقىنىڭىزگە كېتىمەن، هازىرغا خوش.

ئۇ تۇرداخۇن بىلەن سارايغا كەلدى. سارايغا كەلگىچە تۇرداخۇن ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكى هەققىدە، بالىلىرى هەققىدە، يۇرتىدىكى يېڭىلىقلار هەققىدە قىزغىن سۆزلەپ بەردى. بەزى- بەزىدە تەۋپىقنىڭ هال-ئەهۋالىنى، مەكتەپ ئەهۋالىنى سورىسىمۇ، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە ئۆزىنىڭ يېڭىلىقلىرى هەققىدىكى هېكايىلەر بىلەن بولۇپ كېتەتتى.

سارايغا بارغاندىن كېيىن تۇرداخۇن ئايالى ئەۋەتكەن سوۋغاتنى تەۋپىقنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاچ، يەنە بۇ سوۋغاتنى تەييارلاش جەريانى، ئايالى بىلەن ئىككىسىنىڭ نېمە سوۋغات قىلىش هەققىدىكى تالاشلىرى هەققىدە قىزغىن سۆزلەپ تۇردى. مەمتىلى ئەپەندى قولىدىكى خوتەن شايىسىدىن تىكىلگەن كانىۋاي كۆينەكنى كۆرگىنىدە يۇرىكىنىڭ قېتىدا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلاپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدى. ئۇ كۆينەكنىڭ ئېپەك يىپ بىلەن كەشتە تىكىلگەن ياقىسى ۋە يەڭ گىرۋەكلىرىگە قاراپ بىردەم خىيالچان تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كۆينىكى تۇراتتى. ئۇنىڭغا تىكىلگەن كەشتىلەر شۇنچىلىك نەپىس، چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ يۇرىكىدىن شائىرانە هېسلار ئۇرغۇپ، ناهايىتى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغاندەك هېس قىلدى. بىراق ئۇ ئاخىرقى هېساپتا دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ دېھقان دوستى چۈشەنمەيدىغان، ئىچكى هاياجانىنى ئىپادە قىلغۇچى سۆزلەر ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، پەقەت:

— سوۋغىتىڭلار ئۈچۈن هەممىڭلارغا رەهمەت! بۇنىڭ لايىقىدا سوۋغات قىلالمىدىم. بالىلارغا ئالغاچ بېرىشىڭىز ئۈچۈن مۇشۇلارنى يوللۇق تۇتىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ دەپتەر ۋە كىتابلارنى تۇرداخۇنغا بېرىپ، ئۇنىڭ يەنە بىر كىچىك بولىقى ناۋات ئىدى.

— ھەشقاللا، ئەپەندىم، يوللۇق دېگەن بۇنىڭدىن ئوشۇق بولامتى، سىلىنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش ـ يا، مەن ئەمدى سىلىنى جىق ئاۋارە قىلماي، كۆردۈم ئەمەسمۇ ئەخمەد ئەپەندىمۇ، نوۋېشىدىكى ئەپەندىلەرمۇ ئالدىراپلا تۇرىدىكەن. ئىشلىرى بولسا قىلسىلا، مۇشۇ يەرگىچە كەلگەنلىرىگە رەھمەت، — دېدى تۇرداخۇن يەنە چىرايىنى ئۆمچەيتىپ. كەمدىن- كەم ھاياجانلىنىدىغان بۇ دېھقانغا بۇگۈنكى ئارقا- ئارقىدىن ھۇجۇم قىلغان ھاياجان پەيدا قىلغۇچى كەچمىشلەر ئېغىر كېلىپ، دېگەندەك ئۆزىنى تۇتالماي قالغاندى.

— مەن قەشقەرگە دوستلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم. ئالدىراش ئىشىم يوق، ئەنسىرىمەڭ. سىزنى يولغا سېلىۋېتىپ ئاندىن كەتسەممۇ بولىدۇ، — دېدى تەۋپىق تۇرداخۇننىڭ كۆڭلىنى ئاياش تۇيغۇسى بىلەن يالغاندىن . ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىشلار ئۇچۇن ۋاقت يېتىشتۈرەلمەيلا ئاۋارىدى. ئەمما بىر يىلدا بىر قېتىم كۆرۈشكەن، ئەمدى يەنە نەچچە يىل كۆرۈشەلمەيدىغان كىشىنى ئالدىراپ- تېنەپ خوشلىشىپلا تاشلاپ كېتىشكە قىيمايتتى.

تۇرداخۇن ئەڭ ئاخىرقى قىممەتلىك دەملەرنى نىمىلەرگە سەرپ قىلىشنى بىلمەي بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دەيتتى:

— سۇلايماننىڭ يېشى 15كە توشقان كۈننىڭ ئەتىسى سىلىگە تاپشۇرىمەن، ئۆزلىرى تازا قالتىس بىر ئادەم قىلىۋەتسىلە، خۇدايىم ئىلىمدىن ئېيتقان بولسا، ئادەم بولۇپ قالار.

— كۆڭۈل تىندۇرالىسىڭىز ھازىر ئەكىلىپ بەرسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— كىچىك بالىغا مۇساپىرچىلىق يەتكىنى يامان، دەپ قويىمىدى، ـ يا...

— بوپتۇ، ئانا دېگەن شۇنداق بولىدۇ، بالىغا چىدىيالمايدۇ. كېيىن ئەكەلسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئورنىدا تەربىيلەيمەن. ھەمراجانىنىمۇ مەكتەپكە بېرىڭ.

— ۋايەي، ئاشۇ كىچىك، ماڭقىسىنى ئېرىتالمايدىغان شۇمتەكنىما؟ — دېدى تۇداخۇن بۇنى كۈلكىلىك بىر گەپ ئورنىدا كۆرۈپ.

— ئەسلىدىغۇ بالىنى كىچىكىدىن ئوقۇتۇش كېرەكىدى. كۆپ دۆلەتلەردە ئالتە- يەتتە ياشتا بالىنى مەكتەپكە بېرىدىغان قائىدە بار، ئەمما بىزدە بۇندىن بۇرۇن بۇنداق ئادەت بولمىغاچقا تاڭ كۆرىنىدۇ، كىچىك ۋاقتىتىن باشلاپ ئوقۇتسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— مەيلى، بولمىسا، ئاكىسى بىلەن بېرىپ-كېلىپ يۈرە،... ئەنە قالىسىلا، مەن گېپىنى قىلغان بىزنىڭ يۇرتلۇق ھارۋىكەش كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ باقاي، ئانچە ئالدىرىمايدىغان بولسا كەچتىرەك قوزغىلىپ كەتسەكمۇ بولىدۇ، — تۇرداخۇننى مۇشۇ ھارۋىدىن قۇرۇق قېلىش بىلەن بولىدىغان زىيان — كىرا پۇلى، ساراي پۇلى، ۋە باشقا بازارلىق چىقىملار ئەنسىرىتىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بىر تەرەپتىن تەۋپىق بىلەن كۆپرەك بىللە بولغۇسى كېلىپ تۇرغاچقا ئارسالدىلىق ئىچىدە شۇ گەپلەرنى قىلدى. ئەمما شۇئان زىيان كۆز ئالدىغا كېلىپ، يۈرىكىنى بىر نېمە تاتىلاپ ئۆتكەندەك بولدى.

— بولدى، ئۇنداق دىمەيلا قويۇڭ، ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى يىراي دېسە تېخى، ماقۇل دەي دېسە تېخى، ئىچىدە بىلىپ قالمىسۇن. بالىلار يولىڭىزغا قارايدۇ. مېڭىپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ دېھقاننىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇ ئۆزىنىڭمۇ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كۆڭۈل كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق ئارىلاش قوشۇپ قويدى. — ”تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى“دېگەن گەپ بارغۇ.

— بالىلار مەندىن سىلىنىڭ گەپلىرىنى سورايدۇ، ھەقچان، جىقراق بىللە بولغان بولساق، مەنمۇ ئۇلارغا جىقراق سۆزلەپ بەرسەم دەيمەن... مېڭىشقا بەك ئالدىرىمايدىغانسەن، ئاغىنە؟ — دېدى ئۇ ئۇلاغ قوراسى تەرەپكە كېتىپ، كەلگەن ھارۋىكەشكە.

مەمتىلى ئەپەندى تۇرداخۇن بىلەن تەڭ قوراملىق كەلگەن ئۇزۇن يولنىڭ جاپاسى، دەشت- باياۋانلارنىڭ بوران چاپقۇنلىرىدىن ئىزنا بىلىنىپ تۇرغان، تېرىلىرى يىرىكلەشكەن بۇ كىشى بىلەن خۇددى كونا قەدىنىسىنى

تېپىۋالغانىدەك خۇشال، ئىللىق سالاملىشىپ، قول سىقىشتى ھارۋىكەن سالامدىن كېيىن:

— قانداق دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن كۆرىشەلمەي قاخشاپ يۈرگەن ئادەمنى بۈگۈن خۇدا ئالدىمغا ئەۋەتىپتۇ. مۇشۇ كىشى شۇ. سەن بىلەن كۆرۈشكەندىلا دىمىدىمۇ، بۈگۈن ئىشىمدا بىر ئوڭ بېقىش بار، بۇ چوقۇم ئەپەندىنىڭ خاسىيىتى، دەپ ئېسىڭدە بارمۇ، بۈلتۈر مۇشۇ كەملەردە پوسكام تەرەپتىن كېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە چۈشكەن، يۇرتتا خېلى ئۇزۇنغىچە گېپى بولغان ئەپەندىلەرنىڭ بىرسى، مەمتىلى ئەپەندى دېگەن كىشى شۇ.

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، بەك ئالدىراش كېتىپ قېلىشتىلا... كېيىن ھەقاسىلىرىنى ئەمچىكەن[1] دەپ ئاڭلاپ قالدۇق. بۇ ئاغىنىمىزنىڭ بالىسىنىڭ بېشى ساقىيىپ قالغاننىڭزى ئازىلىرىنى يىدۇق، بالدۇرراق بىلگەن بولساق بىر نەچچە كۈن تۇتۇپ قالاركەنمىز دېدۇق، — ھارۋىكەشمۇ ئۇزاق سەپەرلەردىكى ئەڭ ياخشى ئەمەك بولغان سۆھبەتداشلىق بىلەن پاراڭچى بولۇپ قالغان كىشى ئىدى.

— بۇيان بىلەن تېخى بايىراق كۆرۈشتۇق، لېكىن- زە، تېخى گېپىمىز تۈگىمىگەن...

ھارۋىكەش خىجالەت بولۇپ، نېمە دەرىنى بىلمەي قالدى. تۇرداخۇننىڭ كېچىككىشى گەرچە ئاقكۆڭۈللۈكنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ئۇچەيلەننىڭ ھەممىسىگە پايدىسىزىدى. شۇڭا تەۋپىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— بۇ يۇرتدېشىڭىزنىمۇ خىجىل قىلماڭ، سىزنى دەپ يولدىن قالمىسۇن، بىز مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، — دېدى.

— راست، دېدىلە، ساق- سالامەت دىدارلاشقاندىكىن بولدى ئەمەسما، گەپ دېگەن مىڭ بىر كېچىدىمۇ تۈگىمەيدۇ...، — دېدى ھارۋىكەش.

---

[1] ئەمچى — دوختۇر مەنىسىدە، — ئا.

تۇرداخۇنمۇ شۇندىلا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بەك ئالدىراش بولىدىغانلىقىنى، ئەخمەد، يۇسۇپ ئەپەندىلەردەكلا بولىدىغان بولسا، ئۇنى ئاۋارە قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالدى ـ دە، يەنە خىجىل بولۇپ كەتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، ئەپەندىم، سۇلايماننى جەزمەن ئېلىپ كېلىمەن، ئىككى يىل ئۆتسە، ئۇمۇ خېلى ئادەم بولۇپ قالىدۇ... قېنى ئەمىسە، ئاغىنە، هارۋاڭنى قوشۇپ چىقمامسەن، تۇرغۇڭ كەلمىگەندىكىن كەتسەك كېتىلى... شۇنداق قىلىمەن، ئەپەندى، سىلىنىڭ قوللىرىدىن چىقسۇن....

— ماقۇل، چوقۇم شۇنداق قىلىڭ. تەلەيقىزنى مەن ئۇچۇنمۇ سۆيۈپ قويۇڭ. هەمراجاننى مەكتەپكە بېرىڭ، خەير، — ئۇ تۇرداخۇنغا قولىنى سۇندى.

— بىزمۇ تونۇشۇپ بولۇپ قالدۇق، ئەپەندىم، شۇغىنىسى تونۇشۇپلا خوشلاشتۇق، — دېدى قورا تەرەپتىن هارۋىنى قوشۇپ چىققان هارۋىكەش تەۋپىقنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

تۇرداخۇن سۇلايماننى ئېلىپ كېلىش هەققىدە يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى. تەۋپىقمۇ خەيرلىشىش سۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر كوچا دوقمۇشقىچە مېڭىپ قول پولاڭشىتتى. ئۇلار تار كوچىلاردا، ئادەملەر توپى ئىچىدە غايىپ بولۇپ ئورنى بوشاپ قالغاندەك، مەيۇسلۇك روهى هالەت كېلىپ باستى. لېكىن ئۇ دەرهال دوتەي يامۇل ئالدى كوچىسىدىكى شەۋقىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

تەۋپىق ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە قوتلۇقهاجىم «يېڭى هايات» نىڭ ماقالىلىرىنى تەهرىرلەپ ئولتۇراتتى. سەللىسى شىرەنىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇلغان. ئۇزۇن تونىنىمۇ سېلىۋەتكەنىدى. تەۋپىقنىڭ كىرىپ كېلىشى شائىرنى تولىمۇ شادلاندۇرىۋەتتى. ئۇ ئۇزۇن يىل قەلەم بىلەنلا بولۇپ، پۈتۈن

ئىچكى ھېس- تۇيغۇسىنى قەلەم بىلەنلا ئىپادىلەشكە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، دېيىشكە تېگىشلىك سۆزلەرنى دەرمەھەل تاپالماي تەمتىرەپ قالاتتى. ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق بولدى:

— ھۇي، مانا! كەلسىلە، ئىنىم، — دېدى ئۇ تۇتۇلۇپ، ئاندىن بىر ئاز ئېسىنى يىغىپ، — نېمانداق ئىنتىزار قىلىلا تەۋپىق ئەپەندى؟ مۇنچىۋالامۇ سېغىندۇرغان بارمۇ؟ بىز ئەسلىرىدە بارمۇ ئۆزى؟ — دېدى.

— ئەيىپكە بۇيرىماڭ، ئۇستاز، مەنمۇ سىزنى كۆپ سېغىندىم، بىراق، نېمە ئامال؟ بىر- بىرىمىز بىلەن مېھماندارچىلىق ئويناپلا ئۆتەلەيمىز ـ دە.

— شۇنداق، شۇنداق، نەخ گەپنى قىلدىلا، ئەمدى يەنە بىر ئېغىز چىن سۆزلىرىنى ئېيتسىلا، بىزگە قانچە زامان مېھمان بولىلا؟

— مەن سىزگە ئەتە تاڭ سەھەرگىچە مېھمان بولىمەن.

— نېمانداق؟ كېچىچە مەن سىلىنى جۇۋازغا قاتامتىم؟ كۈندۈزلىرىنى بەرسىلە بولمامدۇ؟

— ئىككىمىزگە بىر ئاخشام، خالىساق پۈتۈن بىر كېچە يېتەر، مەيلى جۇۋازغا قاتىسىڭىزمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا تاپىلايدىغانلىرىڭىزنى ئەتىگىچە تۈگىتىپ بولۇڭ، شۇنداقلا مېنىڭمۇ سۆزلىرىمنى تۈگىتىشىم ئۈچۈن ئىمكان بېرىڭ.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئەتە سىزدىن ئۇزاپ چىقىپ سىجاڭنىڭ ھوزۇرىغا كىرىمەن. ئۇ كىشى بىلەن سالاملىشىپ چىققاندىن كېيىن قىزىل دۆۋىگە بارىمەن. بىركۈندۈزى شۇ ئىشلار بىلەن ئۆتىدۇ، كەچتە ساۋۇت ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ۋەدە بېرىپ قويدۇق. بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە بولىدۇ. ئۆگۈنلۈككە ئەتتىگەندە كېتىمەن.

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى شەۋقى ئۇچلۇق ساقىلىنى سىپاپ قويۇپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە، — ھەر ھالدا مەن سىجاڭ بىلەن توختاجىغا قارىغاندا بەختلىكراق ئىكەنمەن. سىلىنىڭ ۋاقتلىرى نېمە دېگەن زىچ

ئورۇنلاشتۇرۇلغان! مەيلى، مەن رازى، بىراق، ئەگەر كۈندۈزدىكى سەپەرلىرىگە ھەمرا بولۇشنى خالىسام رەت قىلمايدىغانلا؟

— ياق، ئەكسىچە ئىنتايىن خۇشال بولىمەن. ئەسلىدە مەن ئۆزۈم تەكلىپ قىلىشنى ئويلىغانىدىمۇ، جۈرئەت قىلالماي تۇراتتىم.

— ئۇنداقتا كەچتە ساۋۇت ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى سۆھبىتىڭلارغا داخىل بولسامچۇ؟

— شاگىرتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سىزنى چىلاپ ئاپىرالماسلىقىنىدىنلا ئەنسىرەيدۇ. بارسىڭىز نېمىشكە خۇشال بولمايدىكەن؟ سىز بىلەن بىللە بولسام ئۆزۈمنى ئىككى ھەسسە كۈچلۈك ھېس قىلىمەن.

— ئەمىسە پۈتۈشتۇق- ھە؟ رەسمىي گەپنى باشلاشقا ئالدىرىمىسىلا، داستىخان سالسۇن. داستىخان ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ كەچمىش- ئەتمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە. بۇ ھەم دەم ئالغىنىمىز بولسۇن، ئاندىن ئۆزلىرىدەكلا جاپاكەش خىرۇم سومكىلىرىنى ئاچسىلىمۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ، سىزگە بويسۇنىمەن.

ئۇلار ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم گەپنى چورت كېسىپ پاراڭلاشقىنى ئۈچۈن سۆيۈنۈپ كۈلۈشتى. ئۆز ئارا چۈشىنىشىدىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەنە شۇنداق رەسمىي گەپلەر بولىشى كېرەك ئىدى.

داستىخان ئۈستىدە مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ سېنتەبىردە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. 24كەنتتىكى 24 مەكتەپنىڭ پۈتۈشى، ئىككى يېرىم مىڭ چامىسىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ساۋادى چىقىپ بولغانلىقى، بۇندىن باشقا يەنە ئىككى مىڭچە چوڭ ياشلىقلارنىڭ كەچ كۇرۇسىقا تەشكىللىنىپ ساۋاتلىق بولۇپ بولغانلىقىنى، ئەمدى ئاپرىلدىن باشلاپ مەكتەپلەردە سىنىپلار كۆپەيتىلمەكچى ئىكەنلىكى، رۇشتى مەكتەپتە ئوقۇش باشلايدىغانلىقى، مائارىپ ئويۇشمىسىنى رەسمى قۇرۇپ، ئويۇشما ئۈچۈنمۇ قۇرۇلۇش سالماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى قىزىقارلىق سۆزلەپ بەردى. ئەزەلدىن تەۋپىقنىڭ ناتىقلىقىغا زوقلىنىدىغان پىشقەدەم شائىر، بۇ قېتىم يەنىمۇ قايىل بولۇپ:

— ھەر قانداق ئەرزىمىگەن سۆزلەرنىمۇ سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلىسا كەم تېپىلىدىغان قىزىق ھېكايىگە ئايلىنىدۇ- دە، باياتىن بىرى مەن سىلىنىڭ جىمىكى پائالىيەتلىرىدە بىللە بولغاندەكلا بولدۇم. مەن بولسام مانا، گېپىمنى تېپىش ئۈچۈن ھەپتە ئويلىنىۋاتىمەن.

— سىز دېگەن قىلىچ ـ تە، — دېدى تەۋپىق شائىرنىڭ شېئىرىنى يادىغا ئېلىپ، — قىلىچ دېگەننىڭ بىر تەرىپىدە ئىتتىك بىس بولىدۇ، يەنە بىر تەرىپى ئىشلىتىلمەيدۇ.

— ئانداقتا سىلى خەنجەر بولىلىغۇ؟ — دېدى شەۋقى ”سۋىرناي“ تاماكىسىنى چىقىرىپ سۆھبەتدېشىغا بىر تال سۇنۇپ.

— مېنىڭ بىر تەرەپتىكى بىسىم ئانچە ساز ئەمەس. ئەمدى كۈن تەرتىپ بويىچە خىروم سومكامنى ئاچسام بولار؟ — دېدى تەۋپىق تاماكىسىنى تۇتاشتۇرىۋېلىپ.

— بولىدۇ باشلىسىلا.

تەۋپىق سومكىسىدىن «دىۋان»نىڭ تەرجىمە قىلىنغان بۆلىكىنى ئالدى:

— مانا، ئالدى بىلەن بۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭ. بۇنى سىز تەپسىلى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن پىكىرلىشىمىز. مەن دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس، شۇلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى. يەنە شۇنى ئېيتىپ قوياي، خوجايىن، تەرجىمە ئىشى يەنە بىر مەزگىل توختايدۇ. يەنە بىر مەھەل ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم.

شەۋقى تەرجىمىنى كۆزدىن كەچۈرگىچە تەۋپىق «يېڭى ھايات» ئۈچۈن تەييارلانغان ماقالىلارنى ۋە ئۆزى تېخى كۆرمىگەن ئەڭ يېڭى سانىنى كۆرۈشكە باشلىدى...

شەۋقى تەرجىمىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلىشتى. تەرجىمىگە قارىتا شەۋقى پىكىر بەردى. تەۋپىق ئۇ ئېيتقان دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى تەپسىلى خاتىرىلىۋالدى. ئۇلار «دىۋان» ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىسىنى تۈگەتكەندە سائەت نۆل بولغانىدى.

شۇندىن كېيىن شەۋقى «يېڭى ھايات» ھەققىدە ياش دوستىدىن پىكىر سورىدى. تەۋپىق قىلچە تارتىنماي ئولتۇرماستىن ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. شەۋقى بۇ پىكىرلەرنى پايدىلىق دەپ ھېساپلاپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىن تەۋپىق ئۆنىڭدىن تارىخقا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولسا بېرىشنى سورىدى.

— رۇشتى مەكتەپتە ۋەتەن تارىخى بەرمەكچىمىز. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئەمگەكلىرىدىن بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى ئۇ.

— مەندە سىز دېگەندەك بىر دەپتەر بار، شۇنى بېرەي، — دېدى شەۋقى. لامپا يورىقىدا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەك، جاپالىق ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىنىڭ بەلگىسى بولغان چوڭقۇر ئورا كۆزلىرى شۇ ئاندا ئىككى دۆگىلەك قارا سايە بولۇپ كۆرىنەتتى. پەقەت چىراق نۇرى تەرەپكە بۇرالغاندىلا ياش يىگىتلەردە بولىدىغان قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى چاقناپ كېتەتتى.

— ئەمىسە، سىزنىڭ باشقا دەيدىغىنىڭىز بولمىسا دەم ئالايلى، مېنىڭ گېپىم تۈگىدى، — دېدى تەۋپىق. ئۇ شەۋقىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇرۇپ، دەم ئېلىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. شەۋقى دەرھال قوشۇلدى. چۈنكى ئۇ ياش دوستىنى ئۇزۇن يولدىن ھېرىپ كەلدى، چارچاپ ئۇزۇلۇپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ يەنە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

3

تاڭ سەھەردىلا مەمتىلى ئەپەندى بىلەن شەۋقى دېۋىزىيە ئىشتابىغا مەھمۇد مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مېڭىشتى. ئادەت بويىچە شەۋقى تالاغا چىقىشتىن بۇرۇن، بولۇپمۇ «گۆلىۋاغ»قا بېرىشتىن بۇرۇن بەك ئەستايىدىل ياسىناتتى. ھەتتا ئۆزىگە دىققەت قىلىشتا داڭلىق بولغان تەۋپىقنىمۇ تالدۇرىۋەتكىدەك تۈجۈپىلەپ جابدۇندى.

قەشقەر كوچىلىرى بامداتتىن يانغان كىشىلەر بىلەن جانلىنىپ كەتكەن، ناۋايخانىلار، ساماۋارخانىلار، ئاشخانىلارنىڭ مورىلىرىدىن تۈتۈن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. بىلىنەر- بىلىنمەس نەمخۇش ھاۋا تۈتۈنلەردىن چۈمبەل ياساپ بىر- بىرىگە يۆلەپ سېلىنغان چۈشىنىكسىز، قاتمۇ- قات ئۆي- ئۆگزىلەر ئۈستىنى ئوراپ قويغاندەك، بىر قەۋەت ھاۋارەڭ پەردە ئۆگزىلەر ئۈستىدە يېيىلىپ تۇراتتى. مەڭگۈ جۇشقۇن ھالىتىدە قالغان قەشقەر رەڭگى- روھى سۇلغۇن، ئۈچىسى جۇل- جۇل بولىسىمۇ خۇشچاقچاق كەمبىغەل يىگىتتەك، سانسىز قانلار ئاققان تۇپرىقى ئۈستىدە جۇشقۇن ھاياتنى داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىر كۈننى كۈتىۋالماقتىدى. باھارنىڭ تۇمان ئارىلاش سالقىن ھاۋاسى كۆڭۈللەرگە تېتىكلىك بەخش ئېتەتتى.

كوچىنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىدە ئولىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ غۇلغۇلىسى چۈشىنىكسىز بىر ئىشتىن بىشارەت بېرەتتى. بەزى توپلار تاملار ئالدىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. دىۋىزىيە ئىشتابى تەرەپتىن كەلگەن بىر توپ ئاتلىق توپلىشىۋالغانلارغا ھەيۋە قىلىپ، تارقىتىۋەتتى، ئارقىدىن يەنە بىر توپقا قاراپ ئات سېلىپ كەتتى.

بۇلاردىن بىر نېمىنى غۇۋا سەزگەن تەۋپىق شەۋقىگە ئىزاھ تەلەپ قىلغاندەك قارىۋىدى، شەۋقى بوش ئاۋازدا:

— بەزى كېچىلىرى كومۇنىزىمغا قارشى تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقايدۇ، تاملارغىمۇ چاپلىنىدۇ. بايىقىسى سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى، بۇ ئىشنى قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە چىققانلار، — دەپ جاۋاپ بەردى، ئاندىن ئەسلىتىپ، — بۈلتۈر كۈزدە نوۋېشى مەكتەپتە بولغىنىمىزدا سانايى

نەپىسەنىڭ مۇدىرى ئوبۇلقاسىم مۇشۇ ھەقتە گەپ تەشمەكچى بولغان، ئەسلىرىدە بارمۇ؟ شۇ مۇشۇ ئىش ئىدى.

— توغرا، سىز شۇ چاغدا گەپنىڭ بېلىگە تېپىپ، بۇ ھەقتىكى گەپنى ئۈزۈپ تاشلىغان، مەن كېيىن ئايرىم سورايمەن دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتىم، كېيىن تامامەن ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. نېمە گەپ بۇ ئۆزى؟

— ئوبۇلقاسىم دېگەندەك، بۇ ئىشنى بەزىلەر سىجاڭدىن كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئورۇسلار، يېڭىشەدىكىلەر شۇنداق قارايدىكەن. ئەگەر بۇ راستىنلا سىجاڭغا چېتىشلىق ئىش بولسا، ئارىمىزدا بۇنى بىلىدىغانلار بولسا ئاغزىنى تۇتالماي ياشلىق قىلىپ دەپ سالمىسۇن دەپ، بۇ ھەقتىكى گەپنى ئۈزىۋەتكەن ئىدىم. خەۋەلىرى با، ئىنسانىنىڭ ئالىسى ئىچىدە، كىم بىلىدۇ ئارىمىزدا قانداق ئادەملەر با...

— ئەمىسە سىجاڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئىزدىگىنى نېمىسى؟ بۇنى ئۇلار نېمە دەپ چۈشەندۈرىدىكەن؟

— بۇنى بىر كۆز بوياش ھىلىسى، دەپلا قارايدۇ.

— سىز ئوبۇلقاسىم ھەققىدە ياخشى پىكىردە ئەمەستەك قىلامسىز - نېمە؟ ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلەمسىز؟

— ئۇ لەنجۇ ياقۇپھاجىم دېگەننىڭ ئوغلى، — دېدى شەۋقى چۈشەندۈرۈپ، — ئۇنىڭ دادىسى ئىچكىرگە قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلغاچقا ”لەنجۇ“ دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان بولسا كېرەك. بىر ئاڭلاشلاردا ئۇنىڭ لەنجۇ دېگەن يەردە ئۆي - جاھانلىرى بارمىش، بۇ ئوبۇلقاسىممۇ ئىچكىردە چوڭ بولغانمۇ، ئەيتاۋۇر خىتاي تىلىغا كامىل...

— ھە،....

ئۇلار دېۋىزىيە ئىشتابىغا يېتىپ كەلگەندە دەرۋازىدا تۇرغان پوست بۇ يەرنىڭ دائىمى مېھمىنى بولغان شەۋقىنى تونۇپ سالام قىلدى.

— دېسەم- دېمىسەم سىجاڭ سېپىل ئۈستىدە ھاۋالىنىپ يۈرىدىغۇ، — دېدى شەۋقى.

— ھەئە، ھەر كۈنى شۇنداق، — دېدى قاراۋۇل.

دېگەندەك مەھمۇد مۇھىتى گازارما ئەتراپىدىكى سېپىل ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تولۇق قوراللانغان تۆرت ئەسكەر ئون قەدەم ئىلگىرى توغرا سەپ بولۇپ ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. ئارقىدىن ئون قەدەم كېيىن يەنە تۆرت ئەسكەر كېلەتتى. مەھمۇد مۇھىتى تولۇق قوراللانغان ھالدا ھەربىي فورمىسىنى راۋرۇس كىيىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ ئاستا يۈرەتتى. ئۇ ئىشتاپ ھويلىسىغا چىققان شەۋقى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىمۇ سېپىلگە چىقىشقا ئىشارەت قىلدى.

ئۇلار سېپىلگە چىققاندىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتى ئۇلار بىلەن دوستانە كۆرۈشتى. ئۇ سېغىنىشنى ئىپادە قىلغۇچى كۆز نۇرى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىگە خېلى ئۇزاق بېقىپ:

— نېمىشكە پات- پات كەلمەيسىز؟ ئۆزلەدىن بەك ئەنسىرىدىم. ئاغرىپ- تارتىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن.

تەۋپىق ئەقىل نۇرى بىلەن پارلىغان كۆزلىرىنىڭ قۇيرىقىنى بىر ئاز قىسىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ سىجاڭنىڭ كۆڭلىگە يارىشا:

— مەن ساپ- ساق يۈردۈم. پەقەت ئىش ئالدىراشچىلىقىدا كېلەلمەي قالدىم. مەن ھەم سىزدىن ئەنسىرەپلا تۇرىمەن، — دېدى.

— چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن، يۇرۇڭلار، شەھەرنى تاماشا قىلىڭلار. سەيلى قىلغاچ پاراڭلىشىمىز، — دېدى سىجاڭ ئاتىلارچە كۈلۈمسىرەپ، — ماڭا مېھمان بولغىلى كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. بالىلار ئوقۇۋاتامدۇ؟ مەكتەپكە كىرگۈچىلەر كۆپمۇ؟

تەۋپىق ئۆز پائالىيەتلىرىنى ناتىقلىق سەنئىتى بىلەن قىسقا ئەمما ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— خۇدا سىزنى ئامان قىلغاي، بەختىسىز ئەلنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئامان قىلغاي، بەختىسىز ئەلنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئامان بولۇڭلار، ئىلاھىم،— دېدى مەھمۇد مۇھىتى تەسىرلىنىپ.

— خۇدا سىزنىمۇ ئامان قىلسۇن، تۈۋرۈكىمىزدىن ئايرىلساق نې ھالدا بىز؟...

مەھمۇد مۇھىتى ئالقىشلىمىغاندەك قولىنى شىلتىپ قويدى. ئۇلار مەھمۇد مۇھىتىنى ئارىسىغا ئېلىپ سېپىل ئۈستى بىلەن مېڭىپ، شەھەر سېپىلىغا ئۆتتۈشتى. ئۇلار قۇم دەرۋازىسى تەرەپ بىلەن مېڭىپ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكەندە قەدەمنى ئاستىلىتىشتى. ئالدى تەرەپتە قىزىل دەريارسىنىڭ لايقا سۈيى قىزغۇچ رەڭدە ئۆركەشلەپ، باھار قوياشىنىڭ نۇرلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ ئاقاتتى. سەل غەربىي جەنۇپ تەرەپتىكى پاختەكلى يېزىسى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇمانغا پۈركىنىپ ياتاتتى. دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە شامالباغ، قىزىل دۆۋە يېزىلىرى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرىنەتتى. ھەتتا بۇ يەردىن توختاجىنىڭ مەكتىپى، تۇداخۇنباينىڭ قورا-جايلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. دەريانىڭ شىمال قىرغىقى بويلاپ سول تەرەپتە ئەسكىسار (ئەسكى ھىسار) سازلىقى بىر پارچە سۈس يېشىل گىلەمدەك تاڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ كۆرىنەتتى. سىجاڭ دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ جەنۇپ تەرەپكە بىر ھازا قارىدى. ئۇ ھەمىشە مۇشۇ يەرگە كېلىپ يېگىشەر تەرەپكە ئۇزاق قارايتى ۋە ئارقىغا قايتاتتى.

— ئاپاڭنى!... لومودىلار!ـ دېدى ئۇ تىللاپ، — شۇملۇق قېلىشتىن تىنمايدۇ - دە، قاراپ باقسۇنا،— ئۇ قولىدىكى دۇرۇبۇننى مەمتىلى ئەپەندىگە سۇندى. ئۇ دۇرۇبۇننى ئېلىپ جەنۇپ تەرەپكە قارىۋىدى، ئۇ يەردە نامەلۇم قورالىلىق ئادەملەر مانىۋىر قىلىۋاتقاندەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەشىق قىلىۋاتقاندەك يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردا— ئېتىزلىقلاردا، ئۆگزىلەردە مىغىلدىشىپ يۈرىشەتتى. تەۋپىق دۇرۇبۇننى شەۋقىگە بەرگەندىن كېيىن، مەھمۇد مۇھىتى چۈشەندۈرۈپ:

— بۇ ھېلىقى لىيۇ سىلىڭ دېگەن لومودىنىڭ ئەسكەرلىرى، زادى ئارام تاپمايدۇ، بۇ ئاناڭنى...بلا! — دېدى.

بۇ ئىشلارنىڭ تېگىدىكى نازۇك ھالقىلارنى مەمتىلى ئەپەندىگە قارىغاندا شەۋقى كۆپرەك چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ، دورۇبۇننى مەھمۇد سىجاڭغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. بۇ چاغدا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كەڭ يۈزىدە ئويچانلىق، يوغان كۆزلىرىدە غەمكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ

قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ساغۇچ ساقاللىق ئېگىكىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، جىددىي هالدا:

—مەن قايتىمەن، سىلەر سەيلى قىلىمىز دېسەڭلار ئىككى ئەسكەر سىلەر بىلەن قالسۇن، بولمىسا ماڭا مېهمان بولۇڭلار، — دېدى.

شەۋقى نېمە دەرىنى بىلمەي دۇدۇقلاپ قالدى ۋە تەۋپىققە قاراپ قويدى. ئۆزى كىشلەر ئارىسىدا ئەزەلدىن تارتىنماي كۆڭلىدىكى دەيدىغان تەۋپىق:

— بىزمۇ قايتىمىز، بىراق، سىجاڭ ئاتىمىزنىڭ مېماندوستلىقىغا رەهمەت ئېيتىشقا مەجبۇرمىز. ئەگەر سىزنىڭ تاپىلايدىغانلىرىڭىز بولمىسا بىزگە رۇخسەت قىلسىڭىز، قىزىل دۆۋىگە چىقىپ بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ياناساق، — دېدى. ئاخىرىدا يەنە كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ قويدى،— ئەگەر سىزنىڭمۇ ۋاقتىڭىز بولسا بىللە بىللە چىقسىڭىز تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى.

— رەخمەت، ئىنىم، مەن ئەسكەرلەرنى مەشىققە ئورۇنلاشتۇراي، بايىقى كارامەتنى كۆردۈڭلارغۇ، ئەهۋال شۇنداق، ئەگەر قىزىل دۆۋىدىن يانغاندا ۋاقتىڭلار يەتسە مېنى هەر قاچان خوشال قىلىسىلەر،— دېدى ئۇ.

سەلدىن كېيىن مەهمۇد مۇهىتى تەۋپىققە قاراپ بىر ئېغىز تەنبىهە قوشۇپ قويدى.

— نېمەت بىلەن مەڭلىكنى ئازات قويۇۋېتىپ يامان قىپسىز، ئۇلارنى مەن ئۆزلەنىڭ ئامانلىقىنى دەپ بەرسەم، نېمىشكە ئايرىلىپ يۈرىسىز؟

— ئۇزۇن بولدى بۇ يەردىكى يولداشلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىلەن بىللە يۈرۈپ زېرىكىپمۇ قالغاندۇر، مەن كەتكىچە ئوينىۋالسۇن دېگەنتىم.

— يامان قىپسىز، مەن ئۇلارنى ئارقىڭىزدىن ئەۋەتىمەن، ئەمدى ئۇلارنى يېنىڭىزدىن ئاجراتماڭ.

— بولىدۇ. شۇنداق قىلاي.

تەۋپىق بىلەن شەۋقى مەهمۇد مۇهىتى بىلەن خوشلىشىپ قىزىل دۆۋىگە كەلدى.

ئۇلار توختاجىنىڭ ئۆيىگە بارماي، مەكتەپكىلا كىردى. بۇ يەردە مەكتەپ مۇدىرى مەھەممەت ئىمىناخۇن، ئوقۇتقۇچىلاردىن مەھەممەت ئوسمان قارىم، ئابدىقىيۇمھاجىم، ئابدىروسۇلاخۇن، ئەمەت قارىم، ياسىن قارىم قاتارلىقلار ئىككەيلەننى قىزغىن كۈتىۋالدى.

ساھىپخانلار مېھمانلارنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتىقىغا باشلاپ، توختاجىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي توختاجى ئاكىسى ئىمىنھاجى ۋە ئىنىسى ئابدېكرىماخۇنلار بىلەن يېتىپ كەلدى. قەدىناسلار سېغىنچلىرىنى ئىزھار قىلىپ سالام- سائەت، ھال- ئەھۋال سوراشلاردىن كېيىن توختاجى چاخچاق قىلىپ:

— مۇشۇ يەرگە كېلىپ ھېرىپ قېلىشلىمۇ نېمە، ئۆيگە بارماي تازا ئىش قىلىشپىلىغۇ؟— ئۇزاق سەپەردىن كەلگەن ئادەم دېگەندىن ھاردۇق سورىغىلىمۇ ئالدىغا بارىدىغان رەسمىمىز بارىدى، يەنە تېخى مېنى ئالدىڭلارغا چاقىرتىپسىلەر،— دېدى.

- سىزنىڭ ھاردۇقىڭىز كونىراپ قالدى، شۇڭا يېڭى ھاردۇقنى سورىسۇن دەپ چاقىرتتۇق، — دېدى تەۋپىق كۈلۈپ،— خوش، دوستۇم، ھارماي- ئاچماي كەلگەنسىز؟ نېمە يېڭىلىقلار بار؟ بىزگە نېمە ئالغاچ كەلدىڭىز؟ كىتاپلار، دەپتەر- قەلەم يېتەرلىكمۇ؟ دورا- دەرمەك...

— بەللى، سىلى شۇنىڭ ئۈچۈنلا كەپتىكەنلا- دە؟ شىرىسى بولمىسا ھەرىمۇ قونمايدۇ، دېسىلە.

— ياق، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇ قېتىم يەنە سىزگە ئالۋاڭ بار،...

— نېمە ئۇ يېڭى ئالۋاڭ؟

— روس تىلى ئوقۇشلىقى.

باشقا مۇئەللىملەر بۇ ئاغىنىلەرنىڭ چاخچاقلىرىغا قۇلاق سېلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشاتتى.

— خوش، ماڭا ئەتىگىچە مېھمانمۇ سىلى؟

—ياق، بۈگۈن پېشىنگىچە.

— ئاندىن؟

— سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ مېھماندارچىلىققا ئاپىرىمەن.

— مانا بۇنىسى خوشامەت. بوپتۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن باشقا گۇناھلىرىنى تەگمەيمەن. ۋاقىتلىرى قىسقەن، شۇڭا ھازىرلا ئۆيگە كېتەيلى. سىلەر— قىزىل دۆۋىنىڭ ئەپەندىلىرى— چۇشلۇككە يانغاندىلا بېرىڭلار،— دېدى ئۇ باشقا مۇئەللىملەرگە. ئاندىن يەنە تەۋپىققە قاراپ،— يېڭىلىقلار كۆپ، ئۆيدە سۆزلىشىمىز. شەۋقى ئاكىمىزنى بىللە ئېلىپ چىقمىغان بولسىلا سىلىگە قىلىدىغان ئىلتىپاتىمىز يوقىدى، خەير، — دېدى كۇلۇپ.

ئۇلار قىزىل دۆۋىنىڭ مۇئەللىملىرى بىلەن خوشلىشىپ، توختاجىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

ھىجرىيە 1353-يىلى زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى—مىلادىيە 1935-يىلى 17- مارت مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا بايرىمى بولغان قۇربان ھېيت بولدى. تەۋپىق ئۆزىنىڭ بارلىق شاگىردلىرى بىلەن ھەزرەت سۇلتان جامەسىنىڭ ھويلىسىغا نامازغا كىرگەندە نامازخانلار ئۇلارغا يول بېرىپ ھۆرمەتتە تۇرۇشتى. ئۇلارنى سۇپىغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشتى. يېرىم يىل ئىلگىرىلا ئۇلارنى دىنسىزلار دەپ ئەيىپلەپ، جىمى ئەسكىلىكنىڭ مەنبەئەسى قىلىپ كۆرسەتكەن مۇتەئەسسىپلەر، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئەل ئالدىدىكى ئېشىپ بېرىۋاتقان نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشقاچقا خوشامەتكە ئۆتۈشكەنىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېنىدا يەنىلا ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىللە ئىدى. ئۇلار نامازغا كەلگىنى ئۈچۈن مىلتىقلىرىنى ئالمىغان بولسىمۇ، يېلىڭ پەشمىتىنىڭ بېقىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرغىنى تاپانچا ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئۇلار سۇپىغا چىققان ھامان "سوپپاڭ"قىچقىرىۋاتقان بىر قارى ئۆزىچىلا ھودۇقۇپ توختاپ قېلىۋېدى، مەمتىلى ئەپەندى باش لىڭشىتىپ سالام قىلغاندىن كېيىن سەل رەڭگىگە قان يۈگۈرۈپ، ئاندىن يەنە "سوپپاڭ" قىچقىرىشقا باشلىدى. مىڭلىغان ئۇزۇن تونلۇق چوڭ-كىچىكلەر ئارىسىدا كالتە چاپان كەيگەن ئەپەندىلەر ئۆزگىچە بىلىنىپ تۇراتتى...

تەۋپىق ھېيت نامىزىدىن كېيىن:

— كۆپچىلىكنىڭ ھېيتى مۇبارەك بولسۇن! —دېدى ۋە يەنە قىسقىچە نوتۇق سۆزلەپ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان ماللارنىڭ تېرىسىنى ئاتلار

ھەيئىتىگە تاپشۇرۇشنى مۇراجەت قىلدى. ئۇ بىرىنچىدىن بۇنداق ئاممىۋى سورۇنلاردا يېڭى مەدەنىيەت تەشۋىقاتى قىلىشنى قولدىن بەرمەسلىكنى نەزەردە تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ دىنىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشى ئۈچۈن پۇرسەت بەرمەسلىك مەقسىتىدە مۇنبەرنى ئىگىلەشنى مەقسەد قىلاتتى. ئۇنىڭ ناتىقلىق تالانتى ھەر سورۇندا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىگە لايىق سۆز ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ سۆزلىشى دۈشمەنلەرنىڭمۇ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇشەررەپ بولغانىدى. ئۇ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆز قاراشلىرىنى شۇنچىلىك روشەن، چۈشىنىشلىك، كۈچلۈك قىلىپ ئىسپاتلايتتىكى، دۈشمەنلىرى زەھەر يۇتقاندەك بولۇپ كېتەتتى.

— ئاخىرىدا جامائەتكە خوشخەۋەر، — دېدى ئۇ جىددى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە خاس كۈلۈمسىرىشى بىلەن، — زۇلھەججىنىڭ 15- كۈنى[1] ھەر قايسى مەكتەپلەردە تەلەبىلەر ئويۇن كۆرسىتىدۇ. بىز ھەرخىل تەنھەركەت نومۇرلىرىمىز بىلەن ئەجداتلىرىمىزدىن قالغان نورۇز بايرىمىمىزنى قۇتلۇقلىماقچىمىز. ئويۇنلىرىمىزنىڭ تۈرى كۆپ، خالىغانلار مەرھەمەت قىلسا بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ سۇپىدىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ جايىدىن قوزغالمىغان جامائەت ئۇلارغا يول ئېچىپ، ئۆز ئاراكۆرۈشۈپ، ھېيتلىرىنى مۇبارەكلەشتى. ھەممە كىشى دېگۈدەك ئۇنى ھېيت پاتىھەسىگە، قۇربانلىق ماللىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشاتتى. ئۇ بەزىلەرگە چىن كۆڭلىدىن ۋەدىلەر بەرسە، بەزىلەردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆزر سوراپ، جامائەتنىڭ ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھېيتىنى مۇبارەكلىدى.

ئۈچ كۈنلۈك ھېيت ئىچىدە نۇقتىلىق ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە پاتىھەگە كىرىدى، قۇربانلىقتا ئېغىز تەگدى. ئۇ بۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق نۇرغۇن ئارىلىقتىكىلەرنى قولغا كەلتۈردى، قاتمال مۇناسىۋەتتىكىلەر بىلەن

[1] 22- مارت — ئا.

دىپلوماتلارچە ماھىرلىق بىلەن مۇناسىۋەتنى يۇمشاتتى. ھەتتا ھابۇلھاجىمنىڭ ئۆيىگىمۇ پاتىھە قىلدى.
ھېيتتىن كېيىن ئۇ تىنىم تاپماستىن مەكتەپلەرگە قاتناپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورۇز بايرىمى پائالىيىتى ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان ئويۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پىكىر بېرىپ، ئۆزى ھەرىكەت ئورۇنلاپ ئۈلگە كۆرسىتىپ چىقتى.
مىلادىيە 22- مارت سەھەردە ھەممە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز مەكتەپلىرىدە سەپكە تىزىلىپ پائالىيەتكە تەييارلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر كوچا-كوچىلاردا توپ- توپ بولۇشۇپ مەكتەپلەرگە قاراپ كېلىشمەكتىدى.
مەشھەد قۇمباغدا يېڭىدىن قەد كۆتەرگەن ئىككى مەكتەپنىڭ بىرى ئابدۇراخمانھاجىنىڭ ئۆيىگە يۆلەپ سېلىنغانىدى. يۇز مېتىرچە نېرىسىدا ئوغۇللار مەكتىۋى جايلاشقان، بۇ ئىككى مەكتەپنى قۇمباغ مەسچىتى ئايرىپ تۇراتتى. رۇشتى مەكتەپ تېخىمۇ كۆركەم، كەڭ-كۇشادە ياسالغان بولۇپ مەشھەدكە نورۇز بايرىمى پائالىيىتىنى كۆرۈشكە كەلگەنلەر كۆپرەك بولغاچقا ئىھاتە تاملارنىڭ ئۈستىدە، ئۆگزىلەردە ۋە مەكتەپ مەيدانىنىڭ چۆرىسىدە زىچچىدە تۇرۇپ كېتىشكەنىدى.
تەبىئەت بۇ خاسىيەتلىك كۈننى بىلگەندەك ئىللىق، ئوچۇق ھاۋا ئاتا قىلغاندەك قىلاتتى. قىشلىق چۈرۈقلىرىنى تاشلاپ يېنىكلىشىپ كەتكەن باللار پۈتلىرى يالاڭياق ھالدا ئادەملەر ئارىسىدا چېپىشىپ يۈرىشەتتى. كەيپىيات كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرەتتى.
ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، قوشاق ئوقۇش، نورۇز ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەر بىلەن ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئەسىرلەر مابەينىدە ئىشلەش، دەم ئېلىش، ئىشلەش-تاماق يېيىش بىلەنلا ھايات ياشاۋاتىمىز دەپ ئويلاپ كەلگەن بۇ ئادەملەرگە يېڭى مائارىپنىڭ تەسىرىدىن ھاياتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان ئوقۇغۇچىلار گويا سىرلىق ئادەملەردەك تويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ جۇشقۇن ھاياتىغا ھەۋىسى كېلەتتى. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ خوۋلىقىنى كۆرمەي ئۆتكەن ئۆمرىگە قارىتا

ئېچىنىشقا ئوخشاش بىر ھېس قەلبىنى ھەم ئاغرىتىپ، ھەم پەپىلەپ ئۆتكەندەك بولاتتى. يەنە ئاز ساندىكى بەزى ئادەملەر بولسا بۇنداق جەدىتلىككە تېخىچە گۇمان بىلەن قارايتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ھەممە مەكتەپلەردىكى پائالىيەلەرگە تەڭ قاتنىشىپ، ھەر بىر مەكتەپتە بىر ئازدىن تۇرۇپ، ھەر بىر جايدا توپلانغان جامائەتكە نوتۇق سۆزلەپ، ئايلىنىپلا يۈردى.

ئۇ سەھەردىلا مەشھەدتىكى رۇشتى مەكتەپ ۋە ئوغۇللار مەكتىۋى پائالىيەتلىرىنى ئىزىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئاستىلا توپتىن ئايرىلىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، سۇنتاغ مەكتەپكە كەلدى. بۇ يەردە پائالىيەت باشلىنىپ كەتكەنىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى تەنتەربىيە مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى. گاھلىرى مەيداننى ئايلىنىپ يۈگرەيتتى، گاھىلىرى سەكرەيتتى، يەنە بەزىلەر چېلىشاتتى؛ بىر قىسمى شېئىر دېكلىماتسىيە قىلىۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر سەھنە سۆزلىرىنى يادلاپ، ”نوتۇق سۆزلەش“كە ھازىرلىنىۋاتاتتى...

”نوتۇق سۆزلەش“ تەۋپىق ئويلاپ تاپقان بىر خىل تەشۋىقات چارىسى بولۇپ، يېڭى مەدەنىيەت تەشۋىقاتىنى كىچىك باللارنىڭ— مەكتەپكە ئەمدىلا كىرگەن ياكى مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن باللارنىڭ تىلى بىلەن قىلغاندا دىلى يۇمشاق، ساددا ئۇيغۇر خەلقىگە بەكرەك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ پىسخولوگىيىلىك ئۈنۈمى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. بۇ تىلى چۈچۈك ”كىچىك ناتىقلار“ غا يېرىم بەتمۇ كەلمەيدىغان سۆز تېكىستى ئۆگىتەلەيتتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ئۈلارنىڭ— دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ تىلىدىن ئېيتىلىشى ئاتا بولغۇچىلارنى ئوڭايلا تەسىرلەندۈرەتتى.

تەۋپىق كۆپچىلىكنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئوقۇغۇچىلار توپىغا يېقىنلاشتى، ئۇ ئادىتى بويىچە چاندۇرماستىن ھەرىكەت ئۈستىدىن چۈشۈپ، تەكشۈرۈشتىن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلاتتى. ئۇ ئاۋۋال تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنى تاماشا

قىلىپ تۇرغان بىر توپ كىچىك بالىنىڭ ئارىسىدىكى مەكتەپ يېشىغا يېتىپ قالغان بىرسىگە دىققەت قىلدى.

— سالام، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ بالىنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ كىچىك بۇدۇرۇق قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — سەن مەكتەپكە كىرمىگەنمىدىڭ؟

— مەنمۇ خەتلەنگەن، كېيىن دادام چىقىرىۋالدى. مەنمۇ خەت بىلىمەن، بولمىسا، ئەپەندى دادا، سىز دادامغا دەپ باقسىڭىز، مەنمۇ ئوقىسام بولمامدۇ؟

— بولىدۇ، نېمىشكە بولمايدىكەن؟ مەن داداڭغا دەي، بىراق، داداڭ بۇ يەرگە كەلدىمۇ قانداق؟

— كەلگەن، مەن سىزگە كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سىز ئۇنى كۆرىۋېلىپلا، ئۇنىڭغا دەڭ.

— داداڭ كىم؟

— سەمەد، سەمەد كىگىزچى دېسە ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— ھە، سەن سەمەدنىڭ ئوغلىمۇ؟ مەن داداڭنى بىلىمەن، ئۆيۈڭلارغىمۇ كىرگەنمەن. بولىدۇ، مەن داداڭ بىلەن سۆزلىشەي.

— ماقۇل، مەنمۇ ئوقۇپ قالىدىغان بولسام جەزمەن ئوبدان ئوقۇپ ئەپەندى بولاي دېگەنىتىم. مەن دېگەن جىق ناخشا بىلىمەن. مەكتەپتە ئۆگەنگەن، كېيىن دادام مېنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئوقۇيدىغانلار ناخشا ئۆگىنىۋاتقاندا يېقىن كېلىۋېلىپ ئۆگىنىۋەردىم. ئىتتىكلا بىلىۋالىمەن، مەن دېگەن.

— ئەمىسە بۇگۈن سەنمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشامسەن؟ ئاۋازىڭ ياخشىدەك تۇرىدۇ، سەن "نۇتۇق" سۆزلە. ئاندىن ناخشا ئوقۇپ بەر، سېنى شۇ ھالدا كۆرسە داداڭنىڭ ھەۋىسى كېلىپ ئوقۇشۇڭغا جەزمەن رۇخسەت قىلىدۇ.

— بولىدۇ. ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، بىردەمدىلا بىلىۋالىمەن.

— "ئىزچىلار..." نى بىلەمسەن؟

— نېمىشقا بىلمەيتتىم، ئۇنى كىچىك بالىلارمۇ بىلىدۇ.

— ئاۋۋال شۇنى ئوقۇغىن، ئاندىن... ئىسمىڭ نېمىدى؟
— نۇرۇللا.
— ھە ، نۇرۇللا! — تەۋپىق بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن، — ناخشىنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دەيسەن... — ئۇ بالىغا دانىمۇ- دانە ئۆگىتىشكە باشلىدى، — بۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزەڭ ياخشى ئوقۇيالايدىغان ناخشىدىن يەنە بىرنى ئوقۇپ بەرسەڭ بولىدۇ. قانداق؟
— بولىدۇ، ئەپەندى دادا، يەنە بىر قېتىم دەپ بەرسىڭىزلا تولۇق ئالالايمەن.
تەۋپىق يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەردى. نۇرۇللا ئارقىدىنلا يادلاپ بەردى. تەۋپىق ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چېچەنلىكىنى كۆرۈپ:
— ئاپىرىن، ئوغلۇم، — دېدى ۋە ئۇنى باغرىغا تارتىپ، چالا-پۇچۇق يۇيۇلۇپ، ئالا، چىپار بولۇپ قالغان پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، — بۈگۈنچە سېنىڭ نۇتقۇڭ شۇ بولسۇن، سەن چوڭ بولغاندا يەنە جىق گەپلەرنى قوشۇپ سۆزلەيسەن، بولامدۇ؟
نۇرۇللا خۇشاللىقىدىن كۆزى ياشلىنىپ، گەپ- سۆز قىلالماي، ياش بىلەن پارقىراپ كەتكەن يوغان ئەقىللىق قوي كۆزلىرىنى بۇ مېھرىبان كىشىگە تىكىپ باش لىڭشىتىپ قويدى.
”نۇتۇق سۆزلەش“ نى تەنتەربىيە پائالىيىتى دېيىشمۇ بولاتتى. بۇ پائالىيەتتە چوڭ ياشتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بىر تۈپى يەنە بىر توپنىڭ مۈرىسىگە چىقىپ، ئىگىز”مۇنبەر “ ھاسىل قىلاتتى. ”ناتىق“ ئاشۇ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ سۆلەيتتى. ”نۇتۇق“تىنمۇ ئۇلارنىڭ ”مۇنبەر“ ھاسىل قىلىش ھەركىتى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگىدەك تېز ۋە پۇختا بولاتتى.
— ئەمىسە، ئوغلۇم، سەن ئاۋۇ ئاكىلىرىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە چىقىشنى مەشىق قىل، مېنى ئەپەندى دادام ئەۋەتتى، دېگىن.
نۇرۇللا خۇشال قىيغىتىپ، مەيدانغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، تەۋپىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېنىغا كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بۈگۈنكى پائالىيەتتىن پايدىلىنىپ تۈرلەر بويىچە ماھىرلارنى تاللاشنى تاپىلاپ قويدى.

تەۋپىق دېھقانلار توپىنى ئارىلاپ، بەزىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تېنىچلىق سورىشىپ، بەزىلەرگە چاقچاق قىلىپ، سەمەد كىگىزچىنى تېپىپ، ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ سەمەدنىڭ بالىسىنى مەكتەپكە بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىسىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ يەنە نېمە ئۈچۈن چاپسانلا يېنىۋالغانلىقىغا ھەيران قالدى. بۇ ھال ئۇنىڭدا ھوشيارلىق سەزگۈسىنى قوزغىدى. ”دېمەك، دۈشمەن تېخى بولدى قىلماپتۇ. يەنە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق“ دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق ئۇ سەمەدكە تەنبىھ بەرمىدى. نېمىشكە ئاينىۋالغانلىقىنى سوراپمۇ باقمىدى. ئۇ ئالدى بىلەن نۇرۇللانىڭ ”نۇتقى“ بۇ ئاتىدا قانداق ئىنكاس قوزغايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدى.

بىر چەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق مەشىق قىلىۋاتاتتى. بەزى توپلار سەپ بولۇپ، مەش دەسسەيتى، نورۇز ناخشىلىرىنى ئوقۇش قاتارلىق ئومۇمىي نومۇرلار ئاخىرلاشقان، يالغۇز كىشىلىك ۋە بىر نەچچىدىن بولۇپ ماھارەت كۆرسىتىش داۋام قىلىۋاتاتتى. يەككە يۈگرەش باشلانغاندا كىمدۇر بىرى:

— تومۇزدىكى ئىتتەك تىلىنى ساڭگىلىتىپ يۈگرەپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسىدۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ يا دۈشمەنلىك غەرىزىدە، يا چۈشەنمىگەنلىكتىن دېگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

تەۋپىق گەپ قىلغۇچى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، گەرچە ئۇنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ:

— چېلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار؟ دارۋازىنىڭچۇ؟ بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش، — دېدى كۈلۈپ.

يۈگرەشتىن كېيىن چېلىش باشلاندى. چېلىشىدىغانلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ئىشمۇ چاپسانلا ئاخىرلاشتى. ئارقىدىن چامباشچىلىق، ئاندىن ئادەمدىن مۇنبەر ھاسىل قىلىپ،”نۇتۇق سۆزلەش“ ئويۇنى باشلاندى. بۇ دېھقانلار ئۈچۈن يەنە بىر يېڭىلىق ئىدى. ماھىرلار مەيدانغا چىقتى ۋە كۆپچىلىككە تازىم بەجا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى ئالتىسى ئەڭ چوڭ ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، بويلىرى بىر تەكشى ئىدى. كېيىنكى

تۆرتى ئۆلاردىن كىچىكرەك، بۆلارنىڭمۇ بويلىرى تەكشى، ئۆلاردىن كېيىن يەنە ئىككىسى باردى. ئەڭ ئاخىرىدىكىسى نۇرۇللا بولۇپ، ئالدىنقىلاردىن جىقلا كىچىك ئىدى.

تازىم قىلىۋاتقان سەپتە نۇرۇللانى كۆرۈپ قالغان سەمەد:

— نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ ئاۋۇ ماڭقا! — دېدى غۇدۇراپ.

— نېمە قىلىشىنى كۆرۈپ تۇرمامسىز، — دېدى تەۋپىق ئۇ تەرەپكە بېشىنى سىڭايان قىلىپ پەس ئاۋازدا.

كېيىنكى تۆرت ئوقۇغۇچى تازىمدىن كېيىن تېزلا بىر- بىرىگە روبىرو بولۇشتى ـ دە، نۇرۇللانى دەسلا قىلىپ كۆتۈرۈپ مۇرىسىگە دەسسەتتى ۋە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ پاچىقىنى تۇتۇشتى. ئالدىنقى ئالتە ئوقۇغۇچى بىر-بىرىگە روبىرو بولۇپ. بىر تىزىنى ئالدىغا چىقىرىپ، بىر پۇتىنى كەينىگە تىرەپ تۇرۇشتى. نۇرۇللانى كۆرگەن تۆرتەيلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۇنغان تىزىغا، ئاندىن پەلەمپەي قىلىپ سۇنغان بىلىكىگە دەسسىگەندىن كېيىن، ئاستىدىكىلەر ئۇلارنىڭ پاچىقىنى مەھكەم تۇتۇپ تەڭلا"مەركەزگە ئىنتىلىش" بىلەن ئالغا سۇنۇپ ئىگىپ تۇرغان تىزلىرىنى رۇسلاپ ئۆرە بولۇشتى. قاتار بولۇپ چىقىشقان بۇ ئون بىر بالىنىڭ ھەركىتى شۇنچىلىك تېز ئورۇنلاندىكى، كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان دېھقانلارمۇ بىر ئۇزۇن سەپنىڭ قانداق قىلىپ بىردىنلا "مۇنار"غا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. سەمەد بىردىنلا "ھاۋايى مۇئەللەق"قە چىقىپ قالغان ئوغلىنى كۆرۈپ ھەم ھاڭ- تاڭ قالدى، ھەم تەشۋىشلەندى. ئۇ دەككە-دۈككە بولغان ھالدا:

— ھەسسىنە! ئاشەدىن ئۈچۈپ چۈشۈپ، پوكىنىڭ يېرىلمىسىلا مەيلىغۇ! — دېدى.

ئۇنىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلىمىغان نۇرۇللا ھاياجانلانغان ھالدا "ئىزچىلار مارشى"نى باشلىۋەتتى. ئۇ ناخشىغا ماس كەلتۈرۈپ قول پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپمۇ قويدى. بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى يىقىلىپ چۈشەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن خالايىق چۇقىرىشىپ كەتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ قالتىس ماھارىتىدىن زوقلىنىپ ماختاشقا

باشلىغاندا بۇ شان شەرەپنىڭ ھەقىقى ماختانغۇچىسى — ھەقداسى بولغان ئاتا، بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزى تورلاشقاندەك بولدى. يېڭىلىققا ئىككىلىنىش ئىچىدە، گۇمانىي قارايدىغان بۇ كىشى ئەمدى ھەر قانداق ئاتىغا ئوخشاش ئۆز بالىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن زوقلانماقتىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى ماختىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۇرىۋاتقان بۇ ئىشنىڭ، دەل ئۆزى ئالقىشلىمىغان، ئاۋاز قوشمىغان ئىش ئىكەنلىكىنى خىيالىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇنى پەقەت ”ئوغلۇم ئىگىزدىن يىقىلىپ چۈشمىسىدى“دېگەن تەشۋىشلا بىئارام قىلاتتى. ھەم سۆيۈنۈش، ھەم تەشۋىش ئارىلاش تۇيغۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىۋەتكەنىدى.

نۇرۇللا ناخشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شائىرانە ھېسسيات بىلەن دېكلىماتسىيە قىلدى:

ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا،
مېنىڭ ئىسمىم نۇرۇللا.
مىللەت دەڭلار، ئەي باللا،
قايناپ تۇرسۇن ۋىجدانلار.
ئويغىنىڭلار ئوقۇڭلار،
رەھمەت قىلار بىر ئاللا.

......................

ئارقىدىن يەنە بىر ناخشا ئوقىدى. بۇ چاغدا دېھقانلار ئىچىدە غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتكەنىدى.

— ھوي، كۆزۈم قۇرۇسۇن، بۇ بىزنىڭ سەمەد كىگىزچىنىڭ نۇرۇللا ئىكەنغۇ، ئاتاڭغا رەھمەت!

— ياخشى ئاتىنىڭ بالىسى - دە!

— تۇۋا، مۆمىن قوزىدىن يولۋاس تۆرەلگەنمۇ ئۆزى؟....

— شۇنى دەيمەن، بۆلەكچىلا چېچەن بالىغۇ، بۇ!

بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ تۇرغان ئاتىنىڭ لەۋلىرى تۇتقاقلىقتەپ مىدىرلاپ، كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلىتىپ، يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئارانلا

چىداپ تۇردى. باياتىن بىرى ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا بالىسىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى ئارىلاشقان بولسا، ئەمدى ئۇ ھەممە ئەندىشە ۋە باشقا ھېسسىياتلاردىن خالاس بولۇپ، ماختىنىش تويغۇسىغا چۆمگەن، بۇنى يار- بۇرادەرلىرىگە ھىكايە قىلىپ بېرىش نىيىتى بىلەن، ھەدەپ كۆڭلىدە قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا ئورۇناتتى. نۇرۇللا ناخشىنى ئوقۇپ بولۇپ ناھايىتى چاپسانلا يەرگە چۈشتى. ئۇن بىر بالا ئاۋۋالقىدەك ئۇزۇن قاتار بولۇپ، ئاتا- ئانىلارغا تازىم قىلغاندىن كېيىن ئۇقۇغۇچىلار توپى تەرەپكە كەتتى.

ئوغلىنىڭ " ئىگىز ئاسمان" دىن قانداق قىلىپ شۇنچە چاققانلىق بىلەن يەرگە چۈشۈپ سەپكە تىزىلىپ بولغىنىغا كۆزى يەتمىگەن ئاتا يەنە بىر قېتىم بېسىپ كېلىۋاتقان كۆز يېشى دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئېسەدەپلا قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېس- تۇيغۇنى ئېنىق سېزىپ، پىسخولوگلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن باھا بېرىپ تۇرغان تەۋپىق بۇ بەختلىك ئاتىغا بېشىنى يېقىنراق ئەپكېلىپ:

— بالىنى مەكتەپكە بېرىپ ياخشى قىپتىكەنسىز، كارغا يارايدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى خۇپسەنلىك بىلەن.

— يوقسۇ ئەپەندىم، مەن بەغەرەز ئۇنى يەنە چىقىرىۋاپتىكەنمەن، ئەمدى سەل تە بولۇپ قالدىم... — دەپ دودۇقلىدى سەمەد.

تەۋپىق ئەمدى ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى چۈشەندى. سەمەد بولسا گويا نۇرۇللانىڭ ئانىسى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاشقا بىتاقەت بولۇپ كۈتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا چاپسانراق بالىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ سورۇندا تۇرىۋەرگۈسى كەلمەي قالدى. ئىسسىق بىر تۇيغۇ ئۇنى ئۆيگە ئالدىرىتاتتى.

— ئەپەندىم، يۇرۇڭ، بىزنىڭ ئۆيگە، بىر پىيالە چاي قۇيااي، — دېدى ئۇ بالىسىنىڭ جىمى شان- شەرىپىنى تەقدىم قىلغۇچى ئادەمنى راسا بىر مېھمان قىلغۇسى كېلىپ.

تەۋپىق ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھى- ھالىتىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كۆزنىڭ قۇيرىقىنى سەل قىسىپ مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ئالدىرىماڭ، باللارنى تاشلاپ نەگە بارىمىز، — دېدى.

— راست، راست ئېيتىسىز، باللارنى تاشلاپ كەتكىلى بولامدۇ، — دېدى سەمەد. ئۇ شۇندىلا ئۆيدە كۈتۈپ تۇرغان ئايالى يوقلىقىنى يادىغا ئېلىپ، باللىنىڭ شان- شەرىپىدىن ھوزۇرلىنالمايدىغان مەرھۇم ئايالىغا ئېچىنىپ قالدى. پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا تەۋپىق سىنىپقا كىرىشتىكى پەلەمپەي ئۈستىگە چىقتى. ئۇ پەلەمپەيدە پەيدا بولغان ھامانلا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلار جىم بولۇشۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. تەۋپىقنىڭ ئوتتۇرا بويلۇق قامىتى، ئۆزىگە ياراشقان كىيىم- كېچىكى، بېشىدىكى بېرېسى[①] ئۇنى ھەم سۆيۈملۈك، ھەم سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئەي، ۋەتەنداشلار، — دېدى ئۇ ئادىتى بويىچە سۆز باشلاپ، بايا ئۆز پەرزەنتىڭلارنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆردۈڭلار، ھەيران بولدۇڭلار، سۆيۈندۈڭلار. تېخى يېقىندىلا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرگەن، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، بۇۋاق باللارنىڭ بىردىنلا بۇنداق ئۆزگىرىپ قالغىنى سىلەرگە مۆجىزىدەك تۇيۇلدى. بەزىلەر بۇنى مەندىنمۇ كۆردى. مەن دەيمەن، بۇ دەۋر ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىق، تارىخنىڭ مۇقەررەر مەنزىلى. بىراق، باشقىلار بۇ مەنزىلنى ئاللىقاچان بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ بىزنىڭ زۇلمەتلىك مۇھىتىمىز بۇنى كۆرۈشكە ئىمكان بەرمىگەنىدى. مەن پەقەت شۇنى كۆرۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن چىراق ياقتىم خالاس، — ئۇنىڭ چىرايى ھامان ئوچۇق، لېكىن جىددىي ئەستايىدىل ئىدى،— كۆرگىنىڭلارنى قالتىس مۆجىزە دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇنى يۇرتىمىز ئۈچۈن يېڭىلىق دەپ ئېيتالايمىز. بىزدە ”يېڭىنىڭ ھەممىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى“دېگەن گەپ بار، دېمەك بۇ بىر يېڭىلىق ئىكەن، كونىلىقتىن ياخشى، ئەلۋەتتە! لېكىن كارامەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇلا ئەمەس. باللارنى ئوقۇتساق، كۆپرەك ئوقۇتساق بۇنىڭ

---

① بېرې — bere —تۈركچە باش كىيىمى، — ئا.

خاسىيىتىنى يەنە كۆرىمىز، ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان مۆجىزىلەرنى كۆرىمىز. مەن سىلەردىن باللارنى مەكتەپكە بېرىشنى، ئوقۇتقان پەرزەنتىڭلارنى قوللاشنى، ئوقۇمايۋاتقانلارنىڭ ئوقۇشىغا كىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. باللىرىمىز بىزدىن بەختلىكرەك بولسۇن دېسەك ئوقۇتايلى.

مەمتىلى ئەپەندى قىسقا نۇتقىدىن كېيىن مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئاتۇشتىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممە ئوقۇغۇچىلىرى بوغۇز سېيىغا يىغىلىپ، تاللانغانلار ئارا مۇسابىقە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، خاھلىغۇچىلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئوقۇغۇچىلار مەشىق مەشغۇلاتلىرىنى داۋام قىلىۋېرىشتى. دېھقانلار تارقاشقا باشلىدى. تەۋپىق بۈگۈن تاللانغان ماھىرلارنىڭ تىزىمىنى ئېلىپ قايتماقچى بولدى. بۇ چاغدا نۇرۇللانىڭ دادىسى مەكتەپ ئالدىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— مەن سىزنى ساقلاپ تۇرغان،— دېدى سەمەت ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن.

— ئەپسۇس،— دېدى تەۋپىق گويا ئەيىپكاردەك كۈلۈمسىرەپ،— تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايدىغان بولغىنىم ئۈچۈن خىجالەتمەن. مەن تېخى بىر نەچچە مەكتەپكە بېرىشىم كېرەك، ئەپۇ قىلغايسىز.

دېھقان بىر نېمە دېيەلمەي ئۇنىڭغا قاراپ، ئىلتىجا قىلغۇچىنىڭ كۆز نۇرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. تەۋپىق ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۆڭۈل ياسىدى:

— بىز تېخى يەنە كۆرىشىمىز، سىزگە مېھمانمۇ بولغانمەن، مەن سىزگە جەزمەن يەنە مېھمان بولىمەن، خەير!—دېدى ۋە ئېڭىشىپ نۇرۇللانى سۆيۈپ قويۇپ ئېتىغا مىندى.

ئۇ بۈگۈن نىمىتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇننى ”جىددىي ۋەزىپە“ بىلەن ئاغۇغا ئەۋەتمەكچىدى. ھازىر سەلبىي كۈچلەر ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەچكە مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى يالغۇز كېچىچىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى.

# 2

ئەمدى مائارىپ ھەيئىتىنى رەسمىي تەشكىللەپ، ئۇيۇشمىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ شەرتى پىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئاتىلار ھەيئىتىگە، يىغىن ۋاقتىنى، ئورنىنى ئۇقتۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئىككى جەڭچىنى بۇيرىۋېدى، نىمتۇللا ئۇنىڭدىن رەنجىپ:

— بىز سىزدىن بىرقەدەممۇ سىلجىمايمىز. نۇرۇز كۈنى بىزنى ئەمەس ئىش بىلەن گولداپ ماڭدۇرىۋېتىپ، باش توخۇغىچە نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دېدى.

— خۇدا ساقلاپ ھېچ ئىش بولماپتۇ، قازارا بىرەر پىشكەلگە ئۇچراپ قالغان بولسىڭىز، سىجاڭ بىزنى تەخىرسىز ئۆلۈمگە بۇيرىمامتى؟ ئەگەر بىزدىن زېرىككەن بولسىڭىز، سىجاڭغا ئىلتىماس قىلىڭ، ئۇ بىزنى قايتۇرۇپ كەتسۇن، شۇنىڭدا سىزمۇ ئەركىنلىككە چىقىسىز، بىزمۇ خاپىلىقتا قالمايمىز،— دېدى. ئۇلارنىڭ روھى- ھالىتىدىن قارىغاندا ھەقىقەتەنمۇ رەنجىگىلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەردىن قانداقمۇ زېرىكەي؟ ھە دېسە ”جەننەت قىلىچىنىڭ سايىسىدا“ دېيىلگەن، شۇ قىلىچ سىلەر تۇرساڭلار، مەن جەننەتتىن نېمە دەپ كېچەي؟ مېنىڭ باردىغان يېرىم كۆپ، قىلىدىغان ئىشىم تېخى گىجىڭ، سىلەرنى ھارغۇزۇپ، زېرىكتۇرۇپ قويماي دەپ شۇنداق قىلغانىدىم، ئەگەر سىلەر ئىچىڭلاردا مېنى تىللاپ قالمىساڭلار، سىزلەرنى سوكۇلدىتىپ يۈرۈشكە مەن تەييار، قېنى ئەمسە پۈتۈن ئاتۇشنى بىر ئايلىنىپ چىقىشقا تەييارلىنىڭلار، مەجلىسنىڭ باغىقىنى بىللە تارقىتايلى،— دېدى تەۋپىق كۈلۈپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئاتلىنىپ كېتىشتى.

پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەر قايسى يېزىلاردىكى ئاتىلار ھەيئەتلىرى مەشھەد قۇمباغقا يېتىپ كەلدى. تېجەندىن ئەمەتھاجىم،

قۇناجىم، مولىلا ئېزىز دامولىلام؛ ۋاقىۋاقتىن ئاخۇن، قىۇۋان شەيخ (قۇربان ئەزىزى)، ھەسەنچوك، سۇنتاغدىن ئەمەتقۇلھاجىم، ئىمىنھاجى، مولىلا ئەمىتاجى، مەھەممەد خەلپەت، مولىلا قادىر، زاكىر ھاجى، سەلەيھاجىم، ماپۇرۇچ ئىمىتاجىم؛ شورۇقتىن تاھىر خەلپەت، مولىلا قادىر، ياقۇۋاجى، ئابدىرىيىماخۇن؛ تۆكۈلدىن ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم؛ بۆگەندىن نۇرۇلىلا خەلپىتىم؛ مەشھەتتىن قۇتلۇقاخۇن خەلپىتىم، تەختىھوندىن ھەيئەتلەر يېتىپ كەلدى. ھەتتا كاتتايلاقتىن مەھەممەت دامولىلامىۇ مەجلىسكە ئۇلگۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

ئۇلار يېڭى سېلىنغان رۇشتى مەكتەپكە يىغىلىشتى. تەۋپىق ھەممەيلەن بىلەن بىر- بىرلەپ كۆرۈشۈپ، بەزىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىسا، بەزىلەرنىڭ لەقىمىنى ئاتاپ چاخچاق قىلىپ قويىاتتى.

— بولقىدەكلا مەزمۇت تۇرۇپسىز،— دەپ چاخچاق قىلدى ئۇ ئىسلىماخۇن خەلپىتىمگە قاراپ. ئىسلىماخۇن 40 ياشلار چامىسىدىكى گۇمپە ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى ھەقىقەتەنمۇ بولقىغا ئوخشايتتى.

— سىز قانداقراق نارۇلىلا[1]، — دېدى ئۇ نۇرۇلىلا خەلپىتىمگە چاخچاق قىلىپ.

تەۋپىق ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى پارتىلارغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، چاپسانلا يىغىننى باشلىۋەتتى.

— ۋەتەنداشلار، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە خىتاپ قىلىپ، — بىز ھەممىمىز مىللەتنى ئاقارتىش ئىشىغا ئۆزىمىزنى بېغىشلىغانلارمىز. لېكىن، بىرقانچە شەخسنىڭ ئۆزىنى بېغىشلىشى بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. يەنە تەشكىلىي قۇرۇلما، باشقۇرۇش سىستېمىسى، ئېنىق بەلگىلىمىلەر بولىشى كېرەك، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەر بىر يېزىدىكى مەكتەپلەر شۇ يۇرتتىكى چوڭلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. يەنىلا بىر تۇتاش باشقۇرۇش سىستېمىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنداق كېتىۋېرىشى ئىشەنچلىك

[1] نارۇلىلا — دوزاق ئوتى، — ئا.

دېگىلى بولمايدۇ. ئىقتىسادى مەنبە ئوخشاش ئەمەس، بەزى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، بۇنداق يېزىلارنىڭ مەكتەپلىرى ئوبدان راۋاجلىنىشى مۇمكىن، ئەمما نامرات يېزىلارچۇ؟ ئۇلارنى ”نامرات بولساڭ ئۆزەڭ بولدۇڭ، بىزگە نېمە؟...“دەپ تاشلىۋەتسەك بولامدۇ؟ ياق، ۋەتەنداشلار، ئۇلارمۇ بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقان يۇرتدىشىمىز، بىر تۇپراقنىڭ بەندىسى بولغان ۋەتەنداشىمىز، كەمبەغەللەرگە بېرىلگەن ياردەم (سەدىقە، خەير- ئېھسان) تاڭلا مەشھەردە بېشىڭلاردا سايىۋەن بولىدۇ، دېگەننى نېمە دەپ چۈشەندىڭلار؟— ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ سەل تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرىقى بەكمۇ ۋەزمىن تۈس ئالغان بولۇپ، رەڭگى- رەھدىن ئاللىقانداق سېھىرلىك دولقۇنلار— كىشى ئەسىر قىلغۇچى دولقۇنلار تارقىلىۋاتقاندەك ھەممە ئادەم دەملىرىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغانىدى)— ”ھەق دوست! “دەپ قول تەڭلىگەنلەرگە بىر نەچچە تىيىن بېرىش، كونا- يېڭى كىيىم-كېچەكنى بېرىش دەپلا چۈشەنسەك توغرا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە كەمبەغەللەرگە بېرىشنىڭ يولى تۈرلۈك، دېمەكچىمەنكى، بەزى مەكتەپلەرنى ئىقتىسادىي بوھراندىن ساقلاپ قېلىش، تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر تۈتاش باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر،— ئۇ ھەيئەتلەرنى نېمە دەيدىكىن دېگەندەك بىردەم ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئاندىن، — سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىشتىكى مەخسەت بىز بىرلىكتە خەلق مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ چىقايلى. ھەر يۇرتتىكى ئاتىلار ھەيئىتى بولسا بىزنىڭ بۇ ئۇيۇشمىمىزنىڭ بىر ئەزا ئورگىنى بولىدۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن مۇدىر، بوغالتىر، لاۋازىماتچى قاتارلىق ھەيئەتلەرنى سايلاپ چىقايلى. ھەيئەتلەر سايلاپ چىقىلغاندىن كېيىن مەن بۇلتۇر مەھمۇد سىجاڭدىن ئالغان ئىئانە پۇلىنىڭ ئاشقان قىسمىنى ئۇيۇشمىغا تاپشۇرۇرمەن. ئېتىمنىمۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. مەھمۇد سىجاڭ بەرگەن پۇلنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئۇيۇشمىغا ھېساب بېرىمەن.

— ھېساب بېرىمەن دەمسىز، ئەپەندى؟— دېدى تاھىر خەلپەت غەلىتىلىك ھېس قىلىپ.

— ئاتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ پىيادە يۈرەمسىز؟— دەپ سورىدى ئابدۇراخمانھاجى.

— ئەپەندى بىزنى تاشلاپ كېتەي دەۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى قۇتلۇقاخۇن خەلپىتىم ئەجەپلىنىپ.

— شۇنى دەيمەن، چۈشەنمەيلا قالدىمغۇ؟— دېدى ئەمەتھاجىم.

ۋەكىللەر قىزغىن غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. تەۋپىق كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. ئاندىن چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى (ۋەكىللەر جىم بولدى):

— ۋەتەنداشلار، سىجاڭ پۇلنى مەمتىلى ئۈچۈن بەرگەن ئەمەس، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن بەرگەن. شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ پۇلىنى مەمتىلىنىڭ كۆتۈرۈپ يۈرىشى دۇرۇس ئەمەس، ئۇ ئىلگىرى ماڭا ئامانەت ئىدى. ئەمدى ئۆيۈشما قۇرۇلسا ئۇنىڭ ئىگىسى تېپىلدى، دېگەن سۆز. مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشنىڭ نېمە ئەجەپلەنگۈچىلىكى بار؟ ئاللاھ نېمە دېگەن؟ ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇڭلار، دېمىگەنمۇ؟ — ئۇ ۋەكىللەرگە بىر- بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، داۋام قىلدى،— ئومۇمنىڭ مال- مۈلكى — ئەنئەنىۋي ئەقىدىمىز بويىچە ”كىشىنىڭ ھەققى“، بىز ئۇنى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىلارمىز. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىر سىنتىسىغا خىيانەت قىلىش ھەققى يوق! — ئۇ چىرايىغا يەنە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئاندىن،— بۇ گەپلەرنى ئاخىرىدا يەنە دېيىشىمىز، ئالدى بىلەن ھەيئەتلەرنى سايلاپ چىقايلى،— دېدى.

— كۆپچىلىك بىر ھازاغىچە ”خۇسۇسى يىغىن“لارنى ئېچىپ، ”بۇ ئۆيۈشما دېگىنى ئەپەندىنىڭمۇ پۇللىرنى ئېلىۋالغان، ئېتىنىمۇ ئېلىۋالدىغان بولسا، تازىمۇ ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان بىر نېمىكەنغۇ“ دېگەندەك غۇلغۇلىلارنى قىلىشىپ، تەۋپىقنىڭ يەنە چۈشەندۈرۈشىگە توغرا كەلدى. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنىلا تازا كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ھالدا

ھەيئەتلەرنى غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. غۇلغۇلىلار خامان چۆگىلىگەندەك چۆگىلەپ، ئاخىرى موما تۇۋىگە چۈشتى.

ئاۋۋال ئىسلىماخۇن خەلپىتىم سەككىز كىشىلىك ئۇيۇشما ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى. ئاندىن بىر نەچچە ھەيئەتلەر كۆرسىتىلدى. بۇلاردىن نۇرۇللا خەلپىتىم لاۋزىمات خىزمىتىگە (ئىيسائاخۇن خەلپىتىم قوشۇمچە)، مۇھەممەد قارى زەكى بوغالتىرلىققا كۆرسىتىلدى. شۇ ئەتراپتىكى كەمبىغەللەردىن ئىبلاخۇن ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇلازىملىقىغا بېكىتىلدى. بۇنى تەۋپىقنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بېكىتتى. تەۋپىق بەزى كەمبەغەللەرنى مۇۋاپىق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىشنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇلاردىن باشقا ھەر بىر يۇرتلارنىڭ ئابرويلۇق بايلىرىدىن ھەيئەتلەر سايلاندى.

مەھەممەت قارى زەكى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا تەۋپىقنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن بولۇپ ئۇنى ھېساپ- كىتاپ ئىشلىرىغا يارايدىغان بالىكەن دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سۇنتاغ بەستامىدىكى[1] مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدى. ئەمدى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۇيۇشمىغا قايتىپ كېلىدىغان بولدى.

مەتىلى ئەپەندى ھەيئەتلەر كۆرسىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئورنىدىن تۇردى.

— ھازىر ئاتىلار ھەيئىتى قولىدا بار بولغان ئومۇمغا تەئەللۇق ئىقتىسادنى پۇل ھېساۋى بويىچە زەكى تىزىمغا ئالىدۇ. ئەمەلىي مۈلۈكنى نۇرۇللا خەلپىتىم ۋە ئىساراخۇن خەلپىتىم ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. مەندىكى نەخپۇلنى زەكى، ئاتنى نۇرۇللا ئۆتكۈزىۋالسۇن. شۇنداقلا ئاتىلار ھەيئەتلىرىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك مال- مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن. بارلىق مەكتەپلەر، مەكتەپلەردىكى قارا تاختىدىن تارتىپ سىراغىچە ھەممىسى ئۇيۇشما

---

[1] بەستامى — سۇلتان سۇتۇق دەۋرىدە ئەرەبىستاندىن كەلگەن دىن تارقاتقۇچىمىش. بۇ يەردە شۇ كىشىنىڭ قەۋرىسى جايلاشقان ئورۇن كۆزدە تۇتۇلغان—ئا.

ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. ئۇلار تەلەبىلەر سانىنى قەرەللىك تىزىملاپ، كۆپەيگەن، كېمەيگەن سانغا ئاساسەن مۇلۇكلەرنى كۆپەيتىدۇ ياكى كېمەيتىدۇ. ھېچقانداق ئادەم ئىسلىماخۇن خەلپىتىمنىڭ تەستىقىسىز ئۇيۇشما مۇلكىنى يۆتكىمەيدۇ، پۇلنىمۇ تەستىقسىز خىراجەت قىلمايدۇ.

ۋەكىللەر بۇ يىغىلىقنى ھەم تېڭىرقاش، ھەم ھەيران بولۇش ئىچىدە، شۇنداقلا بۇ ئىدىتلىق ئىشنى زور خوشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. تەۋپىق تېخى بۇ ھەقتىكى چۈشەندۇرۇشنى تاماملىمىغانىدى:

— خوش، ئۇنداق بولسا مائارىپنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي مەنبەسى قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە ئەڭ ئىشەنچىلىك ئىقتىسادىي مەنبە بۇنداق: ۋەخپە يەرلەرنىڭ ھوسۇلى، قۇربانلىق ماللارنىڭ تېرىلىرى، بايلارنىڭ ئىئانىلىرى ئۇيۇشما ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ. ھازىر ئۇيۇشما قۇرۇلغان جايلارنىڭ ھەممىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنبە شۇنداق. بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار قانداق؟

— مېنىڭچە، — دېدى نۇرۇللا خەلپىتىم،— ۋەخپە يەرلەرنىڭ ھوسۇلى ئەسلىدە شۇ مازارنىڭ شەيخى، شۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى، مۆتىۋەللىسى ۋە باشقا چوڭلارنىڭ رىسقى ئىدى. ئەمدى بىردىنلا بۇنى بىز ئۆتكۈزىۋالىمىز دېسەك خەلق  نېمە دەر؟  موللىلار نېمە دەر؟

— ئۇلار ئەلۋەتتە قارشى چىقىدۇ،— دېدى تەۋپىق خاتىرجەملىك بىلەن. ئۇ بۇلارنى ئاللىقاچان ھېساپقا ئېلىپ قويغاندەك قىلاتتى،— بىز ئۇلارغا ۋە خەلققە تەشۋىق قىلىمىز. چۈشەندۇرىمىز. ساۋابلىق ئۈچۈن ئاتالغان نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىي ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۇرىمىز. بۇلارنىڭ بىر نەچچە شەخسنىڭ نەپسىگە كىرىپ كەتكىنى ئەۋزەلمۇ ياكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى ئەۋزەلمۇ؟ بۇلارنى مەسچىتلەردە خەلققە تەشۋىق قىلىش كېرەك. بۇندىن باشقا مازارلارنىڭ ۋەخپىسى دېگەنمۇ سۆزمۇ؟ تىرىكلەرنىڭ ئېھتىياجى تۇرغاندا بۇ قانداق زۆرۈرىيەت؟ بۇ دىنىمىزغا مۇخالىپ، مۇشرىكلىقتا ئېلىپ بارىدىغان بىدئەت قىلىقتۇر! پاناھ ئاللاھتىن تىلىنىدۇ، مازاردا نېمە بار؟ رەسۇلۇللاھ

ھەدىسلىرىدە قەبرىگە تىۋىنىش ھەققىدە نېمىلەر بار؟ رەسۇلۇللاھ نەھيى قىلغانمۇ يوق؟ بۇنى داموللىلاردىن سوراپ كۆرۈڭلار، ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن مەدەت تىلەش مۇشرىكلىكتۇر! شۇڭا بىز بۇنداق بىدئەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنىمۇ يېمىرىپ تاشلىغان بولىمىز، بۇ جەھەتتىنمۇ ساۋاپقا ئېرىشىمىز! دىنىي تەرغىبات توغرا ئېلىپ بېرىلىشى، كېيىن پەيدا بولغان، ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، چېگىشلىشىپ كەتكەن بىدئەتلەردىن چەك - چېگرا ئېنىق ئايرىلىشى كېرەك! دىن توغرا تەشۋىق قىلىنسا، بىدئەتلەر كۆرسىتىپ بېرىلسە، تەبىئىي ھالدا خەلقنىڭ ئېڭى كۆتۈرىلىدۇ. چۈنكى، دىنىمىز خۇراپىي ئەمەس، ئىلغاردۇر.

— يەنە شۇنداقتىمۇ ئاسان ئەمەس جۇمۇ،... — نۇرۇللا خەلپىتىم يەنە.

— يەنە قارشىلىق قىلسا دوزاق ئوتى بىلەن كۆيدۇرىۋېتىسىز!— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن چاخچاق قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىشنىڭ ئانچە قورقۇنچۇلۇق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇ دوزاق ئوتى دېگىنىدە نۇرۇللاھنىڭ "نارۇللا" دېگەن لەقىمىگە ئىشارە قىلماقتىدى. ئارقىدىن جىددىيلىك بىلەن،— ياخشى گەپكە قۇلاق سالغىسى كەلمىگەنلەرنى باغلاپ قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىمىز. سىجاڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككىلىنىشكە ئورۇن يوق!

— ھەيئەت نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟— دەپ سورىدى قۇتلۇقاخۇن خەلپىتىم.

— مائارىپ ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئاتۇشتىكى ھەممە مەكتەپلەرنى قەرەرلىك تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى خۇلاسە قىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر مەكتەپكە كېتىدىغان راسخودلارنى تەقسىم قىلىدۇ. تەلەبىلەرنى دەپتەر- قەلىمى، كەمبەغەل تەلەبىلەرنىڭ كىيىم- كېچەكى، مۇئەللىملەرنىڭ مائاشى، مەكتەپلەرنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، يېڭىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ جىمىسى ھەيئەتلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار. ئالدىمىزدا ئۈيۈشما ئۈچۈن خىزمەت ئورنى ھازىرلاش زۆرۈر، يەنى ئۇلارغا ئىشخانا،

ئامبار، ئاتخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى سېلىش كېرەك. بۇ ئىش تومۇزغىچە ئورۇنلىنىپ بولىشى كېرەك.

— خوش،...- ئابدۇراخمانهاجى سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ دېدى،— سىزنىڭ ئېتىڭىزنىمۇ ئويۇشما ئېلىۋالسا بۇنىسى تازا...

— مۇنداق، ئات ئۇيۇشمىنىڭ مۈلكى بولۇپ سانىلىدۇ، ئەگەر ئۇيۇشما خىزمەت ئۈچۈن ئات ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇيۇشمىدا بىر قانچە ئات بولىشى كېرەك. يىراق- يېقىنغا بارغۇچىلار ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ. يەنى مۈلۈك ئۇيۇشمىنىڭ، خىزمەت ئېهتىياجى ئات ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلسا ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلىدۇ، دېگەن سۆز.

— هە...

— ئەپەندىم، مۇشۇ ئىشقا ئۆزىڭىز باش بولىسىڭىز بوپتىكەن،— دېدى ئىسلىماخۇن خەلپىتىم دەككە- دۈككە بولۇپ،— مەن بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقالماي چوڭ ئىشقا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماي دەيمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بار، يولداشلار بار، مەن ماۋۇ ياش يىگىتلەرنى بۇ يەرگە ئەنە شۇ مەقسەتتە چاقىرتتىم. ئۇلار چوڭلار بىلەن ئارىلىشىپ بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالسۇن دەيمەن. ئالدىنقىلارنىڭ ياشاشتىن نىشانى كېيىنكىلەرگە ئۈدۈم قالدۇرۇشقۇ؟ بىز ئەۋلادلارغا ياخشى ئۈدۈم قالدۇرايلى. ”بىلىمەن، بىلمەيمەن“ ئەمەس، تويۇق يەردىن يېرىپ يول ئاچايلى، ئۇلار بىزدىن ياخشى خىسلەتنى، جۈرئەتنى، غەيرەتنى ئۆگەنسۇن!

— مەن هەمىشە سىزنى ئاۋارە قىلىپ، نېمە ئىش كەلسە سوراپ ئولتۇرىمەنمۇ؟— دېدى ئىسلىماخۇن خەلپىتىم.

— ئۇنداق قىلمايسىز،— دېدى تەۋپىق يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ بۇ خىل كۈلۈمسىرىشىدە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلىنىپ تۇراتتى،— بىر قانچە قېتىم سىز مەندىن سورىغاندىن كېيىن، مەن سىزدىن سورايدىغان بولىمەن، تېخى، دېمەكچى بولغىنىم پىشىپ كېتىسىز. بەزى ئىشلار ئۇنداق- مۇنداق بولۇپ قالسا هېچكىم سىزنى ئەيىپكە بۇيرىمايدۇ. چۈنكى بۇ سىز

ئۇچۇن يېڭى ئىش. ئەمما بىلمەي تۇرۇپ، بىلىدىغاندەك ئىش بېجىرىپ، يامان قىلىسىڭىز ئەلۋەتتە بۇنىڭغا جاۋابكار بولىسىز.

— سىزنىڭ بولغىنىڭىز ماڭا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ...

— ھەببەللــــى، مۇنـــداقراق دەپ تـــۇرۇڭ. مەنـــسىزمۇ يۈرەكلىـــك ئىشلەۋەرسىڭىز تېخىمۇ ساز ئىش قىلغان بولاتتىڭىز. خوش، ئوغۇللىرىم، سىلەرنىڭ ئۆزەڭلاردەك ساز، جۇشقۇن پىكىرىڭلار يوقمۇ؟

— ياق، يوق،— ياشلار ئۇچۇن ئابدۇراخمان شائىرلا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا ئۇيۇشمىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى دەرھال تۇتۇپ يۈتكىۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، ھەيئەتلەردىن مەخسۇس كىشى ئاجرىتىلسۇن. مەھەممەت قارى، مەندىكى ئامانەتنى تاپشۇرىۋال، ئوغلۇم. باشقا گەپ بولمىسا مەجلىسنى تامامىلىساقمۇ بولىدۇ. قالغان مەسىلىلەرنى ئۇيۇشمىنىڭ ئىككىنچى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلساق بولىدۇ.

— ھەممىڭىزلەرگە بىرنىڭ ئۆيدە بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشنى تەكلىپ قىلىمەن،— دېدى ئابدۇراخمانھاجى ئەڭ ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ،— چالا قالغان گەپ سۆزلەر بولسا چاي ئۈستىدە دېيىشسەكمۇ بولىدۇ.

سىنىپتىن چىقىۋېتىپ تەۋپىق مەھەممەد داموللىدىن كاتتايلاقتىكى ئەھۋالنى، مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شاگىرتلىرىغا قاراپ:

— سىلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يىغىنلارغا قاتنىشىپ تۇرۇڭلار، كۆزۈڭلار پىشسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە نۇرغۇن تەشكىلاتچىلار كېرەك،— دەپ قويدى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەھەممەت داموللار بىلەن قېلىشىۋاتقان پارىڭىنى داۋام قىلدى. ئارقىدىن ئىسلىماخۇن خەلپىتىم يېتىپ كېلىپ:

—ئۇيۇشما بىناسى قۇرۇلىشىغا كىمنى مەسئۇل قىلىشنى مەسلىھەت بېرىسىز؟— دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە ئابدۇراخمانھاجى بىلەن قۇتلۇقاخۇن خەلپىتىم ئىش ئۇستىدە نازارەت قىلسۇن، ئىيساراخۇن خەلپىتىم ياكى نۇرۇللا خەلپىتىم ئىقتىساد جەھەتتىن مەسئۇل بولسۇن.

— بولىدۇ، يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز.

ئۇلار مەكتەپتىن چىقىپ ئابدۇراخمانھاجىنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى.

# تۆرتىنچى باب

كىشىلەر چاياندىن سوراپتۇ:
—نېمىشقا قىشتا تاشقىرى
چىقمايسەن؟ ئۇ دەپتۇ:
— يازدا تۈزۈك ھۆرمىتىم بولمىسا،
قىشتا چىقىپ نېمە قىلاي؟!
— سەئدى، «گۈلىستان»

## 1

يېڭىلا باراڭغا ئارتىلغان تال ئاستىدىكى كونىچە چاسا كارۋاتتا ھابۇلھاجىم بىلەن مەمتىمىن روبىرو ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەندى. ھابۇلھاجىم كارۋاتنىڭ رىشاتكا شەكىللىك نەقىشلىك شادىسىغا ياستۇق قويۇپ يۆلىنىۋالغان بولۇپ، يوغان بەستىنىڭ مىدىرلىشى بىلەن كارىۋاتمۇ غىچىرلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھەييار كۆزلىرى سۆھبەتدىشىغا قارىتىلغان، قولىنى بولسا تەسۋى سېرىشتىن توختىمايتتى.

ئۇلارنى ئورتاق نىشان، ئورتاق غەزەپ بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، يانۋاردا ھەزرەت سۇلتاندا ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەت كۈنىدە بىر- بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكەندىن كېيىن ھەمتاۋاقلاردىن بولۇپ قېلىشقانىدى.

ھابۇلھاجىمنىڭ گەرچە ”شەيتان“ دېگەن لەقىمى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدە قانداق ئادەملىكىنى سېزەلمىدى، توختى زۇنۇننىڭ مۇددىئاسىدىكىدەك ئۇنى پەقەت ئادەتتىكى كۆرەلمەسلەردىن، تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئۆزىگە ئوخشاش پىتنىخور، قىتىغور قىساسچىلاردىن دەپ

چۈشەندى. شۇڭا ئۇ مەتىمىننى بېقىپ سەمرىتىپ قاراملارچە دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە ئىت قىلىپ سېلىشنى خىيال قىلىپ كېلەتتى. ھابۇلھاجىم ئۆزىچە دانالىق قىلىپ، مەتىمىندىن پايدىلىنىۋاتىمەن دەپ ئويلىغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانداق ئۇستىلىق بىلەن مۇشۇنداق بىر دۈشمەنلىك نىيىتىگە كەلتۈرۈلگىنىنى بىلمەيتى. ئەمەلىيەتتە توختى زۇنۇننىڭ ئايغاقچىلىرى مەخسۇم ۋە مۇسا قېچىلار مۇتىئەسسىپ كۈچلەر ئارىسىدا سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈش تاكتىكىسى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىك ھەركىتىگە يۆن بەلگىلەپ، ئۇلارنى تۈيدۈرماستىن مەخسەتكە ئۇيغۇن چىغىرغا باشلاپ قويغانىدى.

لېكىن، توختى زۇنۇن مەتىمىننىڭ زورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. چۈنكى ھازىر ئۇلار تەۋە بولغان ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى سوۋېتلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مۇكەممەللىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ھازىر ھەر بىر ئادەمگە مەخپى بەلگە ۋە سېفىر قويۇپ ئارخىپ تۇرغۇزۇشقا باشلىغانىدى. بۇلار ئاساسەن: ئىلغار زىيالىلار بىر تۈر، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگۈچى ئىلغار بايلار بىر تۈر، چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قارالغانلار بىر تۈر، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشقا ئورىنىدىغان سىياسىي تەشكىلاتلارغا قاتناشقۇچىلار بىر تۈر... بولۇپ، ھەر بىر تۈرلەرنى كونكرېت ئادەم بويىچە مەخسۇس بەلگە، مەخسۇس رەقەم بىلەن ئىپادىلەپ مېڭىشاتتى. بۇ ماتېرىياللار ئوتتۇرلۇق قەشقەرگە يوللىناتتى. ئۇ يەردە بۇ ماتېرىياللار تەھلىل قىلىنىپ، خەتەرلىك، خەتەرسىز دېگەن تۈرلەر بويىچە داۋاملىق بەلگە قويۇلۇپ تۇراتتى. خەتەرلىك ۋە خەتەرسىز بەلگىلىرىنىڭ ئاز- كۆپلىكى بويىچە يوقۇتۇش ئوبيېكتلىرى تاللاپ چىقىلاتتى. مانا مۇشۇنداق سىستېمىلىق، شۇنداقلا مۇھىم ئىش تۇرغاندا زورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايتتى، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھازىر تېخى ”تورنى يىغىدىغان مەزگىل“ يېتىپ كەلمىگەنىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئىش تۇتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزى باش قاتۇرمىسىمۇ ھامان ھۆكۈمەتنىڭ ”يۇرت بۇزار ئوغرى“لارنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن قازى رەئىس، ھابۇل شەيتان، كەنجى قازاخۇنۇم قاتارلىق كونا دۇنيانىڭ مالايلىرى ئۆزىچە ”يۇرت غېمى“نى قىلىپ، ”يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش“ ئىشىغا سېلىش ئۈچۈن مەتتىمىننى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە كۈچەيتتى.

— ئۆزۈڭمىغۇ جىگىرىڭ بار ئەزىمەت،— دەپ ماختىدى ئۇ باققان ئىتتەك كۈشكۈرتكەنگە ھۆرپىيىدىغان مەتتىمىننى شىلاپ،— ساڭا ئوخشاش ئوغۇلبالىدىن ئونىلا بولسا ئەپەندى دېگىنىڭنىڭ كەشىنى ئوڭدا قىلىۋەتكىلى بولاتتى. سېنىڭ ئىشەنچىلىك دوستلىرىڭ بولسا، خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئۈچۈن بىر ئىش قىلساڭلار بولاتتى،— ھابۇلھاجىم ئۇنىڭغا سىناش نەزىرىدە تىكىلدى.

— نېمە دەيدىغانسىز، مۇشۇ كۈن مۇشۇ ئايلاردا مەتتىلىگە گىدى-گىدىڭ قىلغىلى بولامدۇ. بۇنداق ئىش يەنە كېلىپ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ،— دەيتى مەتتىمىن كىرپىگىنى قېقىپ.

— ھوي، نىمانداق خوتۇن كىشى مىجەز گەپ قىلىسەن؟ — ھابۇلھاجىم ئىززىتىگە تەككەن قىياپەتتە قېشىنى ئېتىپ چىرايىنى تۈردى،— نەلىكسەن ئۆزى؟ مانداغ نالايىق گەپلەرنى قىلمىغىنا، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۈچۈرۈپ، مانى يەنە مېنىڭ ئۆزەمنىڭ بىر ئاچچىغىمدىن دەپ بىلمە، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىيالدا جۇما.

— ماڭا نېمە؟ ئارپامنى خام ئورۇپمىدى؟ سىزغۇ داۋاچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىمغا كەلمەي، ئەپەندى تاتىۋالدى، ماڭا تېگىدىغان نەپكە زىيان قىلدى، دەپ ئاچچىقلىنارسىز، ماڭا نېمە ئالاقىسى؟ مېنى ئارىلاشتۇرماي بىر ئىش قىلساڭلار قىلمامسىلە.

— ھەي، ھەي، ... دېدى ھابۇلھاجىم ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاھاڭدا،— ھېلىقى كۈنى سېنىڭ چالما ئېتىپ، ئەپەندىنىڭ سورۇنىنى بۇزغىنىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟ مەندىن يوشۇرۇمەن دەمسەن؟

مەمتىمىننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاشقا سۆز تاپالمىدى. ھابۇلھاجىم ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك، دەرھال سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— قارا، مەمتىلى ئەپەندى يېقىندا مەشھەدكە كۆچۈپ كېلىدۇ. ھېلىقى ئابدۇراخمانھاجى دېگەن كىسپۇرۇچ سالغان مەكتەپكە، نىمىدى؟ رۇشتى مەكتەپ دەمدا؟ ھە، شۇ يەردە بولىدۇ. مەشھەدكە مەكتەپ ئاچىمەن دېگىنى راسا بىزنىڭ ئېزىقمىزنىڭ ئۇستىدە تۇرغىنى ئەمەسمۇ؟ — دېدى شەيتانلىق بىلەن سۆھبەتدېشىغا يەل بېرىپ.

— نېمە، ئۇنى نېمە قىلغىلى بولىدۇ دەيسىز؟ — دېدى مەمتىمىن تاماكا خۇمارى تۇتۇپ بولماي، باراڭنىڭ پەسراق جايىدىن بىر تال قۇرۇق شاخنى ئۇشتىۋېلىپ ئاغزىغا سېلىپ چىشلەپ سۇندۇرغاچ.

— نېمە بولىدۇ، دەمسەن؟ مەشھەدلىك بولۇپ قالغىنىڭغا ئېسىت سېنىڭ! ھەي، بەغەرەز، مەشھەد دېگەن پۈتۈن ئاتۇشنىڭ نوچىسى يىغىلغان يۇرت تۇرسا، ئۇ قانداق ئارام تاپالايتى؟ ھەر نېمە قىلىپ زېرىكتۇرگىلى بولمامدۇ.

مەمتىمىننىڭ ئىرسىي يەڭگىللىكى ۋە جىدەلخورلىقى ھابۇلھاجىمنىڭ سۆزلىرى بىلەن قوزغىلىپ، ئۆچ ئېلىش، نوچىلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئىستىكى ئۇلغۇيۇپ كەتكەندى. بىراق، توختى زۇنۇننىڭ پەرۋاسىز، شۇنداقلا رەھىمسىز قىياپىتى يادىغا كېلىش بىلەنلا يەنە ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ:

— ئاچچىقىمىزغۇ بار، ئەمما لېكىن، تەس جۇما، ئاران، تۇرغاندا...

ھابۇلھاجىم دەرھال مۇنداق بىر ئېقىلغا كەلدى:

— مەمتىلى شۇ يېشىغىچە ئۆيلەنمەپتۇ. ئاڭلىسام ناھايىتى پوخۇر نېمە دەيدۇ. بىز ئۇنى پايلاپ تۇرۇپ تۇتىۋېلىپ رەسۋايى جاھان قىلىۋەتسەك، ئاندىن راسا دۇمبالىساق بولىدىغۇ؟— دېدى ھەييارلىق بىلەن قېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— مەنغۇ ئۇنى ئاختىمىش دەپ ئاڭلىغانتىم،— ھىجايدى مەمتىمىن زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— ھوي، نېمە دەپ يۈرسەن؟ ئۇنىڭ ھېلىقى زۆھرەگۈل دېگەن بۇزۇق بىلەن چاتىقى بار دېگەن گەپ قانداق ئەمىسە؟ ئۇنىڭ ئۇيان ئۆتسە، بۇيان ئۆتسە زوھراگۈلنىڭ ئۆيىگە دوقۇرۇپ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئادەمدىن ئوتتۇزنى ئالدىڭغا قاتار قىلىپ قويسام نېمە دەيسەن؟! — ھابۇلھاجىم مەتىمىننىڭ ئۆگۈشكە باشلىنىنى كۆرۈپ گېپىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى،— ئەپەندىم ئۇنىڭغا كىتاپ بېرىدىكەن، ئۇ ئوقۇپ بولغاندا باشقىنى ئېپكېلىپ بېرىدىكەن، ھىم! قارا ئەپچىللىكىنى! ساڭا ئوخشاش كېچىسى تام- تۇرۇس، سۇڭگۈچ- شورىلاردا يۈرمەيدۇ، خەق، ئاشۇنداق ئەپچىل چارە ئويلاپ تاپىدۇ. ئەخمەق نادانلارنىڭ ھېچ ئىش خىيالىغا كەلمەيدۇ. مانا... — قوناقلىقتا ھابۇلھاجىمنىڭ زۆھرەگۈلگە ئىسىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلار بىر ئارا گەپ تارقىتىپ، مەتىمىننىڭ راسا رەشقىنى كەلتۈرۈپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاچچىقى ھابۇل زىناۋورغىمۇ سىر ئەمەسىدى. مانا ئەمدى بىر چالمىدا ئىككى پاتەكنى سوقۇپ، مەتىمىننىڭ غەزىپىنىڭ يۆنىنى (يۆنۈلىشىنى) يەڭگۈشلەپ قويغىلى بولىدىغان بولدى.

مەتىمىننىڭ قېنى قايناشقا باشلاندى. كۆرەلمەسلىك، كۈندەشلىك بىلەن قوشۇلۇپ، راسا بىر يالقۇنغا ئايلاندى. باياتىن بېرى خۇمارى تۇتۇپ ئارانلا ئولتۇرغان مەتىمىن ئەمدى كۆزىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەستىن دەرھال نەشە ئارىلاشتۇرۇلغان تاماكىسىنى ئېلىپ يوغان قىلىپ ئوراشقا باشلىدى. ئۇ ئالدىراپ تاماكا ئورىغاچ زۆھرەگۈلنىڭ ئەپەندىدىن ”كىتاپ ئېلىپ“ ”ئوقۇپ تۇرىۋاتقانلىقى“ ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئەسلىدى. بۇنىڭغا ئۇ شەكسىز ئىشەندى. چۈنكى ئۇ بۇ ھەقتە تۈنجى قېتىم ئاڭلاپ ئولتۇرغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەپەندىنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغان سۆزلىرىدە ئۇنىڭ ھەممە ئادەم بىلەن لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەۋاتقاندا بۇ ئىشنى تىلغا ئالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە، بۇ ئىشلار چالا- پۇچۇق كۆرۈنۈپمۇ قالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىيالىدا بۇ ئىش مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلانغان بولۇپ، راسا ئوغىسى قايىندى. ئۇ بۈلتۈر بىر كېچىسى مەتىلى ئەپەندى تېجەن سېيىدا كېتىۋاتقاندا

ئۆلتۈرىۋەتمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ كەتتى. ئۇ تاماكىسى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئارقا- ئارقىدىن تۆرت- بەش قېتىم شورىۋىدى. شۇئان ئەتراپنى كۆيگەن كەندىر پۇرىقى بىر ئالدى. مەمتىمىن خۇرسىنغاندەك ئېغىر تىنىپ، ئاغزى- بۇرنىدىن تۈتۈن چىقىرىپ شۇكلەپ كېتىۋىدى، هابۇلهاجىم كۆزىگە ئالىيىپ قاراپ قويىشى بىلەن، مەمتىمىن چېكىۋاتقان نەشىسىگە قاراپ قويۇپ، ”قانداق قىلىمىز ئەمدى“ دېگەندەك هېجىيىپ قويدى.

— شۇڭا يۈرىكىڭ يوق نېمىكەنسەن- دە، ساراڭ بەڭگى!—دېدى هابۇلهاجىم. ئەمما ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئەيىپلەش سېزىلمەيتتى. بۇ هالنى سەزگەن مەمتىمىن ئۆزىنى ئازادە هېس قىلىشقا باشلىدى،— زۆهرەگۈل تازا ياخشى كوزىر ئەمەسمۇ. ئەخمەق، پاشاخان ئۆتكەندە ئەپەندىنىڭ كاساپىتىدىن زىيان تارتقان، شۇڭا ئۇمۇ ئۇنىڭغا قارشى، ئىشقا سالسا بولىدىغان خوتۇن، مەن دەيمەن، بۇ ئىشقا ئۇتتۇرا قولدەك ئەزىمەتتىن تۆرت- بەشى بولسا ئۆيىنىڭ ئەپ چۆرىسىگە بۆكتۈرۈپ قويۇپ ئىشنى شۇ پەدىدە توغرىلىساق، ئىلگىرىكىن باپلايتۇق - تە!

ئادەملەرگە قارشى ئىچى زەهەر بىلەن تولغان مەمتىمىن دەي- دەيگە سېلىش ۋە شىلاش ئارقىسىدا راسا قۇشلىنىپ، غەزىۋى ئەقلىنىڭ ئۈستىگە مىندى. بۇنىڭ ئۈستىگە كەيپچىلىك قوشۇلۇپ هابۇلهاجىمنىڭ دېپىغا ئۇسۇلغا چۈشتى.

— مەيلى، ئۆزۈملا ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قوياي. تېۋى بار ئاغىنىلەردىن بىر نەچچىسىنى هايت دېسەملا... — دېدى ئۇ كۆزلىرى ئەلەڭ- سەلەڭ بولۇپ.

— مانا، مانا، بىزنىڭ مەشهەدتىن مانا مۇنداق ئوغۇلبالا چىقمامدۇ، ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ- دە، — هابۇلهاجىمنىڭ قېشى رازىلىق بىلەن لىكىلداپ كەتتى.

— سەندىغۇ يۈرەك بار، جىگەر بار، ئەمما لېكىن ئاغىنىلىرىڭدىن خاتىرجەم بولالمايمەن. هازىر بىزنىڭ مەشهەتنىڭ ئوغۇلبالىرى نېمە بولۇپ

كېتىۋاتىدىكى، بىزنىڭ ۋاقتىمىز دېگەندە...ــ ھابۇلھاجىم ئۆز دەۋرىدىكى ”نوچىلىق“لىرنى لاپ بىلەن بېيىتىپ سۆزلەپ، ئاخىرىدا، — ھازىر مەشھەدلىكنىڭ نوچىلىقى ئىشتاچىغا ئۆتۈپ كەتتىمۇ قانداق؟ ئەگەر ھېلىقى ئاغىنەم دېگەنلىرىڭ ئىشەنچىلىك بولمىسا راست گەپنى قىل، مەن ئىشتاچىدىن شۇدى بار ئەكەكتىن تۆرتنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، يا بولمىسا كەنجى قازاخۇنۇم ئۆزى باپلايدۇ، شورۇقتىمۇ بار سەندەك ئونىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان باللا. — ھابۇلھاجىم ئۇنىڭ يۇرتۋازلىق تۇيغۇلىرىنى قوزغاش ئارقىلىق تېخىمۇ ئەزۋەيلەتمەكچى بولاتتى.

—نېمەن دەيدىغانسىز، بىر- بىرىدىن خىل باللا،— دېدى مەمتىمىن ماختىنىپ،— بىزنىڭ مەشھەد دېگەن مەشھەد ـ تە! ئۆزىڭىز بىلمەمسىز؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئىشتاچىنىڭ يىگىتلىرىمۇ خىل جۇما، — دېدى ھابۇل شەيتان.

بۇ تىلغا ئېلىۋاتقان ”نوچى ئەزىمەتلەر“ بولسا ئۆزىنىڭ ”نوچىلىقى“ (ئەمەلىيەتتە جىدەلخورلىقى) بىلەن ماختىناتتى. ئۇلار ئۆزگە ئوخشاش ھوقۇقسىز، مەھكۇم ئادەملەرگە، ئۆزىنىڭ ۋەتەندىشىغا، مىللىي قېرىندىشىغا نوچىلىق قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. ئەكسىچە ئۇلار ئىنتايىن قالتىس ئىش قىلىۋاتىمىز، دەپ ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارغا كىمنى ئۇرۇش مۇھىم ئەمەس، پەقەت نوچىلىقىنى كۆرسەتسىلا بولاتتى. ئەرزىمىگەن ئىشلار ئۈچۈن يۇرت بىلەن يۇرت، مەھەللە بىلەن مەھەللە ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان جىدەللەردە پەيداكارلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ يۇرتى ياكى مەھەللىسى ئۈچۈن ”شان- شەرەپ“ كەلتۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ”ئوغۇلبالا“ لىقى (قەھرىمانلىقى) ھېسابلايتتى. بۇ نادان ”نوچىلار“نىڭ نەزىرىدە، دۇنيادا ئۆزىدەك قالتىس ئادەم يوقتى. ئاز قېرىنداشلىرىنى ئۇرۇشتا قالتىس قەھرىمانلىق قىلالىغان بۇ ”نوچىلار“ ھەقىقىي خەلق دۈشمەنلىرىگە سىڭا قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئەكسىچە ئۇلارنى ئۆزلىرىگىمۇ ھامى قىلىپ، تېخىمۇ ”نوچىلىق“ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاشكارە قۇلچىلىق قىلاتتى ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇلارغا

ياللىنىپ، ئىشلەيتى. ئۇلار پۈتۈن مىللەتنىڭ مەھكۇم ھالەتتە (يېڭىلىگۈچى ئورۇندا) تۇرىۋاتقىنىدىن نومۇس قىلىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمايتتى-يۇ، قوشنا كەنتىكىلەردىن چېلىشتا، ئىت تالاشتۇرۇشتا ياكى مۇشتلىشىشتا يېڭىلىپ قالسا "ۋىجدانى" قوزغىلىپ، زادىلا چىداپ تۇرالمايلا قالاتتى، جېنىنى يۇز قېتىم دۇغا تىكىشتىن يانمايتتى. مۇشۇنداق مۇھىتتىن نەپەسلىنىپ، شۇ خىل روھ بىلەن سۇغۇرۇلۇپ چوڭ بولغان مەمتىمىن نېمىشكە ئۆزىنىڭ "مەشھەتلىك"لىكىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلىمىسۇن؟

— نېمىنى!؟ ئىشتاچىلىق بىلەن تەڭ بولالمىساق، مەشھەتلىك ئېتىمىزنى ئۆچۈرۈۋېتىمىز! ـ دېدى مەمتىمىنىنىڭ يۇرتىۋازلىق "غورۇرى" قوزغىلىپ.

— شۇنداق بولسۇن، ئىلاھىم،— دېدى ھابۇلھاجىم ئىشنىڭ روياپقا چىقىۋاتقىنىدىن سۆيۈنۈپ، لېكىن ئىچكى ھاياجىنىنى ھېلىگەرلىك بىلەن يوشۇرۇپ.

— چاتاق يوق! تېخى ھېلىقى ئاياللارنىڭ ئىشىنىمۇ ئۆزۈم توغرىلىۋېتەمدىم...

—ياق، ياق! بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇچى بولما، ئاياللارنى توغرىلايدىغان ئادەم بار، نېمە سەن دەللالمىتىڭ؟— دېدى ھابۇلھاجىم مەمتىمىنىنىڭ ئىشنى بۇزىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەمدە ئىچكى خۇشاللىقىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قويۇن يانچۇقىنى كوچىلاپ، بىر نەچچە كومۇش تەڭگە چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

— مەن سېنى مۇشۇنچىلىك ئەركەك دەپ بىلەتتىم، كۆزۈم مال تونۇيدىكەن جۇمۇ،— دېدى ئۇ تىزىنىڭ تۇۋىگە سېرىلىپ چۈشكەن تەسۋىنى يېڭىباشتىن قولىغا ئېلىپ.

ئاخىرىقى ھېساباتا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى مۇما تۇۋىگە چۈشۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلگەن ھالدا خۇشلاشتى. ھابۇلھاجىم مەمتىمىنىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىنلا، بەرگەن تەڭگىلىرىگە ئېچى

ئاغرىپ، ئەلەم بىلەن قېشىنى لىكىلداتتى. چۈنكى ھېچقاچان بىرىپ باقمىغاچقا بېرىش بەك ئېغىر كەلگەنىدى.

## 2

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇش يىغىنى ئېچىلغان كۈنى كەچتىلا توختى زۇنۇنمۇ ئايغاقچىلىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشتى.

ھازىر ئۇ مۇسا قېچى بىلەن مەخسۇمدىن خېلى رازى ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بەزى پىلانلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىغان، ھەتتا بۇ ئىشنى مۇتىئەسسىپلەرگە ئۆز ئىشىدەك ھېس قىلدۇرۇۋەتكەن ئىدى. مۇتىئەسسىپلەر گورۇھىدىكى قازى، ئەئلەملەر، موللا، ئاخۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۆنۈلىشىنى بەلگىلىشىدە ئىجابىي رول ئوينايدىغان بىر ئىش قەشقەر مىللىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئابدىغوپۇر داموللىنىڭ ئەتىيازدا شىڭ دۇبەن كۈرسىدا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى ھەدىسلەر بىلەن شەرھىلىشى، شىڭ شىسەينى ماختاپ جاي ـ جايلاردا نۇتۇق سۆزلىشى دېيىشكە بولاتتى. ئابدىغوپۇر داموللا ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۈيۈك ئادەم، كاتتا ئۆلىما، مەرتىۋىسى يوقۇرى ئەرباپ بولغاچقا ئۇنىڭ تۇتۇمى ئۇلار ئۈچۈن يۆن بەلگىلەشتە بارومېتىرلىق رول ئوينىشى تەبىئىي ئىدى.

مەتىمىنگە بىرەر يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى توختى زۇنۇننىڭ مەتىمىندىن قورقۇشى بولۇپ، مەتىمىن ئازاراقلا خىزمەت كۆرسىتىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قېلىش ئېھتىمالى باردى. توختى زۇنۇننىڭ قارىشىچە مەتىمىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان، بۇ جەھەتتە قادىر ھاجىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. بۇگۈنكى كۈندە شىڭ دۇبەن سوۋېت بىلەن دوستلىشىۋاتقاچقا، سوۋېتتە تۇرۇپ كەلگەنلەر، سوۋېتتە ئوقۇغانلار ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەپتىنمۇ توختى زۇنۇن مەتىمىننى ئازراق چەكلەپ تۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن

ئو مەتىمىنىڭ جاللات مىجەزىدىن خاتىرجەم ئەمەسىدى. ئۇنىڭ ئىشنى بۇزىشى بىلەن تىوردىكى بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلاتتى.

مەتىمىنمۇ توختى زۇنۇننىڭ ئۆزىگە ئانچە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بولۇپمۇ خېلىل راخمان ئاشكارلىنىپ قالغان ئىشتىن كېيىن ئۆزىنى بارا- بارا چاقىرمايدىغان بولۇپ قالغىنىدىن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ئويغىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ توختى زۇنۇننى پايلايتى، ئۆزىدىن يوشۇرىۋاتقان ئىشلارنى بىلىۋېلىشقا ئۇرىناتتى. بۇ ئۇنىڭ كەسپىي قىزىقىشى ئىدى. ئەپەندىلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ياش بالىنىمۇ بىلىپ قالدى. بۇنچىلىك ئىشلارنى بىلمەي بۇ نانىنى قانداق يەيتۇق،... دەپ ئويلايتى ئۇ ئۆز ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ.

ئۇ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلماقچى، شۇنداق قىلىپ توختى زۇنۇننى داغدا قويماقچى بولۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ كارامەت كەلگۈسىنى خىيال قىلىپ كەتتى. ئۇ توختى زۇنۇننىڭ قەشقەرگە ماڭغىنىنى كۆرۈپ، ئۇ قايتىپ چىققاندىن كېيىن يېڭى بۇيرۇقلارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاقىرىش- چاقىرماسلىقىغا قاراپ باقماقچى بولدى.

توختى زۇنۇن قادىرھاجىغا خىزمەتلەردىن مەلۇمات قىلىشقا بارغانىدى. ئۇ ئىگىسىگە سادىق ئىتتەك، ھېچياققا قارىماستىن دەرھال قادىرھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توپلىغان شەخسلەر ھەققىدىكى ئارخىپلارنى تاپشۇردى.

— ئاتۇشتا ئۇيۇشما قۇرۇلدى،— دېدى ئۇ بۇ ئىشتىن خوشال بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ھەيئەتلەر ئىچىدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز يوقمۇ؟— دېدى قادىرھاجى بۇرتىنىڭ ئۇچىنى بۇراپ تۇرۇپ.

— ھازىرچە...يوق، بىراق،...

— بولدى، بۇلدى! بىراق كېيىن ئامال قىلىمەن، دېمەكچىمۇ سەن؟ ئۇلار كۈندە بىر سايلام قىلىپ تۇرمايدۇ. ئەمدى تەس. بىز ئۆيۈشما ئىچىدىن كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولاتتۇق، بىلەمسەن؟!

— ئەگەر سەل بۇرۇن خەۋەر تاپالىغان بولساق بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان بايلاردىن بىرەرىنى جىقراق پۇل چىقارغۇزۇپ، ئارىغا قوشۇۋەتكىلى بولاتتى...

— بالدۇرراق ساڭا خەۋەر قىلىپ قويسا بوپتىكەن! سەن نىمىش قىلىسەن؟ شۇنداق ئىشلارنى بالدۇراق بىلىۋالىدۇ دەپ بېقىۋاتقان ئىتلار سەن!

— لېكىن، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بۇ ئىشنى قىلدۇق. ئەمدىكى گەپ، ئۇ كارامەت كۆرسىتىپ، ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. بىرىنچى نىشانغا ئىسسىق كۆرىنەلىسىلا، ئۇ ھەيئەتلەرنىڭ يىغىنىغا، ھەم باشقا يىغىلىشلارغا قاتنىشالايدۇ،— دېدى توختى زۇنۇن قادىرھاجىنىڭ ھاقارىتىنى پىسەنتىگە ئالماي.

— بۇ خېلى ئۇزۇن يىللىق پىلانىكەن،— دېدى قادىرھاجى مەسخىرە قىلغاندەك ئاغزىنى قىشايتىپ، ئۇنىڭ ئاغزى كالپوكلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىر تەرىپى تۆۋەنگە، بىر تەرىپى يۇقىرىغا قارىدى.

— ھەر ھالدا...

— پاتراق ئەسقاتىدىغان بىر نېمەڭ يوقمۇ؟

— مېنىڭچە ھەيئەتلەرنى پارچىلاشقا بولىدۇ...

— بۇ نەزىرىيە جەھەتتىن ئەلۋەتتە شۇنداق. پارچىلانمايدىغان نىشان بولمايدۇ! ئەمما قانداق قىلىپ؟

— ئۇنىڭ مۇدىرى تۆركۈللۈك، بۇنىڭ بىلەن مەشھەدلىكنىڭ مىجەزىدىن پايدىلىنىپ، قوساق كۆپىكى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ.

— شۇلىما؟

— يەنە، ھەممە يۇرتنىڭ بايلىرى بەرگەن پۇلنى ئويۇشما ئېلىۋېلىپ، ھەممە يۇرتقا تەڭ تەقسىم قىلىدىكەن، بۇ بىر كوزىر. نىمىشقا دېسىڭىز

بايراق يۇرتلاردىن يىغىلىدىغان پۇل كۆپرەك، نامرات يۇرتلاردىن ئازراق. پۇلنى تەڭ تەقسىم قىلغاندا ئاۋۋۇلار زىيان تارتىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەر ھالدا ئەپلىك.

— ھە، بۇنىڭ ھېچ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمما، ھەيئەتلەرنى كاللا سوقۇشتۇرۇرمەن دېگىنىڭ ئىشەنچىلىك ئەمەس! ئېيتىپ قوياي، مەمتىلى دېگەن كەم ئۇچرايدىغان تەشكىلاتچى (چەتئەللىكلەر ئۇنى شۇنداق باھالاۋاتىدۇ) سەندەك سولتەكلەرنىڭ "پارچىلاش" لىرى بۇندىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قانچىلىك كار قىلغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنچىلىك پايدا كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق ھىلە خەلقنىڭ ئۇيۇشماسلىقىدىكى ھەقىقىي ۋە ئاساسىي سەۋەبلەرنى چۈشەنمەيدىغانلار ئالدىدا ئەسقاتىدۇ. بۇ ئادەم بولسا بۇ پادىدەك خەلقنىڭ تېرىقتەك چېچىلىپ تۇرىشى، يۇرتۋازلىق ۋە نادانلىقتىن بولىدىغانلىقىنى ھازىرقى زاماندا بەك ئوبدان چۈشىنىدىغان كىشى. ئۇ سېنىڭ ھىلەڭنى چاپسانلا تېرە- پېرەڭ قىلىۋېتىدۇ.

— سىز قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟

— ھەر ھالدا بۇنىمۇ ئېھتىيات بىلەن سىناپ باق. لېكىن بۇنىڭدىن، كېيىنكى كوزىرىڭ ياخشىراقتەك تۇرىدۇ، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئاخبارات دېگەن ئالدىن بېرىلسە، ۋاقتىدا بېرىلسە قىممىتى يوقۇرى بولىدۇ، مەسىلەن، سەن بۇ ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر تاپقان بولساڭ، باشتىلا بىزنىڭ تىزگىنىمىز ئىچىگە كىرەتتى، بارا - بارا تەرەپدارلىرىمىز كۆپىيىپ، ئاخىرىدا ئۇ مەمتىلىنىڭ باشقۇرىشىدا بولۇشتىن چىقىپ، بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە ئىش قىلىدىغان بىر ئورۇنغا ئايلىناتتى، سەن نېمىلەر ئاخباراتچى بولىشامسەن، كالىنىڭ ئورنىدا جۇۋازغا قوشسا بولىدۇ، ھەقاسىڭنى! — قادىر ھاجى سائىتىگە قاراپ قويدى. ئۇ باشقا خادىملىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئاندىن مەخسۇمنىڭ ئېلىپ كەلگەن يولىيۇرىقىنى ئاڭلايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئانچە ياراتمايدىغان بۇ ئاخماققا، — ئەمىسە سەن بىلەن شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، — دېدى.

توختى زۇنۇن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بىلىنەر- بىلىنمەس بېشىنى ئېگىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن پېتىنىمىغاندەك ئارقىسىغا بۇرالدى.

# بەشىنچى باب

ئىدىيىلەر ئۆلمەيدۇ، ئىدىيىلەر مەلۇم بىر مەزگىل ئۇيقۇغا كېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئويغانغاندا ئۇخلاشتىن بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

—ئالىكساندىر دىيۇما

## 1

نورۇز بايرىمدىن كېيىن — ئاپرېلىنىڭ باشلىرىدا — ئاتۇشتىكى 24 كەنت مەكتىپىنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىسى قىران دەرياسىنىڭ بوغۇزى ئالدىدىكى سايغا (قۇرۇق ئېقىنغا) توپلاندى. بۇ چاغ قىش بوۋاي بىلەن ئېلىشىپ ئاخىرى غالىپ كەلگەن باھار تەبىئەتنى ئۆز رېڭىدە قايتىدىن تولۇق ۋە قېنىق بوياپ بولغان، يېشىللىق ئارىسىدا ئاق شايىدىن پەرەنچە ئارتقاندەك گۈللىگەن ئۆرۈكلۈك باغلار چېچەك پۇرىقى تارقىتىشقا باشلىغانىدى. دەريا بۇغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوقچىيىپ تۇرغان قۇرۇق تاغمۇ باھارنىڭ غەيرىتىدىن تەسىرلەنگەندەك شاپ، زاغزاق قاتارلىق ئۆزىنىڭ چامىسى يېتىدىغان كۆكتاتلارنى ئومۇمىي باھار مەنزىرىسىگە ئۆز ھەسسىسى قىلىپ قوشقانىدى.

باھارنىڭ يېڭىلىقلىرى قانداق يېقىملىق بولسا تەۋپىق قىلماقچى بولىۋاتقان ۋە قىلغان يېڭىلىقلارمۇ شۇنچىلىك ھەۋەسنى قوزغايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باھار يېڭىلىقلىرىدىن زوقلىنىش خىيالىغا كەلمىگەن دېھقانلار ئۇنىڭ يېڭىلىقلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن قىران بوغۇزى ئالدىغا يېتىپ كېلىشكەنىدى. تەۋپىق تەييارلىقىنى پۈتتۈرەلمىگىنى (ماھىرلارنى تاللاپ

چىقىپ تەربىيەلەشكە ئۈلگۈرەلمىگىنى) ئۈچۈن بۇ نۆۋەتتىكى 12- ئاپرېل ئۇلارنىڭ قاتنىشىشىسىز ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا ئۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىلەردىن باشلاپ نەتىجىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تەييارلىققا كىرىشمەكچىدى. نورۇز بايرىمى پائالىيىتىدە ئۆز ئارا مۇسابىقىگە سېلىپ، ئاتۇشنىڭ ماھىرلىرى تاللانغان بولۇپ، ئەمدى ئاشۇلارنى تاللاپ مەخسۇس تەربىيەلەشنى باشلىماقچى. بۇ ئىشمۇ باھاردەكلا خاسىيەتلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باھارنىڭ ئەلگە تەقدىم قىلغان زەۋقىدىن، ھايات يېڭىلىقلىرىنىڭ ھەقدارلىرى بولغان ياشلارنىڭ روھىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئاللىقانداق نېمە تېخىمۇ تەسىرلىك تۈيۈلەتتى. ۋاھالەنكى تەسىرلەنگۈچىلەر سانىنىڭ 5-4 مىڭغا يەتكىنىدىن ئەجەپلەنگىنى بولمايتتى.

ئاتۇشنىڭ يەر تۈزۈلۈشى غەربىي شىمال تەرىپى ئېگىز، شەرقى جەنۇبىي پەس بولغان ناھايىتى چوڭ ۋە ئالاھىدە ئوكلۇنلۇق يانتۇلۇق بولغان بولسا، مۇسابىقە ئۈچۈن تاللانغان جاي — بوغۇز ئالدى دەل غەرب تەرەپتە بولغىنى ئۈچۈن، ئورنى ئېگىز، پۈتۈن ئاتۇش تۆۋەندە كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېشىل كىمخاپ كىيگەن يېزىلار، بېشىغا گويا ئاق پەرەتچە ئارتقاندەك ئۆرۈك چېچەكلىرى توزغىتىپ تۇرغان باغلار سۈرەتلەردەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى... دەريا بوغۇزىنىڭ ئىچكىرىسىدىن غەربىي شىمال شامىلى باشلىناي- باشلىناي دەپ دەمبەس قىلىۋاتقاندەك راھەتلىك سالقىن ئۇرۇپ تۇراتتى. قۇرۇق ئېقىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پارچە تاغ باغرىنى ۋە تىك قىيا تاغ باغرىنى يانداپ ئىككى ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى. مانا شۇ ئىككى ئېرىق (سولئېرىق ۋە ئوڭ ئېرىق) پۈتۈن ئاتۇشنىڭ ھاياتلىق قېنى بولغان بىردىن- بىر مەنبە ئىدى. بۇ قاغجىرىغان تۇپراق شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياز كۈنلىرى تومۇز تەپتى، قىش كۈنلىرى قەھرىتانىنىڭ زەھرىنى چېچىپ تۇراتتى. بىراق كەڭ قوساق باھار بۇ ئەيىپنى كەچۈرگەندەك ئۆزىنىڭ يېشىل يوپۇقىنى ئايىمىغانىدى. بۇ يېشىل يوپۇق ئارىسىدا كەلكۈن سۈيى دائىم يالاپ تۇرىدىغان قۇرۇق ئېقىن ئۈستى كۆكۈش ئاق رەڭدە سوزۇلۇپ، ئاخىرى نەيزىدەك ئۈچلىنىپ يېشىللىق باغرىغا كىرىپ كەتكەنىدى. بۇ تۈزلەڭ ساي ئۈستى مۇسابىقىگە بابىدى.

ھەربىر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم سەپ بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا سايغا يېتىپ كەلگەندە بۇ يەردە ئالللىقاچان خەلقنىڭ زور بىر توپى چۆرىدىشىپ بولۇشقانىدى. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باللىرى ئويۇن ئوينايدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا بۇ يەرگە ھازىر بولۇشقانىدى. سەپ بولۇپ مەيدانغا كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ھەر قاچانقىدەك خۇشخۇي ھەم جىددى، مېھرىبان ھەم سۈرلۈك، چاققان ھەم سالماق تەۋپىق ھازىردى. ئۇ ئاۋۋال ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئومۇمىي سىپىگە ئۆزى كوماندا بېرىپ مەيدان ئىچىدە مەش دەسەتتى. قۇربان ئىبراھىم سۇناي چالاتتى. قۇربان چاپپارنىڭ لەپىزى ساز بولغاچقا ناخشا باشلاپ بېرىشنى ئۇستىگە ئالدى. بۇلار مەشھەد ئىپتىدائى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدى، مەھەممەت قارى (مەشرەپ) باراباان چالدى، ناسىراخۇن دۇمباق چالدى. شۇنداق قىلىپ بىرلەشمە ئوركىستېر ھاسىل بولدى. تەۋپىق ئۆزىمۇ بىر بارابانىنى ئالدىغا ئېسىۋېلىپ كوماندا بەرگەچ چېلىپ ماڭاتتى. بۇ ئىنتايىن كەڭرى مەيداندا شىمالدا تۇرغانلارغا جەنۇپ تەرەپتە بولىۋاتقان ھەر بىر ھەركەت روشەن كۆرىنەتتى ۋە مۇزىكا ساداسى كۈچلۈك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بوغۇزنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تىك چۈشكەن تاغ تەرەپتىن ۋاراڭلاپ ئەكىس سادا قايتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى چىقىراق ئەمەسىدى. بىراق، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرمەستىنلا بەرگەن كوماندا ئاۋازى ئىككى يېرىم مىڭچە ئوقۇغۇچىغا تەكشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئوقۇغۇچىلار كۈچلۈك قەدەملىرى بىلەن سايلىقنىڭ شېغىلىنى شاراقشىتىپ ماڭغىنىدا مىڭلارچە ئاياقتىن چىققان سادا بىرلىشىپ، كۈچلۈك شاۋقۇنغا ئايلانغانىدى. تاغ تەرەپتىن ياڭرىغان ئەكىس سادا تېخىمۇ زور سۈر پەيدا قىلاتتى. ئارقىدىن قۇربان جاپپار ناخشا باشلىۋىدى، بۇ زور قوشۇننىڭ ئومۇمىي ئاۋازدىن تاغلارمۇ تىترەتۋاتقاندەك بىلىندى. ھېچقانداق ھايات مەزمۇنلىرىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئويلاپ باقمىغان، مەيۈس دىل كىشلەرنىڭ بىر مۇنچىسى بۇ ئاجايىپ شاۋقۇن، ھەيۋەتلىك سادا، قانلارنى

قايىنتىش قۇدرىتىگە ئىگە مارشلاردىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈشكە باشلىغانىدى.

تەۋپىق رەسمى مۇسابىقىدىن ئاۋۋال مەش دەسسىتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ قويىدى. ئاندىن مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى — مۇسابىقىگە تاللانغانلارمۇ، تاللانمىغانلارمۇ ئۇزۇن سەپ بولۇپ مەيداننى چۆرىدەپ تۇرۇشتى. تەۋپىق ھەر قايسى مەكتەپلەردىن يوللانغان تىزىمنى قولىغا ئېلىپ، مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلارنىڭ  ئىسىملىكىنى ئوقىدى. ئىسمى ئاتالغانلار تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىگە چۈشۈش ئۈچۈن مەيدانغا كىرىشتى.

تەۋپىق ئۇزۇپ چىققان ماھىرلارنىڭ ئىسمىنى، بايا مەش ماھارىتى كۆرسەتكەندە ئۆزىگە يارىغان ئوقۇغۇچىلىرىنى مەيدانغا چۈشمىگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ خاتىرلىدى. ئۇ ھەم دەرستە ياخشى، ھەم تەنتەربىيىدە ياخشى، ھەم مەلۇم بىر ئارتۇنچىلىققا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى رۇشتى مەكتەپكە ئېلىپ، بىر قىسمىنى ئىزچى قىلىپ تەربىيىلەش، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە مەخسۇس تەنتەربىيە ۋە ھەربىي مەشقلەر بىلەن يېتىلدۈرۈش ئويىدا ئىدى. ئۇ مۇشۇ پىلان بويىچە ئوقۇغۇچى تاللىماقتىدى.

بۇ چاغدا مۇسابىقە راسا قىزىپ كەتكەن، ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان دېھقانلار، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالدا ھۇشقۇيتۇپ، مۇسابىقىلەشكۈچىلەرگە مەدەپ بېرەتتى. ئۇلار گويا مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان كىشى ئۆزىدەك قىزىپ كەتكەن، ئۇلار بىلەن تەڭ كۈچەپ، تەڭ تەرلەپ، تەڭ جىددىيلەشتى.

— ئەكبەر، كۈچە! يەنە كۈچە، ئاز قالدى، غەيرەت قىل!
— ھەي، ناسىراخۇن، بولمىدى!
ئۇن مىڭ مېتىرغا يۈگرەش باشلىنىپ كىشىلەر چوقان سېلىشقا باشلىدى. ھەر كىم ئۆزى قوللايدىغان تەرەپنى ئىلھاملاندۇرۇپ ۋارقىرايتتى. ھەتتا يېنىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ مۇرىسىدىن قاماللاپ تۇتىۋېلىپ سىلكىشەتتى. بەزىلەر ئاشكارە يۈرتۋازلىق قىلىشىپ ئۆز يۇرتلۇقلىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكۈچىلەرنىڭ يۇرتلىرىنى پەسلەشتۇرىدىغان ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا مەدەت بېرەتتى.
— كاللىچى بىلەن تەڭ بولالمامسەن، غەيرەت قىل!
— ھوي، قاسىم، گازىرچى تۇتىقۇشلارنىڭ كەينىدە قالساڭ سەت بولىدۇ! — ...
ھەر بىر ئادەم ئۆزى بىلگەننى دەپ ۋارقىرايتتى. مەيداننى ئايلىنىپ يۈگرىۋاتقانلار تاماشا كۆرگۈچىلەر ئالدىدىن ئۆتكىچە ئۆز”مەدەت“ لىرىنى بېرىشكە ئالدىرايتتى.
— ئاپلا! چامغۇرچىلارنىڭ كەينىدە قالىدىغان بولدۇڭ ـ دە!
— ھوي، مۇسۇلمان، قورسۇقۇمغا سانجىق تۇرۇپ كەتتى. نېمانچە جالداقلىتىسىز مېنى؟! يۈگرەۋاتقان مەن ئەمەس،... — دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھاياجانلاندۇرغۇچىلار ئېسىگە كېلىپ، خىجىل بولۇپ قالاتتى. بىراق، شۇئانلا يەنە ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئويۇنغا بېرىلىپ ۋارقىرايتتى.
تەۋپىقنىڭ دىققىتى ئەڭ ئالدىدا قوشتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان، يېنىك ھەرىكەت بىلەن ئالغا قەدەم تاشلاۋاتقان ۋىجىك بالىغا چۈشتى. ئۇ شورۇق مەكتەپتىن كەلگەن ئەكبەر ھۇدۇكھاجى ئىدى. تەۋپىق ئۇنى شورۇق مەكتەپ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپكە ئۆگىتىپ يۈرگەندىن باشلاپلا بىلەتتى. بۈگۈنكى مۇسابىقىدە بولسا يىنىك ئاتلىتكىنىڭ بىر قانچە تۈرىدە تەۋپىقنىڭ دەپتىرىگە غالىپلار قاتارىدا ئىسمى تىركەلدى.

كىشلەر چوقان سالاتتى، مۈئەللىملەر چوقان سالاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋارقىرايتتى. دېھقانلار ئۆزى تونۇيدىغان بالىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋارقىرايتتى.

— ئەكبەر غەيرەت قىل، بوش كەلمە!

1300مېتىرلىق دائىرىنى 7- قېتىم ئايلىنىپ بولۇپ، يەنىلا ئەڭ ئالدىدا يۈگرەپ كېلىۋاتقان ئەكبەرگە ئالقىشلار ياغرايتتى. ئۇنىڭ ئىسمى مەيدان بويلاپ ئېغىزدىن- ئېغىزغا كۆچەتتى. ئەمدى يۈگرەۋاتقانلار ئازراق كەم بىر دائىرە ئايلانسىلا مۇسابىقە ئاخىرلىشاتتى.

تەۋپىقمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق تەرەپ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كىمنىڭ ئۇزۇپ چىقىشى بەربىر بولسىمۇ (ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدەك ئىدى)، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەكبەرنىڭ ئاخىرقى يېرىم ئايلىنىشتا ئارقىدا قېلىپ، شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىدە بىرىنچى بولۇپ كەلگەن شەرىپىدىن قۇرۇق قېلىشىغا كۆڭلى قىيمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئەكبەرنىڭ ئۇزۇپ چىقىشىغا بولغان كۈچلۈك بىر تىلەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتىدى. كىشلەر قاتارى ئۇمۇسكونتىسېرى جىددىيلەشمەكتىدى. ئەنە ئەكبەر ئاخىرقى پەللىگە يۈز مېتىر قالدى. ئۇنىڭ باشتىكىدىن كۆرىنەرلىك ئېغىرلاشقان قەدەملىرى ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە ئەللىك مېتىرنى بېسىپ بولدى. بۇ ئەللىك مېتىرنى باسقان ۋاقىت ئەكبەر ئۈچۈنمۇ مۇسابىقىنى كۆرىۋاتقانلار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئۇزۇن، جاپالىق بىلىندى. چۈنكى بۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ كېلىۋاتقان ناسىراخۇن بۇ ئەللىك مېتىر ئارىلىقتا ئەكبەر بىلەن تەڭلىشىپ دېگۈدەك ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى-كېيىنكى ئەللىك مېتىردا ئەكبەر يەنە ئاخىرقى كۈچ- قۇۋۋىتىنى يىغىپ شېرىكىنى يەنە ئىككى قەدەم ئارقىدا قالدۇردى. ئىككى قەدەم تۇرمۇشتا ئارىلىق ھېسابلانمايدۇ. بىراق مۇسابىقىدە يېرىم قەدەم، ھەتتا كۆز بىلەن كۆرۈپ پەرىق ئەتكىلى بولمايدىغان، پەقەت سائەتنىڭ دەقىقىسى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان ئارقىلىقلارنىمۇ ھېسابقا ئالىدىغان سىناق مەيدانىدا بولسا بۇنداق ئىككى

قەدەم تولىمۇ ئۇزۇن مۇساپە ئەلبەتتە. ئەكبەر ئالغا ئىككى قەدەم ئۇزۇپ كەتكەندە باياتىن بېرى جىددىيلىشىشتىن نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنماي دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەر، يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك يېنىك تىندى. بۇ چاغدا كۆپچىلىك ”تەرەپ تۇيغۇسى“نى ئۇنتۇپ ھەممىسى كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالغان غالىپ تەرەپكە مايىل بولۇپ كېتىشكەندى.

تەۋپىقمۇ سائەتنىڭ قولىقىنى ئەكبەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەدىمىنىڭ چۈشۈشى ھامان بېسىپ، ئۆزىمۇ يېنىكلەشكەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئەكبەر يۈگرەشتىن توختىغاندا ئۇنى قولتۇقلاپ ئالدى:

— دەرھال ئولتۇرىۋالما، ئوغلۇم، ئاستا مېڭىپ بەرگىن، ئاندىن ئولتۇر.

شۇ ھامان يېتىپ كەلگەن ئەكبەرنىڭ مۇئەللىمى سابىت ئەكبەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن قولتۇقلاپ ئالدى. ئىككىسى بۇ غالىپنى بىردەم ماڭدۇرغاندىن كېيىن، تەۋپىق ئەكبەرنىڭ زىلۋا، ئىگىز بەستىنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىدىن سۆيدى.

— ئاپىرىن، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — ئەمدى دەم ئالغىن، — ئۇ قويۇن دەپتىرىگە يەنە بىر قېتىم ئەكبەرنىڭ ئىسمىنى تىركىدى. ئاندىن ئەكبەرنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۈزۈپ چىققان ناسىراخۇننىمۇ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغىمۇ ئىلھام بەخش سۆزلەرنى قىلدى. ئۇنى ھەم دەپتىرىگە خاتىرلەپ قويدى. بىراق مەشھەدلىكلەر ناسىراخۇننىڭ بىرىنچى بولالمىغىنىنى ئۇنىڭدىن كۆرمەي، تەتۈرلۈك قىلىشىپ، يۇرت ئارا جېدەل قوزغاشقا تاسلا قالدى.

مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسى ھېسابىدا ئۈزۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش باشلاندى. تەۋپىق تىزىمنى ئوقۇپ بەردى. ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تارقاتتى. تەۋپىق مۇكاپاتلانغان ھەر بىر ئوقۇغۇچى مۇكاپات بۇيۇمىنى تاپشۇرىۋېلىپ قايتىدىغان چاغدا مېھرىبان ئاتا ئۆز ئوغلىنى ئەركىلەتكەندەك، ئەركىلىتىپ قوياتتى. ئۆزلىرى بەك چوڭ بىلىدىغان كىشىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش بالىلارنى بەخت تۇيغۇسىغا غەرق قىلىۋەتەتتى.

ئەكبەر ھۇدۇكھاجىغا 4 گەز جىپەرقۇت، بىر كۆينەكلىك خەسە ۋە دەپتەر قەلەم قاتارلىق نەرسىلەر مۇكاپات بېرىلدى. ئۇنى ساۋاقداشلىرى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، باش ئۇستىدە كۆرۈپ ئېلىپ كەتتى.

مۇكاپات تارقىتىۋاتقاندا مەشھەدنىڭ ”نوچىلىرى“ سورۇننى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ھو توۋلاشتى. بايىتىن بېرى يۇرتىۋازلىققا ياتىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان تەۋپىق بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ”ئىزچىلار“ قوشۇنى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش ھەققىدىكى پىلانىنىڭ مۇھىملىقىنى، بۇنداق ئىچكى نىزاھلارنى تۈپتىن تۈگەتمەي، بەزى مەخسەتلەرگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ كۆپچىلىكنى دىققەتكە چاقىرىپ، مۇشۇ ھەقتە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشنى زۆرۈر تاپتى.

— ۋەتەنداشلار! — ئۇنىڭ دائىمقىدەك ئوچۇق تەلەپپۇز بىلەن قىلغان جاراڭلىق خىتاۋى ئاڭلىنىش بىلەنلا مەيدان جىم-جىت ھالەتكە كەلدى، — بۈگۈن بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆردۇق. بۇنىڭدىن ھەممىڭلار سۆيۈندىڭلار. چۈنكى بۇ ماھارەتلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلار مەيلى كېچىگىزلىك، مەيلى ئاغۇلۇق ۋە ياكى كاتتايلاقلىق بولسۇن، بىزنىڭ ۋەتەندىشىمىز، بىزنىڭ مىللىي قېرىندىشىمىز، ھەممىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى. ئۇنداقكەن، ئۆز ئاراھەسەت قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ مەيلى ئۇ نەلىك بولسۇن، ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ مىللەتنىڭ ئوغۇللىرى، ھەممىمىز بۇنىڭ ھەقدارلىرىمىز. ھېچقايسىسى بىزگە يات ئەمەس، — ئۇ بايىتىن بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى ناھايىتى سىلىقلاشتۇرۇپ، ناتىقلارغا خاس ماھىرلىق، سىياسىئونلارچە ئۇستىلىق بىلەن ئەسلىتىپ ئۆتكەچ، كۆپچىلىكنى سەمىمىي ئەيىپلىدى. ئەمما ھېچقايسى يۇرتقا يان باسمىدى. ھېچقايسى يۇرتقا ھاقارەت كەلتۈرمىدى. ئۇنىڭ نۇتقى ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلغۇچى كۆپچىلىكنى قايىل قىلدى. خىجىل قىلدى. بىر قىسىم مۇتەھەملىكنى نوچىلىق دەپ ئويلايدىغانلار يەنىلا ئۆز تەبىئىتىدىن يانمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە غەۋغا كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

قايىنام- تاشقىن مۇراسىم ئاخىرلىشىپ كىشلەر تارقاشقا باشلىغاندا چارچاپ كەتكەن تەۋپىق مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىمگە:

— بۈگۈن مەن "ئىزچىلار"نى تاللاپ بولدۇم. ئۇلار ھەم رۇشتى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ھەم تەرتىپ ساقلايدۇ. ئەمدى سىز ھەيئەتلەر بىلەن ماڭا ياردەملىشىپ مەكتەپلەردىن رۇشتى مەكتەپكە تەلەبە تاللىشىپ بەرسىڭىز، مەشھەدنى قايىنتىۋېتەتتۇق، — دېدى خۇشال كۈلۈمسىرەپ، ئارقىدىن ئېغىر تىنىپ قوشۇپ قويدى، — بۈگۈنكى تېشىپ چىقالمىغان بىر خىل كەيپىياتنى ھېس قىلغانسىز؟ "ئىزچىلار" شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇھىم.

— مەشھەدلىك دېگەن بىر بالا، خۇدا ئۆزى جاجىسىنى بەرمىسە، بىر تاۋاق قاننى كۆتۈرۈپ يۈرگىنى- يۈرگەن! — دېدى ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم.

— ئەنە، خالاس! سىزمۇ يۇرتۋازلىق مەيدانىدا تۇرۇپ سۆزلەۋاتىسىز. ئەگەر سىز بۇ كېسەلدىن پارىغ بولمايدىكەنسىز، كۆپىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا لايىق ئەمەسسىز! — تەۋپىق رەسمىي ئاچچىقلانغاندى.

ئىككىيلەن بىر ھازا گەپ- سۆز قىلماي جىم مېڭىشتى. ئاخىر ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم گۇناھىنى تونىغان كىشىدەك بىرىنچى بولۇپ جىملىقنى بۇزدى:

— ئەپۇ قىلىڭ ئەپەندىم، قېنىمىزدا بولغاندىكىن، تۈزەلمىكىمىز تەس ئوخشايدۇ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا دەرھال تېمىنى يۆتكەپ، — تەلەبىلەرنى تاللاشقا دەرھال كىرىشەمدۇق ياكى سەل ۋاقتى بارمۇ؟

— باشقا ئىشىڭىز بولمىسا ئەتىلا ئىمتىھان ئېلىشنى باشلايلى. تەلەبىلەرنى تاللاپ بولۇپلا، رۇشتى مەكتەپنى ئاۋات قىلىۋېتەيلى.

— مەيلى، مېنىڭ بۇنىڭدىن زۆرۈرەك ئىشىممۇ يوق، — دېدى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم تەۋپىق بىلەن يارىشىپ قالغىنىغا خوش بولۇپ.

3

روشتى مەكتەپ ئۈچۈن ئوقۇغۇچى تاللاش ئىمتىھانى ئاياقلاشتى. 24 كەنتتىن 80 نەپەر ئوقۇغۇچى تاللاندى. ئىزچىلار ھەر خىل ماھارەتلىك يىگىتلەردىن تەشكىللەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساز چالالايدىغانلار، تەنتەربىيە ماھىرلىرى، يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچىلار، چاققان، كۈچلۈك، چامباشچىلار، ئەقىل- پاراستى ئالاھىدە بولغانلار باردى. روشتى مەكتەپتە ئىككى سىنىپ ئېچىلدى. نىزامىددىن ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغاندىن باشقا، تەختىھون مەكتەپتىن ئەمەت مەخسۇم يۆتكەپ كېلىندى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشتاجى مەكتەپتىن مېھمان بېرىلدى. سالاھىددىن ئەپەندى ئوقۇتۇۋاتقان لىۋاھىددىنمۇ روشتى مەكتەپكە ئېلىپ كېلىندى.

پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن 24 كەنت مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى روشتى مەكتەپكە چاقىرتىلىپ، كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدە مۇزاكىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

تەۋپىق مۇزاكىرە تېمىلىرىنى ئېلان قىلدى:

— 24 كەنتتە ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلىكلەرنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى. مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شەكىللۋازلىق، ياغلىمىچىلىقنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن نىمىلەر قىلىش مەسىلىسى؛ مەدەنىي مائارىپ جەمئىيەتكە قانداق تەسىر كۆرستىش كېرەك؟ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاش، ياخشى جەمئىيەت ئىستىلى پەيدا قىلىش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىش مەسىلىسى؛ يۇقىرقىلارنى كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ، ئاقىلانە پىكىرلىرىنى بەرسە، بىز ئەقىلگە مۇۋاپىقراقلىرىنى تاللاپ قارار قىلساق قانداق؟

كۆپچىلىك ئۆزلىرى ئويلىغان چارە- تەدبىرلەرنى قىزغىن ئوتتۇرىغا قويدى. جەمئىيەتتىكى ناچار ئادەتلەر، بازار كۈنىدىكى ئۇرۇش- جېدەللەر، دېھقانلارنى بوزەك ئېتىپ نەرسىلىرىنى مەجبۇرىي ئەرزان ئېلىۋېلىش خاھىشلىرى،... قاتارلىقلار ھەققىدە تولىمۇ قىزغىن پىكىرلەر بېرىلدى. بولۇپمۇ بازار تەرتىۋى ھەققىدە مەشھەدلىك ھەيئەتلەردىن باشقىلارنىڭ

ھەممىسى جەزمەن تۈزىمىسگە بولمايدىغان جىددىي مەسىلە دەپ قارىدى. پەقەت قۇتلۇق ئاخۇن خەلپىتىم سەل تىل چاينىدى:

— بىز بازاردىن تارتىپ مازارغىچە ھەممىگە ئارىلىشىپ كەتسەكمۇ بولماس، بۇنىڭدا تۈگىمەس جاڭگالغا كىرىپ قالمايلى،... مەكتەپ، ھە، شۇنىڭدەك ئىشلارنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇرساقمۇ يېتەر....

تەۋپىق بۇ چاغدا جىم- جىت قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، خاتىرىسىگە نىملەرنىدۇر يازاتتى. كۆپچىلىك پىكىرلىرىنى ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى.

— ۋەتەنداشلار، مەن كۆپچىلىك يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ جەۋھىرىنى تاللاپ باقتىم. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قوشۇپ سۆزلەپ باقاي، كۆپچىلىك ئاڭلاپ بېقىپ يەنە تولۇقلىسا بولىدۇ، — ئۇ شۇ سۆزلەردىن كېيىن خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپ داۋام قىلدى، — دەرسلىك يېتىشمەسلىك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇنداق قىلساق، رۇشتى مەكتەپ تەلەبىلىرى دەرسلەردىن خاتىرە يازغاندا ھەر بىرسى ئىككى نۇسقىدىن يازسا، بۇنىڭ بىر نۇسقىسى يېزا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پايدىلىنىش قوللانمىسى قىلىنسا، مائارىپ سۈپىتىنى ناچارلاشتۇرىۋەتمەسلىك، بەلكى تەدرىجى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر پەيشەمبە كۈنى دەرستىن چۈشكەندە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى رۇشتى مەكتەپكە يىغىلىپ توپلانتى[①] ئۆتكۈزۈپ بىر ھەپتىلىك ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى خۇلاسە قىلىش، شەكىلۋازلىق، كۆز بويامچىلىق ئىشلىرى بار- يوقلىقىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى توپلانتىغا سونۇش، مەدەنىي ئاقارتىش ھەركىتىنىڭ تەسىرىنى جەمئىيەتكە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، مۇئەللىم، تەلەبىلەرنىڭ ئەخلاق، ئىستىلىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خەلققە ئۈلگە بولۇش، نازاپەت جەھەتتە مۇئەللىم ئۆز

---

[①] توپلانتى (toplantı) — ("توپلىنىش" پېئلىدىن) يىغىن، مەجلىس، كەچكى كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرىشى (تۈركچە) — ئا.

تەلەبىسىنىڭ پاكىزلىقىغا مەسئۇل بولۇش، ئاتا - ئانىسى كارى بولمايۋاتقان بالىنى مەن قانداق قىلاي، دەپ تاشلىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بىز بالىلارغا كۆيىنىش جەھەتتە بالا تېشىپىنىلا بىلىدىغان، تەربىيلەشنى بىلمەيدىغان ئاتا - ئانىلارغىمۇ ئۈلگە بولىشىمىز كېرەك. جەمئىيەت تەرتىۋىنى ياخشىلاش جەھەتتە بىز ئۈلگە بولۇش، تەشۋىق-تەرغىبات قىلىش بىلەنىلا قالماي، يەنە مەجبۇرى چارىلارنى قوللىنىشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئىزچىلار دەرس ئارىلىقىدا، بازار كۈنلىرىدە تەرتىپ ساقلاش، نەشىكەش، قىمارۋازلارنى تۇتۇپ سوتلاش، ئوغرىلارنى جازالاش، لۈكچەكلەرگە چارە كۆرۈش، سازايى قىلىش لازىم.

— بىزنىڭ دىمەكچى بولغىنىمىزمۇ شۇلار، — دېدى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم بىرىنچى بولۇپ، — بۇ تازا كۆڭلىمىزدىكى گەپ بولدى.

باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا ھەمىشە ئۇيۇشما مۇدىرىنىڭ تۆركۈللۈكتىن بولۇپ قالغىنىغا نارازى غوتۇلداشلار بولۇپ تۇراتتى. مەشھەدلىكلەر قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىمگە تاپا- تەنە قىلىپ، ئۇنى ئېچىتاتتى. بۇ گەپ- سۆزلەر بۇ ساددا ئادەمنىڭ كۆڭلىدە شەكسىز داغ پەيدا قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ بىرەر ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولۇش ئارقىلىق بىر ھەرىكەت قىلماقچى بولدىمۇ، قېشىدىكى ئابدىراخمانھاجىنى نوقۇپ، پىچىرلايتتى:

— قاراڭلار، بۇ تۆركۈللۈكنىڭ خوشامەتچىلىكىنى! ئەپەندىم نېمە دېسە شۇنى راست دەيدىكەن!

— خەپ- شۇك!

— باشقىلارنىڭ يەنە قانداق تەكلىپلىرى بار؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق جىددىلىك بىلەن. ئۇ پىچىرلىشىۋاتقانلار تەرەپكە نەزىرىنى تىكىپ، چىرايىنى تۈرگەنىدى.

— ئىم، ھە.... ئۆزى — دېدى مەڭدەپ قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم گېلىنى ياساپ، — ئىسلام ئاخۇنمۇ دېدى، مېنىڭچە بولغاندا مۇدىر بولدۇم دەپ، بىز ئۇچۇنمۇ جاۋاب بېرىۋېتىدىغان ئىشنى قىلمىسا، دىمەكچى بولغىنىم، — قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم گەرچە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى توغرا دەپ بىلگەن، ئۆزىمۇ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى تەدبىرلەر ئىكەن، دەپ ئېتىراپ

قىلىــدىغان بولــسىمۇ، ئەتىــلا بــازارنى تەرتــپكە سېلىــشقا باشــلىغاندا مەشھەدلىك مۇتىھەملەر زىيان تارتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەشھەد جامائىتى ئۇنى تاپــا- تەنە ئاســتىغا ئــالاتتى. بىــر تۆركۈللــۈككە يــۈگىنىڭلارنى تۇتقــۇزۇپ قويغانــدىكىن بىزنــىڭ ھــالىمىز شــۇ بولمــاي نــېمە بــولاتتى؟ دەپ پىتــنە تارقىتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ روھى- ھالىتىدە ھەم توغرىلىق ئالدىدا باش ئىگىش، ھەم جامائەتنىڭ (بىر ئۇچۇملارنىڭ) ھۇجۇمىدىن قورقۇش، ھەم ئۆز - ئۆزىدىن يــركىنىش بىــلەن ئوتقۇيرۇقلارنــىڭ دېيىغــا ئۇســۇل ئوينــاش بىــر خىــل مــۇرەككەپ كــۆرەش ھــالىتىگە كىرگەنــدى. ئويۇشــما مــۇدىرىنى كــۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى، بۇ ئارقىلىق بازارلىقنىڭ يەنىلا" بــازارلىق" ئىكەنلىكىنــى كۆرســتىپ قويمــاقچىمۇ بــولاتتى، بىــراق، بــۇ نارازىلىقنىڭ تىغ ئۇچى مەمتىلى ئەپەندىگە توغرىلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يەنە ئالا-كۆتىلەك بولۇپ، سۆز چالغىتىپ يۈرەتتى. چۈنكى ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قارشى چىقىشنى زادىلا خىيال قىلمايتتى. ئەمما مەشھەدلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاپ باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ چوڭ- كىچىكىگە ئوخشاشلا تەكەللۇپسىز مۇئامىلە قىلىش ئادىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ باردى، ئەلۋەتتە.

ئىــسلام ئــاخۇن خەلپىتىم ئۇنىــڭ ســۆزلىرىنى ئــاڭلاپ تاتىرىــپ كەتتــى. ئۇنىڭغا بۇ سۆز قــاتتىق ھــار كەلگەنــدى. ئــۇ مەدەت تىلىگەنــدەك مەمتىلــى ئەپەنــدىگە قارىــدى. خىــزمەتكە ئەســتايىدىل قــاراپ ئــۆزىنى، ئائىلىــسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەيدىغان بۇ ئادەم ئاخىرىدا بۇنداق "مۇكاپات" ئالىــدىغانلىقىنى ئــويلاپ باقمىغاچقــا كۆڭلىــدە غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىــك پەيــدا بولــدى. بــارلىق ئۇيغۇرلاغــا ئوخــشاشلا ئۇنىــڭ قەلبىــدىكى ئۆچمەنلىكمــۇ شەكسىزكى يۇرتۋازلىق شەكلى بىلەن ئىپادىلەندى. "مەشھەدلىك دېگەننىڭ مۆتىۋەرىمۇ، لۈكچەكىمۇ ئوخشاشلا بىر قان ـ دە!... "دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ســىز زادى نــېمە دېمەكچــى خەلپــىتىم؟ — دەپ ســورىدى. تەۋپىــق قۇتلۇقئاخۇنغا مىقتەك قادىلىــپ، — گىڭىلدايــسىز، گېپىڭىزنــىڭ تــايىنى يوق، ئوچۇقراق ئېيتىمامسىز.

— ياق، دەيمىنا....

— نېمىمنى دەيسىز؟

— ياق، ئىسلام ئاخۇنمۇ شۇ، تۆركۈللۈك بولغىنى بىلەن خېلى ... ھالى بارىكەن، گەپ يورغىلىتىپ كەتتى... بۇ يەردە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئادەم بارغۇ....

— سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى ھەممىمىز كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، تۆركۈللۈك، مەشھەدلىكىڭىزنى قويۇپ، پىكىرىڭىزنى بەرمەمسىز!؟ كىم سىزنى سۆز قىلىشتىن توسۇپتۇ؟ — دېدى تەۋپىق ئاقيەردىنلا ئىش بۇزۇلىۋاتقىنىغا ئاچچىقى كېلىپ.

— مېنىڭغۇ باشقا گېپىم يوق...، — قۇتلۇق ئاخۇن خەلپىتىم ئۆزىگە ئۆزى ھەيراق قالدى. باياتىن بېرى ئوخشىمايدىغان پىكىرلىرى، غۇمى باردەك تۇراتتى ـ يۇ، ئەمدى سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە ھېچنىمە تاپالمىدى. ئەكسىچە قارشى چىققۇدەك نېمە بار؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىپ قالدى.

ئابدۇراخمانھاجى ئۇنى نوقۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— نېمە سىز ئالجىۋاتامسىز خەلپىتىم؟ دوستقا تاپا، دۈشمەنگە كۈلكە بولىدىغان قىلىققۇ بۇ!؟ بىرسى سىزنى ئازدۇردىمىكىن دېسەم كىچىك بالا ئەمەسسىز...

— باشقا گېپىڭىز بولمىسا، دېمەك، سىزنىڭ غۇمىڭىز مۇزاكىرە ھەققىدە ئەمەسكەن، بۇ ئىشلار شۇنداق ھەل بولغان بولسۇن. ئەمدى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە، زاغرا تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا قىزىقىدا دېمەي بولمايدىغان بىر گەپ، ھېلى سىز تۆركۈل پالان- پوكۇن دېگەن گەپلەرنى قىلىدىڭىز، بۇنىڭدىن مۇددىئا نىمىدى؟ ھەدىستە مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى قېرىنداشتۇر، دېيىلگەن. بىز بولساق بىر ئاتۇشنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ پالان يەرلىك، پوكۇن يەرلىك دېيىشىمىز، بۇ گەپ توغرا گەپمۇ؟ دۈشمەن ئۇچۇن ھوجۇم نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا پايدىسىمۇ بارمۇ؟

قۇتلۇقئاخۇن كۆپچىلىك ئالدىدا قاتتىق ئىزاغا قالغىنىدىن كۆڭلىدە ئاساسسىز غەزەپ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ غەزىۋىمۇ تومۇرلىرىدىكى ئۇيغۇر قېنىغا

مۇناسىپ ھالدا يۇرتۋازلىق بولۇپ ئىپادىلەندى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ مەشھەتتىن باشقا جىمى يۇرتنى ۋە شۇ يۇرت كىشىلىرىنى تىللىدى... ”تېگىدىن ھېچنېمە كۆرمەي چوڭ بولغان كۆزى كىچىك يېرىلىقلار! “ دەپ ئويلىدى ئۇ.

تەۋپىق مەسىلىنى يېتىلتىزىدىن ھەل قىلىش ۋە نەق مەيداندا زىيانلىق ئىدىيىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ۋە ياش مۇئەللىمەلەرگە تەربىيە بېرىش نىيىتىدە دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ھەققىدە تەمسىل، ھېكايە ۋە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق تەسىرلىك سۆزلىدى...

تەۋپىق يۇكسەك دەرىجىدىكى تەشكىلاتچىلىق تالانتى بىلەنلا نەچچە مىڭ يىل ئۆچەكىشىپ كەلگەن ”ئۇ يۇرت، بۇ يۇرت“لۇقلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئىلگىرى مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنىڭ ئۆزىلا ئىككى يۇرتنىڭ كالتەك- چوماق كۆتۈرۈپ سايغا — مەيدانغا چىقىشقا يېتەرلىك سەۋەب بولاتتى. ھېلىمۇ تەۋپىقنىڭ نوپۇزى ئۇلارنىڭ يەنە گەپ كوچىلاپ ئاداۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىشىغا يول بەرمىگەنىدى.

يىغىن ئوڭۇشلۇق ھالدا قارار ماقۇللىغاندىن كېيىن، بۇ قارارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كونكېرىت نېمىلەر قىلىش، ئاۋۋال قايسى ئىشنى قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاخىرىدا يېقىن كەلگۈسىنىڭ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشتى. مۇزاكىرىگە چۈشكەن جىمى پىكىرنى خاتىرىلەۋاتقان ئابدۇراخمان شائىر، ماقۇللانغان پىلاننى رەتلەپ يېزىپ چىققاندىن كېيىن قايتىدىن كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن يىغىن تارقىدى.

مەمتىلى ئەپەندى بايا يىغىندا يۈز بەرگەن ”سىلىققىنە داۋالغۇش“نى كۆڭلىدە قايتا- قايتا مۇلاھىزە قىلىپ، بۇنىڭ ئارقىسىدا جەزمەن بىر يىلتىز بارلىقىغا جەزم قىلدى ۋە بۇ يامان ئۆسمۈلۈك (بەلكى شۇم بۇيا) نىڭ شاخلاپ كەتمەستە يىلتىزىنى قىرىقىپ تاشلاپ، باغنى قوغداپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. ئۇ ئىشكتىن چىقىپ ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىمگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋېتىپ، دەرىزە تۈۋىدە تۇرغان بىرسىگە كۆزى چۈشتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا ئۇنى پەرق ئېتەلمىگەن بولسىمۇ، قىياپىتى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئۇمۇ تەۋپىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

—ئەپەندىم، مەن ... — دېدى دۇدۇقلاپ.

— هوي، ناسىراخۇن، بۇ يەرگە كەپتىكەنسەن؟

— سىلىنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىغىم كېلىپ كەلگەنتىم، چىرىشتىن تارتىنىپ... تۇرۇپ قالدىم.

— شۇنداقمۇ،— تەۋپىقنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈلىرى ئاللىقانداق بىر بىشارەت بىلەن ئۇنى شۈركەندۈرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باللار ۋە ياشلارغا بولغان ئالاھىدە مۇھەببىتى بىلەن، دەرهال ئۆزىگە كېلىپ، — بىللە بولۇشنى خالىغان بولساڭ بىللە بولساڭ بولىدۇ. ئوغلۇم، هازىر نەگە بارماقچىسەن؟

—ئۆيگە كېتەرمەن...

— بوپتۇ، يەنە كۆرۈشەرمىز، ياخشى چۈش كۆر ئوغلۇم.

تەۋپىق ناسىراخۇن بىلەن خوشلىشىپ، ئىسلىماخۇن خەلپىتىمگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىدى. ئىككىسى بىردەم چەررەندىلەرنىڭ كەچكى نەغمىسىگە قۇلاق سېلىپ جىم مېڭىشتى. ئاندىن تەۋپىق ھەمرىيىدىن سورىدى:

— خەلپىتىم، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بۇرۇن بىرەر ئىش بولغانمۇ ياكى كېيىنكى كۈنلۈكتە ئازارلىشىپ قالغانمىدىڭلار؟

— ياق، هېچ ئىش بولغىنى يوق. ئىلگىرى بىز يىراقتىن تونۇشاتتۇق. مۇشۇ ئىش تۇپەيلى تولاراق بىر يەردە بولۇپ قېلىۋاتىمىز. مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، ئۇ نېمىشكە شۇنداق قىلىدىكىن تاڭ. هازىرغىچە ئوبدان كېلىپ، ئەمدى...

— شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭچە بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— هېچ بىلىدىم، ئۆزگىرىزگە مەلۇم، بۇ مەشھەدلىكنىڭ چوڭىدىن - كىچىگىگە جېدەلنى پۈلغا سېتىۋالىدىغان خەق.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سەزگۈر مېڭىسى مۇشۇ گەپ بىلەنلا بۇنىڭ يىلتىزىنى تاپتى. بۇ يىلتىز يۇرتۋازلىق ئىدى. ئۇ ئېچىنغان هالدا خەلپىتىمگە:

— خەلپىتىم، مەن بۇ ئىشنىڭ بىز خەقنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتۋازلىق ئىكەنلىكىنى پەملەپ قالدىم. سىزدىمۇ بۇ كېسەل بار، ئەلۋەتتە.

— شۇنداق بولسىمۇ شۇنداقتۇ،— دېدى ئىسلام ئاخۇن، ئۇنىڭ ئويلىغانسېرى غەزىۋى قايىنىماقتىدى— بۇ مەشھەدلىكلەرنى بىلمەمسىز، ئۆزىچە هېچكىمنى ياراتمايدۇ. بولمىسا جىمى ناچار ئىش مۇشۇ خەقتىن چىقىدۇ، هۆكۈمەت ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىدىغانمۇ مۇشۇ خەق، نەشىكەش، قىماۋازلارنىڭ ئۇۋىسىمۇ مۇشۇ، بىر مەشھەدلىك بار يەردە جىدەل بولماي قالمايدۇ. يەنە تېخى بۇ ئۇرۇشقاق دوغچى ـ گازىرچىلار خەقنى ياراتمايدۇ!

— خەلپىتىم! نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ سىزگە ئوخشاش ئاڭلىق بىر ئادەممۇ مۇشۇنداق يۇرتۋازلىق قىلىۋاتقان يەردە، ئومۇمىي مەنپەئەتتىن خۇسۇسىي ئۆچمەنلىكنى ئارتۇق بىلىدىغان، نادانلىق پاتقىقىغا پاتقان ئاۋامدىن نېمە دەپ ئاغرىنغۇلۇق؟ سىز كىچىككىنە يۇرتۋازلىق رامىسكىسىغا كىرىۋالسىڭىز، يەنە بىرسى دۈشمەننى قويۇپ، سىزگە بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن بولۇپلا كەتسە، باشلىغان ئىشىمىز شۇ يەردە ئاخىرلاشسا، كېيىنكى ئەۋلادلار بىز توغرۇلۇق نېمە دەر؟ بىز مۇشۇنداق ئۇششاق گورۇھلارغا پارچىلىنىپ، بىر- بىرىمىزگە غەزەپ ياغدۇرۇپ يۈرسەك، بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ غېمىنى كىم قىلىدۇ؟!

—...تامايى بولسا مۇدىرلىقنى شۇ خەقتىن بىرىگە ئېلىپ بېرىپلا بولدى قىلمامسىز، شۇنىڭ بىلەن مۇرادىغا يېتىپ تىنچىيدىغان ئىش بولسا... مەشھەدلىك بىلەن كېلىشكىلى بولامتى هەقچان...

— قارىغاندا سىز بىلەنمۇ كېلىشكىلى بولمىغۇدەك،— دېدى تەۋپىق ئاغرىنغان هالدا،— بوغۇزدىكى مۇسابىقە كۈنى سىزنى نېمە دەپ ئاگاھلاندۇرغانتىم؟! يامانلىقنى يامانلىق بىلەن تۈزەتكىلى، ئوتنى ئوت بىلەن ئۆچۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى نېمىشكە چۈشەنمەيسىز؟ "سەن ئوت

بولساڭ، مەنمۇ ئوت بولىمەن، سەن بېشىمنى يارساڭ، مەن كۆزۈڭنى ئويىمەن“ دەپ تۇرىۋالغاندا ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ؟ لوقمان ھېكىم: ”ئىككى يەردىكى ئوت بىر بىرىنى ئۆچۈرمەيدۇ“، دەپتىكەن. بۇنداق ئۆچمەنلىك دۈشمەنگە قارىتىلسا ياخشى! خەلپىتىم، مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنىڭ بۇنداق مەزگىلسىز قوزغۇلىدىغان ”غورۇرى“ڭىزدىن كېچىڭ، سىز ”سۇ“ بولۇڭ، ئاندىن ئوتمۇ ئۆچىدۇ. ھېچكىم ئاۋۋال غەزەپتىن يېنىشنى خالىمىسا بىز دۈشمەننىڭ قولىدا ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ قولىدا ئۆزىمىز زاۋال تاپىمىز!

ئىسلام ئاخۇن قاتتىق ئىزا تارتتى. بايا ئۇ غەزىپى ئەقلى ئۈستىگە مىنىۋېلىپ كۆرەلمەي قالغان ئاددىي ئەمما روشەن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندە ۋىجدانى ئازاپلاندى.

— مەن... ئەپەندىم، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، خەق مېنى ئۇرۇپ كەتسىمۇ قول ياندۇرمايمەن...

— شۇنداق بولسۇن، مەن ئىككىنچى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ھېلىقىدەك گەپلەرنى ئاڭلىمايدىغان بولاي. نېمە ئۇ، «قانجىق، جىدەلخور،...» دېگەن؟! ئۆز - ئۆزىمىزگە ھاقارەت! سىلەرنىڭ بۇ ئارازىڭلاردىن دۈشمەن خەۋەر تاپسا، يارىنى كوچىلاپ چوڭايتىدۇ. بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى بۇزۇشقا ئۇرىنىدۇ. مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، ئەگەر قۇتلۇقئاخۇن بىرنېمە دەپ كەتسىمۇ سىز ئېغىرلىق قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ياخشى گەپ قىلىڭ، ئادەم بالىسى تەسىرلەنمەي قالمايدۇ، شۇ چاغدا بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ...

ئىسلام ئاخۇننىڭ ئۇزاق تىنىشتىن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن تەۋپىق ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇنى ئانچە يىراق بولمىغان جايدا سابىت كۈتۈپ تۇراتتى. تەۋپىق بۇ جىمخور يىگىتنىڭ چوقۇم بىر گېپى بار، بۇگۈن ئۇنىڭ كەيپىمۇ تازا جايىدا ئەمەستەك قىلغان، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

## 4

كۈتۈلمىگەندە سابىتنىڭ بېشىغا يەنە بىر پاجىئەنىڭ سايىسى چۈشتى. شۇڭا توپلانتىدا كەيپسىز ئولتۇرغانىدى. بۇ ھال تەۋپىقنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەنى تاسادىپىلىق دېيىشكىمۇ، مۇقەررەرلىك دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى، بۇ خىيالچان، سادda يىگىت مەسىلىلەرگە كۆپ ھاللاردا ئاددىي قارايتى، يەنە ھەممە نەرسىگە ئاقكۆڭۈل ئادەملەرگە خاس كۆڭۈلچەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بەزىدە بولسا گۇمانخورلۇق بىلەن تولا ئويلاپ ھالى كېتەتتى. گۈلزادىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ ئەنە شۇنداق بولدى. گۈلزادىنى تالالىق قىلىۋېتىش ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراپ يۈرگەن ئۆگەي ئانىنىڭ ئىچى تارلىق بىلەن بىرەر شۈملۈقنى تېرىيدىغانلىقى ئايان بولسىمۇ، سابىت بۇنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېيىنكى قېتىم گۈلزادە بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ ھەقتە ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

گۈلزادىنىڭ ئۆگەي ئانىسى كۆپ شاپاشلاپ، دەللاللارنى ئىشقا سېلىپ، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن تۆرت باللىق بىر كىشىنى تاپقانىكەن. ئۇ گۈلزادىنىڭ دادىسىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ تەرىپىنى كۆپ قىلدى. ئۇنى ھال-كۈنى ياخشى، قولى ئۇچۇق، ئۆزى مۇلايىم دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى.

— تەقدىرنىڭ بۇيرۇقىغا شۈكرى-سانا ئېيتماي بولامدۇ، مانا مەنمۇ سىزگە ئون گۈلۈمنىڭ بىرسى ئېچىلماي تۇرۇپ تەككەنىدىم، ئۆلۈپ قالدىمۇ؟ ئايال خەق دېگەن ھاجىز، تەقدىرگە ناشۈكۈرلۈك قىلسا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۆزىگە دېدىڭمۇ؟ ئۆزى نېمە دەيدۇ؟

— ئۆزىنىڭ كاككۈك- زەينەپ بولۇپ يۈرگەن چۈجە خورازلىرى بار، چۆجە خورازلىرى تۇرغاندا ماقۇل دەمتى؟ مەنمۇ سىزگە دېگەندە ماقۇل بولمىغان،

كېيىن تەقدىرگە تەن بەردىم. مانا ئەمدى بالا- چاقىلىقىمۇ بولدۇق. ئۆزىگە مەسلىھەت سېلىپ ئۆلتۈرىدىغان ئىشمۇ بۇ!؟

— شۇنداق بولسىمۇ، يېتىم ئەمەسمۇ، دىلى سۇنۇق، شۇڭا... دېدى دادا نېمە دەرىنى بىلمەي. ئادەتتە ئۇ بۇ ھازازۇل خوتۇنىنىڭ ھە دېسە ياقىسىغا ئېسىلىشىدىن زېرىكىپ كەتكەچكە بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

— يېتىم ئەمەسمۇ!؟ بۇ گەپچە مەن ئۆگەيلىك قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىدا مىس تاۋاتقا ئوت قالاۋېتىپتىمەن- دە!؟ قىلىۋاتقان گېپىنى! قىزىڭىز باغنىڭ ئارقىسىدا يات ئەركەك بىلەن تېپىشىپ يۈرۈپ بىر ئاھانەتنى قىلىپ بەرسىدى، ئىلاھىم! مەن تېخى پاتراق بېشىنى ئوڭلاپ، بىر پالاكەتتىن قۇتۇلىلى دەپ پالاقلاپ يۈرۈپتىمەن. كەشىمنىڭ سوڭىمۇ ئۈپراپ كەتتى. ئەمدى كېلىپ مەن ئۇنى ئۆگەيلەۋېتىپتىمەن- دە!

بۇ زەھەرخەندە خوتۇن گۈلزادىنىڭ ئىنى- سىڭىللىرىنى خورلاپ، قىيناپ ئۆلتۈرىۋەتتى. دېسىمۇ بولاتتى. پەقەت گۈلزادىلا ئۇنىڭ ھەرخىل ئازار- كۈلپەتلىرىگە چىداپ، تىكەنلەر ئىچىدىكى گۈلدەك ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدى. دادىسى بۇ تەۋەرۈك بالىسىنى ھەر قانچە ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن ئايالى ئالدىدا ھۆكۈم سۈرۈشتىن ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئامالسىز مۇجمەل جاۋاب بىلەن ئۆتكۈزىۋەتمەكچى بولۇپ:

— قېنى، بۇيرۇق- نېسىپ بولسا...

— سىز جاۋاب بەرسىڭىزلا بۇيرۇق- نېسىپ دېگەن شۇ. ھەممە ئىش پۈتۈپ، سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىزلا قالدى!

— مېنىڭ گېپىم قالغان بولسا، مەن نېمە دەيدىتتىم، قىزنىڭ بەختى ئېچىلسىلا...

— بەختى ئېچىلىش- ئېچىلماسلىقى، مۇشۇنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىش. بىر بولسا ئاللانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، كېيىنكى ئىشنى ھازىرلا كېسىتىۋالدىغان خۇدادىن چوڭمۇسىز؟

ئەر ئاستا ھويلا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئوچۇق جاۋاب بېرىشتىن مۇمكىنقەدەر قېچىش كويىدا ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاستا، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ

ھويلا تەرەپكە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان خوتۇن، غۇتۇلداپ تىللاشقا، لىڭتاسما، لامزەللە دەپ ھاقارەت قىلىشقا باشلىغانىدى، ئەز:

— بۇ دېگەن ئۆمىۈر سودىسى، ئانىسى، ئويلىنىپ ئەتە- ئۆگۈنگىچە بىرنېمە دەي،— دەپلا كەتمەنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

گۈلزادە بۇ سۆھبەت بولىۋاتقاندا ئىچكىرىكى ئۆيدە ئىشىككە يېقىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشىغانىدى. دادىنىڭ قىلغان ئەزمىلىكى ئۈچۈن قىزدىن قىساس ئېلىشنى ئويلىغان ئۆگەي ئانا، غەزەپلىك ۋارقىرىدى:

— گۈلزەك! ھەي، گۈلزەك!

— مانا مەن، ئاچا... — گۈلزادە ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ئۆگەي ئانىنىڭ تېخىمۇ ئەرۋايى ئۇچتى:

— ھۇ، ئە (ئەر) سارىڭى! ئالدىراپ كېتىپ، گەپ تىڭشاپ تۇرغانمۇ، ھە؟ ھۇ جۇۋاينىمەك! مەن تېخى سېنى تالادا ئىش بىلەن دەپتىمەن، ئەسلىدە بۇ يەردە تۇرۇپ ئەرگە تېگىشكە ئالدىراپ ئولتۇرۇپسەن- دە!...

ئۇنىڭ ئاغزىدىن يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارغا ئەمەس، ئەڭ قەبىھ پاھىشە ئايالالارغىمۇ دېگىلى بولمايدىغنا ئەپسانە گەپلەر چىقاتتى. گۈلزادە ئۆزىنىڭ نېمىشكە ئۆلمەي ياشاپ قېلىۋاتقىنىغا ئاغرىنىپ يىغلايتتى...

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ دادىسى بىلەن ئۆگەي ئانىسى ئارىسىدا بولغان يەنە بىر سۆھبەتنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئەتىياز كۈنىدە توي قىلمىغاندىكىن، ئالدىراپ نېمە قىلىسەن؟ — بۇ دادىسىنىڭ زەئىپ ئاۋازىدى. بۇ گەپنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا ئۇمۇ بۇ توي ئىشىغا رازىلىق بېرىپ بولغاندەك قىلاتتى.

— ئالدىرىغانىنىڭ يامىنى يوق، — دېدى ئۆگەي ئانىسى،— قىز بالا دېگەن خام گوشقا ئوخشايدۇ، ئۇنى ئۆيدە ساقلاۋەرگەن بىلەن پۇراپ قالىدۇ، ھېلىمۇ بۇ بىر نېمىگىز پۇراپ بولدى، ئەمدى يەنە تۇرسا قۇرۇتلايدۇ!

— توي بولسىمۇ كۈزدە بولغاندىكىن، كۈزگىچە بىر نېمە قىلارمىز، كۈز ياخشى... كۈزگىمۇ مىڭ يىل بولمىغاندىكىن،... ناھايىتى كەتسە يەنە بەش ئاي...

— ھە، يېتىم ئوغلاق بىلەن تۆل يىگىتكە چوڭ توي قىلىپ بەرمەكچىمىدىڭىز؟ توي دېگەنمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق بولىدۇ. قېرى تويىدەك، جىم- جىتلا، ئالتە خوتۇن كىشى بىلەن تۆت ئە كىشىنى قىچقىرىپلا پاتىھە قىلدۇرساق بولدى!... چوڭ توي قىلىپ كەلسە قالغان تازلىرىڭىزغا نېمە قالىدۇ؟

دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. بۇ دېمەك، ئۇ رازى بولدى دېگەن سۆزىدى.

.......

بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ تۇرغان سابىت قىزغا نېمە دەپ تەسەللى ئېيتىشنى بىلمەي قوللىرىنى ئىشقىلاپ، تەمتىرەپ قالدى. ئۇ كۆز يېشى ئالدىدا، بولۇپمۇ خوتۇن- قىزلارنىڭ كۆز يېشى ئالدىدا ھەر قاچان ئەنە شۇنداق ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى. ئۇ خىيالىدا گۇلزادە بىلەن ئۇچرىشىش ھەققىدە شېرىن تەسەۋۋۇرلارنى قىلىغىنىدا ھامان مۇھەببەت داستانلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر، شائىرانە ھېسقا تولغان سۆيگۈ بايانلىرىنى قايتا- قايتا ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ باقاتتى. سۆيگۈنى كۆز يېشى قىلغاندا ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ئەڭ شېرىن سۆزلەر بىلەن تەسەللى ئېيتىشنى، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاشنى، سويۇشنى، ئاخىرىدا ئۇنى قىچقىلاپ كۈلدۈرۈۋېتىشنى ئويلايتتى، لېكىن، ئۇ بۇنداق شوخلۇقلارنى خىيالىدا قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. سۆيگۈنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەنە شۇنداق ئۆزىنى يوقىتىپ قوياتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ دەسلەپ قانداق قىلىپ مۇھەببەت باغلىيالىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇ چاغلاردا ھەممە ئىش ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ئىدى. ئىككىسى سازلىقتا مال بېقىشقا، ئوت ئېلىش، تېزەك تېرىشكە چىققاندا جىگدىلىكلەردە ئۇچرىشىپ تۇراتتى. گاھىدا ئۇرىشىپ قالسا، گاھىدا ئامراقلىشىپ، قوغلىشىپ چاخچاقلىشاتتى، شۇڭا، ئۇ:

”چوڭ بولغاندا چوقۇم سېنى ئالىمەن“ دېگەن سەھراچىسىغىلا گەپنى قىينالمايلا ئېيتالىغان بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇز ئارا ۋەدىلىشىش، مۇھەببەت ئەھدىنامىسى تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ

ھېچقايسىسى بولمىغانىدى. ئۈلارنىڭ يېشى ئۈلغىيىپ، كۆڭلىدە ئىلگىرى كۆرىلىپ باقمىغان ھېس تۈيغۈلار ئويغانغانسېرى، مۈناسىۋەت ئالىلىقانداق سىرلىق تۈس ئالدى. سابىت نۈرغۈن كىتاپلاردىكى مۈقەددەس، سىرلىق مۈھەببەت بىلەن ئۆزىنىڭ رىئال مۈھەببىتىنى ئارىلاشتۈرىۋەتكەندەك، مۈناسىۋەتنى سىرلىقلارشتۈرۈۋالغانىدى. گۈلزادە كىتابلاردىكى مۈھەببەتنىڭ ئاجايىپ- غارايىپ سېھرىگە ئۈچرىمىغاچقا ھامان ئىلگىرىكىدەك ساددا، تۈز ۋە سەھرا قىزلىرىغا خاس قوپالراق ئىدى. جۈرئەتلىكرەك دېيىشكىمۈ بولاتتى. شۈنداق بولسىمۈ ئىلگىرىكىدىن سەل سىپايىلىشىپ، ھودۈقۈش قىلىدىغان بولۈپ قالغانىدى.

سابىت ئۈزاق تەمتىرەشتىن كېيىن:

— قايغۈرما، بەپتە[1] توپلانتى بولىدۈ، بۈ ئىشنى مەمتىلى ئەپەندىگە ئېيتىمەن. ئۈ چوقۈم بىزگە ياردەم قىلىدۈ،—دېدى.

— ئۈ كىشىنىڭ چولىسى تېگىپ، بۈ ئىشقا باش قاتۈرغىچە، ھېلىقى جادۈگەر مېنى پوقىقا تىقىپ بولارمۈ؟... يا بولمىسا پەيزىۋاتقا قېچىپ كېتەيمىكىن؟ ئۈ يەردە ئانامنىڭ سىڭلىسى بار...

— ئەپەندى ئۆزىمۈ يەتكۈچە ئالدىراش، شۈنداق تۈرسا، نېمە دەپ دەرمەن. ئىشقىلىپ سەن خاتىرجەم بولغىن، —سابىت ئىچىدە ئۈنى ئەركىلىتەتتى: ”خاتىرجەم بول، جېنىم، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سەن گۈلۈمنى باشقا كىشىگە ئۈزدۈرمەيمەن... “

ئۈلارنىڭ گېپى تۈگىگەنىدى. گۈلزادە يوغان ۋە نۈرلۈق كۆزلىرىنى سابىتقا بىر پەس تىكىپ، ئۆي تەرەپكە ماڭدى. كېتىۋېتىپ توختىدى- دە، كەينىگە بۈرۈلۈپ:

— ئەمدى كۆرىشەلمەيمىز، ئەپەندى ئارىلىشىپ، يولىمىزنى قىلمىسا كۆرىشەلمەيمىز. مېنى قېچىپ كېتىدۈ دەپ تالاغىمۈ چىقارمايدۈ،— دېدى ۋە يۈرۈپ كەتتى.

---

[1] بەپتە — ئاتۈش شىۋىسىدە «بۈ ھەپتە» نىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلىشى — ئا.

سابىت جاۋابەن ھېچنەرسە دېمەستىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەززە قىلىۋاتقاندەك زوقلىنىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مانا ئەمدى ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىگەن، غېرىپىمۇ، پەرھادمۇ ئۆز مەشۇقلىرىغا ئېيتىپ باقمىغان گۈزەل ئىبارىلەر تىزىلىپ كېلىپ، شېئىرغا ئايلانماقتىدى. ئۇ ئېچىدە كۈلدى، "توۋا، خۇدايىم ماڭا بەستىمگە يارىشا مىجەز ئاتا قىلسا نېمە بولغاي؟" قىزنىڭ قارىسى يۈتكەندىلا سابىت جايىدىن قوزغالدى.

....

ئۇ مۈشۈ دەرتلىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن توپلانتىدىن چىقىپ ئۇستازىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— بۇ ئىش خېلى جىددىي ئىش ئىكەن،...ـ دېدى تەۋپىق سابىتنىڭ ھەۋەسنى تارتقۇدەك بەستىگە ئېچىنىش نەزىرىدە قاراپ،— خاتىرجەم بول ئوغلۇم، سېنىڭ شېرىنىڭ پەقەت ساڭا — پەرھادقىلا مەنسۇپ بولىدۇ! مەن ۋاقت چىقىرىپ يولىنى قىلاي.

— ئاڭغىچە، ...ئۇلار،... — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى سابىت.

— ياق، مەنمۇ كۆپ كېچىكتۈرمەيمەن، خاتىرجەم بول، — دېدى ۋە ناراقتا تېخىچە كەتمەي تۇرغان ناسىراخۇنغا كۆزى چۈشتى. ئۆزى بولسا قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم بىلەن تەپلىسى سۆزلىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ سابىتقا ناسىراخۇننى تونۇشتۇرۇپ، ئىككىسىنى سۆھبەتداش قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كەتكۈسى كېلىپ، ناسىراخۇننى بۇياققا كېلىشكە ئىشارە قىلدى،— بۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قوي سابىت، ئۆزى تەلەبە بولسىمۇ، يېشىڭلار تەڭ كېلىپ قالىدۇ. ئىسمى ناسىراخۇن، يادىڭدا بارمۇ، بوغۇزدىكى مۇسابىقىدە كۆڭلۈمگە ياراپ قالدى. بايا بىز بىلەن سۆھبەتتە بىللە بولغۇسى كېلىپ كەپتىكەن، بىراق تارتىنىپ كىرەلمەپتۇ. مىجەزىڭلار ئوخشاشتەكمۇ قىلىدۇ، ئىككىڭلار بىردەم پاراڭلىشىڭلار، — ئۇ پائالىيەتچان ئادەملەرگە خاس چاققانلىق بىلەن ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن خوشلاشتى،— خەير، دوستلۇقۇڭلار مەڭگۈلۈك بولسۇن، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار.

# ئالتىنچى باب

كۆلكە—كۆچلۈكلۈك ئالامىتى بولۇپلا
قالماي، بەلكى كۆچلۈكلۈكنىڭ ئۆزىدۇر.
— ئا. لۇناچارىسكى.

## 1

رۇشتى مەكتەپتە دەرس باشلانغاندىن كېيىن ئۇيۇشما رەھبەرلىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خىزمەت ۋە دەم ئېلىش شارائىتى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەشھەدكە كۆچۈپ كېلىشىنى لايىق تېپىشتى، بۇنداق بولغاندا ھېچ بولمىسا بويامەت بىلەن مەشھەد ئارىلىقىدىكى مۇساپىنى بېسىپ بولۇشقا كېتىدىغان ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇيۇشما تەۋپىقنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، مەشھەدتىن ئۆي ئوقۇشتى. قۇمباغدا نىزاخۇن (نىياز ئاخۇن) قوتۇر دېگەن بىر كىشىنىڭ ئۆيى بوش ئىدى. نىزاخۇننىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىغاچقا بۇ ئۆي قاراقسىز دېگۈدەك ئىدى، نىزاخۇن ئەر ـ ئايال يالغۇز قالغانىدى. ئۆينىڭ ئىگىلىرى چۆلدەرەپ ھوھۇلداپ قېلىۋاتقان ھويلىسىغا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆچۈپ كىرىشىنى ئويلىماندا خوشاللانماي تۇرالمايتى، شۇڭا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرىشىغا جان دەپ رازى بولدى. ئۇيۇشما ئۆينى ھەل قىلغاندىن كېيىن تەۋپىقنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى.

تەۋپىق ئىسلام ئاخۇن، ئابدۇراخمانھاجى، نۇرۇللا خەلپىتىم قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يېڭى تۇرالغۇسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ ئۆينىڭ كەڭ- تاشالىقىدىن رازى بولدى. كىتاب ۋە دورا- دەرمەكلەرنى قويۇش ئۈچۈن

دەرىزىنىڭ قارىشىدىكى تامغا ئويۇق چىقىرىپ، تام ئىشكاۋى قىلىشنى زۆرۈر تاپتى...

ئۇنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە ئۇيۇشما ئۆينى قايتىدىن رېمونتلاپ، تەۋپىقنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن لايىقلاشتۇرۇپ بەردى. ئىككى ئۆيدىكى سۇپا ئېلىپ تاشلىنىپ، يەرگە خىش ياتقۇزۇلدى. تەۋپىقنىڭ ياتاقخانىسىغا بىر كارىۋات قويۇلدى.

تەۋپىق بۇ ئۆيلەرنىڭ ئازادە ۋە يورۇقراق بىرىنى خىزمەت ئۈچۈن تاللاپ، كۇتۇپخانا، دورىخانا، مېھمان قوبۇل قىلىش ئۆيى قىلدى. دەرىزىنىڭ قارىشىسىدىكى تامغا يېڭىدىن ياسالغان تام ئىشكاۋىنىڭ بىرىگە كىتابلىرىنى تىزدى. يەنە بىرىنى دورا ئىشكاۋى قىلدى. دارىلمۇئەللىمىندە ئىشلەتكەن يېزىق شىرەسى ۋە باشقا نەرسىلەرنى، نىزامىدىنىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلىرىنى كۆچۈرۈپ كەلدى. شىرەنى دەرىزە ئالدىغا، ئۇنىڭ قېشىغا پىيانىنونى جايلاشتۇردى. تەمبۇرنى تام ئىشكاۋى بار يورۇق تامغا ئاستى. بۇ يەرگە يەنە كېسەللەرنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن بىر دانە ئۇزۇن ئۇستەلمۇ قويۇپ قويدى.

ئويۇشمىدىكىلەر، نىزامىدىن، زورىخان ۋە نىمىتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇنلار ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىشتى. ئاخىرىدا ئۇ جاھازىلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇستى- بېشىنى قاقتى.

— ئىككىڭلارغا بۇ يېڭى تۇرالغۇڭلار ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەسكەرلەردىن.

— ياخشى بولدى، بىزگە ياقتى.

— بولمىسا كۆڭلۈڭلاردىكىدەك سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىمىز،— دېدى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم.

— خىزمىتىڭلار يەتتى، رەخمەت،— دېدى نىمىتۇللا كۇلۇپ.

تەۋپىقنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى بىلىدىغان زورىخان، ئۇنىڭ يۇيۇنۇۋېلىشى ئۈچۈن سۇ ئىسسىتىپ بەردى. تەۋپىق يەڭگىسىگە مۇلايىملىق بىلەن رەخمەت

ئېيتىپ، ياتاقخانىسىغا كىرىپ يۈيۈندى. ئىسسىق سۇ بىلەن پاكىزلەنگەن بەدىنىنى ئادىتى بويىچە مۇزدەك سوغۇق سۇ بىلەن (يازدا كۆپىنچە كۈپىنىڭ سۈيى بىلەن چايقايتى) چايقاپ، ئۆزىنى تېتىكلەشتۈرگەندىن كېيىن، كېيىم ئالماشتۇرۇپ، تېخمۇ روھلۇق، جۇشقۇن هالدا چىقتى.

— يەڭگە، مېنىڭ بۇ يەرگە كۆچكەنلىكىمنى بىلمەيدىغان كېسەللەر ئىزدەپ بارسا ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ. مەن هەر كۈنى ئەتتىگەندە — بامداتتىن يېنىپ كېسەل كۆرىمەن،— دېدى.

— تۈۋا، شۇنداق قىلىپ، بىزدىن بۆلەك بولغىنىڭىز راست بولدىمۇ؟ بىزنىڭ ئۆي نىمىگە ئوخشاپ قالار ئەمدى؟... — زورىخان كۆزىگە ياش ئالدى،— بالىلار...

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن، — دېدى تەۋپىق غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — بالىلارسىز مەنمۇ تازا بۇرۇختۇم بولىدىغان بولدۇم.

— هەممىگە كۆنىۋپ كېتىمىز، يەڭگە، ئەمدى ئۆيگە بېرىڭ. بالىلار يولىڭىزغا قارايدۇ.

جەڭچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تاشقارقى ئۆيدە ئولتۇرغان نىزامىددىن، زورىخاننى ئېلىپ قايتىش ئۈچۈن ئىنىسى بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلارسىز ئۆتىۋاتقان بىرىنچى مىنوت تەۋپىقنىڭ يۈرىكىنى سىقتى. شۇڭا ئۇ خىزمەت بىلەن روھى ئازاپىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن دەرهال، ئۆزىنى تېتىكلەشتۈرۈپ:

— نىمتۇللا، چىقىپ ئېلاخۇنغا ئېيتىڭ، ئاتنى توقۇپ تەييار قىلسۇن، — دېدى تەۋپىق. هازىر ئومۇم ئىشلىتىدىغان ئاتنىڭ هەممىسى ئۇيۇشما ئىختىيارىدا بولۇپ، ئاتلارغا ئېلاخۇن قارايتتى.

— قەيەرگە، ئەپەندىم؟ — دېدى مەڭىلىكاخۇن، تەۋپىقنىڭ چاققان هەرىكەتلەر بىلەن ماتېرىيال سومكىسىغا بىر نېمىلەرنى سېلىۋاتقىنىغا، دورا سومكىسىنى ئېلىپ چىقىپ ئۈنىڭدىكى دورىلارنى بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈپ، كەملىرىنى تولۇقلاپ سېلىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇپ.

— مەن ئاغۇغا چىقىپ كىرەي، سىلەر دەم ئېلىۋېلىڭلار، پاتلا قايتىمەن، —ئۇ ئىشتىن باش كۆتۈرمەي شۇنداق دېدى.

— كۆرىدىغان كېسەل بارمىدى؟

— ياق، مەكتەپ ئىشى بىلەن، دورىلارنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېلىۋالاي دەيمەن. كېسەللەر ئۇچراپ قالسا ئاپلا دەپ قالماي...

— خەير، ئىنىم، — ئۇ سومكىلارنى ئېلىپ، مەڭلىكاخۇننىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى ھەققىدە بىر نېمە دېيىشىگە پۇرسەت بەرمەي چاپسانلا چىقىپ كەتتى. ئۇيۇشما (بىنا پۈتكىدەك بولغاندى)غا بارغاندا ئېلاخۇن ئاتنى توقۇپ، يۈگىدىن تۇتۇپ تۇرغاندى. بۇ يەردە نىمتۇللامۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى تۇقۇپ، بىللە بېرىشقا جابدۇنغانىكەن. تەۋپىق ئۇنى رەت قىلىشنىڭ پايدىسىزلىقىغا كۆزى يېتىپ گەپ قىلمىدى ۋە يېنىك ھەرىكەت بىلەن ئىرغىپ مىندى ـ دە، يورۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى.

كەچقۇرۇن ئۇ ھېرىپ- ئېچىپ قايتىپ كەلگەندە، نىزاخۇن قوتۇرنىڭ ھويلىسى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تەۋپىقنى كۆرۈپلا ھەممىسى ئەھۋال سوراپ، چۇقۇرۇشۇپ كەتتى. تەۋپىقنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا نۇۋەتتىكى ھارغىنلىقتا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا بولىدىغان بىر خىل ئىپادە ئۇرغۇپ چىقىپ، ئارقىدىنلا نۇرلۇق كۆزلىرىدە مېھرىبانلىق ئىپادىلەندى. چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خوش كېلىشىپلا، — دېدى ئۇ ئاۋۋال سالام قىلىپ.

— سىزنى ئاۋارە قىلغىلى كەلدۇق، يەنە نېمىگە كېلەتتۇق، — دېدى بىرەيلەن.

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئىلگىرى ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى كېسەل كۆرەتتى. كۆرىنىدىغانلارمۇ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كېلىشكە ئادەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ مەشھەدكە كۆچۈپ كېلىشى بىلەن يېڭى چوپقەتلەرنىڭ كۆپىيىشى تەبىئىي ئىدى.

ئاتىلار، ئانىلار، بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، يېڭى سەرەمجانلانغان "قوبۇلخانا" ھەم "ئىشخانا" غا كىرىپ كېلىشتى. ئۇ مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كېسەللەر ئولتۇرۇشقا ئۇستەل يېتىشمىگەچكە، ئېشىپ قالغانلىرى ئۆرە تۇرۇشتى. بۇ ھالنى كۆرگەندە تەۋپىق كۆڭلىدە: "يەنە بىر ئۇستەل ياساتمىسام بولمايدىكەن ـ دە" دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئاۋۋال بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايالدىن ئىلگىرىكى دورىلارنى قانداق ئىشلەتكەنلىكىنى، قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سوراپ، ئاندىن ئۆزى ئانا قۇچىقىدىكى بالىنىڭ كۆزىگە قاراپ، تىلىنى چىقارغۇزۇپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ يەنە دورا بەردى ۋە قانداق ئىچۈرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى①. يەنە بىر ئانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۆسمۈرنى قولىدىن تارتىپ كېلىپ، ئاۋۋال ئۇنى ئۆز بالىسىدەك ئەركىلەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ باش كىيىمىنى ئېلىپ، دەرىزە ئالدىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇشقا باشلىدى.

— بولدى، قويۇڭ، ئەپەندىم، — دېدى خىجىل بولغان ئانا مەڭدەپ، — ئۆزۈم يۇيۇپ بېرەي، ئاندىن...

— سالا پىشىقچىلىكمۇ نى ئىشلار تۇگەيدۇ، ھەرگىز خىجىل بولماڭ، — دېدى تەۋپىق كۈلۈمسىرەپ، — بالا كەلگۈسىنىڭ، مىللەتنىڭ بالىسى.

بالىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئاق مەلھەمنى چاپتى. ئانا بولغۇچىغا يەنە بەزى گەپلەرنى تاپىلاپ، ئۇنى ئىززەت- ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. شۇنداقلا خوشلاشقۇچىلارغا بۈگۈندىن كېيىن سەھەردە، بامدات نامىزىدىن كېيىن كېسەل كۆرىستىش ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى، كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ بۈندىن كېيىن بامداتتىن كېيىن كېلىشنى تاپىلىدى.

---

① تەۋپىقنىڭ ئۆيىدە كېسەل كۆرىشى ۋە تام ئىشكاۋى (ئەمەلىيەتتە بىر نەچچە بۆلۈنگەن تاكچە) غا تىزىلغان دورىلار ھەققىدە قەشقەر قىزىل دۆۋىدىكى توختاجىنىڭ مەكتىۋىدە ئوقۇغان ۋە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئاخىرىدا قەشقەر كۇتۇپخانىدا ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان مەھەممەد ئوسمان ئاكا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە تەۋپىق ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ياخشى ئۆتۈشىدىكەن، شۇڭا مەھەممەد ئوسمان ئاكا تەۋپىقنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغانىكەن، — ئا.

ئۇ كېسەللەرنى نۆۋەتتى بىلەن تەكشۈرۈپ، دورا بېرىپ، تېڭىپ دېگەندەك، ھەممىسىنى ئۆزاتقاندىن كېيىن بۇگۈن قىلغان ئىشلىرىدىن قىسقىچە خاتىرە يېزىش مەخسىتىدە يېزىق شىرەسى ئالدىدا ئولتۇردى.

ئۇ يېزىق شىرەسى ئالدىدا خاتىرە يېزىپ ئولتۇرۇپ، ھارغىنلىقىنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇگە- ئۇگىلىرى سىقىرايتتى.

ئۇ شۇ تاپ، بىر مەزگىل دەم ئېلىشقا، بۇ جەرياندا خىزمەتكە دائىر ھېچنەرسىنى ئويلىماسلىققا مۇھتاج ئىدى. مانا بۇ ئېھتىياج ئۇنىڭدا شىرىن خىياللارنى تۇغدۇردى. بەلكىم بۇگۈن ئادەتلەنگەن تۇرالغۇ، تۇرمۇش شارائىتىدىن تۇنجى قېتىم ئايرىلغىنى ئۇچۇنمىكىن ئويچان بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىستامبول، مەرمەرە دېڭىز ساھىلى، ئەدىبە پەيدا بولدى. نېمىشكىدۇر ئۇنىڭ خىيالىدا پەيدا بولغان قىزنىڭ يوغان بۇلاق كۆزلىرىدە سۈزۈك ياش دۇردانىسى لىغىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھال تەۋپىقنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزلىتىۋەتتى. قىز ئەسلىدىمۇ خىيالچان، مۇڭلۇق ئىدى، ئەمدى بولسا زادىلا سۆزلىيەلمەيتتى. پەقەت غەمكىن قاراپ تۇراتتى. ئاپپاق چىشلىرى قىزىل لەۋلىرىنى چىشلىگەن ھالدا قېتىپ قالدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خىيالىدا "ئۇ ھەيكەلمۇ، ئادەممۇ" دېگەن غەلىتە خىياللار پەيدا بولدى. قىزنىڭ قولىدا قاتتىق قەغەزگە يېزىلغان ۋەسىيەت تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ دادىسى قازا تاپقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. نۇرغۇن مال - مۈلۈك، قورو - جايلار ئەدىبەگە قالدۇرۇلغانىدى.

قىز يەنىلا سۆز قىلمايتتى. ياش بىلەن پارقىراپ كەتكەن كۆزىنى مىتمۇ قىلماستىن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا نارازىلىق، يالۋۇرۇش، ئاچچىقلىنىش ۋە سېغىنىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇلاردىن مەمتىلى ئەپەندى: "ھەي، مەمتىلى ئەپەندى، مېنىڭ جىگىرىم، مانا ئەمدى بۇ دۇنيادا يەككە- يېگانە قالدىم، ماڭا بۇ بايلىق شادلىق بېرەلمەيدۇ، سىز نېمىشكە تەييار راھەتتىن كېچىپ، شۇنچە جاپادا ياشايسىز؟ ئەجەبا ھېچكىم ئويلىمىغان مىللەت تەقدىرىگە سىزلا مەسئۇل بولسىڭىز؟ شۇنداق قىلىپ مېنىڭ يىل ياشارمىدىڭىز؟..." دېگەنلەرنى چۈشەندى. "ئۇنى كۆپ ئويلىغان، نېمىشكە

ئويلىمايدىكەن... “ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن شۇ ئوي كەچتى. بىراق ئەدىبەنىڭ مىت قىلىپمۇ قويماستىن تىكىلگەن كۆزلىرى، لىۋىنى چىشلىگەن ھالدا قېتىپ قالغان چىشلىرى ئۇنىڭدا ھېلىقى غەلىتە سوئالنى قايتىدىن تۇرغدۇردى: ”ئۇ راستىنلا ئادەممۇ ياكى قاشتېشى ھەيكەلمۇ؟“. ئۇ شۇ سوئال بىلەن ھەلەك بولۇپ، گۇمانىنى يېشىش ئۈچۈن ئاشۇ ھەيكەلنىڭ ياكى ئەدىبەنىڭ جەينىكىگە تۇرتۇۋىدى، قىز بىردىنلا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنى چۆچىتىۋەتتى.

تەۋپىق ئۆزىنىڭ مۇگدەپ قالغانلىقىنى بىلگىنىدە قەلبىنى ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ھەسرەت چولغىۋالغانىدى. ”ئاھ، ئەگەر ئۇخلۇم بولۇپ قالغان بولسىچۇ، مەن ئۇنىڭغا يۈرىكىمنىڭ بارلىق سىرىنى تۆكەتتىم.... “ دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە چۈشىدىكى مەنزىرىلەر قايتا نامايەن بولۇپ، ئويلاشقا باشلىدى.

ئەگەر ئۇ رازى بولسىلا مىليونېرغا ئايلىناتتى. ئۇنىڭدەك ئەقىللىق ئادەمنىڭ قولىدا بۇ مىليونلار كۆنسېرى كۆپىيەتتى. تېز ئارىدا ئۇنىڭ پۇلى مىلياردقا يېتەر. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ بۇ پۇل بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ مىللىتىنى تەربىيلىسە پايدىسى تېخىمۇ كۆپ بولماسمىدى؟ توغرا، نېمىشكە شۇنداق قىلماي، بۇنداق ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا ئاقارتىش ئېلىپ بارىمەن دەپ جاپا چېكىش كېرەككەن؟  يا تۇرمۇش مەئىشىتىنى كۆرمەي، يا نورمال دەم ئېلىشقىمۇ مۇيەسسەر بولالماي ئىشلەشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەسلىدە مۇشۇ ئىشنىڭ تەۋپىق ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بار؟ ئۇ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاتىسى ئەمەسقۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى جاپا تېپىۋېلىشى كېرەككەن؟ ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئېلىپ ئۆتۈپ كەتسىلا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق غەم- تەشۋىش قالمايدىغۇ؟ خۇددى بىرسى ئۇنىڭغا مىللەتنى ئاقارتىشنى ۋەزىپە قىلغاندەك نېمە بۇنچە جاپانى بېشىغا كىيىۋالدى؟ ئەگەر شۇنداق قىلماي بولمايدۇ دېسە، پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن قولى ئۇزارغاندا نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدىغۇ؟

مەمتىلى ئەپەندى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان بېشىنى سىلكىپ كۆتەرگىنىدە روھمۇ رىياللىققا قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ باياتىن بېرى كۆڭلىدىن كەچكەن خىياللىرى ئۈچۈن خىجىللىق ھېس قىلدى. ئۇ ئارقىدىنلا يەنە پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن شۇ پۇلنى خەلق يولىدا ئىشلىتىش پىكرىنى توغرىدەك ھېس قىلدى ـ يۇ، لېكىن شۇئانلا رەد قىلدى. "كىم بىلىدۇ، پۇل دېگەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئېزىتقۇ، ئۇ كىشىنى نېمە ئويلارغا سالىدۇ؟!..."

بۇ چاغدا ۋاقتىنىڭ قانچە بولغىنى نامەلۇم، ئەمما تۈن پەردىسى ئالەمنى ياپقان، ئىككى ئەسكەر ئالىلقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تەۋپىق مەيدە يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى. ئاخىر ئۇ بولمىغۇر خىياللارنىڭ ئادەمنى كاردىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەممە ئېزىتقۇ ئويلىرىنى بىر يولى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا تەمبۇرنى ئالدى ۋە ئۆچۈپ قالاي دېگەن شام ئورنىغا يېڭىسىنى يېقىپ، سەنەملەرنى بوش ئاۋازدا، تىرىڭشىتىپ چېلىشقا باشلىدى. مۇزىكا ئۇنىڭ قانلىرىنى ئۇرغۇتتى. ئۇ يەنە قىزغىن، ھەرىكەتچان، ئوت يۈرەك مەمتىلىگە ئايلانغانىدى...

— كىرسەك بولامدۇ، ئەپەندىم؟ — دېدى نىمتۇللا بوسۇغىدا تۇرۇپ تۈيۈقسىزلا.

— ھە...؟ كەچۈرۈڭلار، يىگىتلەر، مەن ئۆزۈمنى دەپ سىلەرنىڭ ئۇيقۇڭلارنى ھارام قىلغان ئوخشايمەن.

— يوقسۇ، ئەپەندىم، ئۇزۇن بولغانىدى مۇنداق چالغىنىڭىزنى ئاڭلىمىغىلى، ئاڭلىغىمىز كېلىپ قالدى، ئەمدى بەربىر ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايمىز.

— خاھلىغان بولساڭلار كىرىڭلار، خىزمىتىڭلارغا تەييارمەن، — دېدى تەۋپىق ئەسنەشتىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

كۆپ ئۆتمەي مەشھەدنىڭ كېچە ئاسمىنىدا تەمبۇرنىڭ تىترەك ساداسى لەرزان ئۇزۇشكە باشلىدى.

## 2

پەيشەمبە كۈنى كەچقۇرۇن ”توپلانتى“ ۋاقتىدا مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى ئاۋۋالقىدەكلا رۇشتى مەكتەپكە يىغىلدى. ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلىرىمۇ كەلدى. پەقەت قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىملا كەلمىدى. بۇ ھال كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. تەۋپىق ھەممەيلەننى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن قۇتلۇقئاخۇننىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، رەڭگىدە قېنى قاچتى. خەلپىتىم خېلىدىن بېرى مانا مۇشۇنداق بولىۋالغانىدى. گاھىدا يىغىنغا كېلەتتى، كەلگىنى بىلەن بېشىنى سېلىپ جىم ئولتۇرۇپ، گويا بۇ يەردە ئەمەستەك بىر خىل كەيپىياتتا كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىپ، شۇ پېتى قايتاتتى. كۆپ چاغلاردا ئىشلارغا ئارىلاشماي كارى يوق يۈرەتتى. بۇ ئىشتا مەسىلىنىڭ سالمىقى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم تەرەپتە دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تولاراق چۈشەنچە بېرىپ، قۇتلۇقئاخۇنغا ئانچە كۆپ خىزمەت ئىشلىمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا ئىشلار بىلەن ھەممىشە ئالدىراش يۈرگىنى ئۈچۈن، ھە دېگەندە پۇرسەتمۇ بولمىغانىدى. ئەمدى كۆردىكى، ئىسلام ئاخۇن ھېچ بىر ئاداۋەت ساقلىغاندەكمۇ ئەمەس، كۆڭلىگە ئالغاندەكمۇ ئەمەس، ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق خىزمەتكە بېرىلىپ، كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ ئىشلەپ، كەلمەكتە. قۇتلۇقئاخۇن بولسا ھېلىقىدەك...
تەۋپىقنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى:

— قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم كەلمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىگە قاراپ.

— ئۇ ئادەم سەل تاۋىم يوق تۇرىدۇ، دېگەندەك قىلىۋىدى،... —دېدى ئابدۇراخمانھاجى ئەندىشە ئارىلاش.

— تاۋى يوقمىكەن؟ نىمىتۇللا! — تەۋپىق ئىشىك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

شۇئان ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرغان ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ ئالدىدا هازىر بولۇپ دىققەتتە تۇردى.

— ئىككىڭلار هازىرنىڭ ئۆزىدىلا قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار، ئۇ كىشىنىڭ تاۋى يوقمىش، راست بولسا كۆتۈرۈپ كېلىڭلار.

— خوپ!

ئادەتتە ئۇچۇق- يۇرۇقلۇق بىلەن بولىدىغان يىغىن بۇگۈن هە دېگەندە سۈرلۈك تۈسكە كىردى. هەيئەتلەرمۇ، مۇئەللىملەرمۇ چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەي، ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. ئۇلار تەۋپىقنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق خىجىل بولاتتى.

— نېمىشكە گەپ قىلمايسىلەر؟ — دېدى تەۋپىق هەممەيلەنگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — نېمە، بىز هازىدارلاردەك ئولتۇرىمىزمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن كەيپىيات بىر ئاز جانلاندى. لېكىن، يەنىلا ئارىدىن ئوڭايسىزلىنىشتەك بىر خىل كەيپىيات پۇتۇنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەندى. شۇڭا تەۋپىق كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن چاقچاق باشلىدى:

— نارۇللا، سىزنىڭمۇ ئوتىڭىز ئۆچۈپ قالدىمۇ، نېمە؟

ئۇنىڭ چاقچىقىغا جاۋابەن نۇرۇللا خەلپىتىم چاقچاق قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەجلىس ئەھلى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا نىمىتۇللا ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۆزى يانغا ئۆتۈپ، ئۇزۇن چەكمەن تونغا ئورۇنىۋالغان قۇتلۇقئاخۇنغا يول بەردى. خەلپىتىم كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە سىرتتا تۇرۇپ ئىشىكنى ھىم يېپىۋەتتى.

قۇتلۇقئاخۇننىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن كەيپىيات يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى. ھەممەيلەن بۇ ئىشنى قانداق ئاخىرلاشتۇرىدىكىن، دېگەن ئويدا كۆڭۈللىرى پاراكەندە بولۇپ، ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرغاندا، ھەل قىلىش چارىسىغا ئەقلى يەتمەي بېشى قېتىپ كېتەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خەلپىتىم، — دېدى. تەۋپىق تەمكىن، روھلۇق ۋە ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن.

بۇنىڭ بىلەن يىغىن ئەھلى چوڭ بىر تىنىق چىقىرىشقا مۇيەسسەر بولغان بولسا، قۇتلۇقئاخۇن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە دۈشمەنلىك كەيپىيات بىلەن كېلىپ، ھەتتا ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم“ دېيىشكىمۇ رايى بولمىغىنى، تەۋپىق ئۇنى گويا سالام قىلغۇچىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىۋاتقاندەك كەيپىياتتا بېرىلمىگەن سالامنى ئىلىك ئالغىنىنى كۆرۈپ، خىجالەت پاتقىقىغا پاتتى. ئۇنىڭ ئۇۋايىسىزلىنىشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇ بۇ سورۇندا كىم- كىملەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، ھەتتا بۇ يەرنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلىشكىمۇ ئەقلى ئىشلىمەي قالدى. تەۋپىق ئۇنى بۇ خىل خىجىللىقتىن تېزراق قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەنە:

— ئولتۇرۇڭ، خەلپىتىم، ئىسلام ئاخۇننىڭ قېشىدا ئورۇن بار؟ شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن قۇتلۇقئاخۇن ئوتتۇرىدا مەڭدەپ تۇرۇش مۇشەققىتىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرغىنى ئۈچۈن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ نېمىشكىدۇر ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىپ خېلىدىن بېرىلا مۇشۇ خىل ھېسسىيات بىلەن ئەلدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. يېنىدىكىلەر بىلەن تېپىلىق سورىشىشقىمۇ ئەقلى ئىشلىمىدى. باشقىلار ئۇزۇڭ- ئۇزۇڭ تىنغان ھالدا ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— خەلپىتىم، تاۋىڭىز يوق دەپ ئاڭلىغانىدىم، سەل ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، قانداق؟ — تەۋپىق ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن، سىلىق قىلىپ سورىدى. ئۇنىڭ ئاھاڭىدا مەسخىرە ياكى تەئەددى ئالامىتى يوقىدى.

— ئوبدان، تېنىم ساق... خەلپىتىم جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن شۇ سۆزلەرنى ئىككى قېتىمدىن تەكرارلىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

— كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كىرىڭ، مەن ئوبدان بىر تەكشۈرۈپ كۆرەي، كېسەل دېگەننى داۋالىمىسا ساقىيامدۇ.

— ياق، ياق، ھازىر ئوبدانلا بولۇپ قالدى...

— ئالدىڭىزدا ئۆزىرلىكمەن، تاۋۇڭىز يوق ئەھۋالدا چاقىرتىپ كەلدىم.

— يوقسۇ، ئەپەندىم، ئۆزۈممۇ زادى، كېلەي دەپ تۇرغان...

— ئۇنداق بولسا ياخشى بوپتۇ، بىز مۇزاكىرىمىزنى باشلايلى، قېنى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم، تەكشۈرشىڭىزنى مۇئەللىملەر ئالدىدا بايان قىلىپ بېرىڭ ئۇلار ئاڭلاپ ئويلىنىپ باقسۇن.

كۆپچىلىك كۆكرەكلىرىنى تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئېلىشتى. شۇندىلا كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەن قۇتلۇقئاخۇن ئىككى تەرپىدىكىلەرگە خىجىللىق بىلەن قاراشقا باشلىدى.

— سورىغىلى بارالمىدىم... تېخى بۈگۈن توپلانتىدىن چىقىپ يوقلاپ ئۆتەرمەن دەپ ئويلىغاندىم، — دېدى ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم، قۇتلۇقئاخۇننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ.

ئۇ گەپ ”كېسەل“ بولغۇچىنى تېخىمۇ خىجىل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى ئېچىشقاندەك بىر خىل سېزىمغا كەلدى. ئۇ ئىسلام ئاخۇندىن ئەپۇ سوراشنى ئويلىغان بولسىمۇ، نىمىدۇر بىر نەرسە، بىر خىل چالاكۆرەڭ خۇي يول قويمىدى. شۇڭا كۆڭلىدە بۇنداق سەتچىلىكنى ئىككىنچى سادىر قىلماسلىققا ۋەدە قىلدى.

ھەممە ئادەمنىڭ بېشى قاتقان ئىشنىڭ شۇنچىلىك ئاددى ھالدا ھەل بولغىنىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىك ھەيران بولۇشتى. بۇ ئىش ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇ- ئوقۇتۇش خىزمىتى ھەققىدىكى مۇزاكىرىلەر باشلىنىپ كەتتى. ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئوتتۇرغا قويۇپ بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئايرىم سىنىپلىرىدا نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ چېچى ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، باشقا بىر مەكتەپنىڭ يەنە بىرسىنىپىدا قانچىسىنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسى توڭرا تۇرغىنى، ئۈچىنچى بىرسىدە قانچە ئوقۇغۇچىنىڭ تىرنىقى ئېلىپ قويۇلمىغانلىقىنى ئېيىپلاش تەلەپپۇزىدا قاتتىق- قاتتىق سۆزلەپ ئۆتتى.

خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ ئولتۇرغان تەۋپىق نازاپەت تەكشۈرۈشتە تۆۋەن نومۇر ئالغان يۇقارقى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا بۇيرىدى. ئۇ بىر- بىرلەپ ئىسمىنى يېزىۋالغاچ ئۇلارغا:

— بۇ نېمە بولغىنى، يىگىتلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ نارازى ئاھاڭدا، — ئۇلارنىڭ چېچىنى ياساپ قويۇشقا چولۇڭلار تەگمىدىمۇ، ياكى ئاقسۆڭەكلەرچە ئىپسىلىلىك بىلەن، بۇ ئىشنى سالاھىيىتىڭلارغا توغرا كەلمەيدىغان پەس ئىش دەپ قارىدىڭلارمۇ؟ — ياش ئەپەندىلەر باشلىرىنى يەرگە سىلىپ جىم تۇرۇشتى، — سىلەر ئويلايسىلەر، ”بىز مۇدىر، شۇ تەلەبىلەرنىڭ مۇئەللىملىرى شۇنداق قىلماپتۇ… “، شۇنداقمۇ؟ ياق، ئەركەك بولساڭلار مەسئۇلىيەتنى ئۆزەڭلاردىن قاچۇرۇشقا تىرىشماڭلار. چۈنكى مۇئەللىملەرگە كۆز- قۇلاق بولۇش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، پىكىر بېرىش سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار ئەمەسمۇ؟ مۇئەللىملەر قىلمىغان بولسا سىلەر قىلساڭلار يامان بولاتتىمۇ؟ سىلەرنىڭ نۇمۇسۇڭلار كەلگەن بولسا ئېيتىڭلار، مەن قىلاي، بالىلارنىڭ ئوماق قوللىرىنى يۇيۇپ قويۇش، تىرنىقىنى ئېلىپ قويۇش قۇسقۇڭلارنى كەلتۈرىۋېتەمدىكەن؟ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، يىگىتلەر، ئىنساننىڭ ئۆسۈپ – يېتىلىمىكى ئەنە شۇنداق مۇشكۈل ئىش. ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىنىڭ قايسى مەينىتىنى كۆرمەيدۇ؟ تۈتمايدۇ؟ مۇئەللىم ھەم ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتا - ئانىسى! كىمكى بۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا يارىمىسا، دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل نام، ئەڭ يۈكسەك شان- شەرەپ —”مۇئەللىم“ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس!

— ئەپەندىم، ئەگەر ئىشەنسىڭىز، مەن بىر ئېغىز گەپ قىلسام… — ياش مۇدىردىن بىرى كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— خوش…

— بىزدىن ئىككىنچى مۇشۇنداق ئىۋەن كۆرىلىپ قالسا ئىككى ئالەم قارا يۈز بولايلى!

— بۇ ھەممىڭلارنىڭ ئورتاق گېپىمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم، بۇ قېتىمقى خىجىللىقتىن ئۆلمىدۇق، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇق،

— بولىدۇ، مەن سىلەرگە ئىشىنىمەن، خوش خەلپىتىم، ئوقۇش ئەھۋالىدىن نىملەرنى كۆردىڭىز؟ سەزدىڭىز؟

ئالدىنقى مەسىلە ئېلىپ كەلگەن خىجىللىق تۈپەيلى، ئىككىنچى مەسىلىدە ئىسلام ئاخۇن ئېغىز ئاچقىچىلا، ئوقۇش نەتىجىسىدە مەسىلە كۆرۈلگەن مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرى ئۆزلىرى سەھۋەنلىكىنى بويىغا ئېلىپ سۆزلىدى.

— سىلەرنىڭ سەۋەنلىكىڭلارنى تونىغىنىڭلار بىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ، — دېدى تەۋپىق ئەستايىدىللىق بىلەن، — لېكىن، پەقەت سەۋەنلىكنى تونۇشلا تۈزەتكەنلىك ئەمەس، بۇنى بىز كېلەر  قېتىملىق توپلانتىدا كۆرىمىز. ھەر قېتىم "تونۇش" بىلەنلا ئۆتكەلدىن ئۆتىۋالىمىز دەپ ئويلىغان بولساڭلار خاتا قىلغان بولىسىلەر. مەن بىر مۇئەللىمنىڭ يارامسىز بولىشى كېيىنكى ئەۋلادنىڭ ئىستىقبالىغا، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، ھەر قانداق بىر ئاقنانچىنى، ھەتتا يۈزلەپ ئاقنانچىنى ئۆيىدە ئولتۇرغۇزۇپ بىكاردىن پۇل بېرىپ بېقىشقا بولىدۇكى، لېكىن ئۇنى مەكتەپتە قالدۇرۇپ بېقىش مىللەتنىڭ كېلىچىكى بىلەن ئوينۇشۇش دەپ قارايمەن. بۇ كۆڭۈلچەكلىك قىلىدىغان ئىش  ئەمەس.

ئەمدى بۇندىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە نىملەر قىلىش ھەققىدە مۇزاكىرە باشلىنىپ كەتتى.

قۇتلۇقئاخۇن تەۋپىقنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا قاتتىق گەپ قىلمىغىنىدىن ھەم خۇشال بولدى، ھەم خىجىل بولدى. ئەگەر ئۇ ئاشكارە تەنقىد قىلىنغان بولسا ئوڭايسىزلىقنىڭ تۇمانى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ ھەممە نەرسە ئوچۇق - يورۇق بولغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ تەۋپىقنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشنى، ئارىدىكى بۇرۇختۇملۇقنى كۆتۈرىۋېتىشنى ئارزۇ قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل كۆڭۈل خاھىشىنى سەزگەندەك، مەجلىستىن كېيىن تەۋپىق ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭدى. خەلپىتىم ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ،

ھە دەپ نەپسىنى راستلايتتى. ئۇلار خەيرلىشىدىغان يەرگە كەلگەندە تەۋپىق توختىدى. قۇتلۇقئاخۇنمۇ توختىدى. يىراقتا خۇپتەنگە ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ يېنىدىلا قۇمباغ مەسچىتىدىنمۇ بىرسىنىڭ سالماق لەپزى ئىشتىلدى.

— خەلپىتىم، سىز ئىسلام ئاخۇن تەرىپىدىن بىرەر سەۋەنلىكنى سەزدىڭىزمۇ قانداق؟

— يوقسۇ، سەزگىنىم يوق، ئۇ كىشى ھالال ئىشلەيدۇ...

— شۇنداق، ئۇ كىشى ھالال ئىشلەيدۇ، سىزمۇ ھالال ئىشلەيسىز. سىزنىڭ نارازى بولىشىڭىز ھەرگىزمۇ ئۇ كىشىنىڭ ياخشى ئىشلىمەيۋاتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى، تۆركۈللۈكنىڭ مۇدىر بولۇپ قالغانلىقى، شۇنداقمۇ؟ ياق، دېمەڭ جاۋاب بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، — تەۋپىق يېقىنلا بىر جايدا كۆرۈلىدەۋاتقان پاقىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ئۇزاق جىم بولۇپ كەتتى. ئاندىن، — بۇ سىزنىڭ نارازىلىقىڭىزمۇ؟ ناتايىن. سىز ئۇ يەر- بۇ يەردە بولىۋاتقان قۇتراتقۇ سۆزلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىڭىز. بىز ھەممىمىز مىللەت ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان تۇرۇپ، نىمىشكە ئۇ يەر- بۇ يەر، ئۇ يۇرت- بۇ يۇرت دەيمىز؟ ئۇ يۇرت بولسا كىمنىڭ يۇرتى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ! دېمەك، مەسىلە ھەل! ئەگەر بىر كىشى مىللەتكە زىيانلىق بولسا ئۇنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى مۇھىم ئورۇندا داۋاملىق قالدۇرغىلى بولمايدۇ. شەخسىي چوڭچىلىق دەۋاسى بىلەن مىللەتكە پايدىلىق بىر ئادەمنى يوقىتىۋېتىشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. ئەمىسە سىز مۇدىر بولۇڭ، بۇنىڭغا ئىسلام ئاخۇن تامامەن رازى.

— ياق، ياق، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى. ئۆزۈممۇ ئارىنى ئوچۇق قىلىپ، گۇمان ئەندىشىلەرنى ئارىدىن كۆتىرىۋەتسەك دەپ ئارزۇ قىلىپ تۇراتتىم. مانا ئەمدى ئوبدان بولدى. مەنمۇ كېيىن ئويلاپ قالدىم، ئۆزۈمگە "مەن زادى نېمىنى كۈتىمەن؟ نېمىنى تالىشىمەن؟" دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ كۆرۈۋىدىم، ھەقىقەتەنمۇ تالاشقىدەك ھېچ ئىش يوقكەن. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە ـ دە!...

— بىز ھەممە "ئۇچۇن"لەرنى ھازىرقى ۋاقىتتا، "مىللەت ئۇچۇن" گە بويسۇندۇرمايدىكەنمىز، ياخشى كۈن كۆرمەيمىز. دۈشمەن بىزنىڭ دەل ئاشۇ ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ كەلدى. بۇنى بىز قاچانغىچە چۈشەنمەيمىز؟ توغرا، قانغا سىڭگەن ئادەتنى ئۆزگەرتىش تەس، بىز ئىختىيارسىز ھالدا يەنە يۇرتۋازلىقا ياتىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سالىمىز. لېكىن، خاتالىق ئىكەنلىكىنى سەزگەن ھامان يۈزىمىزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر بوينىمىزغا ئالايلى. شەخسىي ئابرويىمىزنى ئەمەس، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئابرويىنى ئويلايلى.

— سىز بۇ ئىشتا قۇتراتقۇلۇق قىلغاننى ئېيتىپ بېرەلىگەن بولسىڭىزغۇ ئىشنى تېخىمۇ يىلتىزىدىن تۈزىتەتتۇق. ئەمما دېسەم - دېمىسەم، كىمنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ قالغىنىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلمەيسىز. قۇتراتقۇلۇق ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ئوتتۇرىغا بىر يامان گەپ تېرىلىدۇ، ئۇ بىرنى دەپ، بۇ بىرنى دەپ، گەپ ئاۋۇيدۇ، ئاخىرىدا بۇ گەپ زادى قەيەردىن باشلاندى دەپ ئويلىساق، يىلتىزىنى تاپالمايمىز. غەيۋەت دېگەن ئەنە شۇنداق، نەقلا شەيتاننىڭ ئۆزى. توغرىمۇ قانداق؟

قۇتلۇقاخۇن ھەيران قالدى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى: ئۇ شۇئانكى خىجىللىقىدا بۇ دۈشمەننى ئېيتىپ بېرىشكە تەييار ئىدى. ئەمما ئۇ سايىدەك كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ قولغا چىقمايتى؛ بۇ قۇتراتقۇ سۆزلەرنى كىملەر ئۇنىڭ كاللىسىغا قۇيۇپ ئېلىشتۇرۇپ قويۇۋىدىكىن؟

قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم گەپ- سۆزسىز سۈكۈتتە تۇراتتى. ئۇ خۇپتەننىڭ قازا بولىشىدىن ئەندىشىگە چۈشكەندەك قىلدى. دېگەندەكلا قۇمباغ مەسچىتىدىن بايا ئەزان ئېيتقان ئاۋاز ئاچچىق ئارىلاش ۋارقىرىدى:

— قاۋمەت![1] .

تەۋپىق قۇتلۇقئاخۇننىڭ كەيپىياتىدىن سۆزنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى سەزگەچ، گەپنى قويۇپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتى، - دە،

---

[1] نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، تېز بولۇڭلار، — دېگەن مەنىدە — ئا.

مەسچىد تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ خەلپىتىمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، تېز- تېز مېڭىشلىرىدا بىر خىل دوستانە مۇئامىلە، ئالىجاناپلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارغا يولدا كۆتۈپ تۇرغان بىرسى ئۇچراشتى. تەۋپىق كۆتۈپ تۇرغۇچىنىڭ سابىت ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇپ، قۇتلۇقئاخۇننىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ سابىتقا يېقىنلاشتى.

— گېپىڭ بارمىدى ئوغلۇم؟ بولمىسا نامازنى مۇشۇ يەردە ئوقۇپ ماڭ، مەسچىدكە كىرگىچە گېپىڭنىمۇ قىلىپ بولىسەن، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن.

سابىت گەپ- سۆز قىلماستىن ئۇنىڭغا يانداشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان تەۋپىق، ئۆزى گەپ تەشتى:

— يەنە ھېلىقى ئىشمۇ؟ قىزنىڭ ئۆيىدىكى ئىشمۇ؟

— ھەئە....

تەۋپىق سابىتقا تەسەللىي بەردى. ئاندىن گۈلزادىنىڭ ئۆيى قەيەردىلىكىنى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى سورىۋالغاندىن كېيىن:

— ئەمدى پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. تېزراق بېرىپ مەشۇقىڭغا خۇشخەۋەر قىل...

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرشەلمەيۋاتىمىز... تويىنىڭ ۋاقتى يېقىن.... بۈگۈن - ئەتىلىكلا قالدى...

— ياق، بىز مۇشۇ دەۋىردىمۇ لەيلى- مەجنۇنلارنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ھىجران ئازابى تارتىپ تۈگىشىپ كېتىشكە يول قويمايمىز، — دېدى تەۋپىق كەسكىن ھالدا. ئۇنىڭ ئىشەنچىكە تولغان ئاۋازى سابىتنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇلار نامارخانلارنىڭ سېپىگە كېلىپ يانمۇ- يان تۇرۇشتى.

مەمتىلى ئەپەندى رۇشتى مەكتەپتىكى دەرس، ئىزچىلارنى ئالاھىدە تەربىيىلەش، كەنت مەكتەپلىرىنى ئارىلاشتەك جىددى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ۋاقت تېپىپ سابىت بىلەن گۇلزادىنىڭ ئىشى ئۈچۈن شورۇقا بارىدىغان بولدى. ئۇ بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن چىققاندا مۇھاپىزەتچىلەرنى ئېلىپ بارمايتتى.

باش تارتىشقا باشلىغان بۇغدايلارنىڭ پۇرىقى تىنجىق ھاۋانى بىر ئالغان كەچقۇرۇندا ئۇ ئېلاخۇنغا ئاتنى توقۇتۇپ، ئۆزى يالغۇز مەشھەدتىن چىقتى. پاشىلار گىژىلداپ تۇرغان ناماز شام مەزگىلىدە ئۇ يەنىلا يول ئۈستىدە تۇرغان ئەۋرىشىم بوينى تونىدى. ئۇ بۇ يەردە بىكار تۇرمىغان بەلكى مەخسەتلىك كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. تەۋپىق ئاشۇ بىر تۈپ جىگدىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان گەۋدىنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سەل قىياس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ ئېتىنى ئىتتىكلىتىپ، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدى. جىگدە ئارقىسىدا تۇرغىچىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇمۇ ئاتنىڭ كېلىۋاتقىنىدىن بىخەۋەر كىشىدەك ئىتتىكلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى ۋە ئۈستىگىلا كېلىپ قالغان ئاتتىن چۆچۈپ كەتكەندەك ئىچىگە تارتىپ:

— ۋىيەي! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

تەۋپىق ئۇنىڭ نازلىق ئاۋازىدىن ئۆز گۇمانىنىڭ توغرىلىقىنى پۈتۈنلەي ھېس قىلدى. بۇ سابىتنىڭ ئۆگەي ئانىسى پاشاخانىدى.

— ئوھ ۋايىيەي، مەمتىلى ئەپەندىمۇ؟ ئەجەپ قورقۇپ كەتتىما، ئاتتىن چۈشمەمسىز، نېمانداق،...

— مەن ئالدىرايمەن، خانىم،— تەۋپىقنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار كېلىپ تېنى ئەيمىنىشكە باشلىدى. ”بۇ سۈيقەستنىڭ باشلىنىشىمۇ قانداق؟ ئارقىسىدا ئادەم بارمىدۇ؟...“

— سىزنىڭ ئالدىراشلىقىڭىزنىغۇ بىلىمەن، شۇڭىمۇ نەچچە ئايدىن بېرى پۇرسەت بولمايلا كەلدى. ئالدىڭىزغا ئەپۇغا بارىدىغان قەرزىم بارىدى. خۇدا نېسىپ قىلمىدىمۇ، بىلمىدىم، نەچچە تەمشەلدىم. گەپ قىلمىدىم. بۇگۈن

سۇنتاغدىن يېنىپ خۇدا بۇيرىغاندەكلا ئۇچرىشىپ قالدۇق،— پاشاخان سۆزلەپلا كەتتى،— ھەقىچان مېنى يېتىم ھەققىنى يەيدىغان ئاچكۆز دەپ يامان كۆرۈپ يۈرگەنسىز، مەنمۇ كېيىن ئويلاپ باقسام تازا سەت ئىش بولغانىكەن. ھېلىمۇ سىزنىڭ بولغىنىڭىز، بولمىسا مەن قۇرۇق قول قالماتتىم،... سابىتنىمۇ، سىزنىمۇ رەنجىتىپ قويۇپتىمەن. سابىت ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرىدۇ. مېنى ئەپۇ قىلسا،... نېمىلىكى بولمىسۇم مەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئەمرىدە قالغان ئايىلى، گەپلىشىپ قالغىنىمىز ياخشى... مەن ئۇ چاغدا كۆزى كىچىكلىك قىپتىكەنمەن، ئايال خەق دېگەن شۇنداق بولىدىكەنمىز،... ھازىر ئەپەندىلەر بازار تېپىپ كەتتى، ئەپەندىلەر يامان كۆرگەنگە ھەممە خەق تۈكۈرىدىغان بولدى... مەنمۇ غەلىتىلا بولۇپ قالدىم...

— بولىدۇ، مەن سابىتقا ئېيتاي، ھېلىمۇ بولسا ئاچا- ئىنى بولۇپ ئۆتۈڭلار، بۇنى ياخشى ئويلاپسىز، مېنى دېسىڭىز، مەن سىزنى چۈشىنىمەن.

— دېگىنىڭىز بىلەن، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز نېمىكەن، مانا ئەمدى مېنىڭ ھالىم، ئۆمۈر بويى تۇل ئۆتۈپ كېتىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ... تۇل خوتۇن دېگەن شۇ، تۇۋرۇكى يوق ئۆيدەك...

— نېمىشكە نائۈمىد بولسىز، سىزگىمۇ خۇدانىڭ بۇيرىقى باردۇر، سەۋرى قىلىڭ.

— سەۋرەم چەككە يەتتى،...

ئۇلار خوشلاشقاندىن كېيىن تەۋپىق ئويلىنىپ قالدى: ”ئۇ قانداق زۆرۈرىيەتتىن مەن بىلەن ياخشى خوپ بولماقنى لازىم تاپتى؟ ئۇنىڭسىز كۈنى ئۆتۈۋېرەتتىغۇ؟ گەپلىرى بىردە زەھەرلىك، بىردە ئوڭدەك... تووۋا، ئۇنىڭ يولۇمدا پەيدا بولۇپ قېلىشى تاسادىپىمۇ ياكى بىر پۈتۈن ئاخبارات سىستېمىسى تەمىنلىگەن ئاخبارات بىلەن بۇ يەردە تۇردىمۇ؟...“

تەۋپىق مەشھەدتىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرىمۇ ھېس قىلاتتى. ئەمدى ئۆز ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇردى. ئۇ جاھىل كۈچلەرنىڭ دىنىي قورال بىلەن قارشى چىقىپ مەغلۇپ بولغانىدىن كېيىن، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشكە باشلىغانمىكىن دېگەن گۇمانغا كەلدى.

ئۇ شورۇقتا كېلىپ گۈلزادىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى.

تەۋپىقنىڭ ھويلىغا كىرىپ كەلگىنىنى ئەڭ ئەۋۋەل گۈلزادە ئۆزى كۆردى. ئۇ ئۆگزىگە تېزەك يايغىلى چىقىپ شەرق تەرەپتىكى چەكسىز كەتكەن، كەچكى گۇگۇمدا قارىيىپ كۆرۈنىۋاتقان يېشىل دالاغا قاراپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرگەندە ھەم خوشاللاندى، ھەم قورقتى. مانا شۇ تۇيغۇنىڭ ئەسىرلىكىدە ئۆگزىدىن چۈشەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن شوتا قېشىغا كەلدى ـ يۇ، يەنە پىكرىدىن يېنىپ، مورىغا كېلىپ قۇلاق سالدى. مورىدىن تېزەك ئوتىنىڭ ئىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تۈتۈندىن كۆيگەن تېزەكنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. گۈلزادە مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە بولىۋاتقان سۆزلەرگە قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئولتۇرغان ھالىتىدىن ھەم بالىلىق خۇسۇسىيەت، ھەم پەۋقۇلئادە بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. گۈلزادە بۇ ھالنى ئۆزىمۇ ھېس قىلدى. شۇڭا بىردىنلا ئۆز - ئۆزىگە ئىچى ئاغرىش تۇيغۇسى بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ مۇرىلىرىنى سىلكىتىپ، ئېسەدەپ يىغلاش بىلەن، ئۆي ئىچىدىكى پاراڭغا قۇلاق سېلىشنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە مورىغا يۆلىنىپ، مىشىلداپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە تولغان ئۆمرىنى باشتىن ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆمۈر دەپتىرىنى ۋاراقلىنىغىدا ئۆزىنىڭ سابىت بىلەن ئۇچرىشىدىغان قىسقا ۋاقتلىرىدىن باشقىسى ئازاپ- كۈلپەت ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئاخىرىقى تەسەللىدىن، بىر- بىر كۆڭۈل خوشى، بىردىن- بىر بەختىدىن مەھرۇم قالسا، ئۆزىنى ھاياتقا باغلاپ تۇرىۋاتقان ئەڭ ئاخىرىقى رىشتىنىڭمۇ ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ئىشقا — ھازىر ئۆي ئىچىدە بولىۋاتقان سۆھبەتكە دىققىتىنى ئاغدۇردى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆگزىگە چىقىپ بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئالدىراپ شوتىغا كەلدى ۋە شوتىدىن چۈشىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆگزىدە مېڭىپ يۈرگىنىنى ئۆيدىكىلەرگە ئېنىق

بىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى- دە، بۇ ئاخماقلىقتىن ھەم كۈلگىسى كەلدى، ھەم قورقتى.

ئۇ ئۆگزىدىن چۈشۈۋېتىپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ زالىملىقىنى، رەھىمسىزلىكىنى، بۇنداق يامان خوتۇن مەمتىلى ئەپەندىگە بويسۇنۇش، بويسۇنماسلىقىنى، مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئۇنىڭدىن قورقامدىغاندۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەندىشە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسىدىن ھەممە ئادەم، ھەتتا ئىتلارمۇ قورقاتتى.

گۈلزادە ئاشخانا ئۆينىڭ ھويلا تەرەپتىكى ئوچۇق ئىشىكىدىن كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، دالانغا كىردى. دالاندىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىشتىكى ئىشىكتە تۇرۇپ، مېھمان بىلەن ساھىپخانلار ئارىسىدىكى سۆھبەتكە قۇلاق سالدى.

—...بىزغۇ مەيلى دېسەكمۇ دەرمىز، ئەمما لېكىن، تويلىشىپ بولغاندا يېنىشىۋالساق ئوغۇل تەرەپ نېمە دەر؟— بۇ ئۆگەي ئانىنىڭ ئاۋازىدى. گۈلزادە ئىشنىڭ چېگىشلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنى ئەمدى مەمتىلى ئەپەندىمۇ ھەل قىلالمىسا قانداق قىلارمەن دەپ ئەنسىرىدى.

— بۇ يەردىن چىقىپ، ئۇ كىشى تەرەپكە بارىمەن، ئۇ ياقتىن ئەندىشە قىلماڭ،— دېدى تەۋپىق خاتىرجەم ئاۋازدا.

— يۇرت- كېچەك ئالدىدا سەت بولىدىغان بولدى- دە! — تەن بەرگىسى كەلمەيۋاتقان ئۆگەي ئانا يەنە غۇدۇڭشىدى.

— نېمە سەت تۇرىدۇ؟ گۈلى- گۈلگە، خىلى- خىلىغا كەلگەن ئىشمۇ سەت تۇرامدىكەن؟

— قېنى ئۇ قىز، مەن ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ رازى بولغانلىقىڭلارنى يەتكۈزەي. ئۇنىڭ ناتاۋان قەلبى يايراپ كەتسۇن.

گۈلزادە ئالدىراپ- تېنەپ دالاندىن ھويلىغا چىقتى ۋە ئاشخانىنىڭ ھويلا تەرەپتىكى ئىشىكىگە يېقىن كېلىپ ”ھە!“ دېدى. ئاندىن تارتىنغان ھالدا ئۆيگە كىردى.

—كېلىڭ قىزىم، خوشخەۋىرىمنى قوبۇل قىلىڭ، —دېدى تەۋپىق.

گۈلزادە ئۇنىڭغا يېقىنراق كەلگەندە چىراق يورۇقىدا بۇ نازۇك بەدەنلىك كىچىككىنە قىزنى ئېنىقراق كۆرۈپ، شۈركىنىپ كەتتى. غەزىپى غۇژژىدە ئۆرلىدى:

— مۇشۇ قىز شۇمۇ؟ ئاشۇ سىز بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئادەمگە ياتلىق قىلماقچى بولغىنىڭلار مۇشۇ غۇنچىمۇ؟— دېدى ئۇ ئەرگە ئاندىن ئايالغا قاراپ، — خۇدايا تووۋا، نېمانچە باغرى قاتتىقلىق بۇ؟! يۈرىكىڭلار قانداق چىدىدى؟ سىز قانداق ئاتا- ھە؟!

بىچارە ئاتا بېشىنى تۆۋەن سالدى. گۈلزادە بولسا بۇلاق كۆزلىرىدىن سۇلغۇن مەڭزىگە دۇردانىلەرنى تامدۇرۇپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇراتتى. تەۋپىق ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلزادىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە پاكىز قولياغلىقىنى ئېلىپ، قىزنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى. قىز تەۋپىقنىڭ ھەرىكىتىدىن ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ئاتىلىق مېھرىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى.

— يىغلىماڭ، قىزىم، مەن سىزگە ئاتا، مەن سىزنى قوغدايمەن. دىنىمىزدا قىزنىڭ رازىلىقى نىكاھنىڭ ئالدىنقى شەرتى دېيىلىدۇ، ئاياللارنىڭ ئىنساني ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش تەكىتلىنىدۇ. لېكىن ھازىر پەتىۋا ھەر كىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئويلاپ  تېپىلىۋاتىدۇ،... — دېدى غەزەپ بىلەن، — قېنى كۆرىمىز بۇنداق پەتىۋاچىلارنىڭ گۇمپىسىنى!

باياتىن بېرى تارتىنىپ، ئاۋازىنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالماي، مىشىلداپ يىغلاۋاتقان گۈلزادە تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرغان مېھرىۋانلىقتىن بارغانسېرى كۆڭلى يۇمشاپ، ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىنىڭ ياغلىق تۇتقان قولىنى تۇتتى- دە يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. بۇ ھال ئەسلىدىمۇ ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغان تەۋپىقنى قاتتىق ئېزىۋەتتى، ئۇمۇ يېشىنى تۇتالماي قالدى.

گۈلزادىنىڭ دادىسىمۇ بۇ ھالدا چىداپ تۇرالماي، كۆز يېشى قىلدى. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن بىرىنچى مۇھەببەت قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، شۇ مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى بولغان پەرزەنتىمۇ شۇنداق تاتلىق بولىدۇ. گۈلزادىمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئايالىدىن بىر تال تەۋەرۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقى ھېچقايسىغا ئوخشىمايتتى.

— سېنى شۇنچىۋالا لەختە قىلىشىمنى بىلمەپتىمەن، بالام! ھەممىسى مەن كالۋانىڭ كالۋالىقى! — دېدى مىشىلداپ، ئۆزىنى ئەيىپلەپ.

— شۇنداق، — دېدى تەۋپىق. ئۇنىڭ ئاھاڭىدا تەئەددىدىن ئەسەر يوقىدى، بەلكى بىر خىل سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى، — بىز خوتۇن- قىزلاردىمۇ قەلب بولىدىغانلىقىنى، ھېس- تۇيغۇ بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەيمىز. ھامان ئۆزىمىزنىڭلا خاھىشى بويىچە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە خۇلاسە چىقىرىمىز. مۇشۇ ھالدا ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ يۈرىمىز، ئاللاھنى ئالداپ ئوقۇپ يۈرگەن نامازلىرىمىزغا ۋاي! رەسۇلۇللاھ ئائىشە ئانىمىزنى قانداق ھۆرمەت قىلاتتى؟... لېكىن بىز ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى بولغان ئايالالرنىڭ تېخىمۇ ھېسسىياتچان بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىساق بولمايدۇ.

— گەپ قىلمىسا، ...ئاچىسى رازى بولىدۇ دېسە راست دەپتىمەن، بۇنچىلا قان- زەرداپ بولىشىنى بىلسەم بۇنداق پوقنى يەمتىم... ھېلىمۇ ياخشى كەينىگە تاتىپ بۇگۈنگىچە كەلگەنىدىم، بولمىسا نىۋاق، ئەتىيازنىڭ بېشىدىلا بېشىڭغا چىقىدىكەنمەن ... خۇداغا شۈكرى، خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن پاختا ئىچىدە ئوت ساقلايدۇ دېگەن شۇ- دە!...

— سىز، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆز ئاتىسىغا كۆڭلىدىكىنى ئاشكارا ئېيتالمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

تەۋپىق ئاتا بولغۇچىنى يەنىمۇ خىجىل قىلغۇسى كەلمەي، گۈلزادىگە يەنە بىر ئاز تەسەللىي ئېيتىپ، قايتماقچى بولۇپ، ماڭدى. بۇ چاغدا مات بولغىنىغا ھەم غەزىۋى كەلگەن ھەم ئىزا تاتقان ئۆگەي ئانا، باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە ئېرىنىڭ لىڭتاسىملىقىنى سۆكۈپ:”مىس-

مىس ئەر كىشى دېگەن خوتۇن كىشىچىلىكمۇ ئەمەس- تە، نىۋاق پۈتكەن ئىشنى بىكاردىنلا ئاغا تاتىپ، مانا!... “ دەپ كوتۇلداۋاتاتتى. ئەمدىلا تۇيغۇلىرى ئويغانغان ئاتا، قايتماقچى بولغان تەۋپىقنى تەكەللۇپ بىلەن تۇتۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تەۋپىق يەنە ھېلىقى ”يىگىت“نىڭ ئۆيىگە باردىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئۇ قايتقان ھامانلا ئايالىدىن تۈگىمەس تىل- ئاھانەت ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلگەن ئاتا، تەۋپىقنىڭ ئارقىسىدىن قىيماستىن قاراپ قالدى.

# يەتتىنچى باب

كۆڭۈل كىمنىڭ بولسا قالى قوي چىغاي،
قىلسا كۈچۈن بولماس ئانى توق باي.
(كىمنىڭ كۆڭلى ئەگەر كەمبەغەل بولسا
ئۇنى كۈچ بىلەن باي قىلىپ بولماس)
— «تۈركى تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن خەلق ماقاللىرىدىن.

1

تەۋپىق 1935-يىلى 12- ئاپرېلدىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە ئوقۇغۇچىلارنى تەييارلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ سىنتەبىرگىچە جىددىي تەييارلىق قىلىپ، 18- سىنتەبىردە بولىدىغان مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن تولۇپ- تاشقان ئىشەنچ بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئىزچىلار ۋە ھەر قايسى مەكتەپتىكى تەنتەربىيە ماھىرلىرىدىن باشقا تاللانغان 500 ئوقۇغۇچىنى بۇيامەتتە مەخسۇس تەربىيىلەشكە باشلىدى.

مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ پائالىيەت مەزمۇنلىرى بېيىپلا قالماي، پائالىيەت دائىرىسىمۇ پەۋقۇلئاددە كېڭىيىپ كەتكەنىدى. بۇ ئاڭلىماقتا بىر ئادەم ئۈچۈن زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تويۇلسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىر ئادەم- ئاشۇ ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقان، ئاق سېرىق يۈزىگە قىزىللىق تەپچىپ تۇرىدىغان، كىچىك بۇرۇتلۇق، ئوتتۇرا بوي كىشى ھەقىقەتەنمۇ يېتىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەلكىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يۈكسەك

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، مىللەتكە ئۆزىنى بېغىشلاش تۇيغۇسى كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلىۋاتقاندۇر. ئۇ سۈنتاغدىن سالاھىدىن ئەپەندى ئېچىۋاتقان دارىلمۇئەللىمىنگە ھەر ۋاقىت بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى، دەرس ئاڭلايتتى. ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزى ئېغىزچە ئىمتىھان ئالاتتى. (ئۇ ئۆزى نادىق بولغاچقىمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن تېكىستكە قارىماي چاققان سۆزلەشنى تەلەپ قىلاتتى). دارىلمۇئەللىمىننىڭ تەنتەربىيە، ناخشا دەرسلىرىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا مۇشىپقە خانىمنىڭ قىزلار مەكتىپىگىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ھەتتا كاتتايايلاق مەكتەپكە بېرىپمۇ ناخشا ئۆگىتىپ كېلەتتى.

مۇسابىقە ئۈچۈن تەييارلاۋاتقان تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكىمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى. يېنىك ئاتلىتكىدا بۇگۈنگىچە خەق ئاڭلىمىغان تۈرلەرمۇ باردى. ياغاچ ئاياق ئويۇنى، چاقپىلەكتىن ئاتلاش، تاغارغا كىرىپ يۈگرەش، بالا ھاپاچ قىلىپ يۈگرەش، خادىغا تايىنىپ ئېگىز سەكرەش،...

"ياغاچ ئاياغ ئويۇنى"دا تەنھەرىكەتچى پۇتىغا بىر مېتىر ئۇزۇنلىقتىكى كالتەكنى باغلاپ، يەردىن 70-80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ ماڭاتتى، يۈگرەيتتى ياكى ھەرخىل فىگورىلارنى چىقىراتتى.

"چاقپىلەكتىن ئاتلاش" ئويۇنىدا ئىككى تال ئۇزۇن ياغاچ بىر مېتىر ئارىلىقتا، يەردىن 70 سانتىمېتىرگىچە ئېگىزلىكتە پاراللېل قويۇلغان بولاتتى. پاراللېل قويۇلغان ئىككى ياغاچقا ھەر بىر يېرىم مېتىر ئارىلىقتا بىردىن چاقپىلەك توغرىسىغا قويۇلاتتى. چاقچىلەكنىڭ دىئامېتىرى 60 سانتىمېتىرچە كېلەتتى. چاقپىلەك ئىنتايىن يېنىك بولۇپ سەل- پەل تېگىپ كەتسىلا پىرقىراپ كېتەتتى. تەنھەرىكەتچى ئۇدۇلدىن يۈگرەپ كېلىپ پاراللېل قويۇلغان ئىككى چاقپىلەكتىن ئاتلاپ ئۆتەتتى. تەلەپ ھەم تېز بولۇش، ھەم چاقپىلەكنى مىدىرلىتىۋەتمەسلىك.

"تاغارغا كىرىپ يۈگرەش"تە تەنھەرىكەتچى قولتۇقىغىچە تاغارغا كىرەتتى. ئاندىن تاغارنىڭ ئاغزىنى قولتۇقىدىن بوغۇپ قويۇپ، ئىككى پۇتى بىلەن تاغارنىڭ ئىككى بۇلۇڭىغا چىڭ تىرەپ تۇرۇپ، تاغارنىڭ كەڭلىكى يول

قويغان ئارىلىقتا قەدەم ئېلىپ يۈگرەيتتى. مەشىقلەردىن كېيىن قەدەمنى ئۆششاق ئېلىپ تېز يۈگرەشكە بولاتتى. ئەگەر تاغارنىڭ كەڭلىكى بىلەن چەكلەنگەن قەدەم ئارىلىقى بۇزۇۋېتىلسە ياكى ھەرىكەت تېز بولمىسا ئاسانلا يىقىلىپ چۈشەتتى.

”بالا ھاپاچ قىلىپ يۈگرەش“ تە تەنھەركەتچىنىڭ كۆزى تېڭىپ قويۇلاتتى ھەمدە ئۇنىڭ يۈگرەش لېنىيىسىگىمۇ ھاك سېپىپ چەكلىنەتتى. بىر مېتىر كەڭلىكتە پاراللېل ھاك سېپىلگەن ئارىلىقتىن يۈگرەيتتى. كۆزى تېڭىقلىق بولغاچقا ئۇنىڭ سىزىقتىن چىقىپ كەتمەسلىكىگە، بۇرۇلۇشتا بۇرىلىشى، ۋە ئاخىرىقى پەللىگە بارغاندا توختىشى قاتارلىق ھەرىكىتىگە ئۇ ھاپاچ قىلىۋالغان 7- 8 ياشلاردىكى بالا ئۇنىڭ ئىككى قولىقىدىن تۇتىۋېلىپ ”قوماندانلىق“ قىلاتتى.

يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر بۇ دىياردا شۇ كەمگىچە كۆرۈلمىگەن مۆجىزە ئىدى. شۇڭا بىكارچى كىشلەر ئۇلارنىڭ مەشىقلىرىنى كۆرۈپ، بۇ مەيداندىن كېتەلمەي قالاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا ئىزچىلارغا ھەربىي مەشىق، ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىلەتتى. ئۇلار 8-9 قەۋەت پەخشى تاملاردىن شوتىسىزلا ئۆتۈش، تىك قىيالارغا يامىشىش، چېلىشىش، ”دۈشمەن“ بىلەن ئېلىشىش — قورallىق «دۈشمەن»گە قورالسىز تاقابىل تۇرۇش، قورالىنى تارتىۋېلىش — قاتارلىق ماھارەتلەرنى مەشىق قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر سەنئەت ئەترىتىمۇ تەشكىل قىلغانىدى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى تېرىنېر، رېژىسسور، كومپوزىتور، مۇئەللىم- بىرلا تەۋپىق ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق زېچ پائالىيەت بىلەن تولغاچقا، شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى. ھەتتا خىيال سۈرۈشكىمۇ پەقەت كەچتە، ئۇخلاش ئالدىدىلا ئېشىناتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا خىزمەت ئۈستىدە، ئىجادىيەت ئۈستىدە بولاتتى. ئۇ كەچتە خاتىرىسىنى ھامان بېشىدا قويۇپ ياتاتتى. چىراق ۋە سەرەڭگىمۇ ياستۇقنىڭ قېشىدىلا بولاتتى. مۇزىكا، شېئىر، سەھنە ئەسىرى

ياكى خىزمەت پىلانى ھەققىدە بىرەر ئىجادىي پىكىرگە كەلگەن ھامان چىراقنى ياقاتتى- دە، يېزىۋالاتتى. چاقماق چاقناندەك پەيدا بولۇپ، يەنە چاپسانلا غايىپ بولىدىغان ئۇچقۇر ئىلھاملار قېچىپ كېتەلمەي، ئۇنىڭ ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان خاتىرىسىگە بەند بولاتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ پائالىيەتلەر ئىچىدە ئۇخلاشقا بەكلا ئاز ۋاقىت ئاجرىتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەتىگىنى روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرغان ئۇلۇغ ئىشلار ھەققىدە ئويلاپ، مەمنۇنلۇق بىلەن يېڭى بىر كۈننى كۈتىۋالاتتى. ئاغزىنى چايقاپ بولۇپ بىر بۇردا قاتتىق نان يەيتتى، ئاندىن ھويلىدا گىمناستىكا ئوينايتتى. بامدات نامىزىغا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن كېسەل كۆرستىدىغانلارنى قوبۇل قىلاتتى. ئاندىن ناشتا قىلاتتى- دە، مەكتەپكە كېتەتتى.

رۇشتى مەكتەپتىكى دەرسنى تۈگىتىپ سۇنتاغقا— دارىلمۇئەللىمىنگە، قىزلار مەكتىپىگە، ئۇ يەردىن بۇيامەتتىكى بەشيۈز تەنھەركەتچىنىڭ ئالدىغا كېتەتتى. چۈشلۈك، كەچلىك تاماقلىرىنى قەيەردە توغرا كەلسە شۇ يەردە يەيتتى. بەزىدە ئالدىراشلىقتا ئېسىدىن چىقىرىپ قوياتتى- دە، يېزىلارنى ئايلىنىشقا ئاتلىناتتى. بۇ جاپاغا ھەتتا جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن مۇھاپىزەتچىلىرىمۇ چىدالماي قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلارنى تولاراق ئالمايلا كېتەتتى.

ئۇ مانا شۇ ئالدىراش ھايات پائالىيىتى ئىچىدە جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاش ئىشىغا ھەم ۋاقىت تاپتى. ئوغرى، قىماۋاز، نەشىكەش قاتارلىق يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرگە ئادەتلەنگەن كىشىلەرنى ئۆزگەرتىش، يامان ئادەتلەرنى چەكلەش مەخسەت قىلىنغان كومىدىيىسىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇنى سەھنىلەشتۈردى. بۇ كومىدىيە قويىلىدىغان كۈنى ھەزرەت سۇلتاندا ئامىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى.

خانىقا ھوجرىلىرىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدان ، دەرەخ شاخلىرى، دائىرە تاملار، ئۆگزىلەرگىمۇ ئادەملەر لىق تولدى. كىچىككىنە سەھنىدە ئارتىسلار پەيدا بولدى. تەۋپىقنىڭ چاققان قولىدا بارابان گۈمبۈرلىدى. قۇربان ئىبراھىم

سۈنايىنى چالدى. مەھەممەد قارى مەشرەپ نەي چالدى، زەكى تەمبۇر چالدى. زىل ئاۋازلىق قۇربان جاپپارنىڭ ئىلانى ئاڭلاندى.

ئارتىسلارنىڭ بىرى مەستىنىڭ رولىنى ئالغان بولۇپ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇ مەستلەرچە مېڭىشنى، مەستلەردەك قاراشنى ۋە قول پۇلاڭلىتىشنى شۇنچىلىك قاملاشتۇردىكى، ھە، دېگەندە تاماشىبىنلار گۇلدۇراس ئالقىش ياڭراتتى. ئارقىدىن”مەست“ يەنە مەستلەرگە خاس ئاخمىقانە سۆز ۋە تېتىقسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، كىشىلەردە مەستلەرگە نىسبەتەن يىرگىنىش پەيدا قىلدى. ئۇ ھەتتا ياخشى- يامانىنمۇ پەرق قىلالمايتتى. ”ئېشەك سۈيدىكى دەريا كۆرۈنىپ“ ئۇ يەردىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، چېكىسىنى تۇتاتتى. ساق كىشىلەر (باشقا ئارتىسلار) ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى. بۇ مەسخىرىلەرنى ”مەست“ ئۆزىگە بىلدۈرۈۋاتقان ئالقىش دەپ قاراپ، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ لاۋزىلىشاتتى. تۇرمۇشتا بۇنداق ئادەملەرگە ئانچە يىركىنىپ كەتمەيدىغان، بەلكى ئادەتتىكى ئىشتەك ئۆگىنىپ قالغان خەلق، سەنئەتنىڭ كۈچى بىلەن ئىچىش ۋە چېكىنىشنىڭ يىركىنىشلىكىلىكى، زىيىنى، ئابروينى تۆكىدىغانلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋالدى.”مەست“ نىڭ قېرى دادىسى چىقىپ ئۇنىڭدىن پۇل سورىدى ھەممە پۇلنى ئېچىپ، قىمار ئويناپ تۈگىتىپ بولغاچقا ”پۇل يوق! “ دەپ ۋارقىرىدى. شۇنداقلا خەلق ئۇنىڭ كۆيىنەكچان ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدى. كېيىن ئۇ يەنە بىر كىشىدىن ”نەشە بارمۇ؟“دەپ سورىدى ۋە بېشىدىكى دوپپىسىغا تېگىشمەكچى بولدى... نەشىنى كانايچە قىلىپ ئوراپ ھوزۇرلىنىپ چېكىشكە باشلىدى ۋە: ”جاھاننىڭ راھىتى مۇشۇكەنغۇ، مانا ھازىر ئەرشىنى كۆرۈۋاتىمەن“دەپ ھىجايدى. ئۇ تېخىمۇ ئېلىشمان بولۇپ كەتتى. ئارقىدىن كۆكرىكىنى تۇتۇپ ئازاپلانغان ھالدا قۇرۇق قەي قىلدى. ئۇنىڭ ئىنتايىن قىيىلىنىۋاتقانلىقىنى چىرايىدىن ۋە ئېلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىلىشكە بولاتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم قۇرۇق قەي قىلىپ تولغۇشۇپ كەتتى. ئارقىدىن شاقىرىتىپ قۇسۇۋەتتى. ئاندىن بېشى قېيىپ، دەلدەڭشىپ، قۇسۇق ئۈستىگىلا يىقىلىپ چۈشتى.

ئارتىسنىڭ ئويۇن كۆرستىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان خەلق، ئۇنىڭغا لەنەت، قارغىش ياغدۇرۇپ كېتىشتى... ”مەست“ كىرىپ كېتىش ئالدىدا خەلققە ئىگىلىپ تازىم قىلىۋەتتى، خەلق شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ ئويۇن كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. ئىككىنچى كۆرنىشتە مەستنىڭ ئائىلىسى، خوتۇن-بالىلىرىنىڭ يامان ئەھۋالى، كۆز ياشلىرى ئېچىنىشلىق تەرزدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان قىلمىشنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتى ئىدى...

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەۋپىق ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى تېنچلىنىشقا ئۈندىدى:

—ئەي، ۋەتەنداشلار، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، —نەشە چېكىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش قاتارلىق يامان ئىشلارغا ئىسلام دىنى يول قويمايدۇ. ئىلىم- پەنمۇ بۇ ئىشلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما شۇ كەمگىچە توغرا تەلىم- تەربىيە، توغرا تەشۋىق- تەرغىبات بولمىدى. كونا دۇنيانىڭ ھامىلىرى بۇ ئىشلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇردۇ. ھازىرغىچە بۇ ئىش ئەنە شۇنداق داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ جەھەتتە يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ ئاۋالقىلارغا قارىغاندا خەلقچىل، ئومۇمىيەت روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. قۇرۇق گەپنى قويۇپ، ئەمەلىي گەپكە كەلسەك، ئىلگىرى بۇنداق يامان ئىشلارنى چەكلەش ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىي بىر ئىش قىلىنمىغان، ھېچكىم بۇنداق بىر ئىشنىمۇ ئويلاپ كۆرمىگەن. ھەركىم چەكسە ئۆزىنىڭ پۇلى، بۇزسا ئۆزىنىڭ پۇلى،... دەيدىغان ئۆزىنىلا بىلىشتەك شەخسىيەتچىلىك بىلەن، يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىنغان. ئېنەكىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلەر، دېگەندەك، ئەگەر جەمىيەتتە بۇنداق يامان ئىش مەۋجۇت ئىكەن، ئۆزىنىڭ پۇلىغا قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ بىر كۈن ئۇنىڭ زىيىنى باشقىلارغا تېگىشىنى، بىزنىڭ بالىلىرىمىزغىمۇ مەرىزى يۇقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانمىز. ئەمدى بۇنداق ئىشلارغا ھېچ يول قويۇلمايدۇ! ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىمىز،— تەۋپىق ئاڭلىغۇچىلارغا قاراپ بىردەم سۈكۈت قىلدى. ئاندىن،— ھەربىر ئازنا مەسچىد، مەھەللە مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، شۇ مەسچىتلەرنىڭ نامازخانلىرى ئۆز

دائىرىسىدىكى پۇخرالار ئىچىدە مۇشۇنداق يامان ئادىتى بارلار بولسا شۇلارغا تەربىيە بېرىشنى ئۆزلىرىگە پەرز دەپ بىلىشلىرى كېرەك. بىزمۇ تىياتىر قويۇش، ناخشا- قوشاق ئارقىلىق تەشۋىق، تەربىيىنى ئېلىپ بارىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئاگاھلاندۇرىشىمىز؛ ئىشنىڭ بېشىدىكى سىگنالىمىز، چىرايلىق ئېيتقىنىمىز بولىدۇ. بۇنىڭغا كۆنمىگۈچىلەر بولسا بىز ئۇنداق بويىنى قاتتىقلارنى جازالاشقا ھەقلىقمىز، ئىزچىلارغا ئاتۇشنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، يامان ئىشلارنى توسۇش، يامان ئادەملەرنى تۇتۇش ھوقۇقى بېرىلىدى. ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، يامانلار، يامان يولدىن قايتىپ كۆپچىلىكنىڭ قاتارىغا قايتىڭلار، بولمىسا قاتتىق قوللۇق قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز!...

تۆۋەندە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. مۇيسىپىتلەر بۇ ھەرىكەتنى ئىنتايىن توغرا بولدى دەپ ھېسابلاشتى. ھەمدە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بالا ئوقۇتۇش بىلەنلا بولۇپ قالماي، يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، شەرىئەتكە ئۇيغۇن تۈزۈملىرىنى ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى.

—خۇدا يولىدا مۇشۇنچىلىك خىزمەت قىلىدىغان بىر بەندە چىقماي ھازىرغا كەلدى، بولمىسا بۇنچىۋالامۇ زەبۇنلۇقتا چۈشۈپ قالماستۇق...

— شۇنداق، تاس قاپتىمىز، مۇشۇنداق بىر خۇدا ئەۋەتكەن ئادەمنى دۈشمەننىڭ كەينىگە كىرىپ جەدىت دەپ قوغلىۋەتكىلى...

— ھېلىمۇ ياخشى خۇدا ئۇنىڭ قولى بىلەن مۆجىزىلەر كۆرسىتىپ كۆزىمىزنى ئاچتى...

ھەر بىر سۆز- ھەرىكەتتە خەلق رايىنى ئۇتۇپ، نوپۇزى ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى يەنە بىر مۇنچىلارنىڭ ئىچىنى ئاداتماي قالمىدى. ھابۇلھاجىم بىلەن كەنجى قازاخۇنۇم بىر- بىرىگە ئەلەملىك قارشىۋالدى. توختى زۇنۇن مەمنۇن بولىۋاتقاندەك چىشلىرىنى چىقىرىپ ئىككى تەرىپىگە باقتى. مەمتىمىن بولسا ھېچ ئامال قىلىپ ئىچى قارىلىقنى يوشۇرۇپ قالالماي، يىغىنىنى بۇزىۋېتىش غەرىزىدە ئىسقىرتىپ جامە ھويلىسىدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. بىراق ئۇ تەرتىپنى بۇزالمىدى. پەقەت ئۇنىڭغا يېقىن

جايدا تۇرغانلاردىن بىر قانچىسى بۇرۇلۇپ قارىغان بولسىمۇ،مەتىمىننى تونۇپ،ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەزەپلىك پىچىرلاشتى.

—مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ خىلدىكىسىدىن - دە!

— شۇ، شۇڭا قوڭغا تۇز قۇيغان توخۇدەك تۇرالماي قالدى.

— قىمارۋازنىڭ پادىشاسى.....

— زىناخورلۇقتا يوق دەمسەن؟ نەشىنى خام يەمەمدۇ تېخى؟!

— مۇشۇنى بىر يىغىشتۇرىۋېتىدىغان ئىش بولسىدى...

— نىمە دەۋاتسەنۇي؟ ئۇ دىگەن سوۋېتتە تۇرۇپ كەلگەن نىمە، قىزىل پاچاق، پالشىۋىك دىگەن گەپلەر بار. شىڭ دۇبەن پالشىۋىكلار بىلەن دوست ئىمىش، ئۇنداق بولغاندا ئۇنى كىم جايلىيالايدۇ؟

— مەتىلى ئەپەندى جايلىيالماسما؟

— تۆت ئېغىز گەپ بىلەنلا يېلىنى چىقىرىۋەتمەمدۇ. مەتىلى ئەپەندى دىگەن خۇدايىم رەخمەت قىلغان ئادەم - دە.

— مەتىلى ئەپەندى كۆپچىلىككە قاراپ خىتاپ قىلىۋىدى ئارقىدىكىلەرمۇ دىققىتىنى ئاغدۇرۇشتى.

— ۋەتەنداشلار، ئاللا بىزنى ئادەم دەپ جىمى مەخلۇقاتتىن ئېزىز قىلىپ ياراتقان ئىكەن، بىز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇنراق ياشايلى، ئادەمدەك ياشايلى. هايۋانلارلا پەقەت يېيىشنىلا بىلىدۇ. ئادەمنىڭ تاماق يېيىشى تىرىكلىك ئۈچۈن، لېكىن تىرىكلىكتىن مەخسەت تاماق يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، ئادەمگە خاس ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈندۇر.

— ۋەتەنداشلار،بىز ئادەم ئىكەنمىز، قۇرۇق سۆڭەكنى ياكى هېچبىر سەۋەبسىز بىر- بىرىنى تالايدىغان ئىتلارنى دورىماسلىقىمىز لازىم، — ئۇ ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن پىكىر سورىغاندەك ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، داۋام قىلدى،— بىز نىمىشكە ئىناق ئۆتمەيمىز؟ نېمىشكە كۆپ ئۇرۇشىمىز؟ كۆپ تالىشىمىز؟ ئۇنىڭسىز چىداپ تۇرغىلى بولمىغۇدەك نېمە ئىش بار؟ ئۆز ئارا ئەپۇ سورىشىپ، ئۆز ئارا كەچۈرۈشۈپ ئۆتسەك بولمامدۇ؟ ئەگەر بازار كۈنىدىكى قىستاڭچىلىقتا بىر- بىرىمىزگە سوقۇلۇپ كەتسەكمۇ شۇنچىلىك ئىش

جىدەلگە سەۋەب بولالايدۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گەپ بەرگىسى كەلمەيدۇ. شۇنداق چاغدا نېمىشكە "ئەپۇ قىلىڭ، تېگىپ كېتىپ قالدىم" دېيەلمەيمىز؟ نېمىشكە: "بازار ئەمەسمۇ ، ھېچقىسى يوق" دېيەلمەيمىز؟ ئادەمگە خاس ئەدەپ- ئەخلاقنى ئۆگىنەيلى، ۋەتەنداشلار، ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئادەمگە خاس سۈپەت بولىشى كېرەك، يىرتقۇچلارچە تالىشىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئادەم دېگۈچىلەر ئىككى پۇتلۇق بۆرە، خالاس. ھەممەڭلار بۇنداق ئەيىپلەرگە رەددىيە بېرىڭلار، تەربىيە بېرىڭلار، لەنەتلەڭلار، ئۇلار تۈزەلسۇن، تۈزەلمىسە يوقالسۇن،— تەۋپىق سۆزىنىڭ ئاخىرىنى شېئىر بىلەن چۈشەندۈردى.

سىلەردە  بار ئەجەپ بىر خىل ئەيىپلەر،
نەشە، ھاراق، ئەپيۇندەك كەيىپلەر.
ئوينايسىلەر كاغەز، قىمار دېگەننى،
ئىت يىمەيدۇ سىلەر نان دەپ يېگەننى.
نەشە تارتىپ رەڭگىڭىزدە ھېچ قان يوق،
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق.
تەنقىد قىلدۇق ئەخلاقىڭىز تۈزىلۈر،
تۈزەلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزىلۈر.
بىزار بولدى، تويدى خەلق سىزلەردىن،
توغرا مېڭىڭ، ئۆلگە ئېلىڭ بىزلەردىن.
....

خەلق توپى يەنە بىر نۆۋەت گۈلداراس ئالقىش ياڭراتتى. ئالقىشلارنىڭ ئارقىسىدىنلا قۇربان جاپپارنىڭ زىل ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ، ناخشا باشلىدى...

## 2

ئىزچىلار دەرھاللا جەمئىيەت تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىشتىن تارتىپ ئوغرى، قىمارۋاز، بەڭگى، لۈكچەكلەرنى تۇتۇشقىچە ھەممە ئىشلارنى ئۆز

ئۈستىگە ئالدى. مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ بازار كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە بازارادا قاتراپ يۈرۈشىگە يول قويۇلمايدىغان بولدى. جامە هويلىسىدىكى كۆل بويىدا- رېدە سايىسىدا چېكىشىپ ئولتۇرىدىغانلار تۈگۈل، خالى بۇلۇڭلاردا چېكىدىغان قىماۋازلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەس بولدى. بازار كۈنلىرى ئادەم كۆپ بولىدىغان بولىشىغا قارىماي، بازار ئىنتايىن تەرتىپكە چۈشكەنلىكىنى بىر قاراشتىلا كۆرىۋېلىشقا بولاتتى. ئىزچىلار گۇرۇپپىلارغا بۆلىنىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. جىدەل- ماجرا قىلغۇچىلار، ئوغرىلار، ئالدامچىلار، قىماۋازلار، شۇنىڭدەك بازارنى مونوپول قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، دېهقانلارنىڭ بازارغا ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئەرزان ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بوزەك قىلىدىغان مۇشتۇمزور، مۇتىهەملەرنى تۇتۇۋالسا ئۇلارنى باغلاپ ئۈيۈشمىغا (يېڭىلا پۈتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە تەۋپىقنىڭ ئىشخانىسى باردى) ئېلىپ باراتتى. بازار كۈنلىرى ئادەتتە ئۇ شۇ ئىشخانىدا يېزىقچىلىق قىغلاچ مېهمان كۈتەتتى. ئۇنىڭ مېهمانلىرى داۋاگەرلەر، ئىزچىلار تۇتۇپ كەلگەن ئەيىپكارلار بولۇپ، "قازىلىق" قىلىشقىمۇ توغرا كېلەتتى.

داۋانىڭ ئادىل سورىلىشى، "مۇهۇر هەققى"ئېلىنمايدىغانلىقى ناهايىتى چاپسانلا خەلقنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، هەممە ئادەم چوڭ- كىچىك دەۋالار بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنى ئىزدەيدىغان بولدى. هەتتا يىراق كەنتلەردىنمۇ كېلىشەتتى. بۇنىڭ بىلەن قازى ئەلەملەر تەبىئى هالدا "بازار"دىن ئايرىلىپ، خېرىدارسىز قالدى.

** **

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدى. قوياشنىڭ ئوتتەك هارارىتى يەر-زىمىننى قىزىتىپ، هەممە جاندارزلارنى سايىلارغا قوغلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ قاقاس تاغلار بىلەن قورشالغان، تاش تۇپراقلىق ئاتۇش ياز كۈنلىرى چىدىغۇسىز قۇرغاق ئىسسىق دەستىدىن هوهۇلداپ كېتەتتى.

تەۋپىق ئادىتى بويىچە جۈمە كۈنى ئەتىگەندە بۇيامەتكە بېرىپ، ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ھاللىشىپ قايتىپ كېلىپلا، ئۇيۇشمىدىكى ئىشخانىسىدا «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتى.

يېزىشتىن چارچىسا ياكى پىكىر يۈرۈگۈزۈشكە توغرا كەلسە ھويلىغا چىقىپ ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۇياقتىن- بۇياققا ماڭغاچ دەم ئالاتتى ۋە ئويلىناتتى. بەزىدە ئىختىيارسىز ھالدا ئاتخانا ئالدىغا بېرىپ تۇرۇپ قالاتتى. بەزىدە دەرۋازا تەرەپكە كېتەتتى. ئۇنى بەك چوڭ بىلىدىغان ئېلاخۇن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەمما بىمەنە سوئال بىلەن پىكىرىنى بۆلمەيتتى. پەقەت ناگان- ناگاندا ئاتخانا ئالدىغا بېرىپ تۇرۇپ قالغاندىلا ئۇنىڭ قېشىغا يۈگرەپ كېلىپ:

— ئاتنى توقامدىم، ئەپەندىم؟... — دەپ سورايتتى.

تەۋپىق كۈلۈمسىرەپ باش چايقاپ ئاستا باشقا تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ پىكىرىنى تاشقى دۇنيا بۇزالمايتتى. ئىشىك ئالدىدىن ئۆتىۋاتقانلارنىڭ سالىمى، ۋاراڭ- چۇرۇڭى ئويلىرىنى قالايمىقان قىلىۋېتەلمەيتتى. ئۇ بۇنداق چوڭقۇر ئويلار بىلەن مېڭىپ يۈرگەندە، سالام قىلغۇچىلارغا كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپلا قوياتتى. پاراڭچى ئەپەندىنىڭ بىردىنلا بۇنداق بولۇۋېلىشى كىشىلەرگە سىر ئەمەس بولغاچقا، ئۇلار ئەپەندىنىڭ خىيالى بىر يەردە ئەمەس، چوڭ ئىشلار بىلەن بەند بولسا كېرە دەپ توغرا چۈشىنەتتى.

ئۇ خەلق سەنئەملىرىنى نوتىغا ئېلىپ سىستېمىلاشتۇرۇش ئىشىنى تېخى تۈگىتەلمىدى. ئۇندىن باشقا خەلق ناخشىلىرى، خەلق قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرى، چۆچەكلىرىنىمۇ توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلدۇرۇشنى خىيال قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدىلا بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق ھازىرغىچە بۇ ئىشقا قول سالمىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلىماقتىدى... ئويلا- ئويلا ئاخىر ئۇ مۇنداق ئەقىل تاپتى؛ يازلىق تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارغا تەتىل تاپشۇرىقى سۈپىتىدە فولكلور توپلاشنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق خەلق ئىچىدىكى بايلىقنى بىراق يىغىۋېلىش، ئاندىن يىغىلغان ماتېرىيالنى ئابدۇراخمان شائىر، سابىت، سەيپىدىن، لىۋاھىدىن

ئەمەت مەخسۇم قاتارلىق شاگىرتلىرىنى تەشكىللەش ئارقىلىق تۇرگە ئايرىش ۋە رەتلەش كېرەك. بۇنداق بولغاندا ۋاقىت تېجىلىپ، ئۇنۇم ئاشاتتى. "بۇ ئىشنى قەشقەردىكى سەبداشلىرىڭىزمۇ ئېيتىش كېرەك، فولكلور توپلاشنى ئۇلارمۇ تەلەبىلەرگە تاپشۇرسۇن" كېيىن بىز بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ نەشىر قىلدۇرىمىز...

ئۇ دەرھال يانچۇق دەپتىرىنى چىقىرىپ ئويلىغانلىرىنى تىزىدا قويۇپلا يېزىۋالدى.

—شىرەسى بار ئەپەندىم، ئىشخانىسى بار ئەپەندىم، يول بويىدا تىزلىنار، تىزىدا قويۇپ خەت يازار!...

خاتىرە يېزىۋاتقان تەۋپىق ئىتتىك بېشىنى كۆتەردى ۋە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان راخمان سارائنى كۆردى، شۇندىلا ئۆزىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىنى ھىس قىلدى.

— خوش، دوستۇم، نەگە؟— تەۋپىق راخمانغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ سورىدى.

— خۇدا بۇيرىغان، رىسقىم سۆرىگەن تەرەپكە، — راخمان ساق ئادەمدەكلا جاۋاب بەردى، ئارقىدىن مالىماتاڭ سۆزلەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ يولىنى داۋام قىلىپ كەتتى.

تەۋپىق ئويلىغانلىرىنى يېزىۋالغاندىن كېيىن خېلى يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، يەنە بىر ئاز ئىشلەش ئۈچۈن ئىشخانىغا مېڭىۋدى. ۋاڭ- چۇڭ قىلىپ بىر توپ ئادەم ئارقىسىدىنلا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئىزچىلاردىن ئىككىسى ئىككى ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كىرىۋاتتاتتى. ئۇلارغا شۇ يەرلىك بىكارچىلاردىن بىر نەچچىسى ئەگىشىۋالغانىدى. ئەگىشىپ كىرىۋاتقان بىكارچىلار ھەدەپ دەي- دەيگە سېلىپ:

— ئۇرۇشقىنى ئۈچۈن پالاققا تارتسا بولىدۇ!

— ياق، ھەر ئىككىسىدىن ئەللىك تەڭگىدىن جەرىمانە ئالغان ياخشى!

—... — دېيىشەتتى.

ئەيىپكارلار مەتنىلى ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، پالاق ياكى جەرىمانە جازاسىنىڭ قايسىسى ئېلان قىلىنىدىكىن

دېگەنـدەك، دېمىنـى چىقارمـاي تۇرـشاتتى. پەقەت ”سـىنىڭ كاسـاپىتىڭ“ دېگەندەك بىر- بىرىگە قارىشىپ قويۇشاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تۇغقـانلار — دەپ ئالـدى بىـلەن سـالام قىلـدى تەۋپىق، — نېمە بولدۇڭلار؟

هودۇقۇپ كەتكەن ئەيىپكارلار بۇنداق سـالامنى ئەمەس، پەلەقنـى كۈتـۈپ تۇرغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ ئـۆزىنى يوقىتىـپ قويـدى. ئۇلارنىـڭ هەر ئىككىسى ئوتتۇرا ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بوز يىگىتلەرىدى. ئۇلار جاۋابقا ئېغىز ئۆمەللەپ بولغىچە ئىزچىلاردىن بىرى مەلۇم قىلدى.

— بازاردا جېدەل چىقارغانتى، ئېلىپ كەلدۇق.

— يۇرۇڭلار، ئىشخانىغا كىرەيلى، — دەپ باشلىدى تەۋپىق.

جىدەل قىلغانلار سولاپ قويامىكىن دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

ئىشخانىغا كىرىشكەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا ئورۇن كۆرسەتتى. ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن سوراشقا باشلىدى:

— نېمىشكە ئۇرۇشتۇڭلار؟ نېمە تالاشتىڭلار؟

— بازاردىغۇ بىر نېمە تالاشمىغان، بۇنىڭ ئالدىدا يۇرتتا سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغانتۇق... بۈگۈن شۇنىڭ غۇمى بىلەنمىكىن، ئىشقىلىپ، بۇ مېنى جەينەكلىدى...

— شۇنداقمۇ؟ جەينەكلىگىنى ئۈچۈنلا، هە... كونا ئاداۋەتنى كولاۋاتقان گەپمىدى؟ ئۇ چاغدا نېمە دەپ سۇ تالاشقان؟

— نۆۋەت تالىشىپ قالغان گەپ بولمامدۇ؟

— نۆۋەت تالىشىپ نېمە قىلاتتىڭلار؟ نۆۋەت سۇ بېشىدىن كەلسە بولىدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق...

— خوش، شۇ چاغدا نېمە پايدا ئالغانتىڭلار؟

— نەدىكى پايدا، هەر ئىككىمىز داغدا قالدۇق. ”تالاشقانغا... “ دېگەندەك بولدى. سۇ بىكارلا ئاقتى...

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە بۈگۈن نېمىشقا جىدەل قوزغايسىلەر؟

— مەن مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن بۇغدىيىمغا بىر نۆۋەت سۇ سالالمىدىم... شۇ ئاچچىغىمدا...

— بىر- بىرىڭلارغا يول قويماي تالىشىۋېرىپتىكەنسىلەر، ھەر ئىككىڭلار زىيان تارتىپسىلەر، ئەمدى جېدەل قىلساڭلار ئورنىغا كېلەمدۇ؟ بۇنىڭدىن كىمگە پايدا، كىمگە زىيان؟ ياكى ئۆتكەندە سۇ كىرمەي قالغان يېرىڭلارغا سۇ كىرىپ قالامدۇ؟

—...

— ئىنىم، بىز ئادەممىز! خۇدا بىزنى جىمى مەخلۇقاتتىن ئېزىز قىلىپ ياراتقاندا بىزگە نېمىنى ئارتۇق بەردى؟ نېمىمىز بىلەن پەرقلىق ياراتتى؟ تىلنى، ئەقىلنى ئارتۇق بەردى. بىز مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىمىزدىن نېمىشكە پايدىلانمايمىز؟ ھايۋانلارنىڭغۇ ئىككى چىشى (يىرتقۇچ چىشى) ئارتۇق بولغانلىرى بىر- بىرىنى تالاپ، دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بىزمۇ ھايۋانلاردەك ئىش قىلىمىزمۇ؟ ياق، يىگىتلەر، بىز سۆز بىلەن ھەل قىلىمىز. ئەقىل بىلەن ئۆلچەپ كۆرىمىز. ئەقىل بىلەن نېمىنى ئۆلچەيمىز؟ مەسىلەن: ئىككىڭلار مۇنداق ئۆلچەيسىلەر، ئۆتكەندە جېدەل قىلىپ، ھېچنىمە چىقمىدى، دېمەك، جېدەلنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن، دېگەن تەجرىبە- ساۋاقنى يەكۈنلەپ چىقىدىغان گەپ. مانا بۇ بىزنىڭ يىرتقۇچ ھايۋان ئەمەسلىكىمىزنىڭ بەلگىسى، ئەگەر سۇ پەقەت بىرسىڭلارغا يەتكىدەك بولغان تەقدىردىمۇ بىرسىڭلارغا ئۆتۈنسەڭلار، ھەر ئىككىڭلار قۇرۇق قالغاندىن ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ بىرىڭلارنىڭ ھوسۇلى ئوبدان بولۇپ، يەنە بىرىڭلارنىڭ كەم بولسا ئۆتنە ئېلىشقا، ئۆز ئارا ياردەم قىلىشقا بولىدىغۇ؟ ھەر ئىككىڭلارنىڭ بولمىسىچۇ؟ ئىككى ئادەم سەپەرداش بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىرى قارىغۇ بولسا يەنە بىرى ئۇنى يېتىلەپ ماڭار، ئەگەر قارىغۇ ئىچى يامانلىق قىلىپ ”مېنىڭ كۆزۈم قارىغۇ بولغانىكەن، سەنمۇ كۆرمە“ دەپ يولدىشىنىڭ كۆزىنى ئويىۋالسا، ئۇلار سەپەرنىڭ ئاخىرىنى قانداق ماڭىدۇ؟ ھەر ئىككىسى ھاڭغا چۈشۈپ ئۆلىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

—...

— ئىككىڭلار قوشنىمۇ؟
— يەر قوشنا، ئۆيلىرىمىزمۇ ئانچە يىراق ئەمەس.
— شۇنداقمۇ؟ ئەنە خالاس. بىر مەھەللىدە ئۇرۇشساڭلار، چىرايلىق ئىشمۇ؟ تويۇڭلار بىر، نەزرە - چىرىقىڭلارمۇ بىر، مۇشۇ پېتى مەڭگۈ تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتەمسىلەر؟
— خېلى تەرلەتتىڭىز، ئەپەندىم. مەن ئەمدى ئىككىنچى...
— مەنمۇ زادى.... — ئەيىپكارلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئىنتايىن خىجىل بولغانلىقىنى بىلدۈردى.
— ئۇنداق بولسا مەن سىلەرنىڭ ۋەدەڭلارغا ئىشىنىمەن. ئۆيۈڭلار قەيەردە؟
— ئاغۇ ئاپچىقتا.
— ئارىلىقىمۇ خېلى بارىكەن، بازاردىكى ئىشىڭلارنى تۈگىتىپ پاتراق يۇلۇڭلارغا مېڭىڭلار خۇداغا ئامانەت.
ئىككىيلەن بۇنداق ئاسان قۇتۇلۇشنى ئويلاپ باقمىغاچقا بەك خۇشال بولدى. ھەم خىجىل بولدى. ئىشنىڭ شۇ قەدەر ئاددىي بولۇپ چىقىشى، كۆڭۈللىرىدە بىر- بىرىنى بەكرەك ئەيىپلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان "پاكىت"لارنى سۆزلەشكىمۇ ئورۇن قالمىغىنى، ھەتتا بۇ پاكىتلارنىڭ ئەمەلىيەتتە تۇترۇقسىز بىر نېمە بولۇپ چىققانلىقىنى ئۇلارنى كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇق ئوسال قىلدى. شۇڭا ئۇلار دەرمەھەل چىقىپ كېتىشنى ياكى مەمتىلى ئەپەندىگە بىرەر ئېغىز ھەشقاللا ئېيتىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشەنگەچكە ئۆزى ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ:
— يۇرۇڭلار، مەنمۇ سىرتقا چىقىمەن،— دېدى ۋە ئۆزىگە يېقىنراق بىرىنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ— چۈشىنىمەن، يىگىتلەر، خىجىللىق ئەيىپنى تۈزىتىشنىڭ بەلگىسى، ئۆزەڭلارنى خىجىللىققا قويىدىغان ئىشنى ئىككىنچى قىلماڭلار، — دېدى، ئۇلارنى تاكى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ئاندىن قايتىپ كىردى.

ئۇ ئاۋۋالقى ئورنىغا قايتىپ كېلىپ يەنە چېگىش خىياللارغا چىرمىلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جىمىكى ئىللەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا جىمىكى بەختسىزلىكلىرىنىڭ يىلتىزى نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى، بۇنى دېمەككۇ ئاسان، ئازراقلا بىر نېمە بىلىۋالغان مەمەدانلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق دىئاگنوز قويۇش بىلەن ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلىشىدۇ. ھەتتا بۇنىڭ دورىسى نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، دەپمۇ ئېيتالايدۇ. گەپ ئەنە شۇ دورا بىلەن پۈتۈن مىللەتنى داۋالاپ چىقىشنى قانداق قىلىپ ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىدى. گەپ بىلەرمەنلىك بىلەن لاپ ئېتىپ قويۇشتا ئەمەس، ھەر كىم"مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟" دېگەن سوئالنى قويۇپ، چامىسىنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلىشتا ئىدى. چۈنكى كېسەل ھېسابسىز، دوختۇرلار ئىنتايىن ئاز... شۇلارنى ئويلىغىنىدا تەۋپىق ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. "يەنىمۇ تىرىشىش كېرەك! ئىشلەش كېرەك! خىزمەت بىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلسا ھەممىنى قۇربان قىلىشتىن ئايانماسلىق كېرەك!.... "

ئۇنىڭ خىيالى ئۇزاققا بارمىدى. باشقا ئىككى ئىزچى يەنە بىر نەچچەيلەننى ئالدىغا سېلىپ كىرىپ كەلدى. تەۋپىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى تونۇيتتى. ئۇ تەتەختىھوندىكى مۇھەممەت جاڭجال دېگەن كونا قىمارۋاز ۋە بەڭگى ئىدى. شۇڭا تەۋپىق كەلگۈچىلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلدى.

— سالام! — دېدى تەۋپىق تەئەددى بىلەن كۆلۈمسىرەپ مۇھەممەت جاڭجالنىڭ بەڭگىلەرگە خاس مومچىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەسلىدە مەن سېنىڭ ۋىجدانىڭغا ئىشەنگەنىدىم. ئەسلىدە سەن سۆزلىيەلەيدىغان ھايۋان ئىكەنسەن! يەنە شۇ كونا ئادەت بىلەنمۇ؟

— شۇنداق، ئەپەندىم، بۇ تۆتى تاۋكا تۇزۇپ ئولتۇرۇپتىكەن، ھەم تېخى نەشە چېكىۋېتىپتىكەن، — دېدى ئىزچى ئەكبەر ھەربىيلەر راپور بەرگەندەك چاقماقتەك سۆزلەپ.

تەۋپىق قىمارۋازلاردىن بىرىگە قاراپ:

— سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە — نىزاخۇننىڭ ئۆيىنى بىلەمسەن؟ ھە، شۇ ئۆيگە بېرىپ، نىمىتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇننى چاقىرىپ كەل، تېز بول! — دېدى بۇيرۇق قىلىپ.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قالغانلارنى ئېلىپ ئىشخانىغا كىردى. ئۇ ئاۋۋال مەھەممەت جاڭجالغا، ئاندىن ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە قاراپ:

— سىلەرنىڭ تەشۋىقاتتىن خەۋىرىڭلار بارمۇ - يوق؟ — دەپ سورىدى.

— ئاڭلىغان، ... — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئەمما مۇھەممەت جاڭجال يۈزى قىلىنلىق بىلەن پىچىرلىدى:

— ئۇقماي قاپتۇق...

— ئاڭلىغان، ئۇقماي قاپتۇق، شۇنداقمۇ؟ بۇ ئىشنىڭ زىيانلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، خەلق ئالەم ئالدىدا نامى ياخشى ئەمەسلىكىنىغۇ بىلىدىغانسىلەر؟

— ئېزىپتۇق،... ئازماس ئاللاھ...

— شۇنداقمۇ؟ ئىككىڭلارغۇ ئېزىپسىلەر، ئىلگىرى بىز سىلەرنىڭ بۇنداق يارىماس ئىش قىلىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلىمىغانىدۇق، بەلكىم بۇندىن كېيىن ئىككىنچى قىلماسسىلەر، سەنچۇ؟ سەنمۇ ئازدىڭمۇ؟ — سورىدى ئۇ مەھەممەت جاڭجالدىن.

— مەنمۇ ئېزىپتىمەن، يەنە بىر نۆۋەت...

— سەن ئەمدى ئازمايدىغان بولسەن، مەن سېنىڭ ئېسىڭدىن چىقمايدىغان قىلىپ ئېسىڭگە سالىمەن! — دېدى تەۋپىق غەزەپ ۋە مەسخىرە بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئۈچ قىمارۋاز تەڭلا چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتەردى. گەپنىڭ تەلەپپۇزىدىن باشقىچە بىر مەنانى چۈشەنگەچكە، دەككە- دۈككە بولۇشقا باشلىدى.

— ئەپەندىم، بىز ۋەدە بېرەيلى، قوۋئان تۇتۇپ بەر دېسىڭىزمۇ مەيلى، — دەپ يېلىندى يېڭى قىمارۋاز، — ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلۇپ قالماق تۇگۇل ئاڭلاپ قالسىڭىزمۇ ئىگەكىم....
— ماڭىمۇ يەنە بىر قېتىم رەھمە قىلغان بولسىڭىز... — دېدى مۇھەممەت جاڭجالمۇ.
— بۇ سېنىڭ نەچچىنچى قېتىم ئېزىشىڭ؟ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكىنىڭنىلا ھېساب قىلغاندا ؟ — دېدى تەۋپىق مەسخىرە قىلىپ.
— تۆت....
— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە "مەرتەم- مەرتەم ئۈچ مەرتەم" مۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ساڭا ئالدىنىۋېرىدىغان كىچىك بالا يوق! ئىنسان دېگەندە تەبىئەت بولىشى كېرەك. بىر ئادەمگە باشقىلار ھەمىشە كۆز قۇلاق بولۇپلا تۇرالمايدۇ. ئۇ ئەگەر ئۆز ۋىجدانىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ تۇرمىسا ئۇنىڭغا ئامال يوق!
بۇ چاغدا مەڭلىكاخۇن بىلەن نىمىتۇللا يېتىپ كەلدى.
— چاقىرىشىڭىز بويىچە كەلدۇق. خىزمىتىڭىزگە تەييارمىز! — دېدى ئۇلار.
— بۇ بەڭگىنى باغلاڭلار! — دەپ بۇيرىدى تەۋپىق.
مەھەممەت جاڭجال ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ گەپكە ئىزا بولىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ئىلگىرى تەۋپىقنىڭ تەن جازاسى بەرگىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا بۇ بۇيرۇق ئۇنىڭغا ئانچە تەسىر قىلمىدى.
— ئەپەندىم، مەنچۇ؟
— مەنچۇ؟ — دەپ مۆلدۈرلىدى يېڭى قىمارۋازلار.
— سېنىمۇ باغلايدۇ!
— مەنچۇ ئەپەندى؟ كەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى بايا جەڭچىلەرنى چاقىرىپ كەلگەن بىرى.
— نەگە كېتىسەن؟ سەنمۇ مۇشۇلاردىن ئايرىلما!
جەڭچىلەر ھايال بولماي قىمارۋازلارنىڭ قوللىرىنى ئۆزىنىڭ بەلۋاغلىرى بىلەن باغلاپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى.

— جامائەتكە خەۋەر قىل، جۇمە نامىزىغا ھەزرەت سۇلتانغا كەلسۇن، جۇمەدىن كېيىن مەجلىس ئاچىمىز.

ئەكبەر چىقىپ كەتتى. تەۋپىق قاتتىق غەزەپكە كەلگەندەك جايىدا ئولتۇرالماي ئۇياقتىن- بۇياققا ماڭدى. بۇلارنى قاتتىق جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش قارارىغا كەلدى. جۇمە نامىزىغا ئەزەن ئېتىلدى. تەۋپىق بىردەم جىم تۇرۇپ قۇلاق سالدى. كېيىن يېنىدا قالغان ئىزچىنى باشلاپ ھەزرەت سۇلتان جامەسىگە قاراپ ماڭدى...

نامازدىن كېيىن، ئۇ جامەئەتنى ئالدىرىماسلىققا دەۋەت قىلدى.

— ۋەتەنداشلار، — دېدى ئۇ جىددى تۇردە كۆپچىلىككە قاراپ، — مەيلى كىشىلىك ئەخلاقى بولسۇن، مەيلى شەرىئەت بولسۇن ئوغۇرلۇق، زىنا، نەشە چېكىش، قىمار ئويناشنى توغرا تاپمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىز بۇ ئىشلارنى چەكلەشكە بەل باغلىغانىدۇق. بىزنىڭ ھەربىكىتىمىز خېلى ئۈنۈملۈك بولدى، كۆپچىلىك ئىزچىلاردىن — ئۆز پەرزەتلىرىدىن سۆيۈندى. بىراق، يەنە بەزىلەر ھازىرغىچە يۇقارقىدەك يامان ئىشلاردىن قول ئۈزمەي كېلىۋاتىدۇ. تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟

— زىندانغا تاشلاش كېرەك...

— ھەپسىگە، پەيزىۋاتقا ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ...

— ئېسىپ ئۇرۇش كېرەك!

تەۋپىق ئىزچىلارغا ئىشارەت قىلىۋىدى، قولى باغلانغا قىمارۋازلارنى خالايىقنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ چىقتى. ئىككى جەڭچى ئىزچىلارغا ھەمدەمدە بولۇپ، ئۇلارنى يالاپ چىقتى.

— مانا بۇلار، — دېدى تەۋپىق ئۇلارنى كۆرسىتىپ، — قىمارۋازلار ھەم بەڭگىلەر. مانا ماۋۇسى ھەممە ئادەم بىلىدىغان كەسپىي قىمارۋاز، كونا بەڭگى.

— بىرەر قېتىم ئازغانلارنى قويۇپ بېرىپ،تۈزەلمىگىنىنى ئوبدان يۇمشىتىپ قويسا بولىدۇ.

— ھەممىسىنى دېگىنە! ئېزىپ ئۇ كىچىك بالىمۇ؟

— ۋەتەنداشلار، بۇ ئىشنىڭ يىرگىنچىلىك، يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىكەنمىز، ھەممىمىز ئورتاق تىرىشىپ تۈزىتەيلى. مانا مۇشۇنداق ئۇتتۇرىغا چىقىپ كۆپچىلىككە تىوغرا تۇرماقنىڭ ئىغىرلىقىنى بىلگەنلەر، ”ھازىرغىچە تۇتۇلمىدىم، يەنە تۇتۇلماسمەن“ دەپ ئويلىمىسۇن. ھامان بىر كۈنى تۇتىلىسىلەر! ھەممىشە سىلىق نەسىھەت بولىۋەرمەيدۇ، قاتتىق جازامۇ بار! — تەۋپىق ئەپىپكارلارغا بۇرۇلدى، — سىلەر، ئۆزەڭلارنى توغرا ئىش قىلدىم، بۇنىڭ ئەيىبلىك نىمىسى بار دىسەڭلار كۆپچىلىككە باش كۆتۈرۈپ قاراپ بىقىڭلار، قىنى! — دىدى. قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەن سالغان باشلىرىنى كۆتىرەلمىدى.

— نىمىشكە قارىمايسىلەر؟ نومۇسلۇق ئىش قىلمىغان تۇرۇقلۇق نىمىشكە قارىيالمايسىلەر؟ توغرا ئىش قىلغان، ياخشى ۋە شەرەپلىك ئىش قىلغان بولساڭلار نىمىدىن خىجىل بولىسىلەر؟

ئەپىپكارلار يەنىلا باش كۆتەرمىدى؟

— قىلغان ئىشىڭلارنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى ھىس قىلدىڭلارمۇ؟ — ئۇ يەنە كۆپچىلىككە بۇرالدى، — مانا شۇنداق گەپ، ۋەتەنداشلار، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، بۇلارغا قاتتىق جازا بىرىشكە نىمە دەيسىلەر؟

— جازالاڭ!

— ئىسىڭ! تازا كۆرگىلىكنى كۆرسۇن!

— نىمىتۇللا، مەڭلىكاخۇن! ماۋۇ تۈزەلمەس ھايۋاننى ئاپىرىپ قۇلىقىدىن تۈۋرۈككە مىقلاڭ! شۇ يەردە ئەتىگىچە تۇرسۇن! — دىدى تەۋپىق. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىمارۋازلارنىڭ جان- پىنى چىققۇدەك بولۇپ كەتتى. رەڭگىنىڭ قىنى ئۆچتى.

— قىمار دىگەننىڭ بوۋىسى قىلىپ، بىزگە جازا كىلەمدىكەن! — ۋارقىرىدى مۇھەممەد جاڭجال.

— كىم ئۇ بوۋىسى؟

— مەمتىمىنچۇ؟! مەمتىمىن ئاق كىرپىك! ھەر كۈنى كېچىسى ئۆيدە تاۋكا...

ئۇنىڭ ۋايساشلىرىغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. ئۇنى قۇلىقىدىن پىشايۋان تۈۋرىكىگە مىخلىۋەتتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرايتتى، لېكىن قۇلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ، يۇلقۇنالمايتتى. ھېلىلا ئۇنى قاتتىق جازالاش، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن دېھقانلار ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ، قۇلىقىدىن ئاققان قاننىڭ مۈرىسىگە ۋە تۈۋرۈك بويلاپ تۆۋەنگە ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئىچ ئاغرىتىشىپ، چۇقانلىرىنى توختىتىپ شۈكلەپ قېلىشتى.

تەۋپىق قالغان قىمارۋازلارغا قارىدى:

— بىز، ئۆزىمىز يامان دەپ تونىغانلارغا، دۈشمەنلەرگە رەھىمسىزلىك قىلىشنىمۇ بىلىمىز. مەن سىلەرنى قويۇۋېتەي، دۈشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشنى ياكى ياخشى ئادەملەر قاتارىغا قايتىپ كېلىشنى ئۆزۈڭلار ئويلاڭلار، — ئۇ شۇنداق دەپ، ئىزچىلارغا ئۇلارنى يېشىۋېتىشنى بۇيرىدى.

مەھەممەت جاڭجال بىردەم ۋايجانلايتتى. بىردەم تەۋپىققە يېلىناتتى. يەنە بىردەم ئالدىدىن ئۆتىۋاتقانلارغا ئىچىدىن بىرەر تونۇشنى كۆرۈپ قالسا ئۇنىڭ سالا قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلاتتى. بوشىتىلغان قىمارۋازلار ھېچنېمىگە قارىماي چىقىپ كۆزدىن غايىپ بولدى[1].

*****

ئەتىسى مەھەممەت جاڭجالنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنداقلا تۈزەلمەس دەرىجىگە يەتكەن، ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىككى پۈتلۈق

---

[1] بۇ تۈزەلمەس ئادەم كومپارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە — 1950 - يىلى — قاتىللىق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، — ئا.

ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئاتۇشنىڭ جەمئىيەت سەھنىسىدە كۆرۈنمىدى. بەزىلىرى بىر ئۆمۈر قىلغان ۋە تېخى تاشلىۋېتىشكە قىيمايدىغان ئىشلىرىنى توسالغۇ يوق ماكاندا خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يۇرتتىن كېتىشكەن، بەزىلىرى ھويلىسىدىن چىقماس بولۇشقانىدى. ئازراق بولسىمۇ ئىنسانغا خاس نومۇسىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ۋە ھەقىقەتەنمۇ ئازغانلار بولسا ئىككىنچىلەپ بۇ ئىشنى تەكرارلىمىدى. نەتىجىدە ئاتۇش ئىچى كۆرىنەرلىك دەرىجىدە تەرتىپكە چۈشتى. بازارلىقلار بىزەپ ئاغزى، دادىلىرى بىلەن بىر تاۋكدا ئورتاق ئوينايدىغان، بىللە چىلىم چېكىدىغان قىلىقسىزلىقى، ھە دېسىلا ئاغزىدىن پاسكىنىچىلىقنى تۆكۈپلا تۇرىشى نەتىجىسىدە ئەسلى مەنىسىنى يوقۇتۇپ، خۇددى تاماققا قوشۇلغان تۇزدەك سۆزگە تەم كىرگۈزىدىغان ئادەتتىكى گەپكە ئايلىنىپ كەتكەن يامان سۆزلەر خۇددى قاتتىق يامغۇر بىلەن چاڭ توزاڭدىن بىراقلا خالاس تاپقان كائىناتتەك كۆڭۈللۈك، دوستانە بىر ۋەزىيەت تولۇق ھاكىم بولغانىدى. بازاردىلا ئەمەس يىراق كەنتلەردىمۇ كىشىلەر جىدەل- ماجرا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى تۇتىۋالىدىغان بولۇشتى. چۈنكى تەۋپىقنىڭ قاتتىق تەلىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەبلىغلەر نەتىجىسىدە ھېچكىم يامان ئىشقا چاپان يېپىپ ئۇنى يوشۇرمايدىغان ۋەزىيەت يارىتىلغاچقا، ھەرقانداق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا بولۇنغان يامان ئىش، يامان سۆز ئىزچىللارغا يېتەتتى. بۇ قۇرئاندىكى : «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن» دېگەن ئايەتكە ئۇيغۇن ئىدى ۋە تەۋپىق كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنى چاقىرىق قىلغاچقا، بۇنىڭ كۈچلۈك ئۈنىمى بولغانىدى. ھەرقانداق ئەيىپلىك ئىشلارغا ئەلدە ئومۇمىي نەپرەت پەيدا بولغان بولۇپ، كىشىلەر ئۆز ئارا نەسىھەت قىلىش، ئۆز ئارامەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن جەمىيەت تەرتىۋىگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

قىمارۋازلارنى جازالاش مەيدانىدا مەھەممەت جاڭجالنىڭ مەمتىمىن ھەققىدە قىلغان سۆزى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تەۋپىقنىڭ ئېسىدە بارىدى. ئۇ ھېلىھەم بۇ ھەقتە ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ تاسادىپى ئاخبارات يەنە بەزىلەرنىڭ ئىنتايىن يوشۇرۇن ھالدا مەلۇم ئۆيلەردە يامان ئىشلارنىڭ تېخىچە داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئاپەتنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا نىيەت قىلىپ، كېچىلىرى ۋاقىت چىقىرىپ بازار ئەتراپىنى مەخپى چارلاش قارارىغا كەلدى.

ئىزچىللارنىڭ كېچىلىك چارلاشلىرىدىن مەمتىمىننىڭ ئۆيىدە ھېلىمۇ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تاۋكانىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. تەۋپىق ئىزچىللارنى ئۆزى باشلاپ بۇ ئاخىرقى ”جاھىل قورغان“نى پاچاقلاش نىيىتىگە كەلدى.

بۇ كۈنى كەچتە قارا بۇلۇتلار قويۇقلىشىپ، يامغۇردىن شەپە بولىۋاتاتتى. نەم ۋە خۇشبۇي ھاۋا دىماققا ئۇرۇلاتتى. بۇنداق ھاۋا كىشىنى ئالاھىدە تېتىكلەشتۈرەتتى. ساي تەرەپتىن شېغىلنى شارقىلىتىپ كىملەرنىڭدۇر ئاياق تىۋىشى كېلەتتى. ئارقىدىن تۈيغۇن ئىتلار قاۋاشقا باشلايتتى. ئايىقاراڭغۇسى بولىدىغان كېچىلەردە ئىتلارنىڭ تۇشمۇ- تۇشتىن قاۋاشلىرى كىشىگە سۈر بېغىشلايتتى.

تەۋپىق ئىزچىللارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ھەر قايسى كوچىلارغا ماڭدۇردى. نىمىتۇللا ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىققا كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ تەۋپىق ئۇلارنىمۇ بىر گۇرۇپپىغا قوشۇپ باشقا ياققا ئەۋەتىۋەتتى. ئۆزى پەقەت ئىككى ئىزچىنى ئېلىپ، مەشھەدنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تاللىۋالغىنى يۈگرەش تەنھەركەتچىسى ئەكبەر بىلەن ناسىراخۇن ئىدى.

ئۇلار ھەممە گۇمانلىق ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىنى سىرتتىن تەكشۈرۈپ، ئاخىرى مەمتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئەكبەرنى پەنجىرىدىن قاراپ بېقىشقا بۇيرىدى. ئۆزى يول بويىدا — بىر تۈپ قارا ياغاچنىڭ دالدىسىدا تۇراتتى. ئىزچى قايتىپ كېلىپ:

— ئۆيىنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ئادەمنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، ئاۋازىدىن قارىغاندا ساق ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئەمەس،— دېدى.

— يۇرۇڭلار، كىرىپ باقايلى! — دېدى تەۋپىق جىددىي ئاھاڭدا ۋە ئۆزى بىرىنچى بولۇپ هويلىغا چۈشتى.

ئىزچىلار بۇزۇقلارنىڭ كۆپلىكىنى، بىرەر يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىش ئېھتىمالىنى ئويلاپ تەشۋىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر نېمە دەپ ئۇستازىنى توسۇشقا پېتىنالمىدى ھەم ئۇلگۇرەلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ هويلىغا چۈشتى.

ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تىڭشاپ تۇرۇپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قىمار ئويناۋاتقانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن تەۋپىق كۈچلۈك ۋە ئىشەنچىگە تولغان ھەرىكەت بىلەن ئۆي ئىشىكىنى قاقتى.

— ئىشىكنى ئېچىڭلار!

— كىم؟ — ئۆي ئىچىدىن غەرەپلىك سوراق ئاڭلاندى.

— مەن، مەمتىلى!

— ھە، نېمە ئىشىڭ بار؟ بۇنداق كېچىدە خەقنىڭ ئۆيىدە نېمە بار ساڭا؟

— ئىشىكنى ئاچ!

— ئەپەندىم، كېتەيلى، ھېچ بولمىسا نېمىتۇللاكاملا بىلەن كەلگەن بولساق مەيلىتى،... — دەپ يېلىندى ئەكبەر.

— مەس بەڭگىلەر پىچاق كۆتۈرۈپ قوپسا ئىش چاتاق!... ئاگاھلاندۇردى ناسىراخۇن، ئۇ شۇ تاپ جېنىدىن قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن تەربىيەم شۇمۇ؟ ”قورققان مىڭ ئۆلەر، قورقمىغان بىر ئۆلەر“ دېگەن تەمسىل ئېسىڭلاردا يوقمۇ؟— دېدى تەۋپىق ئۇلارنى ئەيىبلەپ.

بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن ھودۇققان، ئالدىرىغان ھەرىكەتلەر، قورقۇمسىراپ پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئارقىدىن مەمتىمىنىنىڭ ئىنتايىن ئەپسانە تىللىغىنى ئاڭلاندى. بىردەم پىچىرلاشلاردىن كېيىن بىرسى:

— ئىشىكنى ئاچايمۇ؟— دېدى بىچارە ئاۋازدا. بۇ ئاۋازدا ھەم تەۋپىقنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن ھەم ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن قورقۇش، شۇنداقلا كۆز ئالدىدىكى ئاغزى بىزەپ، بۇزۇق خوجايىنىدىن قورقۇش ئالامىتى بارىدى.

— ئاچساڭ، ئاچە، قولىدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقسۇن! — بۇ مەمتىمىننىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئىشىك داغدام ئېچىلدى. ئىزچىلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىشىكتىن كىرمەي ئۇدۇلدىكى سۇپا ئۈستىدە ھۆرپىيىپ تۇرغان مەمتىمىنگە قاراپ تۇرۇشتى.

— خىيالىڭدا مېنى مەھەممەد جاڭجال چاغلاپ قىلىۋاتىسەن، — دېدى مەمتىمىن ئاللىقانداق ئىشەنچلىك ئاۋاز بىلەن مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،— ئاكاڭ قارىغاينى تەختىيۇنلۇككە ئوخشىتىپ قالما، جۇما!

— شۇنداقمۇ؟— دېدى تەۋپىقمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئەمما قىلچە قورقماستىن،— قەيەرلىك بولىشىڭنىڭ نېمە پەرقى؟ بۇ سېنىڭ شەرىپىڭمۇ؟ ياكى ئۇلۇغلۇقۇڭمۇ؟ بېرىڭ ئەنە، ئادەم قىلىپىدىن چىققان بۇزۇقسەن!

— ۋي! ۋي! ھېلى بىكا!

— نىمىگە شۇنچە يوغان سۆزلەيسەن؟ نېمەڭگە ئىشىنىۋاتىسەن؟

— مانا بۇنىڭغا!- مەمتىمىننىڭ قولىدا غالتەكلىك تاپانچا پارقىراپ كەتتى! ئۇنىڭ ئەجەل پۈرىقى تارقاتقۇچى ئاغزى ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. بۇ ھال ئىزچىلارنىمۇ، تەۋپىقنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى.

تەۋپىق بىردەملىك ھەيرانلىقتىن كېيىن دەرھال مەمتىمىننىڭ ھۆكۈمەت غالچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇنداق بولمىغاندا مەمتىمىننىڭ بۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن گەپ قىلىشى ۋە تاپانچا چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ نۇقتىنى ياش بولىشىغا قارىماي قاقۋاش بولۇپ كەتكەن ناسىراخۇنمۇ دەرھال ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى پاللىدە يورۇپ، مەمتىلى ئەپەندى ئالدىدا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ ئۇچۇن جاسۇسىنىڭ ئالدىغا قەھرىمانلارچە بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭدىمۇ قانداقتۇر بىر ئىشەنچ باردەك قىلاتتى.

— سەن نەلىك بولساڭ مانا مەنمۇ شۇيەلىك، نوچى بولساڭ ئاتە، مانا! — دېدى ئۇ كۆكرىگىنى ئېچىپ بۇسۇغىدىن بىر قەدەم ئاتلاپ.

— كەينىڭگە يان! بولمىسا ئاتىمەن! — مەمتىمىننىڭ چۆچىگەندەك ئىپادە بىلەن ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە كۆرىنەرلىك بوشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان تەۋپىق، بۇنى «‹يۇرتداشلىق›تىنمۇ ياكى تۇققانچىلىقى بارمىدى، بەلكىم راستلا ئۇ قورۇق ھەيۋە قىلغان بولىشى كېرەك...» دېگەندەك ئويلارنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

—ئاتالمايسەن، مېنى ئېتىپ ئۆزۈڭ نېمە كۈن كۆرۈشۈڭنى ئويلاپ قوي!

— ئەكبەر بىلەن تەۋپىق ئارقىسىدا بولغاچقا ناسىراخۇننىڭ چىراي ئىپادىلىرىنى كۆرەلمەيتى.

— ئاتالمايسەن،— دېدى تەۋپىقمۇ ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ، ئىزچىسىنىڭ جەسۇر روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان ھالدا بوسۇغىدىن ئاتلاپ تۇرۇپ،— ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان مېنىڭ جەڭچىلىرىم يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. شۇڭا بۇنداق قارامىلىقنى قىلالمايسەن!

ناسىراخۇننىڭ ئارىغا قىستۇرلىشىدىن بولدىمۇ ياكى تەۋپىقنىڭ ئەمەلىيەتلىك تەھدىدى رول ئوينىدىمۇ، ئىشقىلىپ مەمتىمىن كۆرىنەلىك بوشاپ قالدى. بىراق ئۇ بىردىنلا بەل قويىۋەتكىسى كەلمەي، قورۇق تېرە تاراقشىتىپ:

— ئاتىمەن دېدىم، ئاتىمەن! كەينىڭگە يان! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەكبەرنىڭ رەڭگىدە قان قالمىدى. ئۇيا ئەسكەر ئاكىلىرىنى چاقىرىپ كېلىشنى ياكى تۇرىۋېرىشنى قارار قىلالماي قىينىلاتتى. ناسىراخۇنمۇ مەمتىمىن كەيپىلىكتە ساراڭلىق قىلىپ ئېتىپ سالارمۇ دەپ ئويلاپ، تاتىرىپ كەتتى. پۇتلىرىمۇ تىترەشكە باشلىدى. ئەكبەرمۇ ئىچ- ئىچىدىن تىترەۋاتقىنىغا قارىماي، خاتىرجەم كۆرۈنۈشتە ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىشقا ئۆز- ئۆزىگە سۆز بېرەتتى ھەم ئۇستازىنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالغانىدى. ئۆلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىر- بىرىگە مەركەزلىشىپ قالغان مۇشۇ پۇرسەتتە مەمتىمىننىڭ شېرىكلىرى غىپپىدە تىكىۋېتىشتى.

ئۇلارنىڭ ھودۇققان ھالدا قېچىشى ئاخىرقى ھېسابتا قىيىن ئەھۋالدا قالغان تەۋپىق ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ چىقتى. قاچقۇنلار تولىمۇ چاندۇرغان ھالدا ئۆلە- تىرىلىشىگە باقماي قېچىۋاتقاچقا كوچا چارلاپ يۈرگەن ئىزچىلارغا يولۇققاندى، ئىزچىلار ئۇلارنى تۇتىۋېلىپ، سوراق قىلىشتى ۋە خەتەرلىك ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى.

كېچە جىمىقىدىكى سۈرەن- چوقاننى ئاڭلىغان باشقا گورۇپپىلارمۇ، قوراللىق جەڭچىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگىلا يېتىپ كەلدى.

— مىڭىشە، بىز بىلەن! ئەگەر بىز بارغىچە بىرەر چاتاق چىقىرىپ قالىدىغان بولسا ئۆيۋاقاڭنى قوشۇپ يىلىكلىرىڭنى چېقىپ ئىچىمەن! — دېدى جىددىيلىشىپ نىمىتۇللا.

مەڭلىكاخۇن قولىدىكى مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن قىمارۋازلارنىڭ گەجگىسىگە سالدى. ئۇلار مەتىمىننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە تەۋپىق سۈپىنىڭ تۆۋىنىدە پەگادا، ئىزچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. مەتىمىن بولسا سۇپا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا تاپانچىسىنى بەتلىۋالغانىدى. ياندىكى يەنە بىر ئۆيدە ياتقان مەتىمىننىڭ ئايالى خېلىدىن بېرى غەۋغانى ئاڭلاپ يېتىپ ئاخىر چىدىيالماي بۇ ئۆيگە چىققان ھەم ئېرىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ يېلىنىۋاتاتتى. مەتىمىن بولسا ئۇنىڭغا ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ، ئىتتىرىۋېتەتتى. ئۇ كەيپىلىكتە تاپانچا چىقىرىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغىنىنى، ئەمدى يولۋاسقا مىنىپ قېلىپ چۈشەلمەي قالغىنىنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھامىيلىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ھازىرقى شارائىتتا يەنىلا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ نوپۇزى، ھەربىي كۈچى ئۈستۈنرەك تۇرغان ئەھۋالدا ئىھتىيات قىلماي تۇرالمايتتى. چۈنكى ھۆكۈمەت مەھمۇد مۇھىتى بىلەن تەڭپۇڭلۇق ساقلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن مەتىمىندەك بىر پىچكىدىن ۋاز كەچمەي قالمايتتى. شۇڭا ئۇ قىلىپ سالغان ئىشنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. مۇشۇ پەيتتە يېتىپ كەلگەن يىگىتلەر مەتىمىننىڭ ئېسىنى يىغىۋېلىشقا

پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بەرمەيلا ئۇنى قورالسىزلاندۇردى. مەڭلىكاخۇن ئۇنى بىر نەچچىنى بېقىنلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈردى. بۇ ئىش شۇنچىلىك تېز، كۆز يۇمۇپ، ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولدىكى، تەۋپىقمۇ نېمە بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭقىرىشقا ئۈلگۈرمەي مەمتىمىن سوپا ئۈستىدە ئۆمۈلەپ قالدى.

— هوي، يىگىتلەر، توختاڭلار، ئۇرماڭلار! — دېدى ئۇ شۇندىلا، — قويىۋېتىڭلار!

— بىز ئۇنى سىجاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز، بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئېتىپ تاشلىماي بولمايدۇ!- دېدى مەڭلىكاخۇن.

مەمتىمىن لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ تەۋپىقنىڭ قويىۋېتىش توغرىسىدا يەنە گەپ قىلىشنى تاما قىلىپ، بىچارىلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. هېلىلا شىردەك هۆكىرىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىشەلمەيدىغان رەقىبى ئالدىدا تۇرغان مەمتىمىن شۇنچە تېز ئارىدىلا، ئۆزى ئىتىۋەتمەكچى بولغان رەقىبىدىن ئىلتىپات تىلەشكە مەجبۇر بولىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. هەتتا بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇ پەقەت: ”خۇدا، مۇشۇ نۆۋەت قۇتۇلۇپلا كەتسەم... “ دېگەنىنىلا خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭغا كىم تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرىلىشى بەربىرىدى.

تەۋپىق بۇ چاغدا ئۆزىنى ئاشكارىلىغان جاسۇسنى قانداق قىلىش كېرەكلىكى هەققىدە قايتىدىن پىكىر يۈرگۈزىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ هەركىتىگە ئاشكارە سىياسى تۈس بېرىپ قويۇش بىلەن هۆكۈمەتنىڭ تازىلاش ئوبىكتىغا ئايلىنىپ قېلىشنى خاهلىمايتتى. هۆكۈمەت هازىر ئىلغارلىق تونىغا ئورىنىۋالغان بىلەن هامان بۇنداق تازىلاشقا چول تەگدۈرەتتى. مەهمۇد مۇهىتىنىڭ مۇداپىئە كۈنلۈكى ئىشەنچىلىك ئەمەس، ۋاقتىلىق ئىدى. بۇنداق ئەهۋالدا ئۇ ئۆزىنى سىياسەت بىلەن كارى يوق، پەقەت مائارىپ بىلەنلا شۇغۇللانغۇچى قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەردە شۇنداق تەسىر قالدۇرمايدىغان بولسا قالغان ئىشىنىڭ ئۆمرى چەكلىك بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەتمەكچى بولغان غايە تېخى ناهايىتى يىراق. شۇڭا ”شاهنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پىچىكنى يېيىش پۇرسىتىدىن كېچىش“ قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ

قارارى قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ”قايتا تەكشۈرۈشلەر“دىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىمۇ يېنىك تىنىق ئالدى. ”دېگەن بىلەن جاسۇس ئاشكارىلانغانىكەن، ئۇ ئۆلگەن بىلەن ئوخشاش! “دەپ تەسەللىي تاپتى ئۇ.

— قويىۋېتىڭلار! — ئاخىرقى قارارنى ئېلان قىلغاندا ئۇنىڭ تەلەپپۇزى دىپلوماتلارچە تۇس ئالدى، — بىز ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلدۇق، خەلقمۇ بىلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ هۆكۈمەت خادىمى بىلەن ئېيتىشقاننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ۋە مەتنىمندەك بەڭگىلەر چۈشەنمەيدىغان تىل بىلەن مەسخىرىنى ئېلان قىلىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى، —”كۆڭۈل كىمنىڭ بولسا قالى يوق چىغاي، قىلسا كۈچۈن بولماس ئانى توق باي“.

— ئەپەندىم، بىزگە رەھىم قىلىڭ، — دېدى باياتىن قېچىپ يەنە تۇتۇپ كېلىنگەن قىمارۋازلار، — بىز بىلمەپتۇق، مەتنىمىننىڭ ”قۇلاق“لىقىنى ئەمدى بىلدۇق... يا خۇدايا!...

— بىلگەن بولساڭلار بوپتۇ، كېتىڭلار، بۇندىن كېيىن يامان ئىش ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالمىساڭلارلا بىز سىلەرنى دوستىمىز دەپ بىلىمىز، مېڭىڭلار.

— رەھمەت، ئەپەندى، خۇدايىم، مىڭ ياشقا كىرەرسىز... — ئۇچەيلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ شۇنداق گۇڭۇڭلىدى.

ئىككى جەڭچى بۇيرۇقنا بىنائەن مەتنىمىننى قويىۋەتتى ۋە ئانچە رازى بولمىغان هالدا پەگاغا چۈشتى.

— ئۇنىڭ قورالىنىمۇ بېرىڭلار، — دېدى تەۋپىق خاتىرجەملىك بىلەن.

— نېمىشكە؟ — مەڭلىكاخۇن نارازىلىق بىلەن سوردى ۋە نىمىتۇللانىڭ قورال ئېلىۋاتقان قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. بىراق نىمىتۇللا يەنىلا تاپانچىنى مەتنىمىنگە تاشلاپ بەردى. بۇ هالنى كۆرۈپ ناسىراخۇن مەغرۇر كۈلدى.

— مەن ”نېمىشكە“گە كېيىن جاۋاب بېرەي، بولامدۇ؟ قىسقىچە ئېيتسام بىز مەدەنى ئاقارتقۇچىلار، بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايمىز.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەمتىمىن ئاشۇ ھالىتىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئالدىدىكى تاپانچىغا قول ئۇزىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇ كۆڭلىدە ”مەمتىلى مېنى سىناۋاتىدۇ، ھېلىقى قايتىپ كېلىپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدۇ، ئاندىن سايغا ئېلىپ چىقىپ ئىتنى ئاتقاندەك ئېتىپ تاشلايدۇ... “ دەپ ئويلاپ قورقاتتى. ئايالى بولسا ئۇنى ئەمدى ئارام ئېلىشقا ئۈندەيتتى. مەمتىمىن ئايالىنىڭ بىزەڭلىك بىلەن كۆزىگە كىرىۋېلىشقا قارشى بىرەر يامان گەپ قىلىشتىنمۇ قورقاتتى. چۈنكى ئۇ ئاشۇ دەمدىكى-راسمىلىك كەيپىياتتا ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە دۈشمەندەك، ئايالىمۇ ئۆزىنىڭ يوقلىشىنى تىلەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىنلا سەل ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك رەقىبى ئالدىدا ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرغىنىدىن، ئۆزىنى ئاشكارلاپ قويۇش بىلەن قادىرھاجى ئالدىدىكى ئىشەنچىتىن مەھرۇم بولغىنىغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ”جەڭدىن كېيىن باتۇر تولا“دېگەندەك ئىش ئۆتۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ خىيالىغا نۇرغۇن باتۇرانە ھەرىكەتلەر كەچتى. تاپانچىنى غەزەپ بىلەن قولىغا ئالدى ۋە تورۇسقا قارىتىپ تەپكىسىنى باستى. بىراق تاپانچا ئېتىلمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بايىقىلار ئۇنىڭ ئوقىنى ئېلىۋەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ يەنە لەسسىدە بولۇپ قالدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ قانلىرى يەنە قايناشقا، رەقىبىنى چاينىۋېتىپ پۇركىۋەتكۈدەك دەرىجىدە چىش غۇچۇرلىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەزەپ ۋە نەپرەتكە تولدى. ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىمۇ چىڭقىپ كەتتى. قەشقەرگە بېرىپ قادىرھاجىنىڭ ئۆزىدىن يولىيورۇق ئېلىپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

# سەككىزىنچى باب

شور پىشانە تەشنالىقتا قىلارمىش ئارزۇ:
«بەختلىكلەر دۆلىتىگە يەتسە — دەپ—
زاۋال».
شەپىرەڭنىڭ كۈندۈز كۈنى كۆزى كۆرمىسە،
نىمە گۇناھ نۇرلۇق ئاپتاپ كۆرسەتسە جامال؟

گەرچە يامغۇر ياخشىلىقتا ھەممىگە ئوخشاش،
بىراق،
باغدا لالە ئۆسىدۇ، شورلۇقتا يانتاق.
— سەئىدى. «گۈلىستان».

1

مەمتىمىن ھايال بولمايلا قەشقەرگە ئاتلاندى. ئۇ توختى زۇنۇنغا ئۇچراپ قىلىشتىن مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇنىڭدا بىر خىل ۋەھىمە پەيدا بولغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەمدى مېنى كېرەك قىلمايدۇ. ئۇجۇقتۇرىۋېتىدۇ، دېگەن خىيال نېرى كەتمەيتتى. چۆچەكلەردىكى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان پالۋانلارنىڭ جادۇ ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كەلىمە سۆز قىلىشقا ئىجازەت سوراپ مەلۇم بىرسىنى ئاشكارىلىشى بىلەن، ئۇ پادىشانىڭ ئوغلى، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرىۋاتقان پادىشاھ ئۇنىڭ ئۆز دادىسى بولۇپ چىققان ئاجايىپلاردەك، ”كىملىكىمنى مەلۇم قىلىۋالغىچە، غەرەز ئۇقمايدىغان يالاقچىلاردىن بىرەرسى ئۆلتۈرىۋېتەرمۇ؟“دېگەندەك ئالدىراپ قالغانىدى.

شۇ ۋەھىمە ئىچىدە سايىۋەنلىك پوچتا كىرا قىلىپ بېرىشتىنمۇ خەۋەپسىرەپ، ئىشىكىگە مىندى- دە، يۈرۈپ كەتتى. ئاچياردىن ئۆتكەندىلا ھاۋا - جاھان قىزىشقا باشلىدى. يىراقتا قۇمالتاغ تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كۆك يانتاقلىقلار ئۈستىدە ئۇششاق ھاشارەتلەرنىڭ گىژىلدىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ جىم- جىت ئىدى. ئادەتتە ياز كۈندۈزلىرىدە يولۇچىلاردىن باشقا كىشىلەر سايىدىن قوزغىلىشمايتتى. ئۇ قورققاندەك ئارقىغا قارىغاندى، قىراق دەريا بوغىزىنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدىكى گويا ئوتتۇرىسىدىن پىچاق بىلەن كەسكەن زاغرا ناندەك، كەسكەن تەرىپى تىك، قارشى تەرىپى يانتۇ چۈشكەن تاغ ئىسسىق دەستىدىن تىترەۋاتقاندەك بىلىندى. بۇ ئىسسىقنىڭ ئالامىتىمۇ؟ ياكى مەمتىمىنگە شۇنداق تۇيۇلىۋاتامدۇ، ئېنىق ئەمەسىدى.

ئەتراپتا ئىسسىققا دال بولغىدەك بىر نەرسە يوق. مەمتىمىن ماڭغان يولمۇ ئادەم ئانچە چېلىقمايدىغان جاڭگال يولى بولغاچقا، يول بويىدا دەرەخ كۆلەڭگىسى بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئۇ قۇمالتاغنى قاق ئىككىگە يېرىپ تۇرىدىغان ”ئىت يولى“غا بېرىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئىت يولى تار، ئىككى تەرەپ ”بۇلۇتقىچە “ تىك چىقىپ كەتكەن قىيا بولغاچقا ئۇ يەر سايە ھەم سالقىن بولاتتى. ئىت يولىدىن چىقىۋالسىلا بەشكېرەمگە ئۇلىشاتتى. بەشكېرەمگە بېرىۋالسا ھەر ھالدا دەرەخلەر كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان يول بىلەن مېڭىشقا بولاتتى.

ئۇ قىممەتلىك نەرسىسىنى يۈتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك ئالاقىزادىلىك بىلەن كېتىپ بېرىپ قويۇن يانچۇقىنى تۇتۇپ باقتى ۋە يەنە يامان چۈشتىن ئويغىنىپ، قورقۇنچتىن قۇتۇلغان كىشىدەك يېنىك تىن ئالاتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا ئۆزىنىڭ ئەگرى يوللىرى بىلەن كەلگەن بىر سىقىم تىللا جىرىڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بۇ تىللانىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئادەملىك ئار- نومۇسىنى نەچچە مىڭ قېتىملاپ ساتقان، شۇ ئارقىلىق مىڭبىر مۇشەققەتتە توپلانغان بولسىمۇ، شۇ تاپ ئۇنى قادىرھاجىمغا بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى، يەنە مىڭلاپ قېتىم نومۇسنى سېتىپ بۇنداق تىللالارنى توپلايدىغان

جان ئامەت بولۇپ قېلىۋاتقاچقا، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىۋاتاتتى. دېمەك، پۇلدىن يەنىلا جان تاتلىق ئىدى.

ئۇ جېنىنى سېتىۋالىدىغان بۇ تىللالارنى قانداق يول بىلەن قادىرھاجىنىڭ قولىغا تۇتقۇزسا ئوڭ بولىدىكىن دېگەنلەرنى ئويلاپ بېشى قاتاتتى. ئاۋۋال ئەھۋالنى ئېيتىش كېرەكمۇ؟ ياكى پۇلنى تۇتقۇزىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ئۆيدىن چىققاندىن تارتىپلا بۇ ھەقتە ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، ئېسى جايىدا بولماي ئوي- پىكرى قالايمىقان بولدى، شۇڭا بىرەر ئوڭلۇقراق يەكۈنگە كېلەلمىدى.

ئۇ ئىت يولىغا كىرگەندىن كېيىن سايىدا بىردەم ئولتۇرۇپ، بىر ئورام چېكىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتلار ئۈستىدە لەرزان ئۈچىۋاتقان، چەكسىز چوڭقۇرلۇقتا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، كەيپى سەل تارقىغاندا، ”ئىشنىڭ يولى“نى رەسمىي ئويلاشقا كىرىشتى.

”ئۆيگە كىرىش كېرەكمۇ، ئىشخانىسىغىمۇ؟ بۇنىڭ كارايتى چاغلىق، بارغاندا بىر گەپ بولىدۇ. دەمگە چۈشكەن ۋاقتىدا بارسام، ئۆيگە، بولمىسا ئىشخانىسىغا كىرسەملا بولمىدىمۇ، ئالدى بىلەن دەيدىغان گېپىم... ئالدى بىلەن نېمە دېيىش كېرەك؟...’ھاجىكا، ئۆزلىرى بىلەن ئەھۋاللاشقاچ...‘ ياق، بۇنداق دېسەم بولمىغۇدەك، ئۇمۇ ھەقىچان خىتايلادەك مەنىسىپىنى ئاتسا خۇش بولامدىكىن دەيمەن. ھە، ئۇنداق بولغاندا: ’سالام، جۇجاڭ ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ ئاستانىلىرىگە باش قويغاچ،...‘ نېمىگە كەلدىم دېسەم بولار؟ باشقا بىر ئىش بىلەن كېلىپ، مۇنداقلا كىرىپتۇ، دەپ قالمىسۇن، ئاتايىن شۇنىلا يوقلىغىلى كەلگەن بولاي. ھە، توغرا شۇنداق بولغىنى ياخشىدەك تۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ سېمىز توڭگۇزنىڭ بالا تەككۇر نەپسىگە تىقىدىغاننى ئاۋۋال بېرەمدىم. يا بولمىسا گەپ- سۆزدىن كېيىنمۇ؟ ئاۋۋال، ئاۋال!...“

ئەمدى ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكىگە ماڭدى.

ئەمدى ئۇنىڭ خىياللىرى قاناتلىنىپ، پارلاق كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى. خىيال ئىكرانىدىكى ئۇ ئېگىز ۋە يوغان ئاتقا مىنگەن، قولىدا بىر سىم قامچا، سۇر ھەيۋەتلىك بولۇپ، قەدىمى يەتكەنلىكى يەردىكى خەلق ئۇنىڭ

ئايىغىغا يىقىلىپ قۇللۇق بىلدۈرەتتى... ئۇ شېرىن خىيالىرىدىن لەززەتلەنگەچ، قانچىلىك يول بېسىلغىنىغىمۇ دىققەت قىلماي كېتىۋەردى. شۇڭا ئۇ تۆشۈك دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندە قانداقلارچە تېز كېلىپ قالغىنىغا ھەيران قالدى.

”دېگىنىمدەك، ئۇ ئۆيىدىكى ۋاختا كەپتىمەن، ئۆيىگىلا كىرەي، ھېلىقىنى بەرگەندىن كېيىن ھال- ئەھۋاللاشقان بولۇپ قايتىپ چىقسام، قالغان گەپنى ئىشخانىسىدا دەي، بولمىسا بۇگۈننى بىر ئۆتكۈزىۋېتىپ، ئەتە دەرمەن. ئاڭغىچە تىللانىڭ ئىسسىقى ئۆتكەچ تۇرسۇن، گېپىم ئوبدان تو يەيدىغان بولىدۇ“.

ئۇ شۇ خىيال بىلەن قادىر ھاجىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدى. ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازا، ئىككى قاناتتىكى تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ھالقا ئۇنىڭغا كويزا - كىشەندەك تويۇلۇپ سۇر بېسىپ كەتتى. بىلىنەر- بىلىنمەس لىڭشىپ تۇرغان ھالقا دەرۋازىغا كۆرۈنمەس روھلار تەرىپىدىن مەمتىمىن ئۈچۈن ئېچىپ بېرىلمەكچى بولغاندەك قىلاتتى.”قانداق قىلسام بولار؟ كىرەيمۇ- كېتەيمۇ؟ ئىشخانىسىغىلا بارايمۇ؟ يەنە سەل ساقلاپ تۇرسام ئىش ۋاختى بولىدۇ.. “ دەپ ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. ئەگەر بۇ چوڭ دەرۋازا ئالدىدا ئىككىلىنىپ قانچە ئۇزۇن تۇرسا ئۆزىگە شۇنچە پايدىسىز بولىشىمۇ يوق گەپ ئەمەسىدى، يوشۇرۇن پايلاقچىلار ئۇنى گۇمانلىق ئادەم دەپ قارىشى چوقۇم. بۇنداق كەسپىي گۇمانخورلۇق ئاخىر ئۇنى دەرۋازىدىن مەجبۇر دېگۈدەك كىرىشكە قىستىدى. ئۇ ھېلىقى سۇرلۇك، يوغان ھالقىلارنى شاراقلاتتى...

دەرۋازىنىڭ ئېغىر قاناتلىرى بايلارنىڭ ھۆكۈرەشلىرىدەك بوم سادا بېرىپ قىيا ئېچىلدى. شۇ يەردىن قېيىسىق كۆزلۈك، تاتىراڭغۇ چىراي بىرسىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ قېيىسىق كۆزى سۇرلۇك ئالايغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ؟

مەمتىمىنىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولدى. ”يا پاناھ، خىزمەتكارلارنىڭ سۇرى شۇنچە، خوجايىن ماڭا نېمە كۈن كۆرسىتەر؟...“ ئۇ

ھېلىقى ھوقۇشنىڭكىدەك غەلىتە چاقنايدىغان كۆزلەرگە تىكىلىپ قاراشقا قۇربىتى يەتمەي، كۆزىنى يۇقىرىغا ئېلىپ قاچتى. قىيا ئېچىلغان جايدىن، ”ئەگەر كىرەلمەي قالسام، كۆزگىنىم شۇ بولۇپ قالار“ دېگەندە، ھويلا ئىچىگە تىكىلدى. تال بارىڭى قويۇق سايە تاشلىغان پىشايۋاننىڭ بىر تەرىپى كۆرۈنىۋىدى. ئاپتاپ تەپتىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرغان كوچىدا تۇرغان مەمتىمىنگە جەننەتتىكى راھەت شۇ يەردىكىدەك بىلىنىپ كەتتى. بىر پارچە گۈلزارلىقمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ يەردە قىزىل، سېرىق ئەتىرگۈل ئېچىلىپ كەتكەن، ئېچىلىپ تۈگىگەن قىزىل گۈلنىڭ قويۇق غولىمۇ مانا مەن دەپ كۆرىنىپ تۇراتتى. كۈنگىرە تاملار، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەي ئازراق كۆرۈندى. گۈلزارلىقنى ئىھاتە قىلىپ ئۆزگىچە تەقلىتتە ياساپ، گۈل چىقىرىپ ئىشلەنگەن پاكار تام ئۈستىگە قاتار گۈل تەشتەكلىرى تىزىۋېتىلگەنىدى.”خۇدا بۇ ھويلىنى بىر كۆرۈپ قويغۇلۇقكەندۇق، ئەگەر نېسىپ بولسا... “ دەپ ئويلىدى.

خىزمەتكارنىڭ سوئال نەزىرىدە قارىشىغا ئەنە شۇلارنى كۈزەتكەچ ۋە ئويلىغاچ ھودۇقۇپ جاۋاب بەردى.

— جۇجاڭ ئاتىمىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنتىم...

— ئۆزلىرى چىم؟ ھاجىم سىلىنى چاقىرتقانىما؟

— ياق، مېنى قىچقىرمىغان، لېكىن، كۆرۈشمىسەك بومايتتى... مەن ئاتۇشتىن كەلدىم

— ئىسمىلىرى نېمە؟

— ئىسمىم... ھە، مېنى جۇجاڭ ئۆزى بىلىدۇ، ئاتۇشتىن كەلگەن ئادەمكەن دېسىڭىزلا بىلىدۇ.

— ئاتۇشتا بىرلا سىلى باردەك گەپ قىلىلىغۇ،— دېدى ھوقۇش كۆز ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئاندىن،— ماقۇل، مەن ئۇ كىشىگە ئېيتىپ باقاي، سىلى سەل تۇرۇپ تۇرسىلا.

دەرۋازىنىڭ ئېغىر قانىتى بوم سادا چىقىرىپ يېپىلدى. بۇ سادادا مەسخىرىگە ئوخشاش ئاھاڭ باردى. مەمتىمىن ئۆزىنى ئاپتاپتىن ھوھۇلداپ

كەتكەن كوچىدا قويۇپ كىرىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئۈلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچىدە تىللىدى، ھېچ بولمىسا باراڭنىڭ سايىسىدا كۈتۈپ تۇر دېسىمۇ بولاتتى، دەپ ئاغرىندى. ئۇ تىك چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىنىڭ دەستىدىن كۆزىنى ئاچالمايتتى، قاچقۇدەك سايىمۇ يوقىدى. ئېگىز- ئېگىز سىرەج تاملارنىڭ سايىسىمۇ بىر قەدەملا يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنى بىر تەرەپتىن ئۇسسۇلۇق قىينايتى. مۇزدەك دوغ سۈيىنى ئىچىپ، دوغچىنىڭ سايىۋىنىدە بىردەم ئولتۇرۇپ ئاندىن كەلمىگىنىگە ئاچچىقى كەلدى.

خېلىدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ ئېغىر قانتى يەنە ئاستا غارتىلداپ ئېچىلدى.

— قېنى كىرسىلە، ئۆيدە مېھمان بار، چوڭ دارىنلار، ئاۋايلاپراق مېڭىپ ئاۋۇ نېرىسىدىكى ئۆيگە كىرىپ ساقلاپ تۇرسىلا، مەن ھاجىمغا خەۋەر قىلاي، گەپلىرىنى چاپسانراق تۈگىتىپ يوللىرىغا مېڭىشىنىڭ كويىدا بولسىلا، — مەتىمىنىنى ئىچكىرى تاشقىرى هويلىلاردىن باشلاپ كىرىۋاتقان خىزمەتكار ئۇنىڭغا ئەقىل ئۈگىتىشكە باشلىدى.

— ھاجىم سىلىنىڭ ئاغىنىلىرى ئەمەس، تەڭتۇشلىرى ئەمەس،...

— مەنمۇ بىزەڭدىن ئەمەس... ئۇ كىشىنىڭ زەنىگە تېگىدىغان بىرەر ئىش بولغانمۇ ـ يا؟

— قازىرىقتا بىر مەكتەپ سالدۇرىمەن دەپ چىقىم تاتىپ قالدى. ئۇنداق مەكتەپ پەتتەپ دېگەننى ئۆزى ئانچە ياقتۇرمايتتى، شۇ جاھانغا بېقىپ قاپتىكەن، شۇنىڭغا- زە، سەل ئاچچىقى بار،... بولدى، مېنىڭ ئاغزىمنى تاتىلىماي شۇ ئۆيگە كىرسىلە... — خىزمەتكار ئۆزى باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۆينىڭ تېمى كۆك سېغىز بىلەن سۇۋالغان بولۇپ، تاكچا، مورا، دەرىزىلەرنىڭ گىرۋەكلىرى، ئۈستى ھەرخىل نەقىشلەر بىلەن تولغان، تاملاردىمۇ مېھراپ شەكىللىك رامكىلار ئىچىدە تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان مۇرەككەپ گۈل نۇسقىلىرى باردى. ئۆينىڭ تۇرۇسى گەژخا، ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان بولۇپ، ھەر بىر ياغاچتىكى ئويما ۋە قاپارتما نەقىشلەر بىر-

بىرىگە ئوخشىمايتى، هاراق ۋە پارامانىدىكى نەقىشلەر تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ مۇرەككەپ ئويما نەقىشلەر ۋە قاپارتما نەقىشلەر قانداق ئىنچىكىلىك بىلەن ئويۇلغان بولسا، خۇددى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سىرلانغان بولۇپ، بۇ نازۇك سىزىقلاردىكى رەڭلەر بىر-بىرىدىن روشەن ئايرىلىپ تۇرىشى، بۇ مۇرەككەپ جاڭگالدا سىرچىنىڭ ئېزىپ كەتمىگىنى كىشىنى هەيران قالدۇراتتى.

مەمتىمىن ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆينى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئولتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى مانا شۇنداق ئۆيلەرنى شىرىن چۈشلىرىدە كۆرىدىغان بولدى. ئەمدى ئۆي جاهازىلىرى ۋە بىساتلارغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ تۇراتتى. ئارقىسىدىن ئىشىك قاتتىق تاراقلاپ ئېچىلدى. مەمتىمىن ئارقىسىغا ئۆرلىشى بىلەنلا بودەك ئاق يۈزلۈك، شاپبۇرتلۇق ئادەمنىڭ رەھىمسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— سەنمىدىڭ، ئەبگا! — دەپ ۋارقىرىدى قادىرهاجى نارازىلىق بىلەن،— توختىمىكىن دەپتىمەن، سېنى كىم بۇ يەرگە چىلىلىغان؟ مېهمانلار بار چاغدا مېنى ئاۋارە قىلغۇدەك قانداق مۇهىم ئىشىڭ باردى؟

مەمتىمىنىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ باياتىن كۆڭلىگە تىزىپ تۇرغان سۆزلىرى ئاللىقاياقتا غايىپ بولۇپ كەتتى.

— گەپ قىلمامسەم، نېمە بىزىرىپ تۇرىسەن؟

— مەن،... هېلىقى، نېمىنى ئاڭلاپ،... ئاڭلىسام سىزنى مەكتەپ سالدۇردى دەمدۇ، سالدۇرماقچى دېدىمۇ،... ئىشقىلىپ، چىقىم بولىدىغان ئىشكەن،— مەمتىمىن ئەمدى قىلىدىغان گېپىنى تېپىۋالغىنى ئۈچۈن خوشال بولۇپ، خېلى روهلىنىپ قالدى هەم تەبەسسۇم بىلەن قاراپ كۆرىنىشتە سۆزلىرىنى تىزىپ چىقىرىشقا باشلىدى،— ئەلۋەتتە بىزمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن نان يەيدىغان ئادەملەر بولغاندىكىن هال- ئەهۋالىمىزغا يېتىشىدىغان قەرزىمىز باردى، سىز باشتىراق دېگەن بولسىڭىز قولىمىز قىسقا بولسىمۇ قاراپ تۇرماستۇق، هېلىهەم بولسا بىر يوقلاپ چىقاي دېگەنتىم،— ئۇ يەنە باشلىققا هاقارەت كەلتۈرىدىغان سۆزنى قىلىپ

قالدىمىكىن دەپ، ئالدىراپ تېنەپ سۆزىگە پەداز بەردى، — سىلىدەك چوڭ ئادەملەرنىڭغۇ ھالى ئۆزىگە چۇشلۇق، بىزدەك سولتەكلەرنىڭ قولىغا قاراشلىقمۇ ئەمەس، مۇشۇ بىر ئۆينىلا ئالدىغان بولساق، بىزنىڭ مۇشۇنچىلىكمۇ ۋەسلىمىز يوق، شۇنداق بولسىمۇ، كۆڭۈل دېگەن باشقا گەپ ـ تە...

— دېمەكچى بولغىنىڭ نېمە؟ نېمىلەرنى دەپ چالۋاقايسەن؟

— دېمەكچى بولغىنىم،— ئۇ يەنە ھودۇقۇپ كەتتى،— چىقىمدار بولىدىغان ئىشقا تۇتۇش قىپسىز، ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈمنى بىلدۈرەي دەپ،— ئۇ قويۇن يانچۇقىنى كوچىلاپ، ئېلىپ كەلگەن تىلىلالىرىنى سىقىمغا ئېلىپ ھېلىقى سۇرلۇك گۇپچەك ئادەمگە تەڭلىدى،— ئاز بولسىمۇ...

قادىر ھاجى مىسلىسىز كېبىر بىلەن ئىگىزدىن تۆۋەنگە قارىغاندەك ياكى پاسكىنا بىر نەرسىگە قارىغاندەك قولىنىمۇ ئۇزاتماستىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. مەمتىمىن "بالاغا قالدىمىمۇ ئەمدى؟ سوۋىت ئەۋەتكەن ئادەملەر پارا ئالمايدۇ، دەپ تەشۋىق قىلىشاتتى، چاتاققا قالامدىم نېمە؟..."— دەپ قورقۇشقا باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن قادىرھاجى ئاق سېمىز گۆشلۇك قولىنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن مەمتىمىنگە سۇندى. مەمتىمىن ئۇنىڭ يۇمشاق ئالقىنىغا جىمى بايلىقنى سالدى. قادىرھاجى  ساناپمۇ باقماي، ھەتتا قاراپمۇ باقماي يېنىدىكى نەقىشلىك تەكچىگە شاراقشىتىپ تۆكۈپ قويدى.

—شۇ ئىشمىدى؟— دېدى  ئۇ گۇكىرەپ.

—  ھە،...شۇ...

— باشقا ئىش بولمىسا يولۇڭدىن قالما! — دېدى ئۇ ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن، ئارقىدىن سەل رەھىمى كېلىپ قالغاندەك، — تاماق يىمىگەن بولساڭ ئولتۇرۇپ تۇر، تاماق ئەكىرىپ بەرسۇن، ئاندىن كەت.

— رەخمەت، مەن ھېلىلا بازاردا...

— ئەمسە، خوش!

مەمتىمىن تېپىك يىگەن ئىتتەك بوينىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ۋە ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ:

— خوش... — دېدى.

ئۇ تاكى ھېلىقى يوغان سۇرلۇك دەرۋازىدىن چىققىچە بوينىنى رۇسلىيالمىدى. ئۇ كەينىمدە جۇجاڭ ئاتام بار دەپ ئويلىغانىدى، ئارقىسىدىن يوغان دەرۋازا بوغۇق سادا بېرىپ يېپىلغاندىلا ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك ئىلتىپاتقىمۇ ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بىلدى.

ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقىلى تۇردى. ئاللىقانداق نەرسىدىن قۇرۇق قالغاندەك ھەممە دەسمايىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك بوشاپ كەتتى. قولىنى قويۇن يانچۇقىغا تىقىپ باقتى. ھېچنەرسە يوق. ”تۇفىي، ھۇ ئاناڭنى! پارا ئالمايمىش! پاراخورنىڭ پادىشاسى مۇشۇ پالشۇك دېگەنلەر ئىكەنغۇ؟.. خاملا يەيدىكەندە! ۋاي تارتىنىپ كەتكەنلىرىم... رەخمەتمۇ دېمەي ئالدىغىنىكەندە بۇلار... بەربىر سانىمايدىكەن، بىر تال قالدۇرۇپ قويسامچۇ، ھېچ بولمىسا مېھمانلار بار ئۆيگە تەكلىپ قىلىپمۇ قويمىدى، ساختىپەز!...“ دېگەنلەرنى ئويلاپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ”بىر سىقىم تىللانىڭ يۈزىنىمۇ قىلمىدى، ئاناڭنى! نەپسى بالا، يىمەيدۇ، يىمەيدۇ، دېگىنى قېنى، مېنىمۇ قوشۇپ يىسە بولامتى ئەمسە!... “

ئۇ ئۆستەڭ بويى كوچىسىغا چىقىپ ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. ”بىرەر سەتەڭ ئۇچراپ قالسا راسا پەيزى قىلىپ ئاچچىقىمنى باسمايمۇ، شەگە كېلىپ قۇرۇق چىكەتسەممۇ ئەكەكچىلىك بولماس“ دەپ ئۇيلاپ، پەرەنجىلىك ئايالLARنى ئۆزىچە ئۆلچىگەچ، كوچا ئايلىنىشقا باشلىدى.

*****

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەمتىمىننىڭ تىرەكلىك جۇزىگە (ساقچى ئىدارىسىگە) بېرىشقا چولىسى تەگمەي، قەشقەردە قونۇپ قالدى. (ئۇ قەشقەرگە كەلسە ھېچقاچان بىركۈندە قايتمايتتى)

ئەتىسى ئۇيقۇسى ئېچىلغاندا قوپۇپ، كەيپچىلىكتىن بوشىشىپ كەتكەن تېنىنى هورۇنلۇق بىلەن هەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىگە كەلدى.

قادىر هاجى ئۇنى تۈنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرغاندەك ئېرەك قىلماي، ئىككى خەنزۇ ئەمەلدار بىلەن قىلۋاتقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

مەمتىمىن ئىشخانا جاھازىلىرىنى يېڭىۋاشتىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، خۇددى ئۇنى پۇلغا سۇندۇرۇپ قىممىتىنى هېسابلاپ تاپماقچى بولىۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە شۇ ئېغىر- ئېغىر ئىشكاپلار، ئىشكاپ ئۈستىدە باغلام- باغلام قەغەزلەر، ئىش ئۈستىدىمۇ دەستىلەنگەن قەغەزلەر.

— هە، يەنە نېمە سۈرۈلۈپ يۈرىسەن بۇ يەردە؟ يا ئۆيدە، يا ئىشخانىدا ئارام بولمايدۇ، سېنىڭ دەستىڭدىن!؟

— ئازراق،... ئەهۋالىم بارىتى... ئۇ قادىر هاجىنىڭ تويۇقسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى.

— سۆزلە! — قادىر هاجى قوپاللىق بىلەن بۇيرىدى. ئەمما ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىدى. ئۆزى ۋە هېلىقى ئىككى خەنزۇ ئەمەلدار كىرىلىپ ئولتۇرىشاتتى.

— سۆزلەۋەرسەم بولامدۇ؟... — مەمتىمىن هېلىقى ئىككەيلەنگە قاراپ قويۇپ، ئىككىلىنىپ سورىدى.

— سۆزلىمىسەڭ يوقال، بولمىسا!

— ماقۇل، سۆزلىسەم سۆزلەي... — ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپچىلىكتە سالاهىيتىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى، ئەمدى نېمە قىلمىقى كېرەكلىكىنى، قورقۇمسىراپ تۇرۇپ سۆزلەپ تۈگەتتى.

— ئۆلۈپسەن، بەڭگى! ساڭا ئوخشاشلارغا ئۆلۈم كېلىدۇ، ئۆلۈم!

— خۇدا هەققى، مېنى بىر ئىشقا سېلىڭ، — مەمتىمىن تېزلاندى،— ئۆگىنىپ قاپتىمەن، هەر هالدا يەنە بىرەر ئىشقا ياراپ قالارمەن.... رەهىم قىلىڭ، تاشلىۋەتمەڭ!

— چەنتۇ دېگەن كاللىسى ئاددى بولىدۇ- دە، — دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى، ھلىپىقى ئىككى خەنزۇ ئەمەلدار بىر بىرىگە ئۆز تىلىدا كالدىرلاپ، — بۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزىنى قاراۋۇل قويۇپ خاتىرجەم ئىشىنى قىلساڭمۇ بولىدۇ، ھەرگىز چاتاق قىلالمايدۇ. ئاۋۇ ”قاراۋۇل“ دەپ ئات قويۇپ قويغىنىڭ كۆيۈپ- پىشىپ ھېلىقىلارنى ھېزى بولۇپ ساقلايدۇ، ئەگەر بۇلارنىڭ بىرسىگە قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگۈزىۋېتىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ مۇنداق بۇيرۇ:”ھەي، چەنتۇ، سەن بۇ يۇرتداشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرسەن، بۇ خىزمىتىڭ ئۇچۇن سېنى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلتۈرىمەن!“ شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخى ساڭا رەخمەت ئېيتىدۇ، ھەتتا پارا بېرىپ، خوشامەت قىلىدۇ، ھە، ”ھەرگىز مېنىڭ خىزمىتىمنى باشقا بىرسىگە ئېلىپ بەرمەڭ“دەپ يالۋۇرىدۇ. ھا ھا...

قادىرھاجى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى توختىغاندا مەتىمىن يەنە يېلىنىپ:

— توختىنى پايلايدىغان ئىشنى قىلىۋەرسەم بولار؟ ماقۇل دەۋەرسىڭىزچۇ؟ خۇدايىم بەرگەن، رەھىم...

— ياق، ئۇ ئىشقىمۇ يارىمايسەن! ئىتنىڭ بالىسى! ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنمە!

— جۇجاڭ، بۇ كۈچىكىڭىزگە ھېچ بولمىسا توخۇ كاتىكى ساقلايدىغان ئىش بولسىمۇ بەرمىسىڭىز، بېشىڭىزنى ساقايتمايدۇ، رەھىم قىلىڭ، — دەپ سالا قىلدى ھېلىقىلاردىن بىرسى مەسخىرىلىك ئاھاڭدا.

قادىر ھاجى ئادەملەر ئاغزىدا بولىشى مۇمكىن بولغان جىمى ھاقارەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن ئاخىر:

— ئەمدى سەن ئاشكارە ساقچى بولمىساڭ، باشقا چارە يوق. ئەسلىدىمۇ ساڭا ئوخشاش ساراڭ بەڭگىگە بۇ ئىش باب كەلمەيتتى. ئەمما ئاتۇشتا ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلغىچە تۇرۇپ تۇر.

— ئاڭغىچە كۈنۈمنى قانداق ئالىمەن، رەھىم قىلىسىز...

— ئاڭغىچە؟ بىلگىنىڭنى قىل! يوقال!

ئارقىدىن خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلاندى.

مەتتىمىن "ھەر ھالدا جېنىم ئامان قالدى"دېگەن ئوي بىلەن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى ئېيتىپ ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بەختسىزلىكىنىڭ باش سەۋەبكارى كىم؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ بۇنى ئۇزاق ئويلىدى. ئۇنى ئىشەنچىلىك كىرىم مەنبەسىدىن ئايرىۋەتكىنى تەۋپىق ئىدى. ئەمدى ئۇ نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلىغىنىدا غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. "ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيمەن! ھابۇلھاجىمنىڭ مەسلىھەتىگە ئەمدى ئېنىق جاۋاب بېرىش، دەرھال تۇتۇش قىلىپ ئۇنى رەسۋا قىلىش كېرەك! چاپىناپ يۈركىۋەتسەمۇ دەردىم چىقمايدۇ!... "

ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇش قارارىغا كەلدى.

2

ھابۇلھاجىم ھازىر بەك قورقۇدىغان بولغاچقا، ئاشكارە پىتنە تارقىتىشقا پېتىنالمايتتى. شۇنداقلا كوچىدا بىرەر يامان غەرەزلىك سۆز - چۆچەك پەيدا بولسىمۇ سايىسىدىن ھۈركۈپ، «ئېتىم شورلۇق، ماڭا توقۇلۇپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ يۈرىكى پوكۇلدايتتى. ئەمما قانغا سىڭگەن خۇي، «ھابۇل پىتنىخور» دېگەن لەقەمگە سەۋەپ بولغان خۇسۇسىيەت ئۇنى يەنە بىكار تۇرغۇزمايتتى. ئۇ يەنە يېقىن ھەمتاۋاقلىرىنى تاپسىلا يېڭىلىقچىلارنى يوق قىلىشنىڭ كويىدا باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى.

مەتىلى ئەپەندىنىڭ مەتتىمىن ئاقكىرىپىك بىلەن تاۋكا ئۈستىدە روبىرو بولۇشۇپ قالغىنى، مەتتىمىننىڭ تاپانچا چىقارغىنى يۇرتقا تاراپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە ئەپەندىنى ئېتىۋېتەركەن، ئىزچىلاردىن بىرى ئالدىغا ئۆتىۋاپتۇ، دېگەن گەپلەر بارىدى. ھەمتاۋاقلار بىر ئاخشىمى ئانچە كۆزگە پاتمايدىغان

قولداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ قىل ئۈستىدە قالغان ۋاقەنى قىزغىن سۆزلەشمەكتىدى.

— مەستلىكىدە ئېتىپ سالغان بولسىمۇ قۇتۇلاركەنمىزا... — دېدى بىرى.

— مەمتىمىننى ساق قويغىنىدىن قارىغاندا ئەپەندىنىڭمۇ قورقىدىغان يەرلىرى بار ئوخشايدۇ، جۇما، — دېدى يەنە بىرى.

— «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى»، ھىم! — دېدى قازى رەئىس كەمدىن كەم گەپكە ئارىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، شۇ يەرگە كەلگەندە گەپ قىستۇرۇشتىن ئۆزىنى توختۇتالماي، — مەمتىمىننىڭ ئارقىسىدا كىم بار؟ ھە، گەپ شەدە!

— مەنچە مەمتىمىنمۇ خېلى ئازار تارتقان چېغى، ئۇ نوچىلىقتىن تامايى بار نېمە، بۇنداق ئازارلارغا بولدى دېۋەتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ غۇمى بىر بالانى تۇرتۇپ چىقماسمۇ؟ — دېدى ھابۇل شەيتان شەيتانلىق بىلەن بىر ئىشتىن بىشارەت بېرىپ.

— توغرا، مەمتىمىننى قوش قىلىپ سالسا،...

بۇنىڭ بىلەن ھەممىنىڭ ئەقلىگە مەمتىمىننى «بىلەش» پىكرى كېلىپ مەركەزلەشتى. بىرلىرى ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاۋۇ كۈنكى ۋاقەنى سۆزلەتكەچ گەپ تېشىپ باقساق، دېگەن مەسلىھەتنى بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر مەجھۇل شەخس چىقىپ قېلىپ، ۋەقە ئەپەندىمگە يەتسە قانداق بولار، دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈگەن ھابۇل شەيتان دەرھال كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلىدى:

— نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار، ئەمما بۇ ئارىدا مەن يوق، جۇما، — دېگىنىچە پەگا تەرەپكە بويۇنداپ كەشىنى ئىزدىگەننى ئىپادىلىدى.

— خېلى ئەركەك ئادەم دەيتىم، تازا بېلىگە سۇيقاش بارمىغان نېمە ئوخشىمامسىلە؟ — دېدى قازى رەئىس زەھەردەك تەلەپپۇزدا.

ھابۇلھاجىمنىڭ گېپى بىلەن يېلى چىقىپ، تارقاپ كېتىش نىيىتىگە كېلىشىۋاتقان سالىكلار بۇنىڭ بىلەن سەل ئېسىنى يىغىپ، ھەرھالدا

چوڭـمـىزنـىڭ ئـىرادىـسى چـىڭـىكـەن دېگـەن يـەرگـە كـەلـدى. ھـەتتا بـىرى ۋەزىيـەتنى رەسمىي بىلىپ بېقىش ئۈچۈن:

— مـەمـتـىمـىننى باشلاپ كېلىلـىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھابۇلھاجىم بېشىنى ئـىچكـىرى تـىقـىۋېلىپ، جىم بولـىۋالدى. قازى رەئىس ئاۋازىنى چىقارماي، كۆزىنى چالا يۇمغان ھالدا بېشىنى بىلـىنـەر- بـىلـىنـمەس ئىغىتىپ قويدى. شـۇنـىلا كـۇتـۇپ تۇرغـان سـۇخـەنچـىلـەردىن بـىرى شاپاشـلاپ چىقىپ كەتتى.

ئـەمـا سورۇندا ۋەھـىمـىلـىك جـىمـلـىق ھۆكـۈم سـۈرۈپ، ھەمـمـىشـە قورقـۇپـلا ياشـىغان بىچـارە ئـادەمـلـەرنى ئـېزىـپ ماجـالـىنى قـويـمـىغـىلـى تـۇردى. بـىـرى ئورنىدىن مىدىراپ:

— بېغـىمغـا سـۇ ئېچـىـپ قويغــان، توشـۇپ، تـامـنى ئـۆرۈپ قـاراپ ئولتۇرمىسۇن، — دېدى باھانە كۆرسـىتـىپ ۋە باھانـىسـىنىـڭ قـىـل سـىغـماس دەرىجىدە بولغانلىقىدىن ئېمىن بولغان ھالدا دادىل ئورنىدىن تۇردى.

ئۇنىـڭ ھەقـىقـىي نـىيـىتـىنـى ھەمـمـەيـلـەن بـىلـىـپ تۇرسـىمۇ، ھېچـىـبـىمە دېيىشمىدى. ئەكسىچە بۇ باشقا قورققاقلارغا بىر باشـلـىنىش بولـۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭ ئارقـىسـىدىنلا يەنە بـىرىنـىڭـمۇ «بېشى ئاغرىپ» چىقىپ يېتىۋالغۇسى كـەلـدى... ھابۇلھـاجـىمـمۇ چـىقـىـپ كېـتـەي دەپ تـەمـشـەلگـەن بولـسـىمۇ، قـازى رەئـىـسـىنىڭ قەھـرلـىـك كـۆزلـىرى ئـۇنى تەقـىـپ قـىلـىـپ تۇرغـىنـىـدىن قوزغىلالمىدى. قىسقىسى، مەمـتـىمـىن يېتىپ كـەلگـەنـدە ئـۆي ئـىگـىـسـىدىن باشقا ئىككى قازىلا قالغانىدى.

— بۇمۇ ياخشى بولدى، «ئادەم تولا يەردە ئېشەك ھارام» دېگەندەك، بۇنداق نېمىلەرنىڭ تولا بولـىشـىنـىڭـمۇ بىر يارارى يوقـىدى، — دېدى قازى رەئىس، — ئاندىن كـىرىـپ كـەلگـەن مـەمـتـىمـىـنگـە دەرىجـىـسـىگە ئۇيغـۇن تەلەپپـۇز بـىلـەن سـالام قىلغانـدىن كېـيـىن، ئـاۋۇ كـۇنكى ئەپەنـدىم بـىـلـەن بولغـان ۋەقەنـىـڭ جەريانىنى سورىدى.

ۋەزىيەتنـى سـۇرلـۇك تەسـەۋۋۇر قىلغـان مـەمـتـىمـىن، ئـۆزىـنى بـاتۇر قـىـلـىـپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بەردى ۋە پو ئېتىپ:

— بىللاھىزىم ئېتىۋېتتىم، ھېلىقى ھارامدىن بولغان ناسى توسىۋالدى! — دېدى.

— ناسىر دېگىنىڭمۇ شۇلارنىڭ سالىكىدۇ؟ ئۇنىمۇ ئاياپ ئولتۇرامدىغان، — دېدى ھابۇلھاجىم ئەپسۇسلانغان ھالدا، — بىر قۇتۇلاركەمىز....

— شۇنىڭ سالىكىدەك قىلغان بىلەن، — دېدى مەمتىمىن ئۆي ئىگىسىنىڭ داستىخان ئىشلىرى بىلەن ئىچكىرى كىرىپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، بېشىنى ئىككى قازىغا يېقىنراق سوزۇپ، — توختى زۇنۇننىڭ سالىكى، شۇلارنىڭ ئىچىگە قويغان ئادىمى! مەن ئۇنى خېلىدىن بىلىپ قالغان - دە، بولمايدىغان بولسا، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەمتىم!

— ماندا گەپ دە؟... ما ئىشنى كۆرسىلە،... — ھابۇل شەيتان ھېچ ئويلاپ باقمىغان بۇ ئىشتىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم سۆيۈندى، — يا، ھەجەپ پۇختا بولىدىغان گەپكەن، ھۆكۈمەت دېگەن! — دېدى سۆيۈنۈپ، — توختاخۇننى قاراڭلار، تووا،... پۇختىلىقىنى، بولىدىغان ئىشكەن. بۇمۇ بولىدۇ، ئىچىگە قۇرۇت چۈشكەن گەپ...

— شىش! — دېدى مەمتىمىن ئۆي ئىگىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن، كېيىن يەنە پىچىرلىدى، — ما گەپ دېيىلمەيدىغان گەپتى، ئاغزىمدىن چىكىتىپ قالدى، ھە قاسىلىرىغا. ھە، ئۆزلىرى بىلىشسىلە، ھۆكۈمەتنىڭ سىرى، يېيىلىپ كەتسە ئايىغىدىن چىقىپ بولىشالمايلا، جۇما! — دېدى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— تووا، دېگىنەۋە، كىچىكمۇ بىز! — دېدى ھابۇلھاجىم، ئۇنىڭ دىلىدا ئاللىقانداق بىر سۆيۈنچ پەيدا بولغانىدى.

بۇ چاغدا قازى رەئىس يەنە كەم گەپ قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ مۆكچىيىپ ئولتۇرىۋالدى. گەپ يەنە ھابۇلھاقىمغا قالدى.

— قېنى سىنىڭ...؟ — دېدى ئۇ مەمتىمىنگە يېقىنراق ئېڭىشىپ پىچىرلاپ، كۆزنىڭ قۇيرىقىدا كۆزنى يۇمۇپ دۈمچىيىپ ئولتۇرغان قازى رەئىسكە لاپ قىلىپ قاراپ قويۇپ. ئۇ ئىلگىرى مەمتىمىن بىلەن دېيىشكەن

سۈيقەستلىك پىلانلار ھەققىدە سورىماقچىدى، ئەمما بۇنى قازى رەئىسنى بىلمىسۇن دېگەندەك ئىپادىنىمۇ كۆرسەتتىپ.

— شۇنىڭ كويىدا بولىۋاتىتىم، شۇ ئېپىي كېلىپ ـ كەلمەي... ئەمدى گەپ يوق، ئەمدى ئۆزەمنىڭمۇ جەھلىم قاتتى.

— قانداق قىلاي دەيسەن؟ ئاشۇ مەن دېگەندەك، ئايال ئارىلاش، ھېلىقىدەك... ما؟ يا باشقا خىيالىڭ باما؟ ئەگەر شۇنداغلام بولىدىغان بولسا مەن ئاۋۇ ئايالىلا ئىشىنى توغرىلاپ بېرىمەن،...

— ئۇنىمۇ ئۆزەمگە قويۇڭ، خاتىرىجەم بولۇڭ،... — شىۋىرلاپ ئۇزاق بىر نېمىلەرنى دېدى.

— بولىدۇ، ئوبدان گەپ،— دېدى ھابۇل شەيتان خوشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالىلار بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىنى قانداق قىلىشتا ئېپىي بار ئادەم ئىدى، ”ھابۇل زىناخور“ دېگەن لەقىمى بىكار قويۇلمىغان ـ دە! شۇنداق بولسىمۇ، ”كۆسەي ئۇزۇن بولسا قولۇڭ كۆيمەيدۇ“ دېگەندەك، كۆسەي تۇرغان يەردە كىم قولىنى ئوتقا تىقىشنى خالايدۇ؟

ھابۇلھاجىم نەقىشلىك سارايىنىڭ گەژلەنگەن ۋاسىسىنى سانايدىغاندەك تۇرۇسقا قاراپ ئارقىسىدىكى بىساتقا جەينەكلەپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر ھازا تۇرىۋالغاندىن كېيىن:

— زۆھرەگۈلغا بۇ ئىشنى مۇنداق ئۇقتۇر، ئۇ ئەپەندىگە ئۆيگە چىللىماقچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرسۇن، مۆرىتى كەلسە شۇنداق دېسۇن، ئەمما ئەپەندى بارىدىغان چاغدا زۆھرەگۈل ئۇ ئۆيدە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تېۋى بار يىگىتلەردىن بىرنى ياساندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىمىز. ئۆيىنىڭ ئىچىدە ھەم ھويلىنىڭ بىر يەرلىرىدە بىر نەچچىڭلار مۆكۈنۈپ تۇرسىلەر، ئەپەندى ئۆيگە كىرگەندىن كېينلا ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ.

ئايالچە ياسىنىۋېلىشمۇ ھابۇل زىناخورنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىۋاستە تەجرىبىلىرىدىن بىرىدى. ئۇ قوناقلىقتا كىرىپ كەتكەن بىر ئايالغا پوخۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن ئايالچە ياسىنىۋېلىپ ئارقىسىدىن كىرىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلغانىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئايالچە ياسانغىنىنى بىلىپ

قالغان ھەمتاۋاقلىرىدىن بىرى ئۇنى ئۇسال قىلىش ئۈچۈن قوناقلىقتا ھابۇلھاجىمنىڭ ئۆزىنى بېسىۋالغان بىر ۋەقەمۇ بولغانىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، گۈل كەلتۈرىۋېتىمەن،—دېدى مەمتىمىن ماختىنىپ.

— بۇ ئىشتا پاشاخاننى قوش قىلىپ سالىمىز. ئۇنىڭ ئەپەندىگە قارىتا قوساق كۆپكى بار، شۇڭا ئەپەندىنى رەسۋا قىلىدىغان ئىش بولسا ياق دېمەيدۇ، يەنە كېلىپ بىز ئۇنىڭغا پۇل بېرىمىز ئەمەسمۇ.

— ئۇ يەنە نېمىش قىلىدۇ؟

—ئۇ زۆھرەگۈلنىڭ نامىدىن ئەپەندىنى قىچقىغىلى بارىدۇ. ھەم ئۆيمۇ پاشاخاننىڭ ئۆيى بولمىسا بولمايدۇ. زۆھرەگۈلنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان نېمە تۇرسا ئەپەندىم ئۇنىڭ ئۆيگە بېرىشتىن باش تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئىشىمىزنىڭ ئوڭغا تارتىشىقا ئىمانىڭ كامىل بولسۇنكى، زۆھرەگۈل بىلەن ئەپەندىنىڭ ھازىرقى ئالاقىسى خېلى يامان ئەمەس، پاشاخان "زۆھرەگۈل بىزنىڭ ئۆيدە سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، گېپى بارىكەن" دېسە، ئەپەندى ئىشەنمىگىدەك يەردە ئەمەس.

— پاشاخاننى نەدىن تاپتىڭىز؟ ئۇ بىر ئاچكۆز خوتۇن، جىق بىر نەرسە تەلەپ قىلىشى تۇرغان گەپ، — دېدى مەمتىمىن ئاغرىنغان قىياپەتتە. ئەمما ھابۇل شەيتان مەمتىمىننىڭ بۇ سۆزىنى پەقەت ئۆز مۇددىئاسىنى كۆزلەپ دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

— ئۇنىڭدىن بېشىڭ قاتمىسۇن، ئالغىنىنى بېرىمىز،—دېدى ئۇ شۇڭا.

— پۇل سىزنىڭ، سىز ئۇنداق دەيدىغان بولسىڭىز، ماڭا نېمە،...ــ دېدى مەمتىمىن خۇرسەنچىلىكنى يوشۇرۇپ.

— بەك تويۇقسىز بولۇپ قالسا ھېلىقى تېجىمەل ئىشەنمەي قالمىسۇن، شۇڭا ئاۋۋال زۆھرەگۈل ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم غىلجىڭلىسۇن: "ئۆيگە بېرىپ كەلسىڭىز بولاتتى، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىشنى ئەپسىز كۆرسىڭىز باشقا بىر يەردە بولسىمۇ كۆرۈشسەك... " دېگەندەك گەپلەرنى قىلسا، ئاندىن پاشاخاننىڭ گېپى گۇمانلاندۇرمايدۇ.

ـ سىز كۆرسەتكەن ئەقىلدىن كاشىلا چىقمايدۇ، قەسەم قىلىمەنكى،...ـ دېدى مەمتىمىن خۇشال بولۇپ.

— ئەمىسە ئۆتكەندىكىدەك ”كۈۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە... “ بولمىسۇن، ئەركەك، گېپىمىز ئوغۇل بالىنىڭ گېپى بولسۇن، جۇما، —دېدى هابۇلهاجىم تەنە قىلىپ.

— ياق، بىللاھىزىم...

— ئەمىسە ئىشقا قەدەم باسقىن، مە بۇنى،— دېدى هابۇلهاجىم بىر ئەپچىل تېرە خالتا (هەميان ) نى ئۇنىڭ تىزلىرى ئارىسىغا تەئەددى بىلەن تىقتى.

قىن- قىنىغا پاتماي قالغان مەمتىمىن يەنە بىر مۇنچە قەسەملەر بىلەن هابۇلهاجىمنىڭ ئىشەنچىسىنى مۇستەهكەملەپ، رەقىپلىرىنى تىلاپ قويۇپ، ساهىپخان بىلەن خوشلاشتى.

******

مەمتىمىن زۆهرەگۇل سەتەڭ بىلەن ئۇچرۇشۇپ دەرهاللا مەخسەتنى ئېيتى. مەمتىمىنگە ئۆزى ئۈچۈن ئاللىقانداق بىر يەرلىرى ئوڭايسىز بولغان بۇ گەپنى ئوقۇشلۇقراق ئېيتىپ بېرىش هەقىقەتەنمۇ قىيىن بولدى.

— نېمە دېدىڭىز، غوجام؟! — دېدى زۆهرەگۇل سۇنئىي چۆچۈپ، قاش- قاپىقىنى سۈزۈپ، قاتتىق كۆڭلىگە كەلگەندەك مەمتىمىنگە ئالىيىپ قاردى ۋە دىمىقىنى قېقىپ تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ”ۋىجدانلىق“ ئايال ئىكەنلىكىنى، مەمتىمىنگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتى (بارلىق موللا- ئۆلىما دېگەندەكلەر ساۋابلىق ئىش هەققىدە كۆپ سۆزلىگەندەك، بارلىق بۇزۇق ئاياللار، زىناخور ئەرلەر ئىچىدىمۇ ”ۋىجدان“سۆزى كۆپ ئىشلىتىلەتتى). يەنە بىر جەهەتتىن زۆهرەگۇل مەمتىمىننى سىناپ شۇنداق دەۋاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتاتتى.

— سىز مېنى نېمە كۆرىۋاتىسىز؟ مەنمۇ ئۆزۈمگە ئادەم، كىمگىلا بولسا ماقۇل دەۋېرىدىغان شاپاقچىلارغا ئوخشىتىپ قېلىۋاتامسىز مېنى؟ ئەپەندى بولسا ئۆزىگە، خەلق چوڭ بىلسە مەنمۇ چوڭ بىلىپ كېتەمدىكەنمەن؟ شۇنداق ئويلاپ قاپسىز- دە؟

ئامالسىز قالغان مەمتىمىن قەسەم ئىچىپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. هېلىقى كۈنى ئۇنىڭ پەقەت ناملا ئىشلىتىلىپ، ئۆزى بولمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بەكمۇ تەستە چۈشەندۈردى. بەلكىم زۆھرەگۈل سەزمەس بولىۋېلىپ ئۇنى ئاخماق قىلغاندۇر، ھەر ھالدا بۇ دەتالاش ئۇچۇن ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. نىھايەت ئاخىرى زۆھرەگۈل ئىشنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

— ۋىيىەي، مۇنداق دەڭا، ئۇنداق بولسا بوپتو، — دېدى زۆھرەگۈل ئىچىگە تاتىپ، كىشىنىڭ شەھۋانىي ئىستەكلىرىنى يالقۇنجىتىۋېتىدىغان ناز- كەرەشمىسى بىلەن،— نەدىكى بىر ئەپەندىچاقلار بىلەن گېپىم چىقىپ يۈرمىسۇن دەپتىمەنغۇ، ئۆتەپ-تېشىپ.

مەمتىمىن ئۇنى قوپال ئەركىلىتىپ قويۇپ، رازىمەنلىك بىلەن قايتتى ۋە پاشاخاننى تېپىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، بىكارغا توختىغان بۇ سودىنى ھابۇلھاجىمغا نەچچە پۇلغا ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئويلاپ كەتتى.

زۆھرەگۈل يېڭى پىلان بويىچە ئەتىسىلا ئىشقا كىرىشتى. گاھى ئەتىگەن، گاھى كەچتە تەۋپىق ئۆتىدىغان يوللاردا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىللىق سالام قىلىشقا غەمكىن قىياپەتتە كۆزىنى خۇمالاشتۇرۇپ قاراپ، ئارقىدىن ئۇزۇندىن- ئۇزۇن"ئۇھ" تارتىشقا، ئاندا- ساندا ئۆيگە كىرىپ ئۆتۈش ھەققىدە ئەگىتىپ تەكلىپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەسرەت چەككەن ئادەملەردەك ئۇلۇغ- كىچىك تىنىشلىرى شۇنچىلىك بىچارە ئىدىكى، بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇ تەۋپىقنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ جايىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قالدى. تەۋپىق بۇ ئىغىر تىنىشلار تەسىرىدە بىر نەچچە قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى.

بۇنى كۆرگەن زۆھرەگۈل ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى بىلەن قىلغان ئىشىنىڭ ئۈنۈمىدىن قانائەتلىنىپ، گويا ئۈمىدلەنگەن ئاشىقلاردەك، ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— ئاھ، خۇدا!... —دەپ ھەسرەت چېكىپ قوياتتى.

شۇنداق قىلىپ تەييارلىق ياكى ”ئاساس تۇرغۇزۇش“ خىزمىتى ئۈنۈملۈك ئاخىرلاشقاندەك بولدى. مەمتىمىن ئىككىنچى باسقۇچلۇق پىلانىنى باشلاش ھەققىدە ھابۇلھاجىمنىڭ يولىيۇرىقىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا ”چاي پۇلى“ ئۈندۈرۈش ئۈچۈن، قېرى تۈلكىنىڭ ھوزۇرىغا چاپتى.

# تۇققۇزىنچى باب

ئۆزىنى بەك سوپى ئۇلار كۆرسىتەر،
دەل رىيا يۇكىنىڭ ئاستىدا كېتەر...
بۇ قىزىق ئىشتۇر كىم نىقابى تەقۋا،
كاپىردىن يامانراق دىن سېتىپ يۇرەر.
— ئۆمەر ھەييام

1

تەۋپىق سۇنتاغقا- قىزلار مەكتەپكە ناخشا دەرسى بىلەن تەنتەربىيە دەرسى بېرىشكە كەلگەنىدى. ئۇ دەرسنى ئۆتۈپ بولغاندا بىردىنلا غەربىي- شىمال تەرەپتىكى تاغ ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ تەدرىجى ئاتۇش ئاسمىنىغا يېيىلىشقا باشلىدى. ئارقىدىن قاتتىق ھەيۋەت بىلەن چاقماق چېقىلدى. يامغۇرمۇ بىر تال، ئىككى تالدىن تامچىلاشقا باشلىدى. تەۋپىق كېتىشكە ئالدىراپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن خوشلاشتى. ئەمدى ئۇ بۇ يەردىن چىقىپ رۇشتى مەكتەپكە يولۇقۇپ ئاندىن بويامەتتىكى مەخسۇس تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا بارماقچى ئىدى.

لېكىن قىزلار ئۇنى ماڭغىلى قويمىدى، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئولىشىۋالدى.

— يامغۇر توختىغاندا كېتىڭ، ھۆل بولۇپ كېتىپسىز،— دەپ چوقان سالدى ئۇلار.

— بالىلىرىم، مېنى قويىۋېتىڭلار، مېنىڭ يەنە ئىشىم بار، يامغۇردا قالسامۇ مەيلى، كەتمىسەم بولمايدۇ،— دېدى تەۋپىق ئۇلاردىن ئىلتىماس قىلىپ.

بۇ چاغدا يامغۇر كۆپىيىپ، چىلەكلەپ تۆكۈلۈۋاتقاندەك چۈشۈشكە باشلىدى ھەم بوزاڭ توپىنى بىردەمدىلا بېسىپ، پاتقاقا ئايلاندۇرىۋەتتى. يامغۇرنىڭ نەمخۇش پۇرىقى بىلەن زەرىبىگە ئۇچرىغان پوستەك توپىلاردىن ساپ ھاۋاغا "كونا تام" پۇرىقى تارقالدى. يامغۇر بىلەن ساپلاشقان ھاۋادا ئەسلى سېزىلمەي تۇرغان باشقا پۇراقلارمۇ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشقا باشلىدى.

قىزلار ئۆنى ئورىۋالغان ھالدا سىنىپقا ئەكىرىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئوچۇق ئىشىكتىن يامغۇرنىڭ يېغىشىغا قاراپ تۇراتتى.

— كەتكىلى قويمايلى، قىزلار،— دەپ چۇقان سالدى شەرۋانىخان ئىسىملىك چوڭراق بىر قىز ساۋاقداشلىرىنى قۇترىتىپ. ئۇ بويامەتلىك بولۇپ، نىزامىددىنلار بىلەن بىر مەھەللىلىك مۇھەممەد ئىمامنىڭ قىزى ئىدى،— ھەمىشە بىزنىڭ مەكتەپكە كەلسىڭىز ئوغىقىڭىز قىردا قالغاندەك ئالدىرايدىكەنسىز، بىزمۇ خەققە ئوخشاش سىزنىڭ بالىلىرىڭىزغۇ؟ ئوغۇلبالا

— بالا، قىزبالا — بالا ئەمەسمىكەن؟!

— كۆردىڭىزمۇ، بۇلارنى،— دەپ كۈلدى تەۋپىق مۇشپىقە خانىمغا قاراپ:— بۇلار مېنى تالاپلا كەتتىغۇ؟

— راست ئەمەسمۇ، بىر قېتىم بولسىمۇ بالىلارنىڭ رايىغا بېرىپ قويۇڭ،

— دېدى مۇشىقە خانىم كۈلۈمسىرەپ، ئۇ ھاۋاغا قاراپ قويۇپ، — يامغۇرمۇ ئەدەپ كەتتى،— دېدى.

— مانا، دېمەك سىزمۇ تەلەبىلىرىڭىز تەرەپتە تۇرىدىكەنسىز- دە؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە،— دېدى مۇشىقە خانىم مۇغەمبەرلىك بىلەن.

خانىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن قىزلار ئەمدى تېخىمۇ ئىشەنچلىك ھالدا ئۆنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ماڭدۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مەتىلى ئەپەندى گويا ئۆز بالىلىرىنىڭ ئەركىلەشلىرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرغان مېھرىۋان ئاتىدەك، تەسىرلەنگەن كۈلۈمسىرەش بىلەن جىم بولۇپ قالدى. ئۇ دېمىسىمۇ بۇ يەرگە كەلسە دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا قايتىپ كېتەتتى. بۇنىڭدا ھەرخىل سەۋەپ باردى. بۇ سەۋەبلەردىن بىرى باشقىلارنىڭ گەپ

تىپىشىدىن ئىھتىيات قىلىش تۇيغۇسى ئىدى. ئادەتتە ئۇ گەپ چۆچەكلەردىن قورقۇپ كەتمىسىمۇ، يەنە ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەردىن ئۆزىنى قاچۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. دېمىسىمۇ قىزلارنىڭ ئاغرىنىشى توغرا ئىدى. ”نېمىشكە ئۆز قىزلىرىمىزدىن قاچىمەن؟...“ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئەيىپلەپمۇ قويدى.

— ئەپەندى دادا، يامغۇرنى شېئىرغا قوشۇپ باقمامسىز؟— دەپ چۇقىرىدى قىزلارنىڭ ئەڭ كىچىكى كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن.

تەۋپىق ئۇنىڭ دادىللىقىنى ماختىغاندەك، ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى ئارقىغا سىلاپ ئەركىلىتىپ قويدى.

— ھۇ، شەيتان! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— شۇنداق قىلىڭ، ئەپەندىم. سىزنىڭ شېئىرنى قانداق توقۇيدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى ،— دېدى مۇشىپىقە خانىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوللاپ.

— شۇنداقمۇ؟ دېمەك، بۇ ئەسلىدە سىزنىڭ قۇتراتقۇلىقىڭىزدىن بولغان گەپكەن- دە. ماقۇل،— تەۋپىق شۇنداق دەپلا ئۇلاردىن كۆزىنى ئېلىپ تاغ تەرەپكە، شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا، غەربىي شىمال تەرەپتىن يېيىلىپ شەرق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان گۈگۈم پەردىسىگە قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، شائىرانە ئاھاڭدا ئوقۇدى:

تاغ باشىغا ياغدى يامغۇر،
قارا بۇلۇت يايدى گۈگۈم.
ئەمدى كەلكۈن شارقىرايدۇ؟
تىرلاللاھۇم، تىرلاللاھۇم.
. . . . . . . . .
كېيىن قۇياش كۈلۈپ چىقار،
ئەلۋەك نۇرى يۇرتنى قۇچار.
ياشاش ئۈچۈن ئارقاداشلار،

ئالغا، ئالغا! تىرلاللاھۇم!

........ [1]

تەۋپىق شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزلار يەنە چۇقان سالدى.

— نېمىشكە كۈن كۆلۈپ چىقىدۇ، دەيسىز؟ قېنى چىقىنى؟

— كۈننىڭ ھامان چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭلار، قىزلىرىم، — دېدى تەۋپىق ئاتىلارچە ئاھاڭدا، — قاراڭلار، بۇ ئۆتكۈنچى يامغۇر، بۇلۇت سۈرۈلگەنسېرى، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى يورۇپ بېرىۋاتامدۇ. ھېلىلا بۇلۇتلار ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان قۇياش كۆلۈپ چىقىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئۇ تەرەپتە ھەسەن- ھۈسەننى كۆرىسىلەر، — بۇ چاغدا گويا بىرلا بۇيرۇق بىلەن توختىغاندەك يامغۇر شىپپىدە توختىغانىدى، — ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلارسىلەر؟ — دېدى تەۋپىق كۆلۈپ.

— ھاۋا ئېچىلىپ كەتسۇن، ئاندىن مېڭىڭ، يەنە كۆچىيىپ كەتسە يامغۇردا قالىسىز.

— ياق، ئەمدى توختىغىنى ھېساب بولۇپ قالدۇ. ھاۋا بارغانسېرى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

—رۇخسەت قىلىڭلار، قىزلار، ئەپەندىمنىڭ زۆرۈر ئىشلىرى بولسا كاشىلا قىلمايلى،— دېدى مۇشپىقە خانىم.

— تەنە ئەمەستۇر، خانىم؟

— تەنە بولسىمۇ ھەق- تە، — دېدى خانىم كۆلمەسلىككە تىرىشىپ،— بۇلارنى خۇددى ئۆگەي بالىلىرىڭىزدەك كۆرىسىز ئەمەسمۇ.

---

[1] مەن 1985- يىلى ۋاقۋاغ يېزىسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغىنىمدا، بۇ موماي ماڭا شۇ ئىككى كۇبلىت شېئىرنى ۋە ئۇنىڭ قانداق شارائىتتا يارىتىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا تەۋپىقنىڭ قىزلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئىجات قىلغان «ئوقۇ خانىملار» دېگەن ناخشىسىنىڭ تېكىستىنىمۇ تەقدىم قىلغانىدى — ئا.

— ھا، ھا، بۇگۈنچۇ؟ بۇگۈن ئۆز بولغاندۇق بالىرىم؟
— خۇداغا شۈكرى، بۈگۈنكىچىلىك تۇرۇپ بەرسىڭىزلا رەنجىمەيمىز.
— خەير، بالىلىرىم، خۇشۋاق بولۇڭلار.
— سىز ھەم سالامەت بولۇڭ، — ئۇلار سىنىپنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ ئۆزنىپ قىلىشتى.

تەۋپىق مەكتەپ ئىشچىسى ئىلىپ كەلگەن ئىتنىغا يىنىككىنە مىنىۋىلىپ، يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ خەيرلەشتى.

ئارقىدىن كىمدۇر ناخشا باشلىۋەتتى:

يۇرەمدۇق ئويناپ،
كوچىنى بويلاپ؟
ئىجتىھات بىلەن،
ئوقۇ خانىملار.

كۆپچىلىكمۇ ناخشىغا قوشۇلدى:

تۈننى- تۈن دىمەي،
كۈننى كۈن دىمەي.
كىلىچەك كۆزلەپ،
ئوقۇ خانىملار.

تەۋپىق ئارقىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قىزلارنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سىلىپ كىتىۋىتىپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە مۇشۇ نەتىجىلەرگە ئىرىشىش يولىدىكى كەچمىشلەرنى ئويلاپ كەتتى. ئاتنى مىڭىشقا قويىۋىتىپ، چۆچەكتىكى ئەنسىز كۈنلىرىنى، سەرۋەرنى، ئوغلى ئابدۇسەمەدنى، شەمەيدىكى كىچىككىنە بەختىيار ئائىلىسىنى، ئوقۇش يولى ئىزدەپ قىلغان

سەپەر، سەرسانلىق- سەرگەندانلىقتا ئۆتكەن ۋاقتلارنى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. تۈركىيەدىكى دەسلەپكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كارتىنىسى، ئاقكۆڭۈل ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ غەمخورلۇقى، خىيالچان ئەدىبە،... ”تۈرك گەنچلەر بىرلىكى“دىكى ياش سەپداشلار ئارىسىدا ئۆتكەن جۇشقۇن يىللار... «تۈرك ئوچاقلىرى»دىكى قىزغىن لېكسىيىلەر، تالاش- تارتىشلار... ئارقىدىن ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، فىزىئولوگىيە جەھەتتىن نورمال يېتىلگەن ئەر كىشى بولۇشى سەۋەبىلىك شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدىمۇ ئېچىنىش، ئازابلىنىش ئىچىدە ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەنلا ئىستانبۇل بوغۇزى، دېڭىز ساھىلىدا ئەدىبە بىلەن بىللە بولغان كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن سەيلىلەر خىيالىغا كەلدى. ئۇ شۇ تاپتىكى جىسمانى ئېھتىياج (فىزىئولوگىيلىك تەلەپ) نىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن ئاشۇ ۋەسۋەسىلەرنى توسۇپ، ۋەتەن غېمىنى يېيىشكە مەجبۇر قىلالىغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئەمدى بولسا بۇ نەتىجە بىلەن ئۇنىڭدا پۇشايمان بىلەن قانائەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ ”ئارىلاشما“دا پۇشايمان ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاھ، ئۇ شۇ تاپ بىر كۆڭۈللۈك ئائىلىگە نەقەدەر مۇھتاج ئىدى ـ ھە!... ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ رومانتىك خىيالغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار بولۇپ، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، بىراق، يەنە بىر ۋەسۋەسە ئۇنىڭغا تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەن، ھېلىمۇ ئېرىشكىلى بولىدىغان يەنە بىر گۈزەل ”باغچىنى“ ئەسلەتتى. بۇ — مەلىكىزاد ئىدى...

ئۇنىڭ مەڭگۈ ئويغاق تۇيغۇلىرى ئۇنى دەرھال خۇسۇسى ۋەسۋەسىلەر ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى: ”لەنەت ساڭا، مەمتىلى! ... “بۇ چاغدا ئۇ مەشھەتكە يېتىپ كەلگەنىدى.

قىزلار مەكتىۋىدە ئازراق ۋاقتىنى ئۆتتۈرۈپ قويغاچقا خىزمەت كۈنتەرتىپىگە تەسىر يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ بەزى كۈن تەرتىپنى قىسقارتىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئالدى بىلەن ئۇيۇشمىغا

بىرىپ، ئاتنى ئېلاخۇنغا تاپشۇرۇشى كېرەك. ئۇ ئۆيۈشما ھويلىسىغا كىرگەندە ئۇنى ئېلاخۇن بىللە پاشاخان كۈتىۋالدى.

— خوش كەپسىز، ئەپەندىم،— دېدى پاشاخان يېقىملىقراق كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ،— مەن سىلىنى ساقلاپ تۇرغىلى خېلى بولدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق ئۆزىنىڭ ئادەتكە ئايلانغان رىتورىك سوئالىنى تەكرارلاپ خۇش چىراي قاراپ. ئۇ ھەممە ئادەمگە ئەنە شۇنداق بىر خىلدا مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ مۇئامىلىسى تاكى قارشى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئادەملەر تائىپىسىگە تەئەللۇق ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلغىچە داۋاملىشاتتى.

— شۇنداق، ساقلاپ تۇردۇم...

— بىر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق ئۇنى يەنە مىراس دەۋاسىنى قوزغىماقچىمىكىن دەپ گۇمانسىراپ.

— ھەئە...ئىش بولمىسا ئىزدەمتىم...بىزنىڭ ئۆيگە بىر بېرىپ كەلسىلە بولاتتى...

— قانداق خىزمىتىڭىز باردى؟ ئوچۇقراق ئېيتسىڭىزچۇ.

— بىر كىشىنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكىسى باركەن، بىزنىڭ ئۆيدە ساقلاپ قالغاندى...

— سىزنى ئەۋەتكىچە ئۆزىلا كەلگەن بولسا مانا بۇ يەردە كۆرۈشمەيتۇقمۇ؟

— ...ئىشقىلىپ بارسىڭىزمۇ ئوخشاشقۇ؟ ئۆيگە بارسىڭىز تۈز ئارتىپ قويماستۇق...

— شۇنداقمۇ؟ ئەيىپكە بۇيرىماڭ، مەن ھازىر بىرياققا ماڭاي دەپ تۇراتتىم. ئەگەر ئۇ كىشى مەستۇرە ئايال بولمىسىلا بۇ يەرگە كەلسە ھەر قاچان ئىشكىم ئوچۇق ئەمەسمۇ، شۇنداق دەپ ئېيتىپ قويۇڭ ئەمىسە.

— شۇنداقراق بىرئىشىدى...

— قانداقراق؟

— مەستۇرە ئايال...

— كېسەل كۆرستەمدىكەن يە؟ بىلىپ كەلگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى. كېسەل كۆرستىدىغان بولسا دورا بىر نەرسىلىرىمنى ئېلىۋالاتتىم.
— ... — پاشاخان مەڭدەپ قالدى.
— مەن بۇيامەتكە ماڭغاندىم، ئۇ يەردە مېنى 500 كىشى ساقلاۋاتىدۇ، ھەر ھالدا بىر ئادەمنى ساقلىتىپ قويسامۇ، 500 ئادەمنى ساقلاتماسلىق ئۈچۈن بولغانلىقىنى ئېيتىپ قويسىڭىز رەنجىمەس.
— مەيلى، ئەمىسە، بويامەتتىن كېلىپ باراسىز...
— ماقۇل، بۇ ئىش شۇنداق بولسۇن، رەنجىمەي قايتىڭ،— دېدى تەۋپىق ئۇنى ئىللىق ئۇزىتىپ. بىراق ئۇ "مېھماننى رەنجىتىپ قويدۇمۇ ـ قانداق؟ ھېلىقى مەستۇرىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى چۈشكەن بولسا رەت قىلغىنىم توغرا بولمايدىغۇ؟ بىر گەپ بار! گۇمانخور! سەندە قورالىلىق ئىككى ئەسكەر تۇرسايۇ، دۈشمەن يەنە نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرەر، بويامەتتىن پاتراق كەلگىلى بولسا ھەر ھالدا بېرىپ باققان ياخشى" دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنداقلا خېلى يېشىلگەندەك بولۇپ، ئېلاخۇنغا ئاتقا بىر نەرسە بېرىپ قويۇشنى، ھازىرلا يەنە يول يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 2

تەۋپىق بويامەتتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆيدە مۇھەممەد داموللا قاتارلىق كاتتايلاقلىق مېھمانلار ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. شۇڭا ئۇ پاشاخان دېگەن ئىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ مېھمانلار بىلەن بولۇپ كەتتى. گەپ ئارىلىقىدا يەنە بۇ ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزر سوراپ قويسامىكىن دەپ تۇراتتى، پاشاخان يەنە كېلىپ قالدى.
— ئەپەندىم، خەق سىزنى ساقلاپ كۆزى تېشىلەي دېدى، مەن بىلەنلا يۈرۈڭ — دېدى پاشاخان بىر خىل سىرلىق كۈلۈمسىرەپ، شۇنداقلا جىددىي كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ.

— شۇنداقمۇ؟ كۆرمەمسىز، بويامەتتىن كەلسەم مېنى مېھمانلار كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلارنى قويۇپ كەتكىلى بولماي قالدى. مەن ئۆزۈممۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزۈر سوراي دەپ تۇراتتىم.

— بىرىپ كۆرۈشىپلا كەلسىڭىز بولاتتى...

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بۇ دوغۇ بىلىپ كەلگەنسىز؟ ئېيتىپ باقسىڭىز بەلكىم بارماي تۇرۇپ ھەل قىلغىلى بولار.

— بارمىسىڭىز بولمايدۇ. بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەندە راست ئىكەن دەپ قالىسىز،— پاشاخان غەلىتىرەك ھىجايدى.

تەۋپىق ئۇنىڭ سۆز- ھەرىكىتىدىكى سۇنئىي ئىللىمىنتلارغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا بارماي تۇرۇپ كىمنىڭ چاقىرتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ قالدى.

— مېنى كۈتۈپ تۇرغان كىشى كىم بولىدۇ؟ ئېيتىپ باقسىڭىز بەلكىم ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈرلىكىگە كۆزۈم يەتسە ئۆيدىكى مېھمانلارغا ئۆزرە ئېيتىپ غاچچىدە بېرىپ كېلەرمەن. قانداق؟

— ئوغۇ،...ئېيتما دېگەنتى...

— شۇنداقمۇ؟ نېمانداق مېنى قىزىقتۇرىسىز، چاپسانراق ئېيتىڭىزچۇ.

— شۇنچە ئالدىراپ كەتكەن بولسىڭىز ئېيتاي، ئەمىسە، ھېلىقى،...نېمىنى بىلەمسىز؟ ھېلىقى... مەنغۇ سىزنى ئوبدان بىلىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، ئىككىڭلار بىلىشىدىكەنسىلەر... زۆھرەگۈلچۇ. زۆھرەگۈل سەتەڭ دېسە كىم بىلمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ خوش، خىزمەت نىمىكەن؟

— شۇ زۆھرەگۈل،...سىزگە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتىكەن، بىر كۆرۈشسەم دەپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ پات- پاتلا ئەھۋال ئېيتىدۇ، بۈگۈنمۇ ئۇزۇن ساقلاپ كەتتى...

— شۇنداقمۇ؟ ئەجەپ ئىش. مادامنىڭ[1] كۆتكىنىگە ئەپسۇس، مەن مېھمانلاردىن ئايرىلمايمەن، خەير.

— ئەپەندىم، توختاپ تۇرىڭا، — پاشاخان جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنى توختىتىۋالدى، ئۇنىڭغا ۋەزىپە جىددىي تاپشۇرۇلغاندى، — قارىڭا، بىر ئاجىزەگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، كۆيەك ئازابىنىڭ يامانلىقىنى بىلىدىغانسىز؟

تەۋپىق پاشاخاننىڭ قىلىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، كۆڭۈل ئىكرانىدىن زۆھرەگۈلگە دائىر بىر مۇنچە كۆرنۈشلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ سىرلىق بېقىشلىرى، ئۇلۇغ كىچىك تىنىشلىرى... بۇ ئىش راستەكمۇ قىلاتتى. ئەمما بۇنىڭغا سۈيقەست يوشۇرۇنغاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇ ياخشىراق ئويلىنىۋېلىش قارارىغا كەلدى.

—كۆتكەن بولسا يەنە كۈتسۇن، كۆيۈك دېمەك ئازاپ، ئاشىقنىڭ ئىشى-كۈتمەك. زىلەيخامۇ يۇسۇپنى قىرىق يىل كۈتۈپ چىداپتىكەن، ئۇ مادام ئەتىگىچە چىدار؟ ئەتە سىز كەلمەڭ، ئەتە كەچتە مەن ئۆزۈم بارىمەن.

پاشاخان ئەرلەرنى چېكىپ كۆرگۈچى كۆز نۇرى بىلەن تەۋپىقنى تەپسىلى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ تەنە قىلىمايۋاتقانلىقىغا جەزىم قىلغاندىن كېيىن شاللاقلىق بىلەن ھىجىيىپ قويدى ۋە خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرىقى ھېسابتا تاپان ھەققىگە چۇشلۇق ئىش قىلغىنىدىن بەكمۇ سۆيىنىپ كەتتى.

******

---

[1] مادام madam— خانىم. يات دىنىدىكى ئاياللارغا ۋە تويي قىلغان ئاياللارغا ئىشلىتىدۇ. بۇ يەردە تەۋپىق زۆھرەگۈلنى ئېرى بار تۇرۇقلۇق ئاشۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن ھەم ياد كۆرگەنلىكى ھەم ئېرى بارلىقنى ئەستە تۇتۇشنى ئاگاھلاندۇرشنى ئىپادىلىمەكچى—ئا.

پاشاخان ھويلىسىغا كىرىشكىلا ئېغىلنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەي پاسكىنا، ئىشنى بۇزدۇڭمۇ، ئەپلەشتۇردۇڭمۇ؟— دېدى ئۇ غەزەپلىك شىۋىرلاپ.

— چېچىلمىسىڭىزچۇ، ئىش ئەتىگە قالدى. بۈگۈن مېھمان بارىكەن، مەنمۇ كۆردۈم، راستىنلا مېھمان بارىكەن، ئەتە بارمىسامۇ كېلىدىغان بولدى.

— ئىشنى چاندۇرۇپ قويغان بولساڭ كاللاڭغا ئاگاھ بول!ـ مەمتىمىن شۇنداق دەپ باغ تەرەپكە قاراپ ئىسقىرتتى.

ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن، بالىخانىدىن ، باغدىن بىر نەچچەيلەننىڭ گەۋدىسى پەيدا بولۇپ ئۇلارغا قاراپ قالدى. ئۆي ئىچىدىنمۇ ئىككىيلەن چىقىپ كەلدى.

— ئەتە كەچتە كېلىڭلار، ھازىر ئىنىسى- جىنغا چاندۇرماستىن كېتىپ قېلىڭلار،—دېدى مەمتىمىن ئۇلارغا پىچىرلاپ.

شېرىكلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىپ بولغاندىن كېيىن پاشاخانغا:

— ھېلىقىنى گاچچىدە باشلاپ كەلمەمسەن، ئەتتىگەننىڭىزى ئاۋارە بولغىنىمغا قۇرۇق كەتمەي، — دېدى.

پاشاخان سەل نېزىقىغانىدى، مەمتىمىن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ:

— ماڭا قىلغىنىڭ بىكار كەتمەيدۇ، ئوقۇپ قوي، بىزدەك ئوغۇلبالىنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن ئادەممۇ قۇرۇق قالمايدۇ. بولە جۇگۇ، مەن ماۋۇ ئۆيدىكىنى ماڭدۇرىۋېتىپ تۇراي، — دېدى ئەركىلىتىش ئاھاڭىدا.

پاشاخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەمتىمىن ھوجرىغا كىرىپ كەتتى.

3

ئەتىسى ئەتىگەندە تەۋپىق ئىزچىلاردىن چوڭلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يارمۇھەممەد ۋە ناسىراخۇن، ئەكبەر، قۇربان جاپپار، ئابلىز قاتارلىقلارنى ئالدىغا چاقىرىدى.

— مەن قەشقەرگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم، سىلەرگە بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ كېتىمەن،— دېدى ئۇ، — ئەتە كەچتە پاشاخاننىڭ ئۆيىگە بارىسىلەر، شۇ يەردە سىلەر قىزىق تاماشا ئۈستىدىن چۈشىسىلەر،— ئۇ جىددىيلىك بىلەن تاپىلىدى. — ناھايىتى ھۇشيار بولۇڭلار، سىلەرگە ئوغرىلار بىلەن ياكى بۇزۇقلار بىلەن ئېلىشىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. ناسىراخۇن مېنىڭ كىيىملىرىنى كېيىپ يول بىلەن ئاشكارە مېڭىپ ئۆيگە كىرسۇن، — ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن ناسىراخۇننىڭ باتۇرلىقى تىللاردا داستان بولۇپ، تەۋپىققىمۇ بەك يېقىپ قالغانىدى، — قالغىنىڭلار يوشۇرۇن بىرىپ ھويلا ئەتراپىغا مۆكۈنۈڭلار. ھويلىدا ئۆرە- تۆپە باشلانغان ھامان ھويلىغا سەكرەپ چۈشۈڭلار- دە، شۇ يەردىكى جىمى ئادەمنى باغلاڭلار. ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ دېقىقەت قىلىدىغان ئىش، سىلەر بەلكىم ھېچقانداق ئىشقا يولۇقماسلىقىڭلار مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا ناسىراخۇن ئۆيگە كىرىپ يېرىم سائەتچە تۇرسۇن، باشقا ئىش چىقمىسا قايتىپ چىقسۇن، ئۆيدىكىلەرگە بۇنى ياشلاردىكى بىر خىل قىزىقچىلىق سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈپ قويۇپ، چاخچاق سۆزلەر بىلەن قايتىپ چىقساڭ بولىدۇ، ئوغلۇم. باشقىلار سەن تېنچ- ئامان يېنىپ چىققاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن قوزغالسۇن.

ئىزچىلار نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىدى.

— قانداق ئىش بۇ، ئەپەندىم؟ ھېچ چۈشىنەلمىدۇق، — دېدى يارمۇھەممەد.

— بۇ ئىشنى مەنمۇ ئانچە چۈشەنمەيمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ھۇشيار بولۇڭلار . ئىلاجى بار ھويلا ئىچىنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولىدىغان جايلارغا مۆكۈنۈڭلار. ناسىراخۇن ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھويلىغا باشقا ئەركەكلەر كىرىپ قالسا، ھەركىتى شۈبھىلىك بولسا سىلەرمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلارنى باغلاڭلار. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ئۆينى تەكشۈرۈڭلار.

—بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم، خەققە كۆرۈنمەي كېتىمەن، بىر كىيىم تەييارلاپ قويدۇم. ئۆزەڭنى خەققە تونۇتۇپ قويما. ئەتە كېلىپ نەتىجەڭلارنى كۆرىمەن. ناسىراخۇن تەۋپىقنىڭ قارىسى يۈتىشى بىلەنلا توختى زۇنۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە پۇرسەت كۈتۈپ ، ئىچىدە، بۇ ئىشنى بۇزىۋېتىشنى ئويلىدى. ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى . شۇڭا ئۇ خېلى خاتىرجەم هالدا: ”بىزنىڭ ئادەملەر ئۇنىڭغا قاپقان قۇرغان بولسا كېرەك، بۇ ئىشنى يەتكۈزسەم هەر هالدا قولۇمغا پۇل كىرىدۇ“ دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ چۈشتە غىپپىدىلا هەمرالىرىدىن ئايرىلىپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كۈپ- كۈندۈزدە سېنى كىم چىللاپتۇ، زەرگى!ـ دەپ كايىدى توختى زۇنۇن لەۋلىرى غەزەپتىن تىتىرەپ.

— هېچكىمگە كۆرۈنمىدۇم، مۇهىم گەپ بارىدى، كەچكە قالدۇرغىلى بولمايدۇ...

— نېمە گەپ؟

ناسىراخۇن قىسقىچە سۆزلەپ بەردى هەم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

توختى زۇنۇن شۇ هامان بۇنىڭ مەتىمىننىڭ تەلۋە خىيالىدىن بولىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭچە بۇنىڭ ئەڭ بولمىغاندىمۇ بىر پايدىسى بارىدى: يا مەمتىمىن باش- باشتاقلىق قىلغانغا تويىتتى، يا ئەپەندىم رەسۋا بولاتتى. ئەمما ئۇ كىچىك جاسۇسقا بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدى.

— سەن بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. بۇ ساڭا خىزمەت كۆرستىشنىڭ ياخشى پۇرستى. ئەپەندىنىڭ دېگىنىدەك قىل، ئۇ سېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولسۇن، نېمە دېسەم شۇنى قىل، دېمىگەننى سورىما، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، — ناسىراخۇن چۈشەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ چۈشەندىم دېگىنى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشلا ئىدى.

گۈگۈم پەردىسى كائىناتنى يېپىشقا باشلىغاندا ناسىراخۇن نىزاخۇن قوتۇرنىڭ هويلىسىدىن تەۋپىق قىياپىتىدە ياسىنىپ چىقىپ، كۆزلىگەن نىشانغا قاراپ كەتتى. باشقا ئىزچىلار بولسا ئېرىقلارنىڭ ئىچى، باغلارنىڭ ئارقىسى بىلەن يوشۇرۇنچە مېڭىپ، ئالىلىقاچان بەلگىلەنگەن جايغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ بولۇشقانىدى.

ناسىراخۇن ئېھتىيات بىلەن پاشاخاننىڭ هويلىسىغا كىردى. هويلا جىم- جىت، تاملار، دەرەخلەر كۆك ئاسمان سەتھىدە قارا كۆلەڭگىدەك سىرتقى شەكلى بىلەن كۆرىنەتتى. ئۇدۇلدىكى ئېغىلنىڭ ئىشىكى قىينىق قارا رەڭدە بىلىنىپ تۇراتتى. ئېغىل تېمىدىكى قىغ چىقىرىدىغان تۆشۈك ئالىلىمىنىڭ بېشىغا ئوخشاپ، كىشىگە سۇر بېرەتتى. قەرۋىستانلىقتەك جىمجىتلىق ناسىراخۇننى قورقۇتۇشقا باشلىدى. "خۇدا، مېنى قانداق قىسمەت كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ، ئۇنى ماڭا ئارتماقچى بولغانمىدۇ- يا؟ ئىشقىلىپ ياخشىلىق يوق... ياق، بۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتىمىش. مۇشۇ گەپتىن قارىغاندا خەتەرلىك يوق، بولغاندىمۇ مەن ئۆلىدىغان دەرىجىدىكى خەتەرلىك ئەمەس،..." ئۇ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ تۇرىۋېتىشتىن قورقۇپ، يەنىلا ئۆيگە كىرگەن ياخشى، كىرمەيمۇ بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى- دە، ئۆينىڭ ئىشكىنى ئاچتى.

مۇرا بېشىدا كىچىككىنە جىن چىراق پىلىلداپ يېنىپ، ئۆيدىكى چوڭراق شەكىللەرنى پەرق قىلىشقا ئىمكان بېرىپ تۇراتتى. ئۇدۇلدىكى سۇپىغا قېلىن يوتقان سېلىنغان بولۇپ، يوتقان ئۈستىدە ناز بىلەن تەتۈر قاراپ بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇ ھەيران بولدى:"بۇ قانداق بولغىنى؟ ھېلىقى دېگەن گۈلدۇر- تاراق بولمايدىغان يەنە بىر خىل ئېھتىمالغا ئۇچرىغان ئوخشىمامدىم؟" ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇغا سەل كۆنگەندىن كېيىن، يوتقانغا پۈتىنى تىقىپ ئولتۇرغۇچىنىڭ ئالاھىدە ئېسىل كىيىنگەن ئايال

ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ جىلتىكىسىدىكى كالاۋتون، سىكە مارجانلارنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىدىن بىلدى. ئايالنىڭ بۇ ياققا قارىماي تۇرۇشى ئۇنى يەنە قورقۇنۇچقا سالدى. "بەلكىم ئۇ جىن!... ئاھ، خۇدا پىشانەمگە پۈتۈلگىنى نېمىدۇر..."

— بۇ يەرگە چىقماقسىز،—دېدى ئايال بۇ تەرەپكە سەل بۇرۇلۇپ قىيا بېقىپ، ئاندىن يەنە دەرھال تام تەرەپكە قارىۋالدى.

"ئاۋازى نىمانداق ئايال بۇ؟ پاشاخانىنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، پۈتۈن مەشھەتتىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ناتونۇش ئاۋازغۇ بۇ؟ ..." ئۇ ئايالغا ئىككى قەدەم يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراي دېدى- يۇ، دەرھال ئۆزىنىڭ باشقا رولغا چىققان ئادەملىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تونۇپ قالمىسۇن دەپ دەرھال تۇرىۋالدى. بىراق، كېيىملەر ئۇنىڭغا تونۇشتەك قىلاتتى. ئەمما ئۇسقان، قەددى قامىتى قوپالراق ئايالدى.

ئۇ قايتسام بولارمۇ، ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ، چاخچاق قىلدىم، دېيىشىم كېرەكمۇ؟ دەپ ئويلاپ تۇراتتى، هويلىدىن ئاڭلانغان ئوپۇر-توپۇردىن چۆچۈپ دەرھال كەينىگە بۇرالدى. ئاڭغىچە ئىشكمۇ ئېچىلدى ۋە ئىككى ئادەمنى باغلاپ مۈكچەيتىۋالغان ئىزچىلار بوسۇغىدا پەيدا بولدى. يارمۇھەممەت قالغانلارغا ئۆينى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى.

—بۇ كىم ئايال؟ — دەپ سورىدى يامۇھەممەد.

— مەنمۇ بىلمەي تۇرىمەن، — دېدى ناسىراخۇن، ئەمما دەرھال "ئۆزۈمنى ئاشكارىلىسام بولىدىغان بولۇرمىدى"دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى.

— هوي، خوتۇنئاچا[1] كىمسىز؟ ئۆيىڭىزگە ئوغرىلار كىرىۋېتىپتىكەن تۇتىۋالدۇق، سىز نېمانداق پاڭقايدەك ئولتۇرىسىز؟

---

[1] "خوتۇنئاچا —(خوتۇن ئاچا)— ئىسمىنى بىلمىگەن ئاياللارنى ئاتۇشتا شۇنداق چاقىرىدۇ، ئىسمىنى بىلمىگەن ئەرلەرنى ئادىمىكا (ئادەم ئاكا) دەپ چاقىرىدۇ (يەرلىك شىۋە) — ئا.

— بۇ ئۆيلۈك ئەمەستەك تۇرىدۇ،— دېدى ناسىراخۇن، — بۇ پاشاخاننىڭ ئۆيى تۇرسا، ئەمما بۇ ئايال پاشاخان ئەمەس.

— گاچىمۇ يا؟ ئوغرىلارنىڭ بېشى شۇمۇ؟

— گاچا ئەمەستەك، بايا گەپ قىلدى.

—ئاۋازىدىن تونۇمىدىڭمۇ؟

— ياق، ئاۋازى يات بىرلا.

— ئۆي ئىگىسى نەدە بولغىدى؟ قاراپ بېقىڭلار، ھەممە ئۆيگە كىرىپ قاراڭلار.

— ئەسلىدە- زە بۇ جالاپنى قوش قىلىپ سىلىپ ئەپەندىنى رەسۋا قىلماقچىكەن ـ دە! —دېدى ئابلىز ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي.

— ئىزچى! ئاغزىڭىزدىن سەت گەپلەر چىقمىسۇن!ـ دەپ ئاگاھلاندۇردى يارمۇھەممەت.

— ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ- دە، — دېدى ناسىراخۇن،— بۇياققا قارا، ھەي!

قۇربان جاپپار ئۆينى ئاختۇرۇپ قازناقتىن بىر ئادەمنى سۆرەپ چىقتى.

— كۆرمىگىلى تاس قاپتىمەن، بىرمۇنچە ئەسكى- تۈسكىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتىكەن،— دېدى ئۇ.

— باغلاڭلار!ـ دېدى يارمۇھەممەت. ئاندىن ئايالغا قاراپ توۋلىدى،— ھەي، ئايال، بۇ يەرگە چۈشۈڭ! كىمسىز؟! — ئۇلار ئايال كىشىگە قول سېلىشقا پېتىنىماي توۋلاش ۋارقىراش بىلەن چەكلەنمەكتىدى.

ئايال غالىلداپ تىترەپ، بۆرقىرەپ يىغلىۋەتتى.

— خۇدا ھەققى، مەن...ـ ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى ئايالنىڭكىگە زادىلا ئوخشىماي قالدى، ئۆزىمۇ ئاستا بۇ تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، يا گېپى، يا ھەرىكىتى قولاشماي يۈكىنىۋالدى.

— ھوي، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ ھەيرانلىق قېلىشنى ئىزچىلار بىر-بىرىگە قاراپ،— ئەر كىشىمۇ بۇ؟

ناسىراخۇن بىر ئاتلاپلا سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭ رومىلىنى تارتىۋەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ساقىلى بارلىقى مەلۇم بولدى. ئەسلىدە ئۇ ئايالچە ياسىنىپ ئولتۇرغان ئەر كىشىكەن.

ئىزچىلار ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، بۇ ”ئايال“نى بىر قانچىنى ئۇرىۋەتتى.

— باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار! —دېدى دېدى يارمۇھەممەت.

— خۇدا ھەققى، — دەپ يىغلىندى ”ئايال“ ئۇلارنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ،— ھېچ بولمىسا كىيىم يەڭگۈشلىۋالاي، ئاندىن نېمە قىلساڭلار مەيلى، خۇدا ھەققى!...

— مۇشۇ پىتىڭ سازايى قىلىمىز، خاتىرەڭنى جەم قىل!

— نومۇسقا ئۆلتۈرسىلەرغۇ مېنى...

— سەن نومۇسنى بىلسەڭ ئايالنىڭ كىيىمىنى كىيىپ تۆشەكتە يىگىت كۈتۈپ ئولتۇرامتىڭ، ماڭ! بولمىسا كۆرلۈكۈڭنى كۆرسەن!

ئۇلار ھويلىغا چىقىپ تۇتقۇنلارنى ئېلىپ ماڭغىلى تۇرغاندا ھاسىرىغانچە ئەكبەر كىرىپ كەلدى.

— يۇتتۇرۇپ قويدۇق،— دېدى ئۇ ھەمدىگەن ھالدا،— يولدا بولىدىغان بولسا قانتى بولسىمۇ يېتىۋالاتتىم، قوناقلىقتا ئېزىقتۇرىۋەتتى، كاساپەت!

ئەسلىدە بايا ”ئوغرى“ لاردىن بىرى قېچىپ كەتكەنىدى.

— كېرەك يوق، ماۋۇ ”جالاپ“ نى سوراق قىلساق مەلۇم بولىدۇ،— دېدى قۇربان جاپپار.

— سەت گەپ قىلما، ئىزچى، — دەپ ئاگاھلاندۇردى يارمۇھەممەد.

— شۇ ـ دە، ئەمىسە نېمىتى؟ — دېدى ناسىراخۇن.

— شۇنداق بولسىمۇ بىزنىڭ ئاغزىمىزدىن چىقمىسۇن، — دېدى ئابلىز، ئۆزى بىر قېتىم تەنبىھ يېگەچكە.

— بۇلارنى ئايرىپ سولاپ قويايلى، ئەپەندى كەلگەندە ئۆزى بىر نېمە دەيدۇ،— دېدى يارمۇھەممەت.

ئىزچىلار تۇتقۇنلارنى ئېلىپ ماڭدى.

# ئونىنچى باب

## 1

دۈشمەنىنىڭ رەزىل سۇيىقەستى تارمار بولۇپ، سۇيىقەستچىلەرنىڭ خەلق ئالەم ئالدىدا رەسۋاسى چىققاندىن كېيىنمۇ نىزامىددىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ يەنىلا تەۋپىقنىڭ بېشىنى ئوڭلىۋېتىش تەرەپدارى ئىدى. تەۋپىق بويامەتكە كەلگەن بىر كۈنى ئۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىپ:

— بېشىڭنى ئوڭلىۋالساڭ مۇشۇنداق پىتنە- پاساتلار جىمىپ كېتەتتى،— دېدى، — ئۆتكەندە چۆچەكتە ئالغان ئايالىڭ ھەققىدە گەپ قىلىۋىدىڭ، مەن سودىگەرلەردىن گەپ ئېيتىپ بېرىپ، چۆچەكتىكى تۇقانلار ئارقىلىق بالا- چاقىلىرىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىم...

تەۋپىق قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان پاتىمەمنى پەپىلەپ تۇرۇپ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدى. نىزامىددىن ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ”ئۇمۇ خەۋەر تاپقان ئوخشىمامدۇ... “ دەپ ئويلاپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

تەۋپىق كۈلۈمسىرەشكە تىرىشۋاتقان بولسىمۇ، خىيالى بۇ يەردە ئەمەسىدى. قارىغاندا مۇھىتنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ”ئەگەر راستىنلا ئۆيلىنىشكە توغرا كېلىدىغان بولسا كىمگە ئۆيلىنىمەن؟ ھامان ئۆيلىنىشكە توغرا كېلىدىكەندۇق، ئۇنداق بولغاندىكىن تۈركىيەدىكى چاغدىلا ئۆيلەنسەم، ئاندىن ئەدىبەنى ئېلىپلا كەلسەم بوپتىكەن. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟“ تەۋپىق ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇساتتىن مەلىكىزاد كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ بۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولىشىدىن

ئۆزىمۇ ئەجەپلەندى. چۈنكى ئۇ مەلىكىزاد ھەققىدە كەمدىن-كەم ئويلىنىشقا تىرىشىدىغان، ھەتتا خېلىدىن بېرى ھەم ئالدىراشلىقتا، ھەم ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش خىيالىدا سىدىقبەگنىڭ ئىشك ئالدىدىن ئۆتمىگەن، مەلىكىزادىنىمۇ كۆرمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە توي قىلىش گېپى بىلەنلا بۇ نەۋجۇۋاننىڭ كۆڭۈل ئىكرانىدا پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا ھەم تاسادىپى تۇيۇلدى، ھەم كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يىگىتلىك تۇيغۇسى تۇغ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قوزغىلاڭ سېلىشقا باشلىدى... نۇرغۇن ئادەمنى يولدىن چىقىرىدىغان- ئوغۇرلۇق قىلىشقا، قاتىللىق قىلىشقا مەجبۇر قىلالايدىغان بۇ تۇيغۇنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ بولۇشى كېرەك- ھە؟ گويا نەچچە ۋاقتتىن بېرى قامىلىپ قالغان تۇيغۇلار كەلكۈنى بىردىنلا بېسىپ كېلىشكە باشلىغاندەك، تەۋپىقنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭىپ بولمايدىغان تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ۋەسۋەسىسى پەيدا بولدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم قەتئىي قارارغا كەلگەندەك قۇچىقىدىكى قىزچاقنى ئاۋايلاپ ئېلىپ يېنىدىكى كۆرپىگە ياتقۇزۇپ قويدى، ـ دە، ئاكىسىغا قاراپ:

— ئاكا، يەنە بىر مەزگىل بۇ ھەقتە گەپ قىلماي تۇرۇڭ، يەنىمۇ سالماقراق بولايلى، — دېدى.

نىزامىدىن ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدىن مىسلىسىز ئېغىر ھارغىنلىقنى سەزدى. شۇڭا ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. تەۋپىق ئاكىسىنىڭ ئۆزى ھەققىدە غەمدە قالغانلىقىنى پەملەپ، دەرھال كۆڭۈلگە يېنىكلىك بېرىدىغان خۇشخۇيلىقىغا قايتىپ، تېتىكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرىۋېتىپ دېدى:

— توي ھەققىدە گەپ قىلىپ، ياخشى قىلدىڭىز، بىر مۇھىم توي ئىشى ئېسىمگە كەلدى. بۈگۈنلا شۇ ياققا باراي.

— نېمە، نېمە توي؟ كىمنىڭ تويى؟ — خىيال ئىچىدىكى نىزامىددىن ئېسەنكىرەپ دەممۇ- دەم سورىدى.

— بىلەمسىز، ئاكا، شورۇق مەكتەپتىكى ياخشى شاگىردلىرىمىزدىن بولغان سابىت يالغۇزچىلىق تارتىپ، كۆپ ئىشقا دەخلى بولىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئۇ يىگىتنىڭ ئىچ- پەش تارتىشىپ يۇرگەن سۆيگۈنىمۇ بارىكەن، ئىككى ياشنىڭ ئۆتۈنىشى بىلەن مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، ئۇلارغا پاجىئە ئېلىپ كېلىدىغان بىر بەختسىز توينى بىكار قىلىۋەتكەنىدىم، ئەمدى يەنە ۋاقتنى كېچىكتۇرۇش بىلەن تاسادىپى پىشكەللىكنىڭ بولۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن ۋاقتىدا شۇ ئىككى ئاشۇق- مەشۇقنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش كويىغا كىرەي دەيمەن.

نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ گويا ئۆز بەختى ھەققىدە زوق-شوق بىلەن سۆزلەۋاتقان ياش بالىدەك قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىشىگە قاراپ تۇرۇپ، ئىمىدۇر بىر نەرسە يۇرىكىنى ”ۋىژ“ قىلىپلا كۆيدۇرۇپ، تۆۋەنگە ساقىپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ئاكىلىق مېھرىمىدۇ؟ نىزامىدىن بۇ ھەقتە ئىنىسى بىلەن خۇشال- خۇرام ھالدا ھېسيات ئورتاقلىششقا كۆزى يەتمىدى. شۇڭا ئۇ سابىتنىڭ تويى ھەققىدە ھېچنىمە دېمىدى. ”ئاھ، ئۆزەڭنىڭ ئىشى ھەققىدە شۇنچىلىك باش قاتۇرساڭ نېمە بولار؟“ دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىپ ئېغىر تىندى.

— شۇنداق بولسىمۇ ئالدىرىمىغىن، كۈندە ھەمداستىخان بولالمايمىزغۇ؟ بۈگۈن خانئاچاڭنىڭ تامىقىنى بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى، ئاندىن ئىشىڭغا ماڭساڭمۇ بولىدۇ.

تەۋپىق ئۆزىنىڭ گۆدەكلەرچە قىزغىنلىق بىلەن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنى ئۇچۇن كۈلۈپ كەتتى.

— ئەپىكە بۇيرىماڭ، ئاكا، مېنىڭ نىيىتىمدىمۇ بۈگۈن سىزلەر بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئاندىن ئىشىمغا مېڭىش ئىدى. بايامقى گەپ بىلەن قىزىشىپ، ماڭماقچى بولۇپ كېتىپتىكەن. بىلەمسىز، ئاكا، توي ھەققىدە گەپ بولسىلا سەرۋەر يادىمغا كېلىدۇ. ئۆيلەنسەم ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، ئوغلۇم ئەگەر ھايات ياشىغان بولسا سەككىزگە كىرىپ قالدى...

— خاتىرىگە نىملەر كەلمەيدۇ، دەيسەن، لېكىن يىراقتىكى ئاشتا قوساق تويمايدۇ،- دە. يەنە كېلىپ مەن بالا- چاقىلىرىڭنى سۇرۇشتۇردۇم، تېخى ئۇلۇشكۈنى خەۋەر ئالدىم، بىر پارچە خەتمۇ بار. سەرۋەر شەمەيدىن

چۆچەككە قايتىپ كەپتىكەن، كېيىن مەسۇم تاران دېگەن بىر هارۋېكەشكە ياتلىق بوپتۇ، بۇلتۇر... — نىزامىدىن سەرۋەرنىڭ بۇلتۇر قازا قىلغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدىيۇ، توختىۋالدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن گېپىنى يۇۋەتتى. ئەگەر تەۋپىق بۇ گەپنى ئۇقسا يەككە- يىگانە قالغان ئوغلىنى ئويلاپ يەنە تۇرالمايتى. سودىگەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە مەسۇم تاران ئاقكۆڭۈل كىشى بولۇپ، ئابدۇسەمەدنى "سەرۋەرنىڭ تەۋەرۈكى" دەپ بەكمۇ ئېزىزلايدىكەن. نىزامىددىن گەپنى ئۆزگەرتىپ، — ئەمدى جاهان تۈتۈش توغرۇلۇق ئويلانغىنىڭ خوپراقمىكىن، — دېدى.

— بۇ گەپ ئىشەنچلىكمىدۇ؟ — دېدى ئۇ سەل تاتىرىپ، ئۇنىڭدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا بىر خىل قىزغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى.

— بولمىسا خەتنى كۆرۈپ باقامسەن؟ — نىزامىدىن تۇققانلارنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولۇۋېدى، تەۋپىق كۇندەشلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تۇيغۇ تەسىرىدە خەتنى ئالمىدى ۋە:

— راستەك قىلىدۇ. مەسۇم تاران دەيدىغان بىر هارۋېكەشنىڭ بارلىقى راست. ئۇ بىزنى شەمەيگە ئاپىرىپ قويغان.... — دېدى.

سەلدىن كېيىن تەۋپىق ئۆزىدىكى هەممە كۆڭۈلسىزلىكنى يېڭىدىغان قارشىلىق كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە رەڭگىگە قان يۈگۈردى. ئاندىن ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ئاكا، سىز مېنى ئۆيگە باغلاشقا تىرىشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن ئەمدى هېچياققا كەتمەيمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بۇ هەرگىز سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزەم تىككەن كۆچەتلەرنى ئەي قىلىش، پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن. شۇنچە كۆپ كۆچەت قويدۇم، ئەمدى ئۇنى تاشلاپ قانداق كېتىمەن؟

ئۇلار ئېغىز ئېچىشمىدى. پەقەت زورىخان بايا ئاكا- ئۇكا ئارىسىدا بولغان سۆزلەردىن بىخەۋەر بولغاچقا بۇ هەقتە گەپ باشلىۋىدى، تەۋپىق:

— ئاكام ئىككىمىز بايا بۇ هەقتە بىر قارارغا كېلىشتۇق، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ئاندىن قانداق قارار ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي هەيرانلىق

ئىلكىدە قاراۋاتقان يەڭگىسىگە چۈشەنچە بېرىپ، — بۇ ھەقتە ھازىرچە پاراڭ قىلىشمايدىغان بولدۇق، — دېدى.

— ئەمىسە مەنمۇ بۇ گەپنى قوزغىمايدىكەنمەن- دە؟ ماقۇل، ئۆزىڭىز بىلەرسىز، — دېدى زورىخان زورىغا كۈلۈپ.

تاماقتىن كېيىنلا تەۋپىق مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىپ قالدى. ئۇ دورا سومكىسى بىلەن خۇرۇم سومكىسىنى ئېلىۋاتقاندىلا زورىخان ئۇنىڭ كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ سورىدى:

— ھازىرلا كېتەمسىز؟ قاچان بۆلەك ئۆي تۇتامەن دەپ ئارانلا تۇرۇپتىكەنسىزمۇ دەيمەن، — زورىخان ئۇنىڭ بىلەن چېقىشتى، — كەچلەپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— مەن ”ئۆيۈم“گە كېتىشكە ئالدىراۋاتمايمەن، باشقا ئىشىم بار، — دېدى تەۋپىق كۈلۈپ، — ئوغۇللىرىمدىن بىرىنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويىدىغان ئىش بارىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا باش قاتۇرغىدەك باشقا يېقىن ئادىمى يوق، مەن ماڭمىسام بولمايدۇ، — تەۋپىق شۇنداق دەپ سومكىسىنى ئېلىپ، ئېتىنى يېتىلەپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭغاندا زورىخان ئېچىنغان ھەم خاپىغان ھالدا:

— ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىغا شۇنچىلىك باش قاتۇرسىڭىزدى... — دەپ غۇدىرىدى.

ئىنىسىنى ئۆزىتىپ چىقىۋاتقان نىزامىدىن زورىخانغا ”گەپ قىلما“ دېگەندەك قاراپ قويدى.

## 2

تەۋپىق ئۆيدىن چىققان كېيىن شورۇقتا بېرىش يولىدا سىدىقبەگنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ ئۆتۈش نىيىتىگە كەلدى. بىراق ئۇ بۇ خىيالنى دەرھال رەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنى ئاجىزلىقنى ئىپادە قىلىۋاتىمەن دەپ قاراپ قاتتىق

ئەيىپلىدى.”سىدىقبەگنىڭ ئۆيى توساتتىن يادىڭغا يېتىپ قالغان ئىكەن، دېمەك، بۇ مەلىكىزاد ئۇچۇن بولماي نېمە؟ گويا سەرۋەرنىڭ بىر تەرەپ بولىشىنى كۈتۈپ ئارانلا تۇرغاندەك بۇگۇنلا — هە؟! ياق، قەتئىي ئۇ يەرگە دەسسىگۈچى بولما! دەسلەپكى چاغلاردا بىر نەچچە قېتىم ئۇ يەرگە كىرىشىڭ چەكلەنگەندى. هېلىمۇ تېخى مەلىكىزادنى ئۇنۇتمىغانىكەنسەن، دېمەك، ‹چەكلەش بۇيرۇقى› هېلىمۇ كۈچكە ئىگە“.

تېجەننىڭ سېپىدا جەزىرىمە ئىسسىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ ۋىلىلداپ تۇراتتى. غەربىي تەرەپتىكى بوغۇزدىن لىپ قىلىپلا پەيدا بولۇپ قالغان بىلىنەر- بىلىنمەس سالقىنمۇ كىشىگە ئاجايىپ خۇش ياقاتتى. تەۋپىق شلەپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پېشانىسىنى سۈرتتى. ئاندىن يەنە پېشانىسىغا تاتىپ كېيىپ يولنى داۋام قىلدى. كۈن تىكلەنگەن بۇنداق مەزگىلدە زۆرۈر ئىشى بولمىسا هېچكىم تالاغا چىقماي سۇ سېپىلگەن كۆك يەرگە كىگىز سېلىپ يېتىشاتتى. شۇڭا ئەتراپ جەزىرىگە ئوخشاش بىر خىل جىمىلىققا چۆككەنىدى.

تەۋپىق تېجەن سېپىدىن چىققاندا يەنە سىدىقبەگنىڭ ئۆيىگە كىرىش ھەققىدىكى خىيالغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسەل هەل قىلىپ ئاندىن مېڭىش ئۈچۈن، مەشهەد يېزىسىنىڭ ساي بويىغا كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تاتتى.

”خوش سىدىقبەگنىڭ ئۆيىگە كىرىپ نېمە قىلىسەن؟ — ئۇ ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويدى. — سەن هېسياتقا بېرىلىپ كېتىۋاتىسەن، بۇنداق قىلىشقا هەققىڭ يوق!.... “ ئۇ شۇنداق خىياللارغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ”قارشى تەرەپ“، ”ئۆز تەرەپ“ كە مۇنداق جاۋاب بەردى: ”سىدىقبەگنىڭ ئۆيىگە مەلىكىزادنى دەپ ئەمەس، سىدىقبەگنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كىرىشكە بولمامدىكەن؟ قەشقەردە هۆكۈمەت دائىرلىرى رۇشتى مەكتەپتە دۆلەت تىلى ئوقۇتۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئاتۇشتا سىدىقبەگدىن باشقا خىتايچىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇنى خىتايچە دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ كىرسەم بولمامدىكەن؟...“

ئۇ چېكىسىنى تۇتتى، توغرا، سىدىقبەگنى خەنزۇچە دەرسىنى ئۆستىگە ئېلىشقا تەكلىپ قىلىپ كىرىدىغان ئىش باردى. ئەمما بۇ ئىشنى مەسچىتتە ئۇچراشقان چاغلاردا دىسىمۇ ياكى سىدىقبەگنى چاقىرتىپ سۆزلەشمۇ بولاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئالداشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ھېسياتنى كۆڭلىدە ئېتراپ قىلىپ تۇرسىمۇ، ئاخىرى سىدىقبەگنىڭ ئۆيگە كىرىش قارارىغا كەلدى. ”قېنى، سېنىڭ مەيلىڭگە بىر قېتىم يول قويااي، قەيەرگىچە باشلايسەنكىن!...“ دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە يولىنى داۋام قىلغاچ.

سىدىقبەگ ئېھتىمال چۈشلۈك ئۇيقىغا ياتقان بولسا كېرەك، ئۇيقۇلۇق ھالدا چىقىپ ئۇنى كۈتىۋالدى. تەۋپىق ئادەت بويىچە  ئۇنىڭغا ئارام ئېلىشىغا كاشىلا بولغىنى ئۈچۈن ئۆزرە سوراش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى، ئائىلە ئەھۋالىنى گويا نەچچە يىل كۆرۈشمىگەندەك تەكرار- تەكرار سوراشقا باشلىدى. بۇ ھال سىدىقبەگنىمۇ سەل ھەيران قالدۇردى. تەۋپىقنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ئەتراپتىن ئاللا نىمىنى ئىزلەيتتى. ئۇنىڭ ئېسى- يادىمۇ ئەنە شۇ كۆزگە كۆرۈنمەي سېزىلىپ تۇرغان نەرسىنى ئىزلەشتە بولغاچقا، سىدىقبەگكە نىملەرنى دەۋاتقىنىنىمۇ ئاڭقىرالماي قالغانىدى.

سىدىقبەگ ئۇنى قوش دەرىزىلىك، دەرىزىسىگە ئىپەك پەردىلەر تارتىلىپ گۈڭگىلاشتۇرۇلغان، قېنىق سۇ سېپىلگەچكە ئالاھىدە سۆرۈن بولغان ياسىداق مېھمانخانىسىغا باشلىدى. ئۆيىنىڭ ھاۋاسىدىن سېزىلىپ تۇرغان ئاللىقانداق ھىدنى _ ئاياللاردىلا بولىدىغان خۇشپۇراقنى سەزگەندەك بولدى. بۇ پۇراق ئۇنى جانلاندۇرىۋەتتى. ھېلىگىچە بىر خۇشاللىق ئۆزىگە قۇچاق ئاچىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان خۇشاللىقنىڭ نىملىكىنى ئېنىقراق ئويلاشقا، ئۆزى ئۈچۈن ئىجازەت بەرمىدى.

— سىزنى مالال قىلىدىغان بىر ھاجەت بىلەن كېلىۋېدىم، — دېدى ئۇ سىدىقبەگكە قاراپ ئىللىق ھالەتتە كۈلۈمسىرەپ، ئۇ شۇندىلا سىدىقبەگكە ئارتۇق سۆزلىۋەتكەنلىكىنى، مۇشۇنداق ھاۋانىڭ قىزىق  ۋاقتىدا كىرىپ كەلگىنىمۇ تازا قاملاشمىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىزاھات بېرىپ ئۆتتى، — بۇنى باشقا بىر كۈنى دېسەممۇ بولاتتى. مەسچىتتە يا

بولمىسا مەكتەپتە سۆزلەشسەكمۇ بولاتتى. بىراق، بىر نەچچە كۈندىن بېرى، سىزنى نېمە دەيدىكىن دەپ ئارسالدى بولدۇم. ئاخىرى بۈگۈن ئېيتىش قارارىغا كەلدىم. سىزنى مەكتەپكە چاقىرتىپ ئاۋارە قىلغىچە ھاجەتمەن بولغاندىكىن ھوزۇرىڭىزغا ئۆزۈم كەلدىم.

— ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ، — دېدى سىدىقبەگ تەكەللۇپ قىلىپ، — قولىمىزدىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا ھە ـ ھۇ دېيىشىمىز، — شۇنداق دەپ تاشقىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھوي، قايسىڭلار بار؟ بۇ يەرگە ئۇسسۇلۇق كىرگۈزۈۋېتىڭلار.

تەۋپىقنىڭ يۈركى ”جىغ“ قىلىپ كەتتى. تومۇرلىرىنىڭ شىددەت بىلەن سېلىشى ئۆزىگە بىلىنگەندەك بولدى، ئۇ ھاياجان بىلەن كۈتىۋاتقان خوشاللىق ھازىرلا روي بېرىشى ئېھتىمال ئىدى. داستىخان راستلاپ كىرگۈچى كىم بولىشى مۇمكىن؟

ئۇ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقتىن بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن، سۆزىنى باشلاشنى ماقۇل تاپتى.

— قەشقەردىكىلەر، — دېدى ئۇ سىدىقبەگكە توغرىلىنىپ ئولتۇرۇپ (ئۇ ئەمدى يەنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكى تەرەپكە قارىماسلىققا ۋەدە قىلغانىدى)، — رۇشتى مەكتەپتە دۆلەت تىلى ئوقۇتۇشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. بىزدە بولسا بۇ تىلنى بىلىدىغان ئوقۇتقۇچى يوق. ئاتۇشتا سىزدىن باشقا كىشى بىلمەيدۇ، شۇڭا خىزمەت ۋاقتىڭىزدىن ئازراق ئاجرىتىپ، ھەپتىدە 3-4 سائەت دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە نېمە دەيسىزكىن ؟

سىدىقبەگ جاۋاب بەرگۈچە داستىخان ئېلىپ قۇرەيش خېنىم بوسۇغىدا پەيدا بولدى. سىدىقبەگ داستىخاننى ئېلىش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىگە كەتكەندى، تەۋپىق ئىختىيارسىز ھالدا ئىشىك تەرەپكە بۇرالدى ۋە يەنە دەرھال سىدىقبەگنىڭ ئورنى تەرەپكە قارىۋالدى. ئەمما شۇ ”يالت“ قىلىپ قاراشتىلا ئىشىكتىن قىيا كۆرىنىپ تۇرغان كىشىنىڭ قۇرەيش خېنىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامان تەسىر قىلدى. ئۇ قارىمايمەن

دەپ قاراپ سالغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىش بىلەن بىرگە، داستىخان ئېلىپ كىرگۈچىنىڭ قۇرەيش بۇلۇپ چىقىشى كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى.

سىدىقبەگ داستىخانغا ئاچچىق قېتىق بىلەن مۇز سېلىپ ئېتىلگەن دوغنى قويۇپ:

— قېنى ئۇسسۇلۇق ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

تەۋپىق مەيۇسلۇك هالىتىنى دەرهال چىرايىدىن قوغلىۋېتىپ، ئەسلىگە قايتتى ۋە سىدىقبەگكە جاۋاب كۈتۈپ قارىدى.

— ئەگەر، سىز دېگەندەك بۇ ئىشقا مەن مۇناسىپ بولىدىغان بولسام ئەلۋەتتە خۇشاللىق بىلەن ئىلتىماسىڭىزنى بىجا كەلتۈرىمەن. سىزنىڭلا ئەمەس، بىزنىڭمۇ ئىشىمىز- دە، — دېدى سىدىقبەگ دوغنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— سىزدىنمۇ مۇناسىپراق كىم بار دەيسىز، بۇ ئىش پەقەت سىزنىڭلا قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

— مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم،—دېدى سىدىقبەگ دوغدىن بىر ئوتلاپ، چىنىنى داستىخانغا قويغاندىن كېيىن،— مەن دەرس ئۆتۈپ باقمىغان، نېمىدىن باشلاپ ئۆتۈشنى، هەر سائەتتە قانچىلىك دەرس ئۆتۈشنىمۇ بىلمەيمەن. قولۇمدا دەرسلىكمۇ يوق، مۇشۇ ئەهۋالدا ئەپلىشەرمىكىن تاڭ؟

— بۇنى بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مەسلىهەتلىشەرمىز. مەن سىزگە تۈرك تىلى دەرسلىكى هەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن، ئەگەر تۈركچە ئوقۇشلۇق شەكلىدە تۈزۈشكە بولسا، شۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىسىز، — دېدى تەۋپىق.

— مەيلى، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، سىز ماڭا ئىشەنچ بىلدۈرۈۋاتقان يەردە ماڭا نېمە غەم، — سىدىقبەگ ئەمدى بۇ هەقتىكى گەپنى ئاياقلاشتى دەپ قاراپ، تەۋپىقتىن باشقا تېمىلاردا گەپ سوراپ كەتتى.

تەۋپىق تاكى خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇرغىچە ئۆزىنى پاراكەندە قىلىپ تۇرغان خىيالنى قوغلىۋېتەلمىدى. خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۈمىدسىزلىكتىن تامامەن بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. بەلكىم ئۇ قەشقەرگە كىرىپ كەتسە كېرەك، دەپ تەسەللىي تاپتى يەنە. بىراق،

كۆڭلىنىڭ بىر يېرى مەلىكىزادىنىڭ مۇشۇ ئۆيدە بارلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

شۇنچە قىزغىن ئىشتىياقىنىڭ تۇرتكىسىدە كېلىپ ئاخىردا مەلىكىزادىنى كۆرەلمەي كېتىۋاتقىنىدىن يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تەخىرسىز كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ، ئادەتتە مەلىكىزاد ھويلىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان دەرىزىگە قارىۋېدى، بىرسىنىڭ بېشى شارتتىدە پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كۆرۈنۈش تەۋپىقنىڭ يۈرىكىدە ئازاپلىق لېكىن لەززەت ئارىلاشقان؛ ھەسرەتلىك ئەمما خۇشاللىق ئارىلاشقان ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ ئويغاتتى. شۇڭا ئۇ سىدىقبەگ ئارقىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ئۇزاتماسلىق ھەققىدە تەكەللۇپ قىلىش يادىغا كەلمەي، دەرۋازا ئالدىغىچە چىقتى. شۇندىلا سىدىقبەگكە تەكەللۇپ قىلىپ:

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — دېدى ۋە رېدىگە باغلانغان ئېتىنى يەشتى.

— ئىسسىقتا نەگىمۇ بارارسىز، ھاۋا يانغىچە مۇشۇ يەردە ئۇخلاڭ دېسەم ئۇنىمىدىڭىز، — دېدى سىدىقبەگ.

— شورۇقتا بارىدىغان زۆرۈر ئىشىم بارىدى، يەنە بىر كۈن ئاتايىن كېلىپ سىز بىلەن ئەسرا بولارمەن، ئىنشائاللا، — دېدى تەۋپىق ۋە تار كوچا بىلەن ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇ سىدىقبەگكە ھويلىغا كىرىپ كەتكىچە ئاتقا مىنمەي ئەنە شۇنداق مېڭىپ، ئاندىن ئېتىغا مىندى ۋە مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 3

تەۋپىق ئاۋۋال سابىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولىۋېدى، سابىت ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ

بىلەن تاھىر خەلپەت بىلەن كۆرۈشكەچ، شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى. ئۇ بۇ ئاغىنىسى بىلەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەنىدى.

تاھىر خەلپەت ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشىدىن خوشال بولۇپ، قىلارغا سۆز تاپالمايلا قالدى ۋە ئۇزاققىچە قولىنى قويۇۋەتمەي، سىنچىلاپ سەپ سېلىپ كەتتى.

— كۆزىڭىزدىن باشقا يېرىڭىز قالماپتۇ، — دېدى ئۇ مېھرىبان ئاتا سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئوغلىغا قانداق قىلىدىغان بولسا شۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن.

— نېمە، مېنى تۇگىشىپسەن، دېمەكچىمۇ سىز. دوستۇم؟ — دېدى تەۋپىق چاقچاق بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئۇ باراڭ ئاستىغا قويۇلغان قەدىمى چاسا كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇرغان چاغدا.

— نېمە، بىزدىن رەنجىپ قالمىغانسىز؟ كۆرۈنمەيلا قويدىڭىزغۇ؟ — دەپ سوراشنى داۋام قىلدى. تاھىر خەلپەت تەۋپىقنى يۈتتۇرۇپ قويىدىغاندەك يەنە ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالغان ھالدا، — مەشھەدكە كۆچۈپ كەلدى دەپ ئاڭلاپ، نەچچە بازار ئىزدەپ بارسام يوقسىز.

— سىزدىن نېمىشكە رەنجىيمەن؟ ۋاقتىم زىچ بولۇپ ئېشىنالمىدىم. سىزنىڭ ئەپۇ قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. چۈنكى بىز ئەڭ دەسلەپ تونۇشقان كونا دوستلاردىن- دە. سىزنىڭ ئىزدەپ بېرىپ ئاۋارە بولغىنىڭىزنى ئاڭلاپ خىجىل بولدۇم، بازار كۈنلىرى بويامەتكە بارىمەن، ۋاقۋاغقا بارىمەن، دېگەندەك قېرىنداشلىق قەرزى بىلەن ئاندىن يەنە خىزمەتمۇ بولىدۇ.

— ۋاقتىڭىزنىڭ زىچلىقى چىرايىڭىزدىنلا چىقىپ تۇرمامدۇ، — دېدى تاھىر خەلپەت غەمكىنلىك بىلەن، — باللاردىن سوراپ، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. خۇدا پۇت- قولىڭىزغا قۇۋۋەت بەرسۇن. خوش، بۇگۈن قانداق شامال بۇياققا ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— سىزنى سېغىنىپ كەلدىم، شۇنداقلا سىزگە ھاجىتىم بار. سابىت تۇغرۇلۇق، دېدى ئۇ كۈلۈپ. ئاندىن، — سابىت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئابلىمىت قارىنىڭمۇ قارىسىنى كۆرمەيمەن. بازارغا كەتكەنمۇ ـ يە؟

— ئىككىسى بىر، بىللە چىقىپ كەتكەنىدى. بىر بولسا بازارغا كەتتى. بىر بولسا مۇھەممەد قارىنىڭكىگە كەتتىمىكىن، بىردەمگىچە كېلىپ قالار. خوش، نېمە گەپ؟ سابىتنىڭ قايسى ئىشى بىلەن كېلىۋاتىسىز؟

تەۋپىق بۇ يىللىق ئۇزۇم مەھسۇلاتىنى مۆلچەرلەۋاتقاندەك غوراپ ئۇزۇملەرگە قاراپ تۇرغان ھالدا:

— ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇش ھەر بىرسىمىزنىڭ قەرزى ئىدى، — دېدى ۋە تاھىر خەلپەتكە يۈزلىنىپ ئۇنىڭ ئىنچىكە ساقىلىغا، ئاۋاقراق يۈزىگە، ئولتۇرۇشقان يوغان كۆزلىرىگە سەپ سېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئېپادىلەرنى بىر- ئىككى سېكونت كۈزىتىۋالغاندىن كېيىن، — خەۋىڭىز بار، ئۇ بىچارە بەك يالغۇزلۇق تارتىدۇ، ئۆيىدە بىر كىشى بولسا تېخىمۇ خاتىرجەم ئىشلىمەسمىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مەشۇقى بار. بۇ بىزنىڭ خەلقىمىزگە تەربىيە بېرىش ئۈچۈن بىر باشلىنىش نوقتىسى. بۇ توينى ئويلىغىنىمىزدەك قىلالىساق ھەم ئاشىق- مەشۇقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ ساۋابىنى ئالىمىز. ھەم خەلقىقە ئۆز ئارا ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلىش، يېڭىچە توي قىلىش ھەققىدە ئەمەلىي تەربىيە ئېلىپ بارالايمىز. سىزنىڭمۇ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى تاھىر خەلپەت ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئەسلىدە بۇ قوشنا- خۇلۇم بولغاندىكىن بىزنىڭ ئىشىمىز بولۇشقا تېگىش، بىراق، پاراسەتسىز بولغىنىمىزدىن يادىمىزغا يەتمەي يۈرۈپتۇق. بۇ ئىشقىمۇ سىزنى مالال قىپتۇق.

— ھېچقىسى يوق. سىز قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭ، سابىتقا ئاتا بولۇڭ، سىز ئېغىز ئاچسىڭىز خوش بولۇپ كېتىدۇ.

— بولىدۇ، خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، مەن بۇ ئىشنى تېز پۈرسەتتىلا پۈتتۈرىمەن. توينى قاچانراققا مۆلچەرلەۋاتىسىز؟

— ئوقۇتۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تەتىلدە قىلىۋېتەيلى، ئالدىمىزدا بالىلارنىڭ ئائىلىسىگە قارىشىپ بېرىشى ئۈچۈن ئومىغا توغرىلاپ بىر ئاي ئازاد قىلايلىمىكىن دەۋاتىمىز، ئەسلىدە ئىككى ئاي بولىشى

كېرەكىدى، لېكىن بىزنىڭ مىللىتىمىز زايا قىلىۋەتكەن ۋاقىتنى ئۇتىۋېلىش كېرەك. شۇڭا ئازراق تەتىل قىلىپ، كۆپرەك ئوقۇمىسا بولمايدۇ.

— تويىنىڭ مەسلىھەتىگە يەنە بىر كېلەرسىز؟

— ياق، بۈگۈن ھەممىنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى، كېلىش-كەلمەسلىكىمگە ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۈزۈپ بىر نېمە دېيەلمەيمەن، مەسلىھەتنى سابىت كەلگەندە قىلىشساقمۇ بولىدۇ.

— ئەمىسە ئاڭغىچە باغنى ئايلىنىپ ھاۋالانغاچ يېڭىلىقلىرىڭىزدىن سۆزلەپ بېرەمسىز؟ ئۆيدىكىلەرمۇ ئاڭغىچە پەيدا بولار، قۇرۇق گەپ بىلەنلا مېھمان قىلماي سىزنى.

— باغنى ئايلىنىشقا قارشى ئەمەسمەن، پاراڭغا كەلسەك، سىزدىن ئاڭلىغىنىمىز دۇرۇسىراق بولارمىكىن دەيمەن.

— مەندە سىزنى قىزىقتۇرغىدەك نېمە يېڭىلىق بولىدۇ، دەيمىسىز؟ — دېدى تاھىر خەلپەت تەۋپىقنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ باغ تەرەپكە كېتىۋېتىپ.

— نىمىلا بولسا بولىۋېرىدۇ. ئىشقىلىپ بىز ئاڭلىمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق، — دېدى تەۋپىقمۇ باغنىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جەننەتتەك بىر باغ ئايان بولدى، تاھىر خەلپەتنىڭ بېغى پۈتۈن، شورۇقتا داڭلىق، ئاتۇش بويىچىمۇ بۇنداق باغ كۆپ ئەمەس ئىدى، بۇ باغ ھەققىدىكى تەرىپلەرنىڭ توغرىلىقىغا كۆرمىگەنلەرنى ئىشەندۈرمەكمۇ تەس ئىدى.

— يا، ئاللاھ! يەر يۈزىنىڭ جەننىتىغۇ بۇ! — دەپ ماختىدى تەۋپىق چىن كۆڭلىدىن، — مۇشۇنداق ھاۋالىق باغدا ياشىغاچقا- زە مانا مۇشۇنداق تېتىك تۇرۇۋېتىكەنسىز دە، — دەپ چېقىشتى ئۇ .

— مۇمكىن بولسىغۇ تەڭ بەھرىمەن بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. سىز ئەنە شۇنداق ئالدىراپلا يۈرسىڭىز نېمە ئامال، — تاھىر خەلپەت تەۋپىقنى بىر تۈپ قېرى ئۈرۈك ئاستىغا باشلاپ كەلدى. بۇ يەردە ئۈرۈك ئاستىغا پالاس سېلىپ قويۇلغانىدى

ئۇلار پالاسقا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن باغ ساقلاۋاتقان مۇلازىم بالا كېلىپ شېخىدا پىشىپ چۈشكەن ئۈرۈكلەرنى مىس لېگەنگە تېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئۈرۈكنى يۇيۇپ يەيدىغانغا بىر قاچا سۇ ئېلىپ كىرگىن، بالام، — دەپ بۇيرىدى تاھىر خەلپەت مۇلازىمغا. ئاندىن ئۆزىنىڭ باغۋەنچىلىككە قانداق قىزىقىدىغانلىقىنى، ئۇلاقنىڭ تۈرلىرى، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆز ئىچىدە ئۇلانسا ئۇلاقنى ياخشى تۇتىدىغانلىقى، ئوخشاش ئائىلىگە مەنسۇپ بولمىغان تۈرلەرنىڭمۇ ياخشى چىقىدىغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە قىزغىنلىق بىلەن، گويا كەسپىدىشى بىلەن تېپىشىپ قالغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى.

دېمىسىمۇ باغۋەنچىلىككە تەۋپىق قىزىقىپ قالدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن تاھىر خەلپەتكە:

— ماڭا ئۇلاق ئۇلاشنى ئۆگىتىپ قويامسىز، — دېدى.

تاھىر خەلپەت ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دېگەندەك تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ قىزغىنلىق ۋە سەممىيلىك يېغىن تۇرغان كۆز نۇرى بىلەن ئۇچراشتى، شۇنداق بولسىمۇ:

— چاقچاق ئەمەستۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق، نېمىشكە چاقچاق دەپ ئويلايسىز؟ — دېدى تەۋپىق جىددىي تۇردە. ئۇ بىر تال ئۈرۈكنى ئېلىپ چايقىغاندىن كېيىن ئاغزىغا سالدى ۋە، — بۇ بىر خىل ھۈنەر، بىرخىل پەن تۇرسا بۇنىڭغىمۇ چاقچاق قىلامدۇ؟

— ئۇنداق ئىشىڭىز بولسا بۈگۈنلا ئۇلاق ئۇلاپ كۆرسەك بولىدۇ. سابىتلار قاچان كېلىدۇ، قاچان ئەمەس، — دېدى تاھىر خەلپەت ھەمدە تەۋپىقنىڭ خېلى ئۈزۈن تۇرىدىغانلىقىدىن خوشال بولۇپ مۇلازىم بالىغا، — سەن ئۆيگە چىقىپ، ئاۋۇلار پەيدا بولغان بولسا مېھمان بار دەپ ئاگاھ بېرىپ قوي. خەلپىتىمنىڭ ئەڭ ياخشى مېھمىنى دېگىن، — دەپ بۇيرۇۋېتىپ، تەۋپىقنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنداشقا تەييارلاندى.

— مېنى مېھمان دېگىنىڭىز تازا توغرا بولمىدى، خەير، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى،— دېدى تەۋپىق سۇس كۈلۈمسىرەپ،— شۇنداق قىلىپ مۇشۇ مەۋسۇمدە ئۇلاق ئۇلىسىمۇ بولىۋېرەمدۇ؟

— بولماي ئەمسە، ئەتىيازنىڭ ئاخىرىدىن كۈزگىچە ئۇلاق ئۇلىسا بولىۋېرىدۇ. بەزىلەر ئۇرۇك پىششىقىدىلا ئۇلايدۇ دەپ ئويلايدۇ، بۇ شۇ ئادەمنىڭ ھۈنىرىگە باغلىق. قېنى، ماۋۇ ئۆرۈكنى يەۋېتەيلى، ئاندىن ئىشقا كىرىشىمىز، — دېدى تاھىر خەلپەت.

— مەن بولدۇم، تويۇپ قالدىم،— دېدى تەۋپىق، ئۇنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئالدىراۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. تاھىر خەلپەتمۇ ئۇنىڭغا ئارتۇق تەكەللۇپ قىلىپ ۋاقتنى زايا قىلىشنى خاھلىماي، بۇ قىزغىن كۆڭۈلنى قانائەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

تەۋپىق توختالغان ئادەمدىن، ھەممىنى بىلىۋېلىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان قىزغىن يۈرەك ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالغاندەك يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن تاھىر خەلپەتكە ئەگەشتى.

******

سابىت بىلەن ئابلىمىت قارى باققا كىرىپ كەلگەندە تەۋپىق ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۇلاش ئۇلاق بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. تاھىر خەلپەت بولسا ئۇنىڭ قىزغىن ھەرىكىتىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇستازىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ باغقا كىرگەن يىگىتلەر ئەنە شۇ ھالەتنى كۆرۈشتى.

— مەن ھۈنەرنى ئەپلەشتۈرەلەرمەنمۇ، يىگىتلەر؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق شاگىرتلىرى بىلەن تېنچلىق سورىشىپ بولۇپلا،— بۇ ئۇلاقلىرىمنى كۆرىۋېلىڭلار، چىققان چىقمىغانلىقىنى كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىسىلەر.

— ئۆگىنىپ بولغاندەك تۇرىسىز، — دېدى ئابلىمىت قارى ئۇستازىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئۇلاق ئۇلىشىغا قاراپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭغۇ نان يېگەن بەندە بولغاندىكىن بىر- ئىككى قېتىم كۆرۈپلا قىلىغىلى بولار، گەپ يېڭى سورت يارىتىشتا، — دېدى تەۋپىق ئىشكتىن چىقىۋېتىپ.

— يېڭى سورت يارىتىش دەمسىز؟ — دەپ سورىدى تېپىۋالغان غاڭزىنى ئويناپ ئولتۇرغان سابىت دائىمىي خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ئۇستازىنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىگە قىزىققۇچى نۇر چاقناپ تۇراتتى، تەۋپىق ئۇنىڭ ئىنتىلىشچانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— شۇنداق، يېڭى سورت يارىتىش. مانا بۇ ھەقىقىي باغۋەننىڭ ئىشى، — دېدى ئۇ . ئاندىن باراڭ ئاستىدىكى كارۋاتقا ھەمەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن سورت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى، ئۆسۈملۈكنىڭمۇ ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئوخشاش ھۆجەيرىدىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى، يېڭى سورتنىڭ ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆجەيرىسىنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدىغانلىقى قاتارلىق بىئولوگىيىگە ئائىت ئاددىي ساۋاتلارنى سۆزلەپ بەردى، — مەنمۇ بۇ پەننى بىلمەيمەن، ئاڭلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم، ئەمما ئۆزۈممۇ شۇنچىلىكلا بىلىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

تاھىر خەلپەت شۇندىلا ئۆزىنىڭ قارىغۇلارچە ئۇلاق ئۇلىشى ۋە ئۇنىڭ كۆكلەپ چىقىشىدىكى سىرنى ئاز- پاز ھېس قىلىپ ھەيرانلىقتىن ھاڭ- تاڭ قالدى. ئىككى يىگىت بولسا دۇنيادا تېخى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرى پەقەت ئاشۇ بىلىم غەزنىسىگە بېرىش يولىدىكى تۇنجى قەدەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىلىمگە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشتى. بولۇپمۇ ھەمىشە خىيال سۈرۈپلا تۇرىدىغان، شائىرانە تۇيغۇغا باي بولغان سابىت تېخىمۇ كۆپ ئويلىدى، تېخىمۇ كۆپ تەسەۋۋۇر قىلدى.

بۇ ھەقتىكى پاراڭ بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى:

— سابىت، ئوغلۇم، مەن سىنىڭ بېشىڭنى ئوڭلاپ قويۇش ئىشى بىلەن مەسلىھەتكە كەلدىم. بايا خەلپىتىم بىلەن بۇ ھەقتە بەزى گەپلەرنى

دېيىشتۇق. ئەمدى ئۆزۈڭمۇ مەسلىھەت ئۈستىدە بولۇپ، كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتىقىن، قىيىنچىلىقىڭ بولسا ھەممىنى دە.

سابىت ئۇستازىدىن تويىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇياتچان قىز بالىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابلىمىت قارى بىلىندۇرمەي بېقىنىغا مۇشتلاپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— كېيىنرەك قىلساقمىكىن، ھازىر توي قىلغۇدەك ئەھۋالىم يوق، يەنە كېلىپ ھازىر....

— مۇنداق گەپ، ئوغلۇم، سەن تارتىنما، تويىنى ئالدىمىزدىكى تەتىلدە قىلىۋېتەيلى خىزمەتكە تەسىر يەتمەيدۇ. بۇ بىرى، تويىنى بالدۇر قىلغىنىمىز ساڭا پايدىلىق، سەن بەكلا يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىۋاتىسەن، ئۆي ئىشلىرىڭغا قارىشىپ بېرىدىغان بىر ياردەمچى بولسا خىزمىتىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىشقا دۈشمەن ئارىلىشىپ يەنە بىر پىشكەل بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەمدى تويغا كېتىدىغان چىقىم ئىشىنى بىزگە قويۇپ بەر. سەندە قانچىلىك بىر نېمە بولسا شۇنى يەتكۈزۈپلا توغرىلاشقا تىرىشىمىز. تويىنى ئىقتىساد ئاز كېتىدىغان، ئۆيۈن- تاماشالارنى كۆپ قىلىپ ئۆتكۈزىمىز. سىنىڭ ئارقاداشلىرىڭ ساڭا قولداش بولىدۇ. نەغمە- ناۋانى شۇنداق قىزىتىۋېتىمىزكى، خەلق توي دېگەن شۇنداق بولسا دېيىشىپ قالىدۇ.

سابىت خىجىللىق بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بۇ كۆيۈمچان ئاتا ۋە تەلەپچان ئۇستازىنىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئازاپقا كۆنۈكۈپ كەتكەن يۈرىكى ئازاپ كەلسە چىدام بىلەن كۆزىنى نەم قىلماستىن كۆتۈۋالاتتى ھەم ئۆتكۈزىۋېتەتتى. شۇ تاپ بۇ يۈرەك مېھرىبانلىقتىن شامدەك ئېرىپ، ئۆرتەنمەكتىدى. ئۇ ئۇستازىنىڭمۇ تۇرمۇشتا يەككە- يىگانە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما بۇ مېھرىبان ئادەم ئۆزى ھەققىدە ئۇنتۇپ قالغاندەك، ھامان باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى.

— ئەمىسە، سەن نىملەردىن خىجالىتىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ باق، خەلپىتىم ئىككىمىز بىللە باش قاتۇرۇپ بىر يولىنى قىلايلى، — تەۋپىقنىڭ شۇ گېپى بىلەن سابىت ئىتتىك باش كۆتۈرۈپ تاھىر خەلپەتكە قاراپ قويدى. ئاندىن ئۇستازىنىڭ تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چېھرىسىگە قارىدى، كېيىن كۆزىنى دوستىغا تىكىپ، مۇرىسى تەرەپتىن ئالدىغا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈمنىڭ بىر تال شېخىنى ئوينىغاچ ئۆزىدە بار نەرسىلەر بىلەن يوق نەرسىلەرنى بىر- بىرلەپ ئېيتىپ ئۆتتى.

تەۋپىق بەزى نەرسىلەرنى ئارتۇقچە دەپ قاراپ، خىجالەت بولۇشنىڭ ئورنى يوق، زورۇقۇپ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق دېدى. بەزى زۆرۈر نەرسىلەرنى بولسا تاھىر خەلپەتنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىلتىماس قىلدى.

— بىز توينىڭ ھەممە پەتىۋالىرىغا ئەمەل قىلىپ كەتمەيمىز، خەق نېمە دەپ گەپ تاپسا- تاپسۇن. بىلگىنىنى قىلسۇن. زۆرۈرىنى قىلىمىز، ئەھمىيەتسىز چىقىملارنى قىسقارتىمىز. ئەمما ئويۇن تاماشانى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىمىز. مانا، ئارتۇقچىلىقىمىز بىلەن يەنە كەم جايلىرىمىزنى يېپىپ كېتىمىز، — دېدى ئۇ.

— ئاۋۇلار خەققە ئوخشاش قىلمىساق بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالارمىكىن دەيمەن، — دېدى سابىت ئەندىشىسىنى يوشۇرماي.

— ئۇلارنى ماقۇل كەلتۈرۈش مېنىڭ ۋەزىپەم، سەن ئارتۇقچە باش قاتۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى تەۋپىق.

— ئۇلار توي ھەققىدە تەپسىلى، كونكرېت مەسلىھەتلىرىنى قىلىشقاچ تەييار بولغان كەچلىك تاماققا داخىل بولدى. ئاندىن تەۋپىق ئۆز يېغىلىقلىرىدىن سالاھىددىن ئەپەندىنىڭ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى تەقسىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ قەشقەرگە يۆتكۈلۈپ كەتمەكچى ئىكەنلىكى، — قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ خوشلىشىش ئالدىدا تاھىر خەلپەتكە يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ:

— مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە قانداقلا بولمىسۇن ئەلچى بولۇپ بېرىڭ، مەن بۈگۈن كېتەر يولۇمدا سىز ئۈچۈن ئاسانلىق يارىتىپ، يۇمشىتىش ۋەزلىرىدىن

ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇلارغا رەسمىي ئەلچى ئەۋەتىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ كېتەي. سىز توي كۈننى بېكىتىپ ماڭا خەۋەر قىلىشىۋېتىڭ. ھەر ھالدا ئۇمىغا كىرىشتىن ئىلگىرى توينى قىلىشىۋېتەيلى، — دېدى.

تاھىر خەلپەت ئۇنى تاچۇقتىن مەسچىد ئالدىغا بارغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. سابىت ئۆينىڭ ئالدىغىچە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۇستازىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغانىدى، تەۋپىق ئۇنىڭ يوغان ئالقانلىرىنى سىقىپ تۇرۇپ، رەھمەت ئېيتىپ رەد قىلدى ۋە خوشلىشىۋېتىپ ئۇنىڭغا ھېرىسمەنلىك بىلەن زوقلىنىپ قاراپ ئىچىدە: "ۋۇجۇدۇڭ قوپال، ھېسسياتىڭ نازۇك يارىتىلغان شۇڭقارىم، سېنىڭ بۇ چىداملىق بەستىڭ تاغ ئاستىدىمۇ پۈكۈلمەيدۇ، سەن كۆپ ئىشلارنى قىلالايسەن،..." دەپ ئويلىدى.

— خەير ئوغلۇم. ياخشى چۈش كۆر، كېلەر پەيشەمبىگىچە ئامان بول، — دېدى ئۇ. ئاندىن بىردىنلا ئەسلەپ، — مېنىڭ كىچىك ئوغلۇم ئابلەق قانداقراق؟ ياخشى ئوقۇۋاتامدۇ؟ كەچلىرى ياردەم قىلىپ تۇر، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— خەير،... — سابىت ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىش بىلەن جاۋاب بېرىپ، ئارتۇق بىر نەرسە دېيەلمىدى. تەۋپىق يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئېتىغا ئىرغىپ مىنىپ، بوستان تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىسى گۇگۇم قوينىدا — ئەگرى- بۈگرى يېزا كوچىلىرىدا يۈتكەندىن كېيىنمۇ ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بىر خىل رىتىمدا ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

سابىت ئاسمانغا  قاراپ ئىچىدە خۇداغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، يېقىن ئارىدا ئۆزىنى قۇچىقىغا ئالىدىغان بەخت ھەققىدە شىرىن تەسەۋۋۇرلارغا بېرىلدى. بۇ تەسەۋۋۇرلار ئۇنى ئىجاد بوستانىغا باشلاپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭغا شېئىرنىڭ ئىلھام پەرىشتىلىرى  يولۇقتى. ئۇ قەلبىنى ئىللىتىپ ۋە تىترىتىپ چىقىۋاتقان مىسرالارنى يېزىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيگە ئالدىرىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

بالىرىڭلار — سىلەرنىڭ ئەمەس. ئۇلار
"ھاياتلىق" نىڭ پەرزەنتلىرى. ئۇلار سىلەر
ئارقىلىق تۆرەلگەن، ئامما سىلەر ئۈچۈن
تۆرەلگەن ئەمەس.
— خ. جىبران، «ياش ۋە كۈلكە»

يازلىق تەتىل ئالدىدا سالاھىدىن ئەپەندىنىڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش يۇتتۇرگەنلەرنى تەقسىم قىلىش بولدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيۋاتقان چوڭراق مەكتەپلەرگە ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەرگە بېرىلدى. قىزلار مەكتىۋى (دارىلمۇئەللىمات) تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ مۇشىپقە خانىم ئېرى بىلەن بىللە كەتمىسە بولمايتتى. شۇڭا بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان قىزلار مەكتىۋىگە ياكى ئۆيىگە يېقىنراق قىزلار مەكتىپىگە بۆلۈۋېتىلدى، ئۇلار شۇ يەردە ئايرىم دەرس ئاڭلاش بىلەن ئاخىرقى بىر مەزگىللىك دەرسلىرىنى تۈگىتىدىغان بولدى. بىر قىسىم قىزلار ئەر ئوقۇتقۇچىلاردىن دەرس ئېلىشقا قارشى بولغان ئاتا- ئانىلىرىنىڭ زورى بىلەن مەكتەپتىن ئايرىلىشتى. بۇ يېڭى ئەھۋال مەمتىلى ئەپەندىنى بەكمۇ ئازاپلىدى. تەييار بولغان بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا بەزى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلغان يېزىلاردىمۇ ئەھۋال ئېغىرىدى. گەرچە ئاتا- ئانىلار تەۋپىقنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قورقۇپ، مەجبۇرىي

دېگۈدەك قىزلىرىنى مەكتەپكە بەرگەن بولسىمۇ، تۈرلۈك يوللار بىلەن قارشىلىق قىلىشاتتى. جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەسىدى. بەزىلەر "ياش ئەپەندىلەر قىزلارنى مەكتەپلەرگە يىغىۋېلىپ، يولدىن چىقارغۇدەك" دېگەندەك پىتنىلەرنى تېرىۋەتكەنىدى. بەزىلەر تەۋپىق ھەققىدىمۇ يەنە يېڭى- يېڭى گەپ-چۆچەكلەرنى توقۇماقتىدى. ئۇنىڭ بويتاق يۈرۈشى بۇ سۆزلەرنىڭ شاخلايدىغان زېمىنى ئىدى. بۇ خىل يامان كەيپىياتنىڭ مەلۇم سىستېما بويىچە قانات يېيىۋاتقانلىقى سېزىلەتتى. چۈنكى توختى زۇنۇننىڭ مويسىپىتلەر ۋە دىنى زاتلار ئارىسىدىكى پائالىيەتچىلىرى يوقارقى پىتنىلەرنى مەلۇم "پاكىت"لار بىلەن، خۇددى كۆرگەندەكلا كۈسۈرلاپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن نادان سوپىلار بۇنى ئەتراپقا ياياتتى. قازى قۇززاتلاردەك دۈشمەنلىك مەيداندىكىلەر بولسا بۇنىڭدىن شەكسىز پاكىت سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئوت ئۈستىگە ماي چاچاتتى.

"مەمتىلى ئەپەندى قىزلارنى ئوقۇتىمەن دەپ يىغىلىۋېلىپ، خالىغان قىز بىلەن چاتاقلىشىپ يۈرگىدەك، ئۇمانا شۇنى كۆزلىگەچكە ئۆيلەنمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئەپەندىچاقلىرىمۇ رەسۋايى جاھان بولىدىغان بولدى..." دېگەندەك سۆزلەرنى ھەر قاچان ئاڭلاپ تۇرۇشقا بولاتتى. ئۇ ھەر قېتىم مەكتەپلەرنى ئارىلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ بۇ يېڭى سەپىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئىپلاس سۆزلەر توقۇلاتتى. ئۇ بۇ ئىشلارغا قانداق تەدبىر قوللۇنۇش ھەققىدە خېلىدىن بېرى باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بىراق بۇنىڭغا ئۇنۇملۇك چارە تېپىلمايتتى. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن قىزلارنى ئوقۇتۇشتىن ۋاز كېچىپ تاشلىۋېتىشكە بولمايتتى. ئەگەر قېيىنچىلىققا چىداپ مۇئەللىمە يېتىشتۈرمىگەندە قىزلارنى ئوقۇتۇش مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىق مەڭگۇ ھەل بولماي كېتىۋەرەتتى. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدىغان بولسا تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەرگە رەج ئۇقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسىدى.

ئۇ سالاھىدىن ئەپەندىنى ئۈزىتىش ھۆرپىسىدا سۈنتاغدا چوڭ سورۇن ئويۇشتۇرۇپ، "ئۈزىتىش چېيى" بەردى. سورۇن يۈسۈپھاجىنىڭ ھويلىسىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ چىقىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. سۈنتاغلىق بايلاردىن

يۈسۈپھاجى، مۇھەممەت قارى قاتارلىقلارنىڭ كەڭ قوللىۇق قىلىشى بىلەن تېخىمۇ ھەشەمەتلىك تۈس ئالدى. بۇ سورۇنغا ئۇ ھەمىشە ئۆزى ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان مۇراسىم، مەجلىسلەرگە قاتناشتۇرىدىغان يېقىن شاگىردلىرىنىمۇ قاتناشتۇردى. سالاھىددىن ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار، ئويۇشما ئەزالىرى بۇ چايغا قاتناشتى. تەۋپىق يىغىندا نۇتۇق سۆزلەپ سالاھىددىن ئەپەندى ۋە مۇشپىقە خانىمغا رەخمەت ئېيتتى، تاتار قېرىنداشلارنىڭ ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە ئوينىغان رولىنى يۇكسەك باھالىدى.

زىياپەتتىن كېيىن ئۇيۇشما نامىدىن بۇ بىر جۈپ ئاقارتقۇچىغا سوغا ۋە يادنامە سۈپىتىدە كۈنىدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە تون كىيدۈردى.

سورۇن تارقىغاندىن كېيىن تەۋپىق ئۇلارنى تاغىسى — تاشاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇلار تاشاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان، تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ، مىھماننى كۈتىۋالغۇچىلارمۇ شۇلار بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇنداقكەن ئاخىرقى ئۇزىتىشمۇشۇ يەردە بولىشى كېرەك ئىدى. بۇ كونا ئەنئەنە ئىدى.

بۇ كىچىك ئۇزىتىش چېيىغا ئۇ بىر قانچە يېقىن شاگىردلىرىنى تەكلىپ قىلغاندىن باشقا كۆپ ئادەم قاتناشتۇرمىدى. بۇ ئۇنىڭ سالاھىدىن ئەپەندى بىلەن مۇشپىقە خانىم ئۇچۇن بېرىۋاتقان شەخسىي زىياپىتى ئىدى. سالاھىددىن ئەپەندىنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي، قوي سويۇشتى. نېرىن چۆپ، ئۇستىخان تارتىشتى. بۇ يەردە تەۋپىق رەسمىي نۇتۇق سۆزلىمىگەن بولسىمۇ، چاقچاق پاراڭلار ئارىلىقىدا تاتارلارنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىدا ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن ياردىمىنى بىر نەچچە قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. سارىخېنىم ئەر- خوتۇن ئىككىسىگە تونلۇق قويدى.

زىياپەتتىن كېيىن سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى تارقاشتى. تەۋپىق سالاھىدىن ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشىپ ياتماقچى بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئۇلارنى ئات ھارۋىسىغا جايلاشتۇرۇپ ئۇزاتماقچىدى. تاڭ سەھەردىلا سالاھىدىن ئەپەندى قولىدا ئوقۇغانلار ۋە مۇشپىقەخانىم ئوقۇتقان

قىزلار تاشاخۇنۇمنىڭ قورا- جايى ئالدىغا ئۇستازىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن توپلىنىشقانىدى.

كېتىدىغانلار ھارۋىغا چىقىشقا ئىلاجىسىز قالدى. قايتا- قايتا ئاقيول تىلەشلەر، قىزلارنىڭ كۆز يېشى قىلىپ مۇشپىقە خانىم بىلەن قۇچاقلىشىشلىرى ئۇزاققا سوزۇلدى. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى.

كەتكۈچىلەر بىلەن ئۇزاتقۇچىلار خېلى ئۇزۇن پىيادە مېڭىشتى. كۆپ زورلاشلاردىن كېيىن ئەر- خوتۇن مۇئەللىملەر ھارۋىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇزاتقۇچىلار تاكى ئاچياردىن ئۆتكىچە سوڭدىشىپ كېلىشتى.

## 2

تەۋپىق سالاھىدىن ئەپەندىلەرنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن قىزلار مەكتەپلىرىدىكى مەسلىنى ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئەڭ يېقىندا غەۋغا يۈز بەرگەن بۇيامەت قىزلار مەكتىپىگە تەكشۈرۈشكە بارماقچى بولدى. بۇ يەردە مۇھەممەد ئىمام دېگەن كىشى قىزلار مەكتىپىگە ئەرلەر دەرس ئۆتسە بولمايدۇ، دەپ قىزلارنى قېچىپ كېتىشكە قۇتراتقانىدى. ئۆزىنىڭ مۇشپىقەخانىمدا ئوقۇۋاتقان، ئەمدى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بويامەت قىزلار مەكتىپىگە كىرگەن قىزى شەرۋاننى مەكتەپكە ئەۋەتمىگەنىدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان تەۋپىق قاتتىق قەھرى- غەزەپكە كېلىپ، ياخشى گەپ كار قىلمايدىغان بۇنداق مۇتەئەسسىپلەرگە ئەڭ ياخشىسى مەجبۇرى چارە — قورقۇتۇش ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ئۇ رۇشتى مەكتەپتىكى دەرسلىرىنى چۈشتىن بۇرۇن تۈگىتىپ، نىمەتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇننى باشلاپ بۇيامەتكە كەلدى.

ئۇ ئاۋۋال يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، ئاتا- ئانىلارنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئەھۋال ئۇقۇشتى. ھەم ئۇلاردىن بۇ ئىشقا قارىتا رايىنى چېكىپ كۆردى.

— قىزلارنى ئوقۇتۇش ئىشىنىڭ زوْرۇرلىكىگە مۆتىۋەلىرىمىز نېمە دەپ قارايدىكىن؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ، — قىزلارنى ئوقۇتۇش كېرەكمۇ - يوق؟ ئوقۇتۇش كېرەك بولسا قانداق ئوقۇتۇش كېرەك؟

ئاۋۋال كۆپچىلىك ئىچىدە غۇلغۇلا باشلىنىپ، ھەممىسى ئۈنىنى پەس چىقىرىپ غۇتۇلداشتى. كېيىن مۇھەممەد ئىمام كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ پىكىر قىلدى:

— ئايال كىشى دېگەن ئۆي ئادىمى، بويىغا يەتكەن قىز باللارنىڭ ئوقۇيمەن دەپ لوغىيلاپ يۈرىشى شەرىئەتكە خىلاپ، مېنىڭچە بولغاندا بۇ خەقنى ئوقۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ ئەخلاقى كامىل، ئىمانى ساپ بولۇپ، بىر ئەرنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقسا بولىدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك؟ ئايال خەق دېگەن بەربىر يۇرت سورىمايدۇ؟ — مۇھەممەد ئىمامنىڭ گەپ باشلاپ بېرىشى بىلەنلا باشقىلارمۇ جۆرئەتلىنىپ ئارقا- ئارقىدىن سۆز باشلىدى.

— ئوقىسىمۇ- ئوقىسۇن، بۇ خەقنىڭ ئۆزىنى مەزلۇم خەق ئوقۇتمىسۇنمۇ؟

— شۇنى دەيمەن، ھەنىۋاسى ئۆيلەنمىگەن چوْجە - خورازلار...

— چوڭىدىن ـ كىچىكىگىچە شۇنداغ دېيىلىچۇ...

مەمتىلى ئەپەندى بىردەم ئۇلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، جىم-جىت قۇلاق سالدى. ئۇلارنى سۆزدىن توختىتىۋېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق مەيلىگە قويۇۋېتىپ كۆپچىلىكنى سۆزلىتىشى ھەممە ئادەمگە، ئاتا - ئانىلارغا سۇرلۇك تۇيۇلۇپ، تەدرىجى جىمىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ موللا- ئۆلىمالاردىن ئىبارەت بۇ گۇمانخور تاپىئە تېخىمۇ ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇلار بىردەم قورۇلۇۋاتقان قوماچتەك چۇۋۇلداشقاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆزىگە قاراپ جىم بولۇپ قېلىشتى. ئومۇمي پىكىرنىڭ توختىشى بىلەن ئۆز ئارا پىچىرلىشىۋاتقانلارمۇ جىمىم كېتىشتى. مەمتىلى ئەپەندى پىسخولوگىيىلىك ھۇجۇمنىڭ بۇ ياخشى پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمىدى. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ۋەسۋەسىگە چۈشىشى ئۈچۈن يەنە بىردەم سۈكۈت قىلىپ

تۇردى. ھەر قاچان قاتتىق غەۋغادىن دىرەك بېرىدىغان بۇ جىملىق مۆتىۋەرلەرنىڭ يۈرىكىنى يېتەرلىك مۇجىغاندىن كېيىن، ئۇ سۆزلەشكە نىيەت قىلدى.

— ۋەتەنداشلار، بايا ھەممىڭلار قىزلارنى ئوقۇتۇش ئىشى ھەققىدە ئۆزەڭلارنىڭ قارشىنى سۆزلىدىڭلار، ئەمدى مەن ئۆزەمنىڭ چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي، — تەۋپىق مۇتئەسسىپ موللىلارنىڭ يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا مەجبۇرى چارىدىن باشقىسى بىكار ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، موللىلارنى دەپ ئەمەس، باشقا ئاتا-ئانىلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاۋۋال چۈشەنچە بېرىشنى، ئاندىن مەجبۇرى چارە قوللىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەندى، — بايا بەزىلەر، قىزلارنى ئوقۇتۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇلار بەربىر يۈرت سورىمايدۇ، دەپ ئۆتتى. كۆپچىلىك ئويلاپ باقسۇن، بۇ گەپ قانچىلىك توغرا؟ — ئۇ كۆپچىلىككە تەكشى كۆز يۈگۈرتىپ يەنە بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — راست، بىزدە ئەزەلدىن ئاياللارغا بولغان قاراش ئەنە شۇنداق بولغاچقا ئۇلار يۈرت سورىمىدى. لېكىن ئاياللارمۇ يۈرت سورىيالايدۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇلار ئوقىشى كېرەك، ئويلاپ كۆرۈڭلار، بىز خوتۇن-قىزلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىگەندە گويا خەۋپلىك، ئىشەنچىسىز، دۈشمەن ھەققىدە سۆزلىگەندەك سۆزلەيمىز. ئانىمىز، ئاچا-سىڭىللىرىمىز ھەققىدە سۆزلىسەكچۇ؟ ئەجبا ئاشۇ بىزنىڭ خوتۇنلىرىمىز، قىزلىرىمىزنىڭمۇ ئۆز باللىرىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى، بارلىق ئاياللار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا گۇمان، ئىشەنمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش قارا يۈزلۈك بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقت قىلىۋېتىدىكەنمىزغۇ؟ ئاياللار، ئىنسان بالىسىنىڭ تۇنجى ئۇستازى، بىز ئەڭ ئەۋەل تىلنى، بىلىمنى ئانىلىرىمىزدىن ئۆگىنىمىز. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئانىلىرىمىز ساۋاتلىق ئانا بولسا، ئوقۇغان ئانا بولسا پۈتۈن ئۆسۈپ-يېتىلىشىمىز ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى نېمىشكە ئويلىمايمىز؟

تەۋپىق ياشراق دېھقانلارنىڭ چىرايىدىن رازمەنلىك ئالامىتى بايقىدى. ”مۆتىۋەر“لەر بولسا بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ، ھېچنېمە تەسىر قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقى تەۋپىقنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقىنى كەلتۇرۇپ، بۇ رەج ئۇقمايدىغان ئېشەكلەرنى دەررىگە تۇتقۇسى كەلدى - يۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىكى چۈشىنىدىغانلار ئۈچۈن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشنى لايىق كۆردى.

— دېمەك، بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا ئايالLارنى ئوقۇتۇش زۆرۈر دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. غەرب دۆلەتلىرىدە ئايال ئالىملار، يۇرت سوراش تۇگۇل، دۆلەت سورايدىغان ئايال پادىشاھلارمۇ بار. چۈنكى ئۇلار ئوقۇيدۇ! بىزنىڭ مىللىتىمىزدىكى قالاقلىق، مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدى. نېمە ئۈچۈن؟ نادانلىق خەلقنى گادايلاشتۇردى. گادايلىق ـ بىلىم ئېلىش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلدى. بۇ ئىككىسى بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىز نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە گادايلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدۇق. بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىنىشىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە — مۇشۇ مەيداندىلا كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز: نادان بولغىنىمىز ئۈچۈن خۇراپاتلىقنىڭ ئايالLار ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىگە ئىشىنىپ شۇ بويىچە ئىش قىلماقچى بولىۋاتىمىز؛ بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئايالLار ئوقىيالمايدۇ، ئايالLار ساۋاتسىز بولغانىكەن، باللىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. خۇراپاتلىقنىڭ بۇ ئۇرۇقى تېخىمۇ نادان، دۆت مۇلەرنى يېتىلدۇرىدۇ.

بەزى دېھقانلار بۇ سۆزلەرنى توغرا تېپىپ بىلىنەر- بىلىنمەس باش لىڭشىتىشتى. ئەمما ئۇلار بۇ ھەركىتىنى ”مۆتىۋەر“لەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. تەۋپىق سۆزدىن توختاپ ئۇلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن توختىغاندا يەنە ئەك ئاۋۋال مۇھەممەت ئىمام سۆز ئالدى:

— غەرىپتىكى گەپ دېگەن، غەرىپتىكى گەپ! ئۇلار دېگەن كاپىر! بىز دېگەن مۇسۇلمان! ئۇلار تەرەققىي قىلغان بولسا مەيلى، ياغ چاينىسۇن!

خۇدايىم ئۇلارغا پانى دۇنيانىڭ جەننىتىنى بەرگەن. ھازىرقى ئازغىنە راھەتنى دەپ يولدىن ئېزىپ، ئىسلامدىن چىقىش گۇناھ!...

”ئېشەكنى ئىتتىك ماڭسۇن دېسەڭ تاياقنى ئىشقا سال، ئۇ بەرىبىر ياخشى- يامانىنى بىلمەيدۇ“دەپ ئويلىدى تەۋپىق.

— بىز ھەمىشە خۇدانىڭ بىرلىكى ھەققىدە سۆزلەيمىز. بۇ گەپ ھەق ئىكەن، كاپىرنىمۇ، مۇسۇلماننىمۇ خۇدا ياراتتى، ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى باشقا ئەمەس! بىزگە ئەقىل- پاراسەت، بەدەن ئەزالىرنىمۇ ئوخشاش ئاتا قىلدى. يەنى ئۇلارنىڭ ئىككى بېشى، تۆرت كۆزى، ئالتە قۇلىقى يوق، بىز بىلەن ئوخشاش. ئەگەر خۇدا سىلەر چۈشەنگەندەك مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە يېقىنراق، كاپىرلارنى يىراقراق كۆرىدىغان بولسا نېمىشكە خۇدا ئۆزىلا ئۇلارنى جازالىمايدۇ؟ ياكى مۇسۇلمانلارغا قۇل قىلىپ بەرمەيدۇ؟ سىلەر بۇنىڭغا خۇدا ئاشكارە مۆجىزە كۆرسەتمەيدۇ، كاپىرلارنى جازالاشقا بىزنى ياراتقان، غازاتنى چىقارغان دېيىشىڭلار مۇمكىن. ياق، ۋەتەنداشلار، بۈگۈنكى كۈندە بۇ مۇددىئامۇ ئوقۇش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭكىدەك قۇرال- ياراق بىزدە بولمىسا، ئۇلاردىكى ماشىنا بىزدە بولمىسا، قۇرۇق قول بىلەن مىلتىققا، ئېشەك- ھارۋا بىلەن ماشىنىغا قارشى غازات قىلىپ بېقىڭلارچۇ! — ئۇ كۆپچىلىككە تىكىلىپ بىردەم تۇرىۋالدى، — بايا يەنە بەزىلەر گاداي بولساق ئۆزىمىزگە، ئۆلۈپ قالمىساق بولدى، ياكى سىنىڭ ئۆيۈڭگە ”ھەق“ دەپ بېرىۋالدۇقمۇ، دېگەندەك تەئەددى قىلىشتى، بۇ گەپمۇ يۇقىرقى ناسارا ۋە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئېيتىلغان بىمەنە گەپ بىلەن بىر ئېقىمدىكى گەپ. مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ماۋۇنىڭغا ئوخشاش — تەۋپىق مۇھەممەد ئىمامنى كۆرسەتتى. — جان باقارلارنىڭ گېپى، خۇدا بىر ئىكەن، بىزنىمۇ، كاپىرلارنىمۇ ئوخشاشلا خۇدا ياراتتى. پۈتۈن بىر كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ ئۆزى ياراتقان جانلىقلارنىڭ ئىبادىتىگە مۇھتاجمۇ ئەمەس! ئۇنداق ئىكەن، كىمنىڭ قانداق ياشىشى ھەر كىمنىڭ ئىجتىھادىغا باغلىق، بۇ سىناق دۇنيا. بىزگە ئۇ دۇنيالىقنى، كاپىرغا بۇ دۇنيالىقنى بەرگەن دېگەنگە قايسىڭلار قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرەلەيسىلەر؟ ئەكسى ھالدا دۇنيا —

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغان! ئەمما بىز بۇ ئەزىزلىكىمىزنى خارلىققا ئۆزىمىز تېگىشىۋالماقتىمىز. ئەجەبا، باقى دۇنيادىكى راھەتنى دەپ، بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىق كېرەكمىكەن!؟ بۇنداق پەتىۋا ھېچقانداق ئىسلام ئەھكاملىرىدا يوق. بولسا كۆرسىتىپ بېقىڭلار! بۇنىڭ ئەكسىچە "كەمبىغەللىك ھەر ئىككى دۇنيادا كىشىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ" دېگەن ھەدىس بار. دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ، ئۈممىتى مۇھەممەدنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا- يۇ، ئەمما بۇ ئۈممەت خار، زەبۇن، قۇل- چۆرە بولۇپ ياشىسۇن! مۇشۇنداقمۇ مەنتىقە بولامدۇ؟! ئىسلام دىنىنى مانا مۇشۇنداق ئۆز قۇيرىقىنى ئۆزى تالايدىغان قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلار تېخى ھە دەپ مۇسۇلمانچىلىقتىن، ئىسلامدىن، ئىماندىن گەپ ئاچىدۇ. بۇنىڭغا سالاھىيىتى يوق، بۇ تەخسىرلەرنىڭ! ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىزنىڭ خار، بوزەك ياشىشىمىز بولمىغان ئىكەن نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەزىز بولۇپ ياشىماق كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن خارلىقتىن قۇتۇلماق كېرەك بولسا، بۇ قۇتۇلۇش ئىشى كۈچ بىلەن بولىدۇ. كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟ بىلىمدىن!...

"مەن مۇسۇلمان" دەپ نەسەبىمىز بىلەن ماختانساق، بىراق ئۆزىمىزدە ماختانغۇدەك پەزىلەت بولمىسا، كۈلگە ئايلىنىپ قالىمىز. قاپاق قانچە كۆركەم سىلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى قۇرۇق بولغاچقا تېشى قوتۇر كاۋىچىلىك ئەتىۋارلانمايدۇ، ئادەم بولغان ئىكەنمىز بۇنچىلىك نەرسىلەرنى چۈشىنىشىمىز كېرەك!

ئارىنى يەنە بىر ھازا جىملىق باستى. بىردەمدىن كېيىن مەھەممەد ئىمام ئاۋۋال پەس ئاۋازدا غۇدراپ، كېيىن ئۈنلۈكرەك قىلىپ، ئىشەنچسىزلىك بىلەن:

— ئوقىسىمۇ- ئوقىسۇن، مەزلۇم خەقنى ئەركىشى ئوقۇتمىسۇن - دە! — دېدى.

— ھازىر بىزدە مۇئەللىمە بولمىسا، مۇئەللىملەرنى تەربىيلىۋالغىچە شۇنداق قىلمىساق ئاسماندىن چۈشۈپ قالامدۇ؟

— بولمىغاندىكىن، ئۆزىمىزنى قىينىمايلى ئەمىسە...

— شۈنى دەيمەن، بىر كىشى خوتۇن- قىزلىرىمىز ئوقۇشىمىز قالدى دەپ بۇنى چىلىلاپ كەلگەندەك سۆزلەيدا...

— ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى ئوقۇتىۋالسا بولمىدىمۇ، خەق بىلەن نېمە كارى!

— ئــۆز بېــشىغا كېلىــپ قالماســلىق ئۈچــۈن بويتــاق يۈرىــدىغان ئوخشىمامدۇ بۇ نېمىلەر؟...

ھەممە گەپتە مەھەممەد ئىمام باشلامچىلىق رول ئويناۋاتاتتى.

— بىزدە ئايال مۇئەللىملەر بولغىچە ئەرلەر ئوقۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. ئوقۇش- نۆۋەتتىكى سىياسەت! قېنى كىم قارشى چىقىدۇ؟!

— تەۋپىق ياڭراق ئاۋازدا شۇنداق دېۋىدى، مەھەممەد ئىمام يەنە ئەزۋەيلىدى:

— ئوقۇتسىمۇ ئوقۇتسۇن، خوتۇن- بالاۋاقىسى بار، توختالغان ئادەملەر ئوقۇتسۇن. سىزمۇ مەكتەپ تەكشۈرىمەن دەپ، پالان قىلىمەن، دەپ قىز بالا خەق بار مەكتەپلەرگە بېرىپ يۈرمەڭ!

تەۋپىقنىڭ سەۋرىسى پۈتتى. گەپ ئۇچىۇقتىن- ئوچۇق ھاقارەت ئىدى. ”مەن سىنىڭ كېسىلىڭنى ساقايتىمەن دەپ ئاۋارە بولايۇ، سەن بولساڭ مېنى زەھەرلەۋاتىسەن، دەپ مۇتھەملىك قىل! بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئادەم جىلى قىلىدىغان ئىش بولامدۇ؟ مانا شۇنداق چوشقىلارنىڭ كاساپىتىدىن پۈتۈن مىللەتنى نەس باسىدۇ!...“ تەۋپىق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك شۇنداقلا كۈچلۈك قەدەملەر بىلەن ھايت- ھۇيت دېگۈچە مۇھەممەد ئىمامنىڭ ئالدىغا باردى ۋە غەزەپ بىلەن ساقاللىق يۈزىگە بىر تەستەك سالدى.

— ھۇ، ھايۋان! ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقان گەپنىڭ ئىپلاسلىقىنى قارا! سەن چوشقا، ئىشەك كاللا، مۇئەللىم بىلەن تەلەبىلەر ئارىسىدا ئاتا بالىلىق مېھرى ھاســىل بولىــشىنى بىلمەمــسەن؟ ئاتــا- ئانــا ئــۆز پەرزەنــدىگە يامــانلىق ئويلىمىغاندەك مۇئەللىممۇ ئۆز تەلەبىلىرىگە ئېزگۈ نىيەتتە بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ — ئۇ بىگىز قولى بىلەن مۇھەممەد ئىمامنىڭ ۋەسۋەسىگە تولغا كۆزلىرىگە جونۇپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سەن تېخى ئاغزىڭغا پېتىپ، ئاتىنى ئۆز قىزى بىلەن چاتاقلىشىدۇ دېگەندەك گەپنى قىلىۋاتىسەن؟

ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭدەك ئالا كۆڭۈل دەپ ئويلامسەن؟ سەن يەنە بىز قىزلىرىمىزنى ئوقۇتۇپ قويسۇن دەپمىدۇق دەمسەن؟ ساڭا ئوخشاش ھايۋاندا ئۇنداق گۈزەل ئىستەك نىمە قىلاتتى؟ پەقەت ئادەملەرلا ئۆز پەرزەتلىرىنى تەربىيلەيدۇ. ھايۋانلار ۋە ساڭا ئوخشاش ئىككى پۇتلۇق چوشقىلار بالا تېپىشنىلا بىلدۇ، ”ھاڭگا ئېشەك بالىسىغا ئىگە بولمىغاندەك“ ئۇنىڭ تەربىيسى ھەققىدە ئويلاپ كۆرمەيدۇ! سەن كىمگە ئىگە بولماقچىسەن؟ مېنىڭ قىزىم بار، بالام بار، دەمسەن؟ بىلىپ قوي، ئۇ ۋەتەنىنىڭ بالىسى! ئۇ مىللەتنىڭ بالىسى! ۋەتەن ئۇنىڭ ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ! ساڭا ھاجىتى بولمىسا، سەن نېرى تۇرىۋەر ئۇنىڭ مىللەتكە كېرىكى بار! مەن ئۇنى سەن ئۇچۇن ئەمەس، مىللەت ئۇچۇن تەربىيلەيمەن. ئۇنى سەن ۋۇجۇتقا كەلتۇرگەنمۇ؟ ياكى خۇدا ياراتقانمۇ؟ — مۇھەممەد ئىمام ئىچىگە تىنىپ، لاغىلاداپ تىترەپ تۇراتتى. باشقا ”مۆتىۋەر“لەر تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ئەمدى پۇتۇنلەي باشقا مەيدانغا ئۆتكەنىدى. ئۇلار ئەزەلدىن زورلۇق كۈچ ئالدىدا تېز پۈكۈپ ئادەتلەنگەن، ۋۇجۇدىدا قارشىلىق كۆرسىتىش جاسارىتى بولمىغاچقا ھازىرمۇ دەرھال تەۋپىقنى قوللايدىغان ساداقەتمەنلەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمام پۈتۈنلەي يىتىم قالدى.

— ئەر- ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق پەرز ئەمەسمۇ، تەخسىر، مەمتىلى ئەپەندى بىزگە يامانلىق قىلغۇچىمىدى،— دېدى مۆتىۋەرلەردىن بىرى.

— شۇنداق، شۇنداق، راست ئېيتىلا، مەمتىلى ئەپەندى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلىۋاتىدۇ. بەندىنىڭ كۆڭلىنى ئىلىم نۇرلىرى بىلەن يورۇتماق دېگەن بەسى ساۋاب ئىش.

— ھازىر ساياسەت شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا بويۇن تاۋلىق قىلىشقا ھەددىمىز يوق، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ دېيىلىدۇ ئەمەسمۇ

تەۋپىق بۇ يوغان تونلاردىكى جان باقارلارنىڭ تېتىقسىز خوشامىتىدىن ئىچىدە كۈلدى .ئەگەر باشقا مەيدان بولىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ شەرمەندە خوشەمەتچىلىك بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان بولاتتى . بىراق ھازىر

ئۇلارنى پارچىلاش ئۈچۈن مۇشۇ قارشى كۈچلەر ئىچىدە پەيدا بولغان "ئىتتىپاقچىلار" كىرەك ئىدى .شۇڭا ئۇ خوشامەت يامغۇرىغا چىداپ تۇردى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياغلىما سۆزلىرى بىر يەرگە بارغان هامان، مەجلىسنى خۇلاسىلىدى:

— ۋەتەنداشلار ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىلىم ئەهلى بولۇپ چىقىشىغا مىللەت مۇهتاج. هېچقانداق شەخسنىڭ تەلۋىلىك بىلەن ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بۇ بۈيۈك ئېهتىياجىغا پۈتلىكاشاڭلىق قىلىشىغا رۇخسەت يوق! يەنە كىمكى ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان بولسا، ئەڭ شەرمەندە دۈشمەن قاتارىدا سازايى قىلىنىدۇ هەم قاتتىق جازالىنىدۇ،— ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى كەسكىنلىك "مۆتىۋەر"لەرنى قانچىلىك چۆچىتىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قوراللىق جەڭچىلەر، بۇ قورقۇنۇچنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

تەۋپىق بۇزغۇنچىلارغا قاتتىق ئاگاهلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن مەجلىسنى تاماملىدى. بىر مۇنچە تونۇش- بىلىشلەر ۋە تونىمايدىغانلار ئۇنى ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىشتى. بەزىلەر ئۇنى قېتىق ئىچىپ مېڭىشقا، بەزىلەر باقىقا كىرىپ ياز نېمەتلىرىدىن يەپ كېتىشكە تەكلىپ قىلاتتى. بۇ گەپلەرنىڭ هېچبىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى بىرخىل مەنىۋي ئازاپ سىقىپ، كەيپىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ هەممە كىشىنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلىپ، نىزامىددىننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يول ئۈستىدە كۆپ نەرسىلەر هەققىدە ئويلاندى. مۇهەممەد ئىمام ئېيتقان سۆزلەرنى ۋە ئىلگىرى ئاڭلىغان سۆزلەرنى بىر- بىرلەپ خاتىرىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، خۇراپاتقا پاتقان، نادان ئۇيغۇر مۇهىتىدا ئۇنىڭ ئۆيلەنمەسلىكى؛ بارلىق خىزمىتى، ئىش هەققى، ئەقىل- پاراستى، كۈچ- قۇدرىتىنى مىللەت ئۈچۈن تەقدىم قىلىش غايىسىنىڭ كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقى، كېيىنكى مەقسەدلەر ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى زورمۇزۇر قىلماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

تەۋپىق ئۆيدە كىچىكىپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاچۇننى مەشھەدكە قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە ئۇلاقلارغا ئوت سېلىۋاتقان زورىخان بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ تەۋپىقنىڭ چىرايىدىن ئاللىقانداق كۆڭۈل غەشلىكىنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرگەندەك بولىۋىدى، تەۋپىق شۇئان دائىمىي ئىللىق تەبەسسۇمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ:

— بالىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۆي جىم - جىتلا بوپ قاپتۇ،— دېدى.

— ئۇلار ئۆيدە ئولتۇرامدۇ دەيسىز، ئەتتىگەن چىقىپ كېتىشكەندى، شۇ پېتى يوق، كىچىكلىرى ئۇخلاپ قالدى.

— تېچلىقتۇ؟

— تېچلىق. ئۆزىڭىز ساقمۇ؟ ئۆڭكىسلىگىزنى يامانراق كۆردۈممۇ، قانداق؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئېھتىمال ئاپتاپتا شۇنداق بولۇپ كەتسە كېرەك.

— ئۆيگە كىرىپ بىردەم ياماپاشلامسىز؟ قېنىق سۇ سېپىپ قويدۇم، تازا سەگىپ قالدى.

— شۇنداق قىلاي. ئاۋۋال بىر چىنە ئۇسسۇزلۇق بېرىڭ، ئاندىن بىردەم ئۇزىلىۋالاي، — تەۋپىق ئۆيگە كىرىپ، كۆرپە ئۇستىگە ئولتۇرغىنىدا ئۆينىڭ ھەقىقەتەنمۇ سۆرۈنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە بىردەم خىيال سۈرۈپ ياتقۇسى كەلدى. ئۇ كۆڭلىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ چېگىشلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇلارنى ئاكىسى كەلگىچە رەتلەپ چىقىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

زورىخان تازا ئېچىغان قېتىق بىلەن دوغ ئېتىپ كەلدى.

— قۇرۇق ئىچەمسىز، يا نان- پان ئەكىلەيمۇ؟ — دەپ سورىدى زورىخان.

— ياق، قورسىقىم ئاچقىنى يوق، ئۇسسۇزلۇق ئىچەمدىلا بولىدى،— تەۋپىق دوغنى ئىچىپ، چىنىنى زورىخانغا بەرگەندىن كېيىن، كۆرپە ئۇستىگە سوزۇلدى، زورىخان ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

تەۋپىق بۇ ئازادە مۇھىتتا كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشىش ئۇچۇن جىددىي پىكىر قىلىشقا باشلىدى.

ئۆيلىنىش مەسىلىسىدە ئۇ يەنە ئارى سالدى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە ئەدىبە كېلىۋالدى. ئەدىبەنىڭ تىنىق ئاسماننى ئەسلىتىدىغان بۇلاق كۆزلىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تىكىشلىدە بىر خىل ئاجىزانە ئىلتىجا يوشۇرۇنغانىدى. ئاخىر ئۇ رەھىمسىز رىئاللىق قوينىغا قايىپ كېلىپ ئەدىبە ھەققىدە ئويلىماسلىققا تىرىشتى. ھازىرقى زۆرۈر ئىش پىتىنچىلەرنىڭ ئاغرىزىنى يېپىش، تۇرمۇشىنى رېتىمغا سېلىش ئىدى. ئاجايىپ ئىش، ئۇيغۇر خەق مانا شۇنداق، بىرسىنىڭ ئوغلى ياكى قىزى بالاغەتكە يەتتىمۇ، بولدى، ھەممە ئادەم شۇنىڭ تويى ھەققىدە سۆز-چۆچەك قىلىشىپ، بۇنىڭ بىلەن بىكارچىلىققا تولغان ھاياتىنى بېزەشكە تىرىشىدۇ. خەقنىڭ ئۆيلىنىش ياكى ئەرگە تېگىشىنىڭ ماڭا نېمە پايدا، نېمە زىيىنى دېگەننى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. ئەنە شۇنداق تۇرغاندا تەۋپىقنىڭ ۋە ياش مۇئەللىمەلەرنىڭ بويتاق بولىشى ئۇلار ئۈچۈن تۈگىمەس سۆز- چۆچەك مەنبەئەسى بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىشى كۆپچىلىككە ”مۇناسىۋەتلىك“ تە! مانا ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ”پەلەككە بېقىش“ قا توغرا كېلەتتى. تەۋپىق ئۆيلىنىش ھەققىدە ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇھەممەد ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى...

بۇ بىر مەسىلە ئەنە شۇنداق ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ئۆيلەنگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ خىزمەت بىلەن ئۆي ئىشىغا قارىشىپ بېرەلمەيتى. بۇ بارلىق ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئادەت بولسىمۇ، تەۋپىق بۇنى توغرا تاپمايتى. ئۇ ئالدىراش خىزمەتلەر قايىنىمىدا ھەتتا ئائىلىسى بارلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىشى تۇرغان گەپ ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئۆيدە بولالمايتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا ئايال بولغۇچىغا مىسلىسىز ئېغىر كېلىدىغان ئىش ئىدى... تەۋپىق توي قىلىش قارارىدىن ۋاز كېچەيلا دەپ قالغانىدى، يەنە مۇھەممەد ئىمامنىڭ سۆزلىرى يادىغا يەتتى. ئارقىدىن پۈتۈن قىزلار مەكتىپىنىڭ تەقدىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قارارنى يەنە كۈچكە ئىگە قىلدى ۋە بۇ قايتا

ئويلاش نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان ئارسالدىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى.

تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارغا خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بېرىش كېرەك. بۇ زور قوشۇن (ئوقۇغۇچىلار) پەۋقۇلئاددە زور كۈچ. بۇنداق كۈچتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا نۇرغۇن ئىشلارنى پات پۇرسەتتىلا ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولاتتى. مەسىلەن. 2500 نەپەر ئوقۇغۇچى بىردىن چۆچەك خاتىرىلەپ كەلدى دېگەندىمۇ 2500چۆچەك توپلىناتتى. بۇ چۆچەكلەرنى قانچە كىتاپ قىلىشقا بولار؟ ئەگەر ئوخشاشلىرى بار دېيىلگەندىمۇ ھاسىلات ئاز بولمايتى. بۇنچىلىك زور ئەمگەكنى بىر ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئۆمۈر بويىمۇ قىلىپ كېتەلمەيتى. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر بۇ پىلان ئىشقا ئاشىدىغان بولسا، ناخشا-قوشاقلارنى تۈرگە ئايرىپ، رەتلەپ، تەھرىرلەپ چىقىشقا ئابدۇراخمان شائىر بىلەن سابىتنى مەسئۇل قىلىشقا بولاتتى. ئۇلارغا كۆچۈرۈشۈپ ۋە تەكشۈرۈپ بېرىدىغان بىر نەچچە ياردەمچى بولسىلا بولىدۇ. چۆچەك، رىۋايەتلەرنى لىۋاھىدىن، سەيپىدىن، مەشرەپ، ئەمەت مەخسۇملار رەتلەپ چىقسا ئۇلارغىمۇ كۆچۈرۈشۈپ بېرىغان بىر قانچە ئادەم بولسا پۈتىدۇ. دېمەك، ئۇلار توپلانغان ئەسەرلەرنى خىزمەتتىن سىرت ئىشلەپ ئالدىمىزدىكى ئىككى ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتتۈرەلىسە ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىكى ئالاھىدە زور مۇۋەپپىقىيەت بولغان بولاتتى...

تەۋپىق ئويلىغانسېرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەنە ھېلىقىدەك قايتا تۇغۇلۇش ۋە بىر قانچە ئادەمگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت كۈلكىلىك تەسەۋۋۇر كاللىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ يۇقىرىقى ئىشلارغا كۆڭلىدە بىر رەت تەرتىپ تۇرغۇزىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنىمۇ ئويلاشتىن توختىدى.

ئەمدى ئۇ تەتىل ئىچىدە قىلىنىدىغان باشقا ئىشلار ھەققىدە ئويلاشقا كىرىشتى. ئۇ سابىتنىڭ توي ئىشىنى تېز ئارىدا تەييار قىلىپ، تەتىل بولىشى ھامانلا قىلىۋېتىش ھەققىدە جىددىي ئويلاندى، بۇ سابىتنىڭ پۈتكۈل

ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى. سابىت بولسا تەۋپىق ئالاھىدە ئۈمىد باغلاۋاتقان ياشلارنىڭ بىرى. تويدىن كېيىن تەتىل قويىۋېتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئومىغا تەشكىللەش، باشقا پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش كېرەك... ”ماڭا قەشقەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ“، - دەپ ئويلىدى ئۇ،— ”يۈسۈپ ئەپەندى، ئەخمەد ئەپەندىلەرگە فولكلور توپلاش ھەققىدە بېرىلگەن مەسلىھەتىمنى قانداق قىلدىكىن؟ بىر بولسا قەشقەر، ئاتۇش، تەۋەلىكىدىن توپلانغان نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ”بىرلەشمە تەھرىرلىك گۇرۇپپىسى“ قۇرۇش كېرەكمۇ قانداق؟ ....ياق، ياق، قەشقەردە ئۇزۇن تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس! بويامەتتىكى ئەلەمدارلار[1]نىڭ تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. كۆز كېلىدۇ، سىنتەبىردە باللارنى مۇسابىقىگە ئېلىپ بارىدىغان گەپ، كىمكى ئۇتۇپ چىقىش ئۈمىدى بولمىسا جەڭگە كىرمىگىنى ياخشى!... ئاخىرىدا ئۇنىڭ خىيالى يەنە چىگىلىشىپ كەتتى. ئۇ تېخى «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسىنى، خەلق سەنەملىرىنى نوتىلاشتۇرۇشنى،...تېخى ئويلاپ باقمايۋاتانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شئېر ۋە مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ تولۇق دىۋان قىلىپ چىقىشمۇ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلاردىن ئىدى... خىياللاردىن ھېچنىمە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مەنىسىزلىك ئىچىدە ۋاقت ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، تەمبۇرنى بىر ئاز چالماقچى بولدى، بىراق، تەمبۇرنى ئۇ مەشھەدكە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ ”بۇمۇ ياخشى“ دەپ قويدى.

تەۋپىق دۇتارنى سازلاپ، قەشقەر سەنىمىگە چېلىشقا باشلىۋىدى، غېنى بىلەن رەجەپ كىرىپ كەلدى.

— ناخشىسى بىلەن چېلىڭا، موللىكا،— دېدى غېنى.

— سىلەر جۇر بولامسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ جىيەنلىرىدىن كۈلۈمسىرەپ ئەمما جىددىيلىك بىلەن.

— بىزنى دەمسىز؟ بىز قانداق جۇر بولالايمىز؟ ئۆزىڭىزلا ئوقۇپ بېرىڭ.

---

[1] ئەلەمدار— alemdar —بايراقچى، يول ئاچقۇچى، ئاۋانگارت (تۈركچە) —ئا.

— مەيلى، مەن ئوقۇپ بېرەي. لېكىن ناخشا ھەققىدە مۇنداق گەپ قىلماڭلار. ئۇيغۇر بالىسى بولۇڭلار- يۇ، ناخشا بىلمەيمىز دېگىنىڭلار سەت ئەمەسمۇ،— تەۋپىق شۇنداق دەپ، قەشقەر سەنئىمىنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى.

نىزامىددىن مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆيگە كېلىپ قالغىنىدىن ھەيران بولغاندەك قارىۋىدى، تەۋپىق بۇنى سېزىپ چۈشەنچە بەردى:

— بۈگۈن بويامەت قىزلار مەكتىپىگە كەلگەنىدىم، كەچلەپ كېتەي دەپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپتىمەن.

— ئوبدان بوپتۇ،— نىزامىددىن سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بالىلارنى كۈندىلىك ئۆي ئىشلىرىغا بۇيرىۋەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەۋپىق  قولىدىكى دۇتارنى تامغا تىكلەپ قويۇپ دېدى:

— ئاكا، مەن توي قىلماق قارارىغا كەلدىم.

— راستمۇ؟ ياخشىغۇ...

— شۇنداق، ياخشى بولىدىغان بولدى. ۋاقتى مۇشۇ ئالدىمىزدىكى تەتىل ئىچىدە بولىدۇ. تەتىلنىڭ ئاخىرىدىراق بولار. چۈنكى تەتىلدە يەنە باشقا ئىشلار بار. ماڭا جۆرە بولغۇچى قورەيش خېنىمنىڭ جىيەنى مەلىكىزاد.

— سىدىقبەگنىڭ ئۆيىدىكى...؟

— دەل ئۆزى شۇ. سىز ئەتىدىن باشلاپ بىكار ۋاقىت تاپسىڭىز مۇشۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى  قىلغاچ تۇراسىز. باشقا ئىشلارغا مېنى ئارىلاشتۇرماڭ، بىزنىڭ توي ئىشلىرىمىزدىكى ئادەمنىڭ قىچىقىنى كەلتۇرىدىغان رەسمىيەتلەرنى قىلماي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

— بولىدۇ، بولىدۇ،— نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ قارارغا كەلگىنىدىن خوشال بولۇپ كەتكەچكە نېمە دېسىمۇ رازى ئىدى،— سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىمىز پىشقان بولسۇن، ھازىردىن باشلاپ بۇ توغرىدا سۆزلەشمەيلى،— تەۋپىق شۇنداق دەپلا دۇتارنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئارىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان

سۈكۈت ياكى ئىشنى مۇجىمەللەشتۈرىدىغان سوئال جاۋاپلارنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانىدى.

نىزامىددىن ئىنىسىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا گەپ قىلماي دۇتارنىڭ تارلىرىدىن تۆكۈلىۋاتقان مۇڭلۇق نىداغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ دىققىتى بۆلىنىپ توي ئىشى ھەققىدە خىيالغا كەتتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ نېمىشكە مەلىكىزادىنى تاللىغانلىقىنى، بۇنداق قىلىشتا كۆڭلىنىڭ خاھىشى ئاساسىي سەۋەپمۇ ياكى سىياسىي ئېھتىياج (سىدىقبەگدىن پايدىلىنىش) ئاساسىي سەۋەپمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى. بۇ ئىشقا سىدىقبەگنىڭ نېمە دەپ قارايدىغانلىقىنى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى. كۆڭلىدە يەنە قەشقەرگە — قىزىنىڭ دادىسى مامۇتھاجىمنىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ باقتى. ئۇ خىيالچانلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئىنىسىنىڭ پەدىلەر ئۈستىدە يورغىلاپ يۈرگەن چاققان قولىغا تىككەنىدى...

ئۇ نىمكارلىرى ئىگەمبەردى بىلەن تاشمەتلەرگە يوليۇرۇق بېرىش، ئەتتىگەندىن بېرى قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن بوياقخانىغا چىقىپ كىردى. ئۇ كىرگەندە تەۋپىق ئوتتۇرا ئاۋازدا ناخشا ئوقۇۋاتاتتى.

كىم سېنى دەرت ئەھلى دەپ سىرىمغا مەھرەم ئەيلىدىم.
ئۆز- ئۆزۈمنى زور بىلەن رەسۋايى ئالەم ئەيلىدم.
ئەھلى زار ئەل ئالدىدا ئادەم دېسە بولماس مېنى،
مەنكى ئۆز زارىمغا مەھرەم جىنسى ئادەم ئەيلىدىم.
بۇ ئەجەپ سىرىمنى مەخپىي ئەيلىمەك دىشۋارىدى،
بارچىغە پەرھاد بىلەن مەجنۇننى مەخرەم ئەيلىدىم
. . . . . . . . . .. . . . . . . . . .. . . . . . . . . .
ئەي ناۋايى دېمە سىرىڭ كىمسەگە مۇنداقكىم،

كىم سېنى دەرت ئەھلى دەپ سىرىمغا مەھرەم ئەيلىدىم.[①]

---

① «ئابۇچەشمە» نىڭ راك بۆلىكى (سەنىمى) دىن —ئاپتور.

# ئون ئىككىنچى باب

1

ئوقۇغۇچىلار ئومىغا ئويۇشتۇرۇلغانىدى. يازلىق تەتىل ئومىدىن كېيىنلا بولاتتى. بۇنىڭغا ئىككى ھەپتىچە ۋاقىت قالدى. تەتىل ھارپىسىدىكى ئىككى توپلانتىنىڭ ئالدىنقىسىدا مەمتىلى ئەپەندى مائارىپ ئويۇشمىسىنىڭ ھىساۋاتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى زۆرۈر ھېسابلىدى.

— ۋەتەنداشلار، — دېدى ئۇ ئويۇشما ھەيئەتلىرى ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا قاراپ،— بىزنىڭ تۇنجى ئوقۇش يىلىمىز ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مۇشۇ پەيتتە ئويۇشما خادىملىرى كۆپچىلىككە ئۆز خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتنىڭ چىن ياكى ئەمەسلىكىنى كۆپچىلىك باھالايدۇ.

ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم ئومۇمي خىزمەتتىن مەلۇمات بەردى. كۆپچىلىك بۇ مەلۇماتنى غۇلغۇلا قىلىشتى. ئارقىدىن نۇرۇللا خەلپىتىم لاۋزىمات ئىشلىرىنىڭ كونكىرىت سان- سۈپەتلىرىدىن كۆپچىلىكنى خەۋەردار قىلدى. سېتىۋېلىنغان دەپتەر- قەلەم، كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن چەكمەن، پارتا- ئورۇندۇق ئۈچۈن كەتكەن ياغاچ ھەم قايسى مەكتەپكە قانچىلىك نەرسە بېرىلگەنلىكى قاتارلىق ئىشلارنى تەپسىلى مەلۇمات قىلدى. بۇ ھەقتىمۇ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرىدا مەھەممەت قارى زەكى بوغالتىرلىق ھېساباتىنى ئوقۇپ ئۆتتى: ئويۇشما قۇرۇلغان چاغدىكى ئومۇمي مەبلەغ، مۇقىم مۈلۈك؛ ھازىرغىچە كۆپەيتىلگەن مۇقىم مۈلۈك قاتارلىقلاردىن كونكېرىت ھېساب بەردى. بۇ ھەقتىمۇ قىزغىن مۇزاكىرىلەر بولدى.

”توپلانتى“ نىڭ دائىمىي كۇنتەرتىۋىدىن تاشقىرى بولغان مەلۇماتلار ۋە مۇزاكىرىلەر ئاخىرىلاشقاندىن كېيىن، دائىمىي كۇنتەرتىپ بويىچە مۇزاكىرە باشلاندى.

تەۋپىق ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلىپ ئۆتتى. بۇلار مۇشۇ ھەپتىلىك نازاپەت تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولمىغان مەكتەپلەردىكى ئەپەندىلەردى. بۇلار سالاھىددىن ئەپەندى يېتىشتۈرگەن يېڭى ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە كۆپرەك كۆرۈلەتتى. بەزىلىرى ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى.

— بىز بالىلارنىڭ ئىككىنچى ئاتا - ئانىسىمىز، سىزلەر بۇنى ”شەرىئەت“ نى دۇرۇس قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىش نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئىنسانى بۇرچ نۇقتىسىدىن چۈشەنگىنىڭلاردا ئاندىن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شەرەپلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىلەر، بىز خەلقتىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز. خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىز بالىلارغا ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كەم كۆيۈنمەسلىكىمىز لازىم. ھازىر بىزدىكى ئاتا - ئانىلار پەقەت بالىلارنى توق بېقىش، دىلىغا ئازار بەرمەسلىك قاتارلىقلارنى كۆيىنىش دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كەلگۈسى، ئىستىقبالى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرمايدۇ. يەنى، بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە كىم بولۇپ چىقىشى، سالامەتلىكى ھەققىدە ئالدىن كۆيىنىش خاراكتېرلىك ھەرىكەت قوللىنىشنى بىلمەيدۇ، گەرچە ئۇلار قارىسىغا غەم قىلىپ تۇرسىمۇ، — تەۋپىق ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن ئىشلارنى ھەربىر قېتىمقى يىغىندا تەكرارلاشتىن ئېرىنمەيتتى، — شۇڭا بىز ئىلمىي خادىملار بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قىلمىغان ياكى قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىمىغان ئىشلارنى— ئۇلارنىڭ پاكىز بولىشى، تىرناقلىرى، چاچلىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىشىمىز لازىم. بۇ ھال بارا- بارائۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئادىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ جىسمانىي سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە كېرەكلىك ئادەم بولىشى ئۈچۈن ئەقلىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز، بۇنىڭ

بىلەن مىللەتنىڭ ئەقلىي سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم،— تەۋپىق ھەرقاچانقىدەك يىنىك تەلەپپۇز بىلەن ئاددى، ئۇقۇشلۇق قىلىپ سۆزلەيتتى،— بەزىلىرىڭلار ئاستا- ئاستا شەكىلۋاز بولۇپ كېتىۋاتىسىلەر، مەكتەپلەر تەكشۈرىلىدىغان ۋاقىت قەرەللىك بولغان بولسا نېمە بولۇپ كېتەرىدىكىن؟ ھېلىھەم بەزى تەلەبىلىرىڭلارنىڭ يۈز- كۆزى توپا، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چېچى پاخپىيىپ كەتكەن، بۇ قانداق ئىستىل؟ بۇنىڭ بىلەن كىمنى ئالدايسىلەر؟ ئۆز ئەۋلادىڭلارنى، ئۆزۈڭلارنى ئالدايسىلەر! ئوقۇتىۋاتقان بالىلىرى بىلەن كارى يوق، ھە دەپ كۆرەڭلەيدىغان مۇئەللىم كىمگە ئوخشايدۇ؟ ئۆزىنى ياساشنىلا بىلىپ، قازىنىنى يۇمايدىغان ياسانچۇق خوتۇن كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئېچىدە: «خېنىمنىڭ قېشىنى كۆرۈڭ ،تاۋىقىنىڭ تېشىنى » دېگەن تەمسىلمۇ بار.

مەكتەپ ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشقا ئائىت ئىشلار ئاياقلاشقاندىن كېيىن، تەۋپىق كونسېرت تەييارلاش ھەققىدە گەپ قىلدى. ھەر قايسى مەكتەپلەردىن تەبئىي ئىقتىدارى بار ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، ناچشا- ئۇسۇل ۋە يىنىك سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاش، بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋىي ھاياتىنى بېيىتىش توغرىسىدا تاپشۇرۇق بېرىلگەنىدى. بۇنىڭ ئورۇنلىنىش نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوقۇتقۇچىلار تاللانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانكىتىنى مەتىلى ئەپەندىگە تاپشۇرۇدى. ئانكىتتا شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يېشى، جىنسى، سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەنىدى.

”تۈپلانتى“ ئاخىرلىشىپ، يىغىن ئۇيۇشما مەجلىسخانىسىدىن چىقىۋاتقاندا سابىت مەتىلى ئەپەندىگە سۈۋۈشۈپ كېلىپ، تاھىر خەلپەتنىڭ گۈلزادىلەرنىڭكىگە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ۋە تويىنىڭ ۋاقتىنى بېكىتكەنلىكىنى پىچىرلاپ ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا سەن بىلەن ماڭاي، ئوغلۇم، مەشۇقىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تويىنىڭ بەزى ئۇششاق ئىشلىرىنى كېلىشەي، — دېدى ئۇ. سابىت بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىش ئۈچۈن ئاتقا مىنمىدى،— خوش، تاھىر

خەلپەت ئەلچى بولۇپ كىرگەندە قىز تەرەپ نېمە دەپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ پاراڭ باشلاپ.

— ئۇلار تاھىر خەلپەتنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. مۇشۇنداق بىر كاتتا ئادەم بىزنىڭ قىزىمىزغا راست ئەلچى بولۇپ كەلگەندىمۇ ياكى گەپ ئالماقچى بولۇپ دەپ بېقىۋاتامدىغاندىمۇ دەپ ھەيران ھەم گۇماندا بولۇپ نېمە دەرىنى بىلمەي قاپتۇ. كېيىن ئويلاپ كۆرسە راستەك. ئاخىر ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىمۇ ئارىلىشىۋاتقان ئىش تۇرسا تاھىر خەلپەتنىڭ كەلگىنى قانچىلىك ئىشتى، راست، قىزىمىز ئىناۋەتلىك ئىكەن، دېيىشىپ، خېلى گىدىيىپ، قوشنا- خولۇملىرى ئالدىدا ماختانغۇدەك دەسمىيگە ئىگە بولغاندەكمۇ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ،— سابىت قولىدا غاڭزىنى ئويناپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— قارىغاندا مەن ئۇلار بىلەن ئاسانلا كېلىشەلەيدىغان ئوخشايمەن- دە،— دېدى تەۋپىق مەمنۇنىيەت بىلەن، — مەن بۈگۈن تويىنىڭ رەسمىيەتلىرى توغرۇلۇق پۈتۈشكىلى بارماقچىمەن. تويلۇق، ئۇ تەرەپكە قويىدىغان، بۇ تەرەپكە قويىدىغان دېگەندەك زۆرۈرىيەتسىز نەرسىلەرنى ئازايتىش كېرەك. ئۇلارنى مۇشۇ ئىشقا ماقۇل كەلتۈرىۋالساملا بولاتتى.

— ھەي تاڭ، بۇ ئىشقا كەلگەندە تەس بولارمىكىن، بۇنى قىزنىڭ ئىناۋىتى، ئادەمگەرچىلىك دەپ چۈشىنىدىغان تۇرسا...

— بىز سېنىڭ مەشۇغىڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىناۋىتىنى شۇنداق كۆتۈرىمىزكى، ھەممە ئادەم تاڭ قالىدۇ. بىراق، ئۇلار ئويلىغاندەك تويلۇقنى كۆپ ئېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىھۇدە چىقىمنى كۆپ قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، تويىنىڭ شاد- خۇرام، داغ-دۇغىسى بىلەن شۇنداق قىلىمىز.

سابىت ئىچ- ئىچىدىن شاتلىنىۋاتقان، ئىنتىزار بولىۋاتقان بولسىمۇ، يۈرىگىنىڭ تىپچەكلىشىنى زورىغا بېسىۋالدى. بۇنداق ھېسياتلارنى ئۇستازى بىلەن ئورتاقلىششتىن خىجىل بولاتتى. شۇڭا زۇۋان سۈرمىدى.

— سابىت، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك توي ھەققىدىكى سۆھبەتنى توختىتىپ، گەپنىڭ ماۋزۇسىنى ئۆزگەرتتى، — ئالدىمىزدىكى تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارغا چۆچەك، قوشاق، ناخشىلارنى توپلاشنى تاپشۇرۇق قىلىپ بېرىش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىمىزنى يىغىۋېلىشنى ئويلاۋاتىمەن، بۇنى كېلەركى ”توپلانتى“ كۈنى مۇئەللىملەرگە ئۇقتۇرماقچىمەن، سېنىڭچە بۇنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولار؟

— ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، جۇما، ھېچ بولمىسا يېرىمى يارامىلىق بولۇپ چىقسىمۇ بەك كۆپ نەرسە بولۇپ كەتمەمدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، خەلق ناخشا-قوشاقلىرىنى ئابدۇراخمان ئىككىڭلار رەتلەپ چىقساڭلار، چۆچەكنى سەيپىدىن، ئەمەت مەخسۇملارغا يۈكلىسەك بولارمۇ؟ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقارلارسىلەر؟

— ئابدۇراخماندا گەپ يوق، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىشى قانداق بولاركىن، — سابىت تاتىنچاقلىق بىلەن شۇنداق دېدى.

— ئابدۇراخماننىڭ قولىدىن كېلىشى راست بولسا ساڭىمۇ ئىشەنچ قىلىۋېرىمىز. ئوغلۇم، ھېلىمۇ مۇھەببەت بېيىتلىرىنى يېزىپ تۇرىۋاتامسەن قانداق؟

— مەن نەدىمۇ شېئىر يازالايمەن، بۇرۇن شۇنداق گاھىدا تاتىلاشتۇرۇپ قوياتتىم. ھازىر ئىشنىڭ كۆپلىكىدە چولامىمۇ تەگمەيدۇ. ھەم، — سابىت گەژگىسىنى تاتىلاپ، ئوڭايسىزلىق بىلەن شۇنداق دېدى.

— شائىر ھېچقاچان بىكارچىلىقتىن شېئىر يازمايدۇ، شېئىر دېمەك بىر خىل ئوت، ھېچ بولمىسا ئىشتىياق ئوتى، سەن ئاۋۋال ۋاقت تېپىپ، ئاندىن شېئىر تاپمايسەن، بەلكى ئاۋۋال شېئىر تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى خاتىرلىۋېلىش ئۈچۈن ۋاقت تېپىلىدۇ. يەنى، سەن شېئىرنى يازمايسەن، شېئىر سېنى يازدۇرىدۇ. خۇددى ھامىلدار ئايالنىڭ تەۋەللۇق ۋاقتى كەلگەندە تۇغۇشقا ۋاقتىم يوق دەپ كېچىكتۈرۈلمىگەندەك، كىمنىڭ يۈرىكىدە ئىجاد پەرزەنتى بولسا ئۇمۇ جەزمەن ۋاقت تاپالايدۇ. ۋاقتىم يوق، شېئىر يازالمايۋاتىمەن دېگەنلەردە

ئەسلىدە ئىجاد پەرزەندى — ئىجادى ھېس، شائىرانە ھېس يوقتۇر. بۇنداقلار ئەمەلىيەتتە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان لايغەزەللەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى ”ۋاقىت يوق“لىقى بىلەن ياپماقچى بولىدۇ. ئەجەبا، ساڭا ئوخشاش يۇرتىكىدە ئوتى بار يىگىتمۇ ئاشۇنداقلارنىڭ سۆزىنى ئۇگىنىپ قالدىڭمۇ؟ ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

سابىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەك خىجىل بولدى. ئۇ تارتىنچاقلىقى تۈپەيلى ئەنە شۇنداق رەسمىيەت سۆزلىرىنى قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۇستازىنىڭ سۆز قامچىلىرى ئاستىدا قىلىپ راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— مەنغۇ بىكار تۇرغىنىم يوق. بىراق، ئۇ نەرسىلەرنى شېئىر دېيىشكە بولامدۇ، بولمامدۇ، بىر گەپ- تە.

— ھەرىكەت- بەرىكەت دېگەن گەپ بار، بىكار تۇرمىساقلا بىر گەپ بولىدۇ. ئون پارچە شېئىرنىڭ ئىچىدىن بىرسى بولىدىغان بولسىمۇ مەيلىغۇ، ئەگەر شۇ بىرسىنىلا يازىمەن، توققۇزىنى يازمايمەن دېسەك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىز تۆۋەنلەپ كېتىپ، شۇ بىرسىگىمۇ ئېرىشەلمەيمىز. دەل ئاشۇ توققۇز مەشق بولغىنى ئۈچۈنلا، بۇ نەتىجە بولغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. دۇنيادا مىۋىلا بولۇپ، يوپۇرماق چىقارمايدىغان ئۆسۈملۈك بارمۇ؟ ھامان مىۋىگە قارىغاندا يوپۇرماق كۆپرەك بولىدۇ، شۇنداقلا يوپۇرماق بولغاچقىلا مىۋە ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتىغا ئىگە بولغان. بۇغداينىڭ دېنى يالىڭاچ ھالدىلا ئۆسۈپ يېتىلەلەمدۇ؟ پايىسى، يوپۇرمىقى بولىدۇ، شۇڭا دېنىدىن سامىنى كۆپ بولىدۇ. پەقەت دانىنىڭلا بولىشى، سامانىنىڭ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلغىلى بولامدۇ؟

ئارىدا بىردەم سۈكۈت ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن سىلىشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئابدۇراخمان ئىككىڭلار پۈتۈنلەي ئىككى دۇنيا- دە! — دېدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ تارتىنمايدۇ. ھەر قانداق سورۇندا ئۆز پىكرىنى يورغىلىتىشقا تىرىشىدۇ. سەن بولساڭ ئۆزۈڭدىنمۇ تارتىنىسەن، يېقىندا ئابدۇراخماننىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ باقتىم. ھەر ھالدا مەن ئۇنىڭغا بەك

چوڭ ئۈمىد باغلايمەن. كەلگۈسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئابدۇراخمان دېگەن بىر ئىسىمنىڭ ئالاھىدە ئورۇنغا يېزىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئۇنىڭدىن قالسا ساڭىمۇ زور ئۈمىد باغلاپ يۈرىمەن. ھايات دېگەن قانداق ئۆتكۈزىمەن دېسەڭ شۇنداق ئۆتىدىغان نەرسە. ھەر ھالدا جىددى ياشاش كېرەك. پائالىيەتكە تولغان ھايات قىسقا بولسىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈرگە تەڭ.

سابىت سەلدىن كېيىنلا پەس ئاۋازدا:

— مەنمۇ سىزگە بىر نەرسىلىرىمنى كۆرسىتىشنى ئويلايمەن، شۇ... — دېدى. ئاندىن قوشۇپ قويدى، — سىزنىڭ ئالدىراشچىلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر ئىش تېپىپ بېرىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ...

— مانا، ھەقىقىي ئۇيغۇر خاراكتېرى! — دېدى كۈلكىدىن كېيىن چوڭقۇر تىنىپ،— رەھىمدىللىك، يۇمشاق كۆڭۈل، ساددا ئويلايدىغان ئۇيغۇر! سەن مانا مۇشۇنداق، ئۇيغۇرنىڭ تىپى سەن، — ئۇ سابىتنىڭ يەلكىسىنى يېنىككە قېقىپ قويدى.

ئۇلار بوستانغا كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ چاغدا ۋاقىت نامازشام بولغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، بوستان مەسچىتى تەرەپتىن شام نامىزىغا ئەزەن ئېيتىلدى.

— ئاۋۋال مېنىڭ كەپەمگە بېرىپ، ئاندىن قايتارسىڭىزدا بۇ يەرگە كىرەمسىز، يا...؟ — دەپ سورىدى سابىت گۈلزاردىلەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە.

— ياق، ئوغلۇم، مەن ئاۋۋال ئىشنى پۈتتۈرەي، ئاندىن ئۆيۈڭگە بارىمەن. بۈگۈن سەن بىلەن مۇڭدىشىپ قونماقچى بولۇپ كېلىۋاتىمەن. يەنە كېلىپ خېلىدىن بېرى ھېلىقى كىچىك دوستۇم ئابلەقنى يوقلىيالمىدىم، بەلكى ئۇ مېنى دوستلۇققا يارىمايدىكەن دەپ قالغاندۇر، ئەتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىمەن، خەير، مېنى كۈتۈپ تۇر.

سابىت ئۇستازىنىڭ يېنىك ھەرىكەت بىلەن گۈلزادىنىڭ ھەگىنە[1] دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن يولىنى داۋام قىلدى.

## 2

تەۋپىق ئەل ئايىقى جىمىققاندا بوستاندىن قايتىپ كەلدى. سابىت دەرۋزىنى تاقىماي ھويلا سۇپىسىدا يامپاشلاپ كۈتۈپ ياتاتتى. شۇڭا دەرۋازا ھالقىسى شىرىقلاش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ دەرۋازىغا قاراپ چاپقان بولسىمۇ، ئۇ بۇياققا قەدەم ئېلىپ بولغۇچىلار تەۋپىق ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئاتىنىڭ ئۇزەڭگە بېغىنى سابىتقا بېرىۋېتىپ، تەۋپىق:

— ئۇخلاۋەرمىگىنىڭنى قارا، — دېدى ئۇ سابىتقا تەنبىھ بېرىپ، — مېنىڭ خۇشخەۋەرىمگە شۇنچە تەشنا بولۇپ كەتتىڭمۇ ياكى مېنى ھويلىغا كىرەلمەي قالىدۇ دېدىڭمۇ؟

- ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۇخلاي دېسەممۇ ئۇيقۇم كەلمىدى، — ئۇنىڭ قولىدا يەنە ھېلىقى غاڭزا باردى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇخلىماپسەنۇ، بىراق، قولۇڭدا نە كىتاب، نە دەپتەر يوق.

— كىتاب ئوقۇسام مېڭەمگە چۇشمىدى، بىر نەرسە يازاي دېسەم قولۇم بارمىدى. ئۆزۈممۇ بىكارلا ۋاقىت ئۆتكۈزۋاتقىنىم ئۇچۇن پۇچۇلۇنۇپ ياتتىم.

— شۇنداقمۇ؟ راست، بۇ توغرا گەپ. ئادەمنىڭ شۇنداق چاغلىرى بولىدۇ. مەنمۇ بەزىدە ئاشۇنداق بىر نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزىۋېتىمەن. ئۇنداق بولسا يېتىۋېلىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى تەۋپىق ياز كېچىسىنىڭ تىنىق ئاسمىنىغا قاراپ قويۇپ.

— بىر نەرسە يىمەمسىز؟ ....، — سابىت تارتىنچاقلىق بىلەن سورىدى.

---

① ھەگىنە دەرۋازا — ئۇستى تەرىپى شادىلىق دەرۋازا (شىۋە سۆز)، — ئا.

— ياق، رەھمەت. مەن سېنىڭ شېرىنىڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن تامىقىنى يەپ كەلدىم، ئەمدى ئارام ئالغاچ سېنى خۇشال قىلىدىغان ھېكايەمنى باشلىسام بولىدۇ.

سابىت ئىنتايىن بەختىلىك تۈيغۇلارغا چۆمۈلگەنىدى، ئۇ ھەم مۇھەببەتنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ھەم ئۇ مۇشۇ دۇنيادا ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئۇنىڭ بوران ھەۋۋلاپ تۇرىدىغان، جىم- جىت قەۋرىستاندەك ئۆيىدە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ قونۇپ قالماقچىدى. شۇڭا ئۇ تۇتقان قويغىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ھەتتا يېتىپ ئۇخلاش ئۈچۈن چۈشەك سېلىش كېرەكلىكىنىمۇ ئەقلىگە كەلتۈرەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. ھويلىدا ئىللىق كېچە ھاۋاسىدىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغان تەۋپىق ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سەل پەملەپ، ئۇنىڭدىن توۋلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۆيدە نېمە قىلىۋاتىسەن، ئوغلۇم؟

— ئورۇن سالاي دېگەنىدىم...

— قارا سېنى، تومۇزنىڭ كۈنىدە ئۆينىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ كەل، بۈگۈن ھويلىدا سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ، ھاشارەتلەرنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ ياتايلى، ماڭا بۇنداق ئامەت كەمدىن- كەم نېسىپ بولىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان،... ئەمما شامال ئول- بول چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ...

— ۋاي پەمسىزەي، مەن، نېمە شامال كۆرمىگەن، تۆردىن چۈشمەي چوڭ بولغان بايۋەچچىمىدىم؟ مەيلى، تەبىئەتنىڭ ئازادە ئۆيىدە ياتايلى. ھەي، سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ ساددىلىقى! — سابىت تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى ھەم ئاشۇنداق كېلىشمىگەن ھەرىكەتلەر بىلەن، يوتقان كۆرپىلەرنى ھويلا سۇپىسىغا تۇشۇشقا باشلىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىگە خاس چاققانلىق بىلەن سابىت يەنە بىر قۇچاق يوتقان- كۆرپە ئېلىپ چىققۇچە، بىر ئورۇننى سېلىپ بولدى. ھەم كېيىنكىنىمۇ جايلاشتۇرۇپ كەتتى. سابىت يە تەكەللۇپ قىلىشنى، يە چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇستازىنىڭ قولىدىن يوتقاننى

ئېلىپ ئۆزى سېلىپ كېتىشنى بىلمەي جايىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق تومتاق، يوسۇن بىلمەيدىغان، مۇلايىم، سىلىق گەپلەرنى قاملاشتۇرالمايدىغان ئاجايىپ مىجەزلىك بولۇپ قالغىنىدىن ئۆكۈنەتتى.

تەۋپىق يوتقاننى سېلىپ بولۇپ، سابىتقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— ئەمىسە ياتايلى، ئوغلۇم. سەنمۇ ھارغانسەن، — دېدى ۋە تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يوتقان ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئالدىرىماي، تارتىنغان ھەرىكەتلەر بىلەن كىيىمنى سېلىۋاتقان سابىتقا قاراپ ئىچىدە ئويلىدى: ”سەندىن ياخشى، بەلكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي خادىم چىقىدۇ، ئەمما سەن ياخشى كۈن كۆرمەيسەن - دە، ئوغلۇم. ساڭا ئوخشاش ئادەملەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە خام، جاھان رەپتارىغا چۈشەنمەيدىغان، باشقىلارغا ئۇن- تىنسىز ياخشىلىق قىلىدىغان، ئەمما قىلغان ئىشىدىن ماختىنىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان كېلىدۇ. شۇڭا باشقىلار سەندىن پايدىلىنىپ بولۇپلا سېنىڭ مەۋجۇتلىقىڭنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. بۇ ھال ساڭا ھار كېلىدۇ. لېكىن يەنىلا تېشىڭغا چىقىرالمايسەن، بەلكى بۇ ئارقىلىق مۆجىزە يارىتىش ئىرادەڭ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئېغىز پالۋانلىقىنى ئەپلەشتۈرەلمىگىنىڭ ئۈچۈن ھېچكىم سېنىڭ نەتىجىلىرىڭنى كۆرمەيدۇ. ھامان راست گەپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن زىيان تاتىسەن... “

— ئوغلۇم، ئۇلار مېنىڭ جىمى تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. توينىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئاددىراق قىلىدىغان بولدۇق، بىراق مەن شۇنداق ئاجايىپ بىر توي قىلىشقا ۋەدە بەردىمكى، كىشلەر ئۇزاققىچە ”گۈلزادە بىلەن سابىتنىڭ تويىدا... “ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قالىدۇ. نەغمە-ناۋاسى، ئۇسۇل- ساماسى كۆپ، چىقىمى ئاز توي بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىز تەرەپنىڭ خالايىق ئالدىدىكى ئىناۋىتى ئۆسكەن، ھەر ئىككى تەرەپ كۆپ چىقىمدار بولمىغان، توي بولىدۇ، قانداق، بۇ خۇشخەۋەر سېنى خوشال قىلغاندۇ؟

— ھەئە.

”باشقىلار بۇنداق چاغلاردا ئون تاغار شېرىن – شېكەر سۆزلەر بىلەن رەھمەتلەرنى ياغدۇۋېتەتتى. لېكىن سەن، ئوغلۇم، بۇنداق گەپلەرنى

ئەپلەشتۈرەلمىگىنىڭ ئۈچۈن ئاددىلا، ھەئە دېدىڭ. ئەمما، كۆڭلۈڭدە ھېچكىم دېيەلمەيدىغان رەھمەت سۆزلىرىنى دەۋاتقىنىڭ ماڭا ئايان“ دەپ ئويلىدى تەۋپىق ئاندىن:

— سىلەرنىڭ تويۇڭلار مۇشۇ مۇھىتتىكى تويلارنىڭ ئۈلگىسى بولىشى چوقۇم، بىراق، ئىككىڭلارنىڭ ئائىلىۋى مۇھەببىتىمۇ ئۈيغۇر ئەر-خوتۇنچىلىقى ئۈچۈن ئۈلگە بولمىسا مەن سىلەردىن رازى ئەمەسمەن. ئىككىڭلار ئۆز ئارا يول قويۇشۇپ مەڭگۇ ئىناق ئۆتۇڭلار. كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن بىر- بىرىڭلارنىڭ ئابروينى تۆكمەڭلار. ھە دېسە، ”خوتۇن يەڭگۈشلەيدىغان“ ئۇدۇمنى چۆرۈپ تاشلاڭلار. ۋاپاسىزلىقنى خۇدامۇ يامان كۆرىدۇ.

— ھەئە، ئىم ... — سابىت تارتىنىش ئىچىدە شۇنداق تاۋۇش چىقىرىپ جاۋابقا ھېساب قىلدى.

— قارا، ئوغلۇم، يۇلتۇزلارمۇ بىز تۇرىۋاتقان يەرگە ئوخشاش غايەت چوڭ شار جىسىم، شۇنداقمۇ؟ بىز ئۇنى مەڭگۇ باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا تەييار بولغان دەرسلىكتىنلا يادلاپ يۈرىۋەرسەك بولمايدۇ. بىزمۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ سىرىنى ئېچىشقا قاتنىشىشىمىز كېرەك. مەن مۇشۇنداق زور ئىشلارنىڭ ئۈمۈدىنى باغلاۋاتقانلارنىڭ بىرسى سەن. ئاشۇ مەخسەتكە يىتىش ئۈچۈن ساڭا خاتىرجەملىك كېرەك. بىلىشىڭ كېرەككى، مۇھەببەت پاجەسى ئادەمنى ئەڭ ئاسان كېرەكتىن چىقىرىدۇ. سەن ئاشۇ غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرىمەن دەيدىكەنسەن، رەپىقەڭ بىلەن ئىناق، ئىللىق مۇناسىۋەتنى ساقلا، ئارىغا كوڭۇلسىزلىك چۈشۈرۈپ قويۇۋۇشتىن ئېھتىيات قىل. ئەمما كۆڭۈلسىزلىكلەر ھاياتنىڭ مەنىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئېلېمىنت ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا مەيۈسلىك ئاستىدا قالىدىغان ئىش چىقىدۇ. شۇڭا ھەممىگە چىدا، ئادەمدە چىدام، غەيرەت، ئۈمىدۋارلىق بولىشى كېرەك. ھەممىنى ئاشۇ غايە ئۈچۈن قۇربان قىلىش كېرەك. مانا شۇ چاغدا قىيىن ئىشمۇ، قۇرقۇنۇچلۇق نەرسىمۇ بولمايدۇ. كىشلەرنى تومۇزنىڭ ئۇزاق كۈنلىرىدىمۇ ئاچلىق ۋە

تەشنالىقتا چىداپ روزا تۇتۇشقا ئۇندەۋاتقان نەرسە ئەنە شۇنداق ئېتقادتۇر. ئەگەر سەن ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن چوقۇم ئۆچمەس خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك غايە بولىدىغان بولسا ھەم بۇ غايىگە ھەممىنى بويسۇندۇرساڭ، سېنى نېمە قورقىتالايدۇ؟ نېمە تالدۇرالايدۇ؟ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۈچ بارمۇ؟

سابىت ئۇنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلگەنىدى. ئاندا- ساندا بىلىنەر- بىلىنمەس سالقىن يوپۇرماقلارنى شىلدىرلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنداق چاغلاردا سابىتنىڭ ئاللا نېمىگە تەشنا بولىۋاتقان يۈرىكى سەگىگەندەك بولۇپ قالاتتى. ئېتىزلىق تەرەپتىن سۈچى دېھقاننىڭ يېقىملىق ناخشىسى كېلەتتى. تېخىمۇ يىراقىراق بىر جايدا بىرسى نەي چالاتتى. بۇ سادالار كېچە جىمجىتلىقىدا شۇنچىلىك مەيىن، لەرزان ئۆزۈپ يۈرەتتى.

— يۇقىرىدا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن بىر مۇھىم مەخسەت ئۈچۈندۇر.- دېدى تەۋپىق ئېغىر خۇرسىنىپ، بىر مەھەل سۈكۈتتىن كېيىن بىردىنلا، — بۇ مەخسەت — ھۆرلۈك، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى! بىلەمسەن، ئوغلۇم، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خورلۇق، ئەڭ زور پەسكەشلىك، ئەڭ چوڭ قۇربان بېرىش، ... قۇللۇقتۇر. شۇڭا ھۆرلۈك ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ زور، ئەڭ زور قۇربانلارمۇ ئەرزىمەستۇر. بىلەمسەن، بىر مىللەتتە ھۆرلۈك بولمىسا ئۇنىڭ تەرەققىياتى بولمايدۇ. ھەممە ئىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خۇددى بىزنىڭ جەننەتكە كىرىشتىكى قىلسىرات كۆۋرۈكىمىز. شۇنىڭدىن ئۆتكەندىلا بىزدە نۇرلۇق ئىستىقبال بولىدۇ، ھەممە بولىدۇ.... ئەگەر خۇدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ساداقىتىنى سىنىغاندەك مېنىڭ ساداقىتىمنى سىناپ ئاندىن بۇ مىللەتكە ھۆرلۈك بېرىدىغان ئىش بولسا يۈز ئوغلۇم بولغاندىمۇ كۆزۈمنى مىت قىلماستىن ھەممىنى ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇزلىغان بولاتتىم...

سابىت ۋۇجۇدىنى نېمىدۇر كۆيدۈرىۋەتكەنلىكىنى، ھېلىھەم بىر چوغقا ئايلىنىپ يېلىنجاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ يۈرەككە نەقىش بولۇپ ئويۇلىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن جىم-جىت قۇلاق

سالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆرلۈك ھەققىدىكى سۆزلىرى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى، شۇنداقلا بۇ ئوبرازلىق سۆزلەر تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئېڭىدىكى "ھۆرلۈك" نىڭ ئورنىنى بىراقلا نەچچە مىليون نۇر يىلى مۇساپىسىدە ئىگىزگە-يۈكسەكلىككە كۆتۈرىۋەتتى.

ئاردىن خېلى ئۇزاق ۋاقت ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇ تەرەپتىن ئاۋاز چىقمىدى. سابىت بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ۋە يېقىنراق سوزۇپ قاراپ بېقىپ تەۋپىقنىڭ يەڭگىل پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ تېنىمىسىز ئىشلەيدىغان بۇ ئاجايىپ كىشىگە چىن يۈرىكىدىن قايىل ئىدى. ئۇ بىر كۈن ئىچىدە قانچىلىك يول ماڭدىغاندۇ؟ قانچىلىك ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ھارغىن تېنى ئارام تاپسۇن، ئەتە يەنە خىزمەتنىڭ قاينىمىدا ئۈزسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچىگە كەلسۇن... سابىت باشقا بىر يوتقان ئېلىپ چىقىپ ئۇستازىغا ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى. ئاندىن يەنە بىردەم تىڭشاپ بېقىپ، ئويغىتىۋەتمىگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۆز ئورنىدا ياتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ شېرىن خىياللارنىڭ ئەللىيىدە ئۇخلاپ قالدى.

## 3

فولكلور توپلاش تاپشۇرۇق بېرىلگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار تەتىل قويۇۋېتىلدى. بىراق تەۋپىق تەتىلدىمۇ ئوخشاشلا ئالدىراش ئىدى. ئۇ يېقىندا توي قىلىدىغان بولغاچقا مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەرنى داۋاملىق يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشنىڭ ئەپسىز تەرەپلىرى باردى. شۇڭا ئۇ مەھمۇد سىجاڭغا خەت يېزىپ، ھازىر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك "ئىزچىلار" قوشۇنىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەرنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە ھاجەت قالمىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەتنى نىمەتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇنغا تۇتقۇزۇپ:

— ياخشى - يامان دېيىشكەن بولساقمۇ كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىڭلار، سىلەرنى سەبداشلىرىڭلاردىن ئۇزاق ئايرىۋەتتۇق، ئەمدى بۇ خەتنى ئالغاچ سىجاڭنىڭ ئالدىغا قايتىڭلار، — دېدى.

ئىككى جەڭچى تولىمۇ مەيۈسلەندى. تەۋپىقتىن ئايرىلغۇسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. تەۋپىق ئۇلارغا ئۇزىتىش چېيى بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويدى.

— قەشقەرگە بارسىڭىز بىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئەستىن چىقارمىغايسىز، — دېدى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنگەندىن كېيىن:

— ئەلۋەتتە، بىزنىڭ دوستىلىقىمىز ئادەتتىكىچە ئەمەس، سىلەرنى يوقلاپ تۇرۇش مېنىڭ قەررزىم، ھەم پەررزىم، — دېدى تەۋپىقمۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا.

جەڭچىلەرنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىن ئۇ كۆڭلىنىڭ ئاللا قەيەردە نىمىدۇر بىر نەرسە سوغىرىۋېلىنغاندەك بوشلۇق ھېس قىلىپ، كۆزىنى كەتكەنلەر تەرەپتىن ئالالماي قالدى. ئۇزىتىشتا بىللە بولغان ئۇيۇشما خادىملىرىغا ئۆرۈلۈپ قارىيالمىدى. ئۇ شۇ تەقلىتتە تۇرۇپ:

— ئېلاخۇن، مېنىڭ ئېتىمنى ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.

ئېلاخۇن ئاتنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا باشقىلارغا قارىمايلا ئاتنى مىنىپ، جەڭچىلەر كەتكەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈشنى ۋە قول پۇلاڭشىتىشنى ئىستىگەن ئىدى. بىراق مەشھەدتىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، قايتىپ كېتىشكە نىمىشكىدۇر كۆڭلى ئۇنىماي، ئېتىنى بويامەت تەرەپكە بۇرىدى.

ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇگىمەس سوئاللىرى ۋە جانغا تېگىدىغان كۆيۈنۈشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەيپىياتنى ياخشىلاپ، ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئاكىسىنىڭ سوئال نەزىرىدە قارىشىغا جاۋابەن خوشال كەيپىياتتا:

— سىزگە توينىڭ خۇشخەۋرىنى يەتكۈزەي دەپ كەلدىم. يىتىملارنىڭ توي ئىشى ئوڭۇشلۇق ھالدا روياپقا چىقتى. ئەتە توينى ئۆتكۈزىمىز،— دېدى ھەم توينىڭ ۋۇجۇتقا چىقىش جەريانىنى جانلىق ھىكايە قىلىپ كەتتى.

— نېمە، سەن ئۆزەڭنىڭمۇ توي قىلىش ئالدىدا تۇرغىنىڭنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ قانداق؟ — دەپ سوربدى ھەيران بولغان نىزامىدىن ئاتنى باغلاۋېتىپ، ئاندىن پىشايۋان سۇپىسىغا — ئىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — ھەدەپ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى خىيالىڭدا يوقتەك خەقنىڭ ئىشى بىلەن ئالدىراپ يۈرسەن. يا سەن بىلەن مەسلىھەت قىلىشقا پۇرسەت بولمىدى، ئاۋۋال ئۆزۈڭ خاتىرجەم بولۇپ، ئاندىن خەقنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرساڭمىكىن؟

— نېمىشقا خەقنىڭ ئىشى دەيسىز؟ بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، ئاكا، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنىمۇ ئېسىمدىن چىقارغىنىم يوق، بىراق بۇ ئىشنى مەن سىزگە تاپشۇرغان، مەيلى قانداق قىلىسىڭىز قىلىڭ، نەتىجە توي بولىدىغان بولسىلا بولىدۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم يەنە نىمىگە كېرەك؟ سىز تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل سالاھىيىتىدە ئۆزىڭىز بىلگەندەك قىلىۋېرىڭ. ئەمدى، ئاۋۋال ئۆزۈمنى خاتىرجەم قىلىش، ئاندىن باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىشقا كەلسەك، قەتئىي بولمايدۇ. مەن پەقەت بىرلا مەسلىھەت بېرەي، مېنىڭ تۇيۇمنى تەتىلنىڭ ئاخىرىغىراق بەلگىلەڭ، سابىتنىڭ تويى ئەتىلا بولىدۇ. يەنە بىر گەپنىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، مېنىڭ غېمىمنى قىلىدىغان سىزدەك ئاكام بار، ئەمما ئۇنىڭ بىزدىن باشقا كىمى بار؟

— سەن،... ئۇنداقتا ھازىرلا بىر ياققا ماڭىدىكەنسەن ـ دە؟

— شۇنداق، مەن سابىتنىڭ ساۋاقداشلىرى ۋە ئىزچىلاردىن بىر ئۆمەك يىگىت قولدىشى تەشكىللەيمەن. بۇ ئۆمەكتە ئۇسۇلچى، سازەندە، ۋائىزلارنىڭ جىمىسى بولىدۇ. سىزمۇ ئەتە ئەتىگەندىلا بېرىپ توي ئۈستىدە تۇرۇپ بېرىڭ، ھەر قانداق زۆرۈر ئىشىڭىز بولسىمۇ قويۇڭ، يىتىملارنى خوش قىلىپ قويايلى.

— ماقۇل، مەن باراي، — نىزامىدىن ئىنىسىنىڭ قىزغىن كۆڭلىدىن ھەم سۆيۈنگەن ھەم مەسلىكى كەلگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەكلىۋىگە قوشۇلدى،— شۇنداق قىلىپ ئۆزۈڭنىڭ توي ئىشى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئاڭلاپ بېقىشقىمۇ چولاڭ يوقمۇ؟

— شۇنداق، ئاكا، مەن ھازىرلا مېڭىشىم كېرەك. مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىز قانداق قىلىدىغان بولسىڭىز سىزنىڭ ھېساب، مەن شۇنىڭغا قوشۇلىمەن. ئۇ گەپنى ئاچسىڭىزلا ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ گەپ ئۆزىراپ ئولتۇرۇپ قالىمەن. شۇڭا بىلگىنىڭىزچە قىلىۋېرىڭ.

— مەن سىدىقبەگنىڭكىگە بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم،...— دەپ يەنە گەپ تەشمەكچى بولدى نىزامىددىن.

— ئەمىسە ياخشى گەپكەن، مەنمۇ تاسادىپىيلا كەپ قالدىم، توي خەۋىرىنى دەپ قويۇشتىن باشقا بۇ يەردە ئىشىممۇ يوقىدى. مەشھەدكە بارىدىغان بولسىڭىز جابدۇڭ، بىللە ماڭايلى، — دېدى تەۋپىق، ئۇسسۇلۇقنى ئالدىراپلا كۆتۈرىۋېتىپ، — ماڭا دېگىنىڭىز كەپكەتكەن ئىشلارنى يولدا دەپ بېرەرسىز.

نىزامىدىن ئىلاجىسىز ئىنىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئاۋۋال بوياقخانىدىكى نىمكارلارغا زۆرۈر كۆرسەتمىلەرنى بەردى. ئاندىن زورىخانغا دەپ قويۇپلا ئىككىسى مەشھەدكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەشقەرگە مامۇتھاجىم ئالدىغا بارىدىغان ئىشلارنىمۇ پۈتكۈزۈپ بولغانىدى. ئەمدى ئىنىسىنىڭ توي ۋاقتى ھەققىدىكى تەلىۋىگە ئاساسەن، سىدىقبەگ بىلەن ئېنىق ۋاقت بەلگىلىشى كېرەك ئىدى. بۇندىن باشقا ئىنىسىدىن سوراپ جاۋاب بەرمەك بولۇپ، قالدۇرۇلغان مەسىلىلەرگە ئەمدى ئۆزى ئىنىسى ئورنىدا جاۋاب بېرىشىمۇ كېرەك ئىدى. يەنە تېخى ئىنىسى ئىنتايىن زۆرۈر ئىش قاتارىدا تۇتۇۋاتقان ئەتىكى تويغا سىدىقبەگ ئائىلىسىنى تەكلىپ قىلمىسا بولمايتتى.

.....

ئەتىسى نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئوغۇللۇق بولۇپ، قۇدىلارنىڭكىدىكى قازانغا قارىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا شورۇققا

كەلدى. تەۋپىق ۋە سابىتنىڭ قولداشلىرى بولسا سابىتنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، قىزلىق تەرەپتىن خەۋەر كۈتۈپ نەغمە- ناۋا بىلەن ئولتۇرۇشتى. تەۋپىق ئۆزىنىڭ سوغىتى سۈپىتىدە ئۆزى تۈركىيىدىن ئالغاچ كەلگەن كىيىم ئەندىزىسى بىلەن پىچىپ تىكىلگەن يېڭى پاسوندىكى تۆرت يانچۇقلۇق چاپان بىلەن ئۈچ يانچۇقلۇق شىمنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى تويى بولىدىغان يىگىتكە مۇۋاپىق ياساندۇردى. ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ يىرىك چاچلىرىنى تارىدى. شىلەپىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن كىيدۈردى. سابىتنىڭ يوغان بەستىگە بۇ ئۇستىۋاش بەكلا يارىشىپ، سەتلىكىمۇ بىلىنمەي قالدى. ئۇ بۇ كىيىمدە ئۆزىنى غەلىتە ھېس قىلىپ، ھەدەپ قولىنى يانچۇقىغا تىقاتتى ۋە غاڭزىنى تۇتۇپ قوياتتى.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن كەچقۇرۇن قىز كۆچۈرۈپ كەلگەندە ئالدىراپ قالماسلىق ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىقلارنى قىلىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. تويغا قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن كىرگەن قوشنا ئاياللار ئۆي ئىچىنى سەرەمجانلاش ۋە قىز كۆچۈرۈپ كېلىدىغانلارنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ”ھاردۇق ئېشى“غا تەييارلىق قىلىشقا، سابىتنىڭ يار بۇرادەرلىرىنى ھويلىنى يىغىشتۇرۇشقا، ئوتۇن يېرىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئىش تەگمىگەنلەر داۋاملىق دۇتار، تەمبۇر، داپلىرىنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇردى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن قىز كۆچۈرۈش ئۈچۈن بارىدىغان ئەرلەر ۋە ئاياللارنى بۇ ئۆيگە چاقىرىپ، تويىنىڭ ئايىقى چىقماس مەسلىھەتلىرىدىن بىر بۆلىكىنى قىلىشتى.

تەۋپىق يىگىتلەرگە ئابدۇراخمان شائىرنى باش قىلدى. ئۆزى چوڭلار بىلەن بىللە سابىتقا ئاتا سۈپىتىدە باراتتى. شۇڭا يىگىتلەرگە ئاخىرقى ئىشلارنى تاپىلاپ قويغاندىن كېيىن تاھىر خەلپەت قاتارلىق سابىتنىڭ قوشنىلىرى، ئۇرۇق- تۇققانلىرى بىلەن بىللە ئالدىدا كەتتى.

چۈشتىن كېيىنگە تەۋە بولغاندا يىگىتلەرنىڭ يولغا چىقىشىغا بىشارەت بولدى. ئۇلار ئىنتايىن تەرتىپ بىلەن، چوڭ سۈپەت مېڭىشىپ، بوستان تەرەپكە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ بۇنداق مېڭىشىمۇ ئىلگىرىكى ھەر قانداق تويدىكىگە ئوخشاشمايتتى. ئىلگىرى يىگىتلەرگە ئۇششاق باللارمۇ

ئارىلىشىۋالغان، يولدىن توپا- چاڭ توزۇتۇپ ئۇششاقلار چېپىشسا تەنتەكلىك بىلەن ئۇلارنى قوغلاۋاتقان، ئېغىزلاردىن يىگىتكە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقان ئەپسانە چاقچاقلارغا تۇرۇپ بولمايتتى. شۇڭا بۈگۈن تويدىن يانغان ياكى تويغا كېتىۋاتقان ئەر- ئاياللار يىگىتلەرنىڭ تەرتىپلىك سېپىگە ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس بىلەن قارىشىپ قېلىشاتتى. يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كىمدۇر سەپەرۋەر قىلىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىن قىزنىڭ ئۆيىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولغا قېنىق سۇ سەپتۈرۈۋەتكەچكە، يولمۇ پاكىز، توپا ـ چاڭ توزىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار قىزنىڭ مەھەللىسىگە ناخشا- ساز، ئۇسۇل- ساما بىلەن كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ ئاجايىپ سەنئەت ئەترىتىگە ئەگىشىپ مېڭىشتى. ناخشا- ساز ئاۋازى يېقىن ئەتراپتىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن چىللاپ چىقتى. تار ۋە ئەگرى- بوگرى يېزا كوچىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. شۇ ئارىدىن ئىختىيارى تەرتىپ باشقۇرغۇچىلارمۇ تېپىلدى، ئۇلار قىيا- چىيا قىلىشىپ يىگىتلەرنى ئورىۋالغان ۋە ھەدەپ ئالدىغا ئۆتۈشكە تىرىشىپ بىر- بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان توپقا ھاي- ھايلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ھەي، خالايىق، سورۇننى ئېچىۋېتىلى، بولمىسا نەدە ئۇسۇل ئوينايدۇ؟ ھوي، ئاكا، بۇ يەردە كىچىك بالا بارىكەن، كۆزىڭىزگە قاراڭ...

— ئارقاڭلارغا يېنىڭلار، مۇسۇلمانلار، يىگىتلەرنىڭ ئۆيگە كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، يول بېرىڭلار!

يىگىتلەر گۈلزادىنىڭ ھويلىسىغا ئەنە شۇ تەقلىتتە كىرىپ كەلدى. ھويلىدىكى قىز جۇگانلار چۇقۇرىشىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. چوكانلار كىچىك بالىلارنى ئاللىقاياقلارغا قوغلىۋېتىشتى. ھويلىدا دەرھال بىر سورۇن تەشكىللەندى. ئەر مېھمانلار ۋە ساھىپخانلار، ھويلىدىكى مېھمان كۈتكۈچىلەر بىردەملىك ھەرىكەتلىرىدىن توختاپ، پەشايۋان سۇپىسى ۋە ھويلا تېمى بويلاپ دائىرە بولۇپ ئولتۇردى ۋە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارقىسىدا بىر قاتار ئۆرە

تۇرۇشــتى. ھويلىنىــڭ ئوتتۇرىــسى بولــسا ئۇســۇل تاماشــا ئۇچــۇن كەڭــرى ئېچىۋېلىنىلغەن ئىدى.

مۇھەممەد قارى مەشرەپ دۇتارنى قولىغا ئالدى. قۇربان ئىبراھىم سۇنايىنى ياڭراتتى. داپنى مۇھەممەد قارى زەكى چالدى، بىرى راۋاب تارلىرىدىن جۇشقۇن ياڭراق سادالارنى چېچىشقا باشلىدى. قىسقىسى يېڭى سەنئەت ئەترىدى بۇ يەردە تۇنجى قېتىم ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە تەييارلانغانىدى. قۇربان جاپپار سازەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ ياڭراق، يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى. قالغان ئىرچىلار ئىككىدىن- تۆرتتىن بولۇپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇسۇلغا چۈشمىگەنلەر خالايىقنىڭ ئالدىنقى قاتاردا چۆرىدەپ تۇرۇپ، دەممۇ- دەم دوست تارتىشىپ ۋارقىرايتتى ھەم ھارغان ئۇسۇلچىلار بىلەن يەڭگۈشلىشىپ تۇراتتى.

نىكاھ ھەققىنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغان قازاخۇنۇممۇ تويدا ئىدى. ئۇ ئادەتتە چوڭ قازان ئېسىلىدىغان ھەر قانداق سورۇندىن قىسىر قالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن قارىشىپ ئولتۇرغانلارمۇ، ياندىشىپ ئولتۇرغانلارمۇ دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ. ئۇسۇل كۆرۈش ئۈچۈن گوۋۇلدىشىۋاتقان خالايىقنىڭ تويغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ ھال قازاخۇنۇمنىڭ "مۆتىۋەر"لىك شەنىگە تەگدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچە ھەمتاۋاقلىرىلا قالغانىدى.

— خۇدايا- خۇدۇۋەندەكىرىم، گۇناھكار بولۇشتىن ساقلىغايسەن! — دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ئۇنىڭ دۇشمەنلىككە تولغان ئىگىرىشىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان خوشامەتچىلەرلا ئاڭلىدى. ئۇلار قازاخۇنۇمغا مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئىللىق كۆرىنىپ قېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى.

— نېمە گەپ بۇ ئۆزى، قازاخۇنۇم؟ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ جاھان؟— دېيىشتى ئۇلار ئېغىزلىرىنى تامشىپ.

— بۇنىڭ ئۆزى گۇناھ! كۆرۈش، ئاڭلاشمۇ گۇناھ. ئىمانى كامىل مۇسۇلماننىڭ بۇنداق سورۇندا تۇرمىقى خاتادۇر!... قازاخۇنۇم مەدەت تاپقاندەك ئاۋازى ئۈنلۈك، غەزەپكە تولغان، بوغۇلۇپ خىرقىرىغان ھالدا چىقتى.

ئالدى تەرەپنى توسۇپ تۇرغان ئادەملەر هالقىسى سەل مىدىرلاپ ئىككى تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە ئارىلىقتىن بىر بوشلۇق ئېچىلدى. قازاخۇنۇم هەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتمەك بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىشىۋاتقان خوشامەتچىلەر ئاشۇ بوشلۇقتىن سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان تەۋپىقنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە بۇرىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەۋرىشىم بېلى ئۇنىڭغا قاراپمۇ سەل ئىگىلدى. سۇنئىي كۈلكىگە ئادەتلەنگەن چىرايىدا هېجىيىشمۇ پەيدا بولدى.

— بايا نېمە دېدىڭىز، قازاخۇنۇم؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق قازىغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايىدا بولىدىغان بىرخىل كۈلۈمسىرەش باردى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئىچىگە يەنە مەسخىرە مەنىسىمۇ يوشۇرۇنغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى بىلەن قازاخۇنۇمنىڭ بىر- بىرىگە تىكىلىپ قالغىنىنى سەزگەن بىر مۇنچەيلەن ئۇسۇلغا قارىماي ئۇلارنى نېمە دېيىشىدىكىن دېگەندەك بۇ تەرەپكە بويۇنداشتى. بۇ كۆزلەردە ”مەمتىلى ئەپەندى قازاخۇنۇمنى يېڭىۋەتىسكەن“ دېگەندەك تىلەك ۋە يەنە ”ئاخىرى يامان بولۇپ چىقمىسا بولاتتىغۇ“ دېگەندەك ئەندىشىمۇ باردى.

هاۋانىڭ ئىسسىق بولىشىغا قارىماي كېلەڭسىز ۋە ئېغىر تونغا ئورىنىۋالغان قازاخۇنۇم ئۇزۇن پەشلىرىنى سۆرەپ قولاشمىغان هەرىكەت بىلەن ئورنىدىن تۇرماقچى بولىۋاتقاندا تەۋپىقنىڭ تويۇقسىز سوئالىنى ئاڭلاپ هودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرى جامائەت ئالدىدا بىر قېتىم شەرمىسار بولغانىدى. يەنە بىر قېتىم بولۇش ئېهتىمالى ئۇنى قورقۇنۇچقا سالسا، يەنە ئاللىقانداق شۆهرەتپەرەسلىك بىلەن سۇغۇرۇلغان يوشۇرۇن ئۈمىد ئۇنى جانلاندۇرۇپ تۇراتتى.

— خوش؟...ـ دېدى ئۇ قايتىدىن جايىغا يۆكۈنۈپ، كۆزلىرىنى پارقىراتقان هالدا.

— هېلى ئۇسۇل- تاماشا هەققىدە بىر نېمە دېدىڭىزمۇ قانداق؟

— هە، بۇ ئۆزى، بىز، ئۆزى ماۋۇلار بىلەن،...ـ دېدى ئۇ ئەتراپىدىكى هەمتاۋاتاۋاقلىرىنى ئىشارەت قىلىپ ئىنجىقلىغان هالدا. بۇ گەپ بىلەن

خوشامەتچىلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاپ قويدى. ھەممە مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ يەنە بىر قېتىم ھىجىيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىدا بىر خىل ئارسالدىلىق، قايسى تەرەپكە تىۋىنىشنى بىلمەي ئىككىلىنىۋاتقانلىقتەك غەلىتە ئىپادە بار ئىدى. بۇنىڭ بۇ قانداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمىسەك ياخشىراق دېگەندەك روھى ھالەت بىلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق،— دېدى تەۋپىق قازىنىڭ كۆلكىلىك ھالىتىگە مەسخىرىلىك قاراپ،— شۇلار بىلەن نېمە دېيىشكەنلىكىڭىزنى ئوچۇقراق ئاڭلاپ باقماقچى ئىدىم.

— ھە، بۇ ئۆزىمىزنىڭ، مۇنداقلا...

— شۇنداقمۇ؟— دېدى تەۋپىق ئاشكارا مەسخىرە بىلەن،— يېڭىلىشمىغان بولسام بۇ بولىۋاتقان نەغمە- ناۋانى چوڭ گۇناھ دېگەندەك قىلدىڭىزمۇ ـ قانداق؟

— ھە، بۇ...بۇغۇ ئۆزى، گۇناھ سانىلىدۇ،...ـ قازاخۇنۇم ئەمدى گەپ يورغىلىتىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ئىقرار بولدى. ئەمما شۇئان يۈرىكى ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ، خالايىق ئالدىدا ئۆتكەنكى ئۆچىنى ئېلىپ، رەقىبىنى مەغلۇپ قىلماقچى بولدى.

— نېمە ئۈچۈن گۇناھ بولىدىغانلىقىنى، قانداق گۇناھ بولىدىغانلىقىنى، نەغمە- ناۋا، خۇشال- خوراملىقنىڭ قايسى تەرىقەتلەرگە دەخلىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ باقامسىز؟

قازاخۇنۇم بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئوتۇپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ھەم كۆڭلىدە: "چاشقاننىڭ ئۆلگىسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇرىقىنى چىشلەپتۇ، دېگەندەك، دېسەم ئۇنىماي كوچىلايسەن، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ شورى! " دەپ ئويلىنىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

— قۇرئاندىن قالسا ھەدىس ئۇلۇغ، شۇنداققۇ، تەخسىر؟— دېدى ئۇ سۆزىنى نېرىدىن باشلاپ،— بۇنى بىلىدىغانسىز؟

— بىلىمەن، سۆزلەۋېرىڭ، — تەۋپىقنىڭ چىرايىدا يەنىلا ئاشۇنداق بىر خىلدىكى كۈلكە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

— ھەدىس دېگەن جانابى رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك سۆزلىرى،— دېدى قازاخۇنۇم ئەزمىلىك بىلەن گەپنى ئۇزارتىپ،— ھەدىستە مۇنداق كەلگەن، جانابى رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: ”مېنىڭ ئۇممىتىمدىن زىنانى، يىپەك رەختلەرنى كېيىشنى، ھاراق ئىچىشنى، چالغۇ ئەسۋابلارنى ھالال سانايدىغان خەلقلەر چوقۇم مەيدانغا كېلىدۇ.“ مانا، — دېدى قازاخۇنۇم غالىپلارچە كۆرەڭلىك بىلەن ھەمدە ”ئەمدى نېمە دېيەلەيسەنكىن“ دېگەندەك قىلىپ، تەھدىت ئارىلاش قوشۇپ قويدى، — بۇ دېمەك ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان گۇناھ دېگەن گەپ!

تەۋپىق بىر قۇر سەپ سېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۇچكەن ئىدى. ئەمما ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن سۆز باشلىدى.

— سەھىھ بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردە يەنە شۇنداق بىر ھەدىسمۇ بار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تويدا نەغمە قىلىۋاتقان يەردىن ئۆتىۋاتقاندا ئۇنى چەكلىمەيدىكەن دەپ نەغمىنى توختاتقانلارغا قارىتا ”نېمىشكە چالمايسىلەر؟ چېلىۋېرىڭلار، تويدا ھېچ بولمىسا دۇمباق چېلىپ بولسىمۇ خالايىققا جاكالىماق كېرەك“ دېگەن. بۇ ھەدىسكە نېمە دەيسىزكىن تەخسىر؟

قازاخۇنۇمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇ ھەدىسنى ئىنكار قىلىپ، قارشى گەپ قىلالمايدۇ- دە! ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. بىراق، ئولتۇرۇۋېشىمۇ ئوڭايسىز ئىدى. چىقىپ كېتىش تېخىمۇ تەس ئىدى. بۇ دەل ”يولۋاسقا مىنىپ قېلىپ چۈشەلمەسلىك“ نىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇ ياقتىن كىمدۇر بىرى:

— مەمتىلى ئەپەندىنى تات، ئەپەندى بىر پەدە ئويناپ بەرسۇن!ـ دەپ ۋارقىرىدى. بۇنىڭغا ھويلىدىكى ئادەملەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ۋارقىراش بىلەن ئاۋاز قوشتى. بۇ چاغدا ئابدۇراخمانمۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇستازىنىڭ ئالدىغا

كېلىپ قالغانىدى. تەۋپىق ئاخىرىقى قېتىم پۇشۇلداپ ئولتۇرغان قازاخۇنۇمغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئۇسۇل سورۇنىغا بۇرالدى.

بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن قازاخۇنۇم دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كويىدا ئەتىراپىدىكىلەرگە:

— دېگەر ۋاقتى بولغاندۇر؟ ...- دېدى ۋە بۇ باھانە بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ، ئورنىدىن تۇردى. ھەمتاۋاقلىرى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

تەۋپىق ئابدۇراخماننىڭ تەكلىۋىگە باش ئىگىپ ئېھتىرام بىلدۇردى. كىشىلەر تەرەپ- تەرەپتىن چوقان سېلىپ، ئۇنىڭ بىردەم ئۇسۇل ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇھەممەد قارى مەشرەپكە:

— بوپتۇ، مەن ئويناي، موقام مەرغۇللىرىغا چال ئوغلۇم،— دېدى.

شۇئان ئەتراپتىن گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى لەرزان قەدەم ئېلىپ مەيداننى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى مەيداندىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قەدىمى شۇنچىلىك سىلىق، قوللىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىمۇ شۇنچە لەرزان ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ پىشايۋان ئالدىدا تۇرغان ئىزچىلاردىن بىرىگە:

— بىر پىيالە چاي ئېلىپ چىق،— دەپ پىچىرلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىزچى دەرھال بىر پىيالە چاي ئېلىپ چىقىپ تۇتۇپ تۇردى. تەۋپىق مەيدانى ئايلىنىپ ئۇسۇل ئويناپ بۇ يەردىن ئۆتەردە پىيالىنى ئېلىپ بېشىدا توختىتىۋالدى. ئۇنىڭ پىيالىنى ئېلىشى ۋە بېشىدا تۇرغۇزۇشىمۇ بىر خىل نەپىس ئۇسۇل ھەرىكىتى بىلەن قىلىنىپ، ھەرگىزمۇ رىتىم بۇزۇلمىدى. كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بېشىغا چاي بار پىيالىنى قويىۋېلىپ ئۇسۇلغا چۈشكىنىنى كۆرگىنىدە يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭراتتى.

تەۋپىق ئۇيغۇر ئۇسۇلىنىڭ بۇ ئاجايىپ تۈرىنى مۇتئەسسىپلىكنىڭ قورغانلىرى بىلەن قورشۇلۇپ، سەنئەتتىن مەھرۇم بولغان مۇشۇ ئادەملەرگە كۆرسىتىپ قويۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ بۇ ئۇسۇلنى تۈركىيىدە بىر قېتىم

ئويىنغاندا چەتئەللىكلەر، تۇركلەر ئۇنىڭغا ھەيران قېلىشقانىدى. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ بۇنداق ئۇسۇلنى تېخى ئويناپ باقمىغان ئىدى.

پىيالە مەيىن ئۇسۇل ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ تەۋپىقنىڭ باش چوققىسىدىن پىشانىسىگە قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى. تاماشىبىنلار نەپەسلىرىنىڭمۇ بوشراق چىقىرىشقا تىرىشقان ھالدا ئۇنىڭدىكى چاي تۆكۈلۈپ كېتىۋاتامدىكىن دېگەندەك قارىشاتتى. لېكىن چاي تۆكۈلۈش تۈگۈل چايقىلىپمۇ قويماي، سىلىق مىدىرلاپ، ئۇسۇلچىنىڭ قاڭشىرى ئۈستىگە كەلمەكتە؛ ئۇسۇلچىنىڭ بېشى بولسا قارشى يۆنىلىشكە—ئارقىغا قاراپ ئېگىلەتتى، قەدىمى بولسا سورۇننىڭ چېتىنى بويلاپ ئىلگىرىلەيتتى. پىيالە ئۇنىڭ قاڭشىرى ئۈستىدە بىردەم توختىغاندىن كېيىن يەنە ئارقىغا قايتىپ بېشى تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

— بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۇسۇلچى دەپ يۈرۈپتۇق، — دېدى تاماشىبىنلاردىن بىرى.

— شۇنى دەيمەن، بۇنداق سىلىق ئۇسۇل ئويۇنغاننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

—...

پىيالە دەسلەپكى ئورنىغا- باش چوققىسىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن يەنە بىردەم جايىدا تۇردى. ئەمما ئۇسۇلچىسىنىڭ قەدىمى مەيدان بويلاپ ئايلىناتتى. قوللىرى ئەۋرىشىم ئۇسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلايتتى. مۈرىسى، كۆكرىكىمۇ قول ھەرىكىتىگە ماس ھالدا لىغىرلايتتى. پىيالە ئەمدى ئۇنىڭ گەجگىسى تەرەپكە سۈرۈلۈشكە، ئۇسۇلچى بولسا ئالدى تەرەپكە بىلىنەر-بىلىنمەس ئېگىلىشكە باشلىدى.

كىشىلەر ئەمدى ئۇنىڭ پىيالىنى قەيەرگە ئاپىرىشىغا قىزىقىپ تېخىمۇ دىققەت بىلەن قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جىددىيلەشكەن ئېڭىدا گويا پىيالىنىڭ تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرۇشى ئۆزلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتەك بىر تۇيغۇ بىلەن "ئىختىيارسىز دىققەت"نى پەيدا قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار مىدىرلاشقىمۇ، چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قارىشاتتى. پۈتۈن

ئەتراپ جىم- جىت، پەقەت مۇزىكا ئاۋازىلا ئاۋالقىدەك يېنىك، لەرزان ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پىيالە ئۈسۈلچىنىڭ گەجگىسىگە چۈشۈپ، ئاندىن ئوڭ مۈرىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۈسۈلچىنىڭ قەدىمى بىلەن قوللىرىنىڭ جەينەكتىن تۆۋىنىلا ھەرىكەتتە ئىدى. بەدىنىنىڭ باشقا يېرى پىيالە ئۈچۈن تېنچلىق ساقلىماقتىدى. تاماشىبىنلار پىيالىنىڭ قانداق مېڭىۋاتقىنىغا شۈنچە قاراپمۇ ئاڭقىرالمايتى. ئاجايىپ- غارايىپ نەرسىلەرگە ئاسانلا ئىشىنىدىغان خۇراپىي ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا ”مەمتىلى ئەپەندى كارمەتچى ئوخشايدۇ... “ دېگەندەك غەلىتە خىيال پەيدا بولاتتى. ئەقلىي-ھوشى بىلەن قارىغاندا بەدەن ھەرىكىتى مەلۇم رېتىمدە پىيالىنى نىشانلىق سۈرىۋاتقىنى بىلىنەتتى. تەۋپىقنىڭ بېشى ئويناقلاپ تىك كۆتۈرۈلدى. ئوڭ قولى بولسا تەكشى ھالدا يانغا سۇنۇلۇپ، ھەرىكەتتىن توختىدى. چۈنكى ئەمدى پىيالە ئۇنىڭ ئوڭ بېلىكى ئۈستىدە ئالقىنىغا قاراپ ئاستا سىلجىۋاتاتتى. لېكىن سول قولى ھەرىكەتتە، پۇتلىرى بولسا مەيدان بويلاپ ئۈششاق چامدايتتى. ئۇنىڭ مەيدانىنى ئايلىنىشىدىمۇ بەلگىلىك قائىدە، رېتىم باردەك قىلاتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ مەيدانىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىشى پىيالىنىڭ بىر قېتىم توختاشتىن يەنە بىر قېتىم ئەسلى ئورنىغا قايتىشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئورۇنلىنىپ بولاتتى. ھەر قېتىم سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ”ساياھەتتىن قايتقان“ پىيالە باش ئۈستىدە توختايتى؛ سازەندىلەر ئالدىدىن ئۆتكەن ھامان پىيالىنىڭ يېڭى ”سەپىرى“ باشلىناتتى.

پىيالە تەۋپىقنىڭ ئوڭ ئالقىنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ساز چېلىۋاتقان شاگىردلىرىغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، لەرزان ھەرىكەت بىلەن پىيالىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ لىۋاھىدىنگە باقتى ۋە مەي ئىچكەنگە ئىشارەت قىلدى. ئاندىن يەنە مەيدان بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. پىيالىمۇ ئوڭ ئالقىنىدىن ”سەپەرگە“ چىقىپ قولىنىڭ بىلىنەر- بىلىنمەس يوقىرى كۆتۈرىلىشى بىلەن تەدرىجىي مۈرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشماقتىدى. پىيالە شۇ تەقلىتتە سول قولىنىڭ

ئالقىنىغا بېرىپ توختىدى. سەنئەتكار يەنە بىر قېتىم مەي ئىچكەننى دورىدى. ئاندىن يەنە پىيالە ئۇنىڭ بويىنىغا قايتىشقا باشلىدى.

كىمدۇر بىرى چاۋاك چېلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكىلەرمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك چاۋاك چېلىپ، ئالقانلىرى ئاغرىپ كەتكىچە شاۋقۇن سالدى. بۇ چاغدا پىيالە ئۇسۇلچىنىڭ گەجگىسىگە قايتىپ كەلگەن ۋە ئەمدى تۆۋەنگە— يېڭىچكە بەل تەرەپكە قاراپ سۇرۇلمەكتە ئىدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇسۇلچى پىيالىنى بەل تەرەپكە چۆشۈرۈش بىلەن بىللە مەيداننى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ كۆپچىلىككە تازىم قىلىپ ئۆتتى. بۇ ھەرىكەتمۇ مۇشۇ ئۇسۇل تۈرىنىڭ ئاخىرىغا مەخسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ئۇ تازىمدىن باش كۆتەرگەندە پىيالە دەسلەپكى ئورنىغا — ئۇنىڭ بېشى چوققىسىغا قايتىپ چىقىپ بولغان، ئۆزى بولسا ئۇسۇلغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئولتۇرغان ئورنىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ سىلىق، سىپتا ھەرىكەتلەر بىلەن بېشىدىكى پىيالىنى ئېلىپ، ھېلىقى ئىزچىغا قايتۇرۇپ بەردى- دە، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ يە تەرلەپ كەتمىگەن، يە جىددىيلىشىپ كەتمىگەننىدى شۇ چاغدا يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس- ئالقىش ياڭراپ كەتتى.

— يىگىتلەرنى ئۆيگە باشلايدىغان چاغ بولۇپ قالغانىدى،— دەپ پىچىرلىدى توي بېشى ئاستا تەۋپىقنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— شۇنداقمۇ؟ ساقلىتىپ قويۇپتۇق- تە،— دېدى تەۋپىق خىجىل بولۇپ ئۆزر ئېيتىپ،— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى،— ئۇ ئورنىدىن تۇرىشىغىلا سازەندىلەر چېلىشتىن توختىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى تېلىپ بولالمايلا قالغانىدى،— يىگىتلەر، ئەمدى داستىخانغا مەرھەمەت قىلىڭلار،— دېدى ئۇشاگىردلىرىغا قاراپ.

ئابدۇراخمان شائىرنىڭ باشلىشى بىلەن ئۇلار بىر- بىرلەپ ئۆيگە قاراپ مېڭىشتى. تەۋپىق ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزىۋەتكەندىن كېيىن، توي ئىگىلىرىگە قارىشىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەڭ كۆچلۈك شاۋ- شاۋ بولىۋاتقان يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ تويىنىڭ ئۆزگىچىلىكى تەۋپىق دېگەندەك بولدى، زۆرۈرىيەتسىز چىقىملار قىسقارتىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان گەپ- چۆچەكلەر تويىنىڭ نەغمە- ناۋا ساداسى ئىچىدە بېسىلىپ قالغانىدى. كىشىلەرنىڭ دىققىتى بۇ تويغا ئەڭ- ئەڭ كاتتا ئادەملەرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى، تويىنىڭ تەنتەنىلىك بولىشى جەھەتتە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بۇرىلىپ كەتكەچكە، پىتنىخورلارمۇ بۇ تويىنىڭ ئاستىرتتىن ئىنتايىن ئاددىي بولغانلىقىنى ھېس قىلىشالمىغان، ئەكسىچە بۇ تويىنى بەك قالتىس بولۇپ كەتتى دېگەن تونۇش بىلەن ھەسەت قىلىشقا باشلىغانىدى. قىزنىڭ تويلىقىنى كۆرسىتىش ئادىتى قىلىنمىدى. بەزىلەر تويلۇق كۆرمەك بولۇشقانىدى، تەۋپىق ئورۇنلۇق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ:

— بەربىر ئۇنى كېلىن كېيىدۇ، سىلەرگە نېمە پايدىسى؟ كۆرمەكچى بولساڭلار كېيىن قىزنىڭ ئۈچىسىدا كۆرىسىلەر، — دېۋىدى، كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپ، راستىنلا بۇ ئادەتنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى، تويلۇقنىڭ خەق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىشىپ، ئېغىزلىرىنى يۇمۇشتى.

قازاخۇنۇم ھېلىقى پېتى قايتىپ كىرمىگىنى ئۈچۈن نىكاھ سەل كېچىكىپ قالدى. كىشىلەرگە ئادەت بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن باشقا موللىغا ئوقۇتۇشنى قاملاشمايدىغاندەك ھېس قىلىشىپ، ئۇنى كۈتۈپ بىر ئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. بەزىلەر قازاخۇنۇمنى باياتىنقى ئىزاغا چىدىماي كېتىپ قالدى، ئەمدى ئىككىنچى جامائەت سورۇنلىرىدا كۆرۈنمەيدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. بىراق، قازاخۇنۇم يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن توي ئىگىلىرى نىكاھ ھەققىگە ئاتاپ ئېلىپ چىققان گەزمال، پۇل ۋە قاتلىما ئارىسىغا ئېلىنغان گۆشنى تەۋپىقە قازاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا قويۇشقا سۇنۇۋىدى، تەۋپىق بۇ نەرسىلەرنى قازاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا قويمىدى.

— نىكاھ ئوقۇپ قويغىنىڭىز ئۈچۈن رەخمەت، قازاخۇنۇم، — دېدى ئۇ تەبئىي تەمكىنلىكى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى ئاختۇرۇپ

ئالاق - جالاق بولىۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلىپ، — ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئاتىغان ئازراق نەرسى باريكەن، — دېدى ئۇ قازاخۇنۇمنىڭ ھەمداسقانلىرىغىمۇ كۆز يۇگەرتىپ،— بىراق، سىزلەردەك كاتتا، ئۆلىما ئادەملەر بۇ نەرسىلەرگە قاراشلىق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزلەر پۇل- مال ئۈچۈن ئەمەس، ساۋابلىق ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان ئادەملەر،— شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئەلبەتتە، شۇنداق، بولۇپمۇ قازاخۇنۇم...

— مەنمۇ شۇنداق چۈشەنگچكە، سىزلەرنى بۇنچىلىك نەرسىگە قاراشلىق بولمىغاندىكىن بۇ نەرسىلەرنى يېتىم- يېسىرلارغا بېرۋەتسەكمىكىن دەپ ئويلاپ تۇرىمەن. باشقىلارغا ساۋاب يولىنى كۆرسەتكۈچى ئادەم ئۆزىمۇ شۇ يولدا ماڭماي قالامدۇ، قانداق دېدىم. تەخسىر؟

— شۇنداق،...ـ قازاخۇنۇم ھەممىدىن قۇرۇق قالغانلىقىنى پەملەپ ئەلەم بىلەن خىرىلدىدى.

— ئەھلى ئۆلىما ئادەم مانا سىزلەردەك قولى ئوچۇن بولۇپ، ئاۋامغا ياخشى ئۈلگە بولسا، ئاۋامنى ئىنساپ، ديانەتكە ئۈندەشمۇ ئاسانلا گەپ، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، شونداق...

— ئەمىسە، سىزلەرگە يەنە بىر قېتىم ساھىپخانلارغا ۋاكالىتەن رەخمەت ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلىڭ، دۇئا قىلىپ بېرەمسىزكىن؟

قازاخۇنۇم كۆزلىرىنى ئەتراپقا ھولۇققان ھالدا تىكىپ، ئىلاجسىز دۇئاغا قول كۆتەردى.

— ئامىن!...ـ ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ زەئىپ چىقتى،— ئاللاھۇ ئەكبەر!ـ ئاخىرى بولسا غەزەپ ئارىلاش تەنىلىك چۈشتى.

— ئاغرىنماي قايتارسىلەر.

— ئاغرىنامدىغان...

قازاخۇنۇمغا ”قولداش“ بولۇپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىپ، ئازاراقتىن نەپكە ئېرىشىپ تۇرىدىغان سوخەنچىلەرمۇ تەڭلا قوزغىلىشتى، ھەممىسىنىڭ كۆزىدىن ئەلەم بىلىنىپ تۇراتتى. تەۋپىق ھويلىغا چىققاندا ئۇلارنىڭ

كۆزىچىلا ئۇلارغا ئاتالغان نەرسىلەرنى يىتىم- يېسىرلارغا تارقىتىشقا باشلىدى.

ئۇ ئابلەقنىڭ ئاتىسىنى چاقىرىپ قازاخۇنۇمغا قويۇلغان تونلۇقنى، قاتلىما ئارىسىغا ئېلىنغان گۆشنى بەردى.

— قازاخۇنۇمغا رەخمەت دەپ، بۇلارنى ئېلىڭ. ئابلەققە كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىڭ. بۇنىسى تويىنىڭ نېمىتى، ئېغىز تەگسۇن، ئالغاچ كېتىڭ، — دېدى ئۇ.

قازىغا ئاتالغان پۇلنى يەنە بىر تۇل خوتۇنغا بەردى. قازىغا ئەگىشىپ قازان ماراپ يۈرىدىغان سۇخەنچىلەر ئۈچۈن راسلانغان پارچە پۇل، قولياغلىق، كۆينەكلىك قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ باشقا كەمبىغەللەرگە تارقىتىپ بەردى ۋە:

— ئۆلىمالىرىمىزغا رەخمەت دەڭلار، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ بۇ نەرسىلەرنى سىلەرگە ئۆتۈندى،— دەپ ئاۋۇلارنىڭ ئاچچىقىنى پەسەيتتى.

بۇ ئىشمۇ بىر يېڭىلىق بولۇپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈردى. تويىنىڭ ھەيۋىتىنى، ئىناۋىتىنى ئاشۇردى. كىشىلەر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، غېرىپلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى.

بۇ چاغدا يىگىتلەر دۇئا قىلىپ قوزغىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا تەۋپىقنى مېھمانخانا ئۆيگە چاقىرىشتى.

دۇئادىن كېيىن يىگىتلەر ھويلىدا يەنە بىر پەس نەغمە- ناۋا قىلىشقاندىن كېيىن، ناخشا- قوشاق، نەي- راۋابلارنى ياڭراتقان ھالدا ھويلىدىن كوچىغا ئاقتى. ھويلىدا تىقما- تىقما بولۇشۇپ تۇرغان خالايىقمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى قىز يۆتكەش ئۈچۈن تەۋپىق ئېتىنى بېرىپ، ئۆزى ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مويسىپىتلەر بىلەن پىيادە كەتتى.

يىگىتلەرنىڭ شاد- خۇرام توپىدىن كېيىن گۈلزادىنىڭ گىجىم رومال ئېچىدە يىغلاپ، يەڭگىلەر ئارىسىدا ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يىگىتلەردىن بىرى سابىتنى نوقۇپ تۇرۇپ كۆرسەتتى. بۇ ھال سابىتقا ئالاھىدە بىلىندى. دەرۋازا ئالدىدا قىزنى ئاتقا مىندۈرۈشتى. ئۇششاق

بالىلارنىڭ سۈرەنلىرى ئىچىدە ئات يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى. كەپسىز بالىلار ئاتنى ھۈركىتىش ئۈچۈن باشلىرىدىكى بۆكلىرىنى ئات ئالدىغان ئاتتى. ئاتنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئايالالار ئەنسىرىگەن ھالدا بالىلارغا ۋارقىراپ پوپۈزا قىلاتتى. بىرلىرى ئاتقا ۋە يەڭگىلەرگە توپا چىچىپ قاچاتتى. بىرسى كوچىنىڭ تار يېرىگە پاخال دۆۋلەپ ئوت قويىۋەتكەنىدى. قورۇق ئاجىز ۋىلىلداپ تۇرغان، كۆلگە كۆمۈلگەن يالقۇن ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتتى.

يىگىتلەر سابىتنىڭ ھويلىسىغا قايتىپ كېلىپ توي نەغمىسىنى باشلىۋېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن ئايالالارنى ۋە كېلىننى كىرگۈزمەستىن قوشنا ئايالالار ئىشكنى تاقىۋېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن قىيا-چىيا باشلىنىپ، ئايالالارنىڭ سۆزلەپ تالمايدىغان تىللىرى ئۈچۈن تۈگمەس باھانە تېپىلدى. بىر ھازا سالا- سۈلھەدىن كېيىن ئىشىك تاقىۋالغان ئايالالارنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولۇپ ئىشىك ئېچىۋېتىلدى. كېلىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى، ئۇنى ئاتقا مىندۇرۇپ كەلگۈچىگە ئوغۇل تەرەپ تارتۇق قىلىدىغان چەكمەن قويۇلدى. ئادەت بويىچە ئاتقا بىر چىنە گۈرۈچ بېرىلدى.

ئەمدى ھويلا ئىچى قايناپ كەتتى. قىزلىق تەرەپتىن كەلگەن ئايال مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن تەييارلانغان ھاردۇق ئېشى بېرىلگەچكە ئايالالار بىر- بىرىگە يول بەرمەستىن سۆزلەپ ۋە تېنىمسىز ئۇياقتىن- بۇياققا مېڭىشاتتى.

بۇ چاغدا يىگىتلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ نەغمە- ناۋاسى بىلەن يېزا ئاتمۇسفېراسىنى تولدۇرىۋاتاتتى. خىيالچان بولۇپ ئۇسۇل كۆرىۋاتقان سابىت بىرسىنىڭ:

— قورقۇۋاتامسەن، شۇكلەپ كېتىپسەنغۇ؟— دېگەن ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ مەھەممەد قارىغا تىكىلدى. مەھەممەد قارى ئۇنى چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، كۆڭلىنى ئاچماقچى ئىدى.

— نېمىشكە قورقۇدۇ، ئاخماق؟— دېدى ئابلىمىت قارى ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ.

— ھەر ھالدا...دەيمىنا، — دېدى مەھەممەت قارى كۈلۈپ.

— كۆيۈشۈپ مۇرادىغا يەتكەنلەر مۇشۇلار بولغاندىكىن خوشاللىقتىن يۈرىكى سالىدۇ- دە،— دېدى ئابدىراخمان مەھەممەد قارىنىڭ گېپىنى ياساپ.

— خوشلۇقتىنمۇ تولا بۇ ئاداش قورقۇۋاتقاندەك تىم- تاسلا بولۇپ كېتىپتۇ،— دېدى مەھەممەد قارى يەنە ھەزىلە قىلىپ.

شۇ چاغدا ھويلىغا مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق چوڭلار يېتىپ كېلىشتى. يىگىتلەر ئۇرۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

. . . .

# ئون ئۈچىنچى باب

## 1

يازلىق تەتىل ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرگە تولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزغىن فولكلور توپلاش ئىشى بىلەن بولدى، سابىت تېخىمۇ بەختلىكراق، تېخىمۇ ئالدىراشراق ئىدى. ئۇ باشقا سەبداشلىرىغا ئوخشاشلا ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرلۇق توپلاپ كەلگەن قوشاق، چۆچەكلەرنى رەتلەش، تەھرىرلەشتىن تاشقىرى گۈزەل ئايالغا خەت ئۆگىتىشكە باشلىغانىدى. ئۇ گۈلزادىنىڭمۇ ساۋاتلىق بولۇپ كىتاب ئوقۇشى، شېئىرلارنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشىنى ئىستەيتى. شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تىل بارلىققا كېلەتتى.

بۇ يېڭىدىن ۋىسالغا ئېرىشكەن بەختىيار ئەر - خوتۇنلارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخس مەمتىلى ئەپەندى ئىدى. ئەگەر خۇدانىڭ بەندىلىرىگە ياغدۇرىدىغان مېھرى- شەپقەتلىرىنى ئېلىپ بۇ ئادەم يېتىپ كەلمىگەن بولسا ئۇلارمۇ ئىلگىرىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئاشىق- مەشۇقلارغا ئوخشاشلا ۋىسال تەشنالىقى بىلەن زارلىنىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلاردا بۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل مېھىر- مۇھەببەت قوزغالغانىدى.

سابىت  تەۋپىق بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۇستازىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر گەپكە دىققەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنكى تەسىراتى، ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئۆيگە كېلىپلا خاتىرىلەپ قوياتتى. ئۇ ئۇستازى ھەققىدە مۇپەسسەل تەرجىمە ھال يېزىپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ سىرتتىن كىرگەندە ھامان گۈلزادە ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاۋۋال:

— مەمتىلى ئەپەندىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورايتى. ئەگەر سابىت كۆردۇم دېسە گۈلزادىنىڭ سوئاللىرى كۆپىيىپ كېتەتتى، تەۋپىقنىڭ نېمە دېگەنلىكى، نېمە قىلغانلىقى، نەدە بولغانلىقى قاتارلىق جىمى ئىشنى بىلگۈسى كېلەتتى، ئەگەر سابىت ئۇنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتسا ئۇنىڭ بەختىيار چېھرىسىگە غەمكىنلىك سايە سالاتتى.

—كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراپ كەلگەن بولسىڭىزچۇ،— دەيتتى ئۇ.

سابىت سۆيۈملۈكىنىڭ قەلبىدىكى ساداقەتنىڭ بۇنداق ساددا ئىپادىسىدىن ھەم كۈلكىسى كېلەتتى، ھەم تەسىرلىنەتتى- دە، يوغان بەستى بىلەن قىزنى چۆجىنى قامالىغاندەك قۇچاقلاپ كۆتۈرىۋېلىپ، ئامراقلىق بىلەن ئەركىلىتەتتى. گۈلزادە ئېچىلىپ كۈلگىنىچە:

— سىزنىڭمۇ خېلى ئىشىڭىز باركەن. مەن تېخى سىزنى گەپ قىلىشنىمۇ ئۇگىنەلمەي كېتەمدىكىن دەيتتىم، — دەپ چىقىشاتتى.

—بىلەمسەن، مەمتىلى ئەپەندى ھەمىشە: شائىرنىڭ قەلبىدە ئوت بولىدۇ، بۇ ئوت ئىشق ئوتى. مانا شۇنداق ئوت بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ شېئىر يازىدۇ. دېمەك ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ھېسىياتچان، ئىشقۋاز كېلىدۇ. دەيدۇ، مېنىڭمۇ ساڭا قىلغۇاتقان ئىشقىۋازلىقىم تېخى يۈرىكىمدىكىڭنىڭ ھەممىسى ئەمەس،— سابىتمۇ ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا خېلى كۆپ سۆزلۈك بولۇپ قالاتتى، ھەتتا دائىملا يانچۇغىغا بېكىنىۋېلىپ غاڭزىنى ئويناپ تۇرىدىغان قولىنىمۇ چىقىرىپ، ناتىقلاردەك قول ھەركىتى بىلەن قىزغىن سۆزلەپ كېتەتتى.

— ھەممىسى ئەمەس؟ ئەمىسە قالغىنى قېنى؟

— قالغىنى ئاشۇ شېئىرلاردا.

— ئەمىسە ماڭا ئوقۇپ بېرىڭ.

شۇنىڭ بىلەن سابىت گۈلزادىگە بېغىشلانغان لىكىرىلىرىنى ئوقۇشقا باشلايتى. ئارقىدىن گۈلزادىگە خەت ئۈگىتەتتى. بەزى- بەزىدە ئابلىمىت قارى بىلەن مۇھەممەت قارى ئۇنى ئىزلەپ كېلەتتى.

— ۋۇي، نېمانداق نىمىسەن؟ — دەيتتى مۇھەممەد قارى ئىشكتىن كىرە- كىرمەيلا— توي قىلىپلا ئۇۋاڭدىن چىقالماس بولدۇڭغۇ؟ بىز زېرىكىپ ئۆلەيلى دېدۇق، سەن بولساڭ خاتىرجەم...

— ئۇگىنىپ قاپتىكەنمىز، ئۇچىمىزدىن بىرەيلەن بولمىساقلا زېرىككەندەك بولدىكەنمىز،— دەپ ئۆزىنى ئاقلىغاندەك دەيتى ئابلىمىت قارى يېڭى كېلىندىن سەل قورۇنۇپ .

— ئەمسە نېمىشكە ھەر كۈنى كەچتە ئولتۇرۇپ كەتمەيسىلەر؟

—كۈننى كەچ قىلالماي كۆزۈڭلار تۆرت بولىۋاتقاندا بىز كېلىپ يېرىم كېچىكىچە ئولتۇرىۋالساق سەت كۆرىنىپ كېتەرمىزمىكىن دەيمىزدە،— دېدى مۇھەممەد قارى.

— ئەمسە بۇگۈن نېمىشكە كەلدىڭلار؟— سابىت قىزىرىپ كېتىپ سورىدى. بۇ چاغدا گۈلزادە ئۆي ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇگۈن نېمە بولسا بولسۇن، دەپ كەلدۇق- تە، تىللىساڭمۇ ئىچىڭدە تىللارسەن.

— تاپشۇرۇقنىڭ گېپىنى قىلساڭلارچۇ، تۈزى يوق چاخچاقنى قىلىۋېرىدىكەنسىلەر، — دېدى ئابلىمىت قارى تەقەززالىق بىلەن.

— ئەمدى قىلساقمۇ بولىدۇغۇ، ئابلىمىت؟ سابىت بىلەن چېقىشىپ كۆڭلۇمنى ئېچىۋالغىنىم يامان كېتىپتىمۇ؟

— بولدى كاسىلداۋەرمەي، ئاله، رەتلىگەن نېمىلىرىڭنى سابىت كۆرۈپ باقسۇن.

ئۇلار ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن توپلانغان چۆچەك ۋە ناخشا-قوشاقلىرىنى سابىتقا كۆرسىتىشتى. ئۇلار ئۆز قوللىرىدىكى توپلانمىلارنىڭ ھەممىنى ئېلىپ، ئۆز ئاراسېلىشتۇردى. ئوخشاشلىرىنى چىقىرىۋەتتى. ئۆز ئارائالماشتۇرۇپ تەكشۈرۈش بىلەن ھەرخىل ۋارىيانتلارنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەلراقى تاللىنىپ بېكىتىلدى.

— بىزنىڭ كېتىشىمىزنى تىلىمەيۋاتقانسەن؟— مۇھەممەد قارى پات-پاتلا شۇنداق سوئال بىلەن چاخچاق ئارىلاشتۇرۇپ تۇراتتى.

— ياق، تېخى بالدۇر،— سابىت قىسقا ھەم تۇزلا جاۋاب بېرەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، بىز ئالدىراپ كەتسەكمۇ پايدىسى يوق، تىزىمىزنى قۇچاقلاپ ياتماقتىن باشقا گەپ بولمىسا...

— مۇھەممەد قارى! سەنمۇ تازا... بىر نېمىكەنسەن، دەيتى ئابلىمىت قارى،— ئايال كىشى بار يەردە ھەر قىسما گەپلەرنى قىلماسلىق ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ ئىشى.

— ۋاي، تەقۋادارەي، ئېتىكاپتىلا ئولتۇرساڭچۇ، بۇ يەردە ساڭا ئورۇن يوق. يەڭگىمىز ئىچكىرىدە، ئاڭلىمايدۇ.

—ئەگەر ئىككىڭلار بۇ يەردە ئورتاق ئىشلار، ئورتاق سۆھبەتلەر ئۈچۈن كەلمىگەن بولساڭلار، ھەر قاچان، باشقا جايدىمۇ تالىشىشقا پۇرسەت تاپالايتىڭغۇ؟— دېدى سابىت ھەزىل قىلىپ.

—كۆڭلىمىزگە يېڭى كېلىننىڭ كۆزىگە نېمە كۆرۈنىۋاتقاندىمىز دېگەن ۋەسۋەسە چۈشۈپلىپ، خاتىرجەم ئولتۇرالماي، يە كەتكىمىز كەلمەي، ئارىسالدى بولۇپ قالغان ۋاقتىمىزادا مانا شۇنداق ئالاقىسى يوق گەپلەر چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ دېمەك بىزگە قايتىدىغان چاغ بولدى. دېگەن سۆز.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سابىت ھەر قانچە تۇتسىمۇ، يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى. مۇھەممەد قارى ئاغزى تىنماستىن سابىت بىلەن چىقىشاتتى. بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئۇنى يەنە گۈلزادىنىڭ مېھرىلىك كۆزى، زىلۋا قەددى ئەسىر قىلغۇچى سېھىر بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بىر ھازا شېرىن سۆھبەت داۋام قىلاتتى.

** ****

ئەنە شۇنداق، سابىتنىڭ كۈنلىرى ئەڭ كۆڭۈللۈك، ئەڭ بەختلىك ۋە ئەڭ مەنىلىك ئۆتمەكتىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بەختنىڭ مەست قىلغۇچى كەيپى بىلەن بولۇپ ئۆزىنى تاشلىۋەتكىنى يوق. ئۇ بۇ جەريانىدا ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى رەتلەپ چىقتى.

بۇ شېئىرلار دىۋاننىي ئۇستازىغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالماقچى، لېكىن، ئۇستازىغا كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى ساۋاقدىشى ئابدۇراخمانغا بىر قېتىم كۆرسىتىپ بېقىش پىكرىگە كېلىپ قالدى. ئۇ "ئەتىلا ئىشتاچىغا بېرىپ كېلەي، تەتىلدىن بېرى دوستلار بىلەن ئۇچراشماپتىمەن. كۆرۈشۈپ بىردەم-بېرىم دەم پاراڭلىشىپ كېلەرمەن" دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاللىقاچان تاتلىق ئۇخلاپ كەتكەن مەھبۇبىسىنىڭ يۇزىگە يېقىنراق ئېڭىشىپ ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىسىنى بىردەم تاماشا قىلدى.

## 2

سابىت ئىشتاچىغا كەلگەندە ئابدۇراخماننىڭ ئايالى ئۇنىڭ تېجەنگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇ بىر بولسا قۇناجىمنىڭ ئۆيىدە، بولمىسا موللائېزىز دامولللامنىڭ ئۆيىدە. ئىشقىلىپ ئابدۇغوپۇر، ئەمەت مەخسۇملار بىلەن بىللە، — دېدى.

يولنى ئارتۇق ماڭغىنى ئۇچۇن ئۇز - ئۆزىگە كايىپ، تېجەنگە كەلدى. دوستلارنى موللا ئېزىز دامولللامنىڭ ئۆيىدىن تاپتى. بۇ يەردە يەنە لىۋاھىدىن، مەھەممەد قارى مەشرەپلەرمۇ باردى. ئۇلار سابىتنىڭ كەلگىنىدىن بەك خۇرسەن بولدى.

— بىز ساڭا بالا ئەۋەتەيلى دەپمۇ ئويلىغان، بىراق كاككۇكنى زەينەپتىن، پەرھادنى شېرىندىن... بىر كۈن جۇدا قىلىپ گۇناھكار بولۇپ قالارمىزمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدۇق،— دەپ چاخچاق قىلدى ئابدۇراخمان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن سېنى ئىزلەپ ئىشتاچىغا بېرىپ يېنىشىم،— دېدى سابىت ئۇنىڭ چاخچىقىغا تۇزلا جاۋاب بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، يانچۇقىدا غاڭزىنى ئويىنغاچ.

— دېمەك، سابىت ئابدۇراخماننىلا ئىزدەپتىكەن- دە! — دېدى ئەمەت مەخسۇم چېقىشىپ.

— ھەئە، ئابدۇراخماننى ئىزدىدىم. ئۇنىڭغا بىر ئىشىم بارىدى،— دېدى سابىت ئەمەت مەخسۇمنىڭ سۆزىدىكى ھەزىلنى بايقىماي.

— ھەقىچان بۇ يەردىن ئۆتكەنسەن، نېمىشكە بىزنىڭ ئۆيگە ياكى بۇ ئۆيگە كىرىپ ئۆتمىدىڭ؟— دېدى ئابدۇغۇپۇر، ساددا دوستىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ،— كىرىپ ماڭغان بولساڭ نەچچە چاقىرىم يولنى كەمرەك ماڭماتتىڭ، خوش، قېنى ئۇسسۇزلۇق ئىچ.

— بايا چاخچاق قىلغانىدىم،— دېدىم ئابدۇراخمان،— بىز ساڭا بالا ئەۋەتكەنىدۇق، ئەمدى گېپىڭدىن مەلۇم بولدىكى، سەن ئىشتاچىغا يېتىپ بولغان چاغدا بىز ئەمدىلا سېنى چاقىرغىلى ئەۋەتكەن بالا بۇ يەردىن قوزغالغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇچرىشالماپسىلەر، خەير، مەيلى، قانداقلا بولمىسۇن كەلدىڭ.

ئۇلار پېشايۋان سۇپىسىدا باراڭنىڭ راھەتبەخش سايىسى ئاستىدا ياز نېمەتلىرىگە ئېغىز تەككەچ ئولتۇرشاتتى. ئۇلار سابىت كىرىشنىڭ ئالدىدىكى سۆھبەتلىرىنى داۋام قىلماق بولۇپ، لىۋاھىددىن گەپ باشلىغان پۇرسەتتە، ئابدۇراخمان ئاستا سابىتنىڭ يېنىغا سۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن پىچىرلاپ سورىدى:

— مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەنتىڭ؟

— باشقا بىر ئىش كېيىن دېسەممۇ بولىدۇ،— دېدى سابىت شېئىرلىرىنى بۇيەردە ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن خىجىل بولۇپ.

— بولمىسا باققا كىرىپ سۆزلىشىپ چىقايلىمۇ دېدى ئابدۇراخمان ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ياق، ئۇنچىۋالامۇ مۇھىم ئەمەس، بىكار ۋاقتىمىزدا دېيىشسەكمۇ بولىدۇ،— دېدى سابىت، — ساڭا كۆرسىتىدىغان بىر نېمە بارىدى...

— دېسەم - دېمىسەم بىر پارچە شېئىر، ئۇنى بەلكىم ئاخشاملا يازغانسەن، يەنە كېلىپ ئۇ شۇنداق گۈزەلكى، ھاياجىنىڭنى باسالماي قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ئاندىن بىز بىلەن ئورتاق زوقلىنىشنى لايىق تاپتىڭ، شۇنداقمۇ؟

— بىر پارچە ئەمەس...، — دېدى ئۇ بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلەشكە باشلىغاچ، قولىنىڭ ئالقىنىدا بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۈرتۈپ.

— ھە، ئىككى؟ بەش؟ ۋۇي، بۇنى ھەممەيلەن بار يەردە دېيىشكە بولىدىغان ئىشتەك تۇرىدىغۇ؟ نېمىشكە ماڭىلا، يەنە كېلىپ كېيىن ئايرىم دەيدىغان گەپ، دەۋالدىڭ؟

— سىلەر نېمە پىچىرلىشىپلا كەتتىڭلار؟ بەلكىم بىزمۇ ئاڭلاپ باقساق بولىدىغاندۇ،— دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ،— دېدى ئابدۇراخمان تەنتەنە بىلەن،— دوستىمىز سابىت ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىندا يازغان بەش پارچە شېئىرىنى — شۇنداقمۇ دوستۇم؟ — بىزنىڭ زوقلىنىشىمىز ئۈچۈن ئېلىپ كەپتۇ.

— بەش پارچە ئەمەس، جىق، بۇ يەردە ئوقۇپ تۈگەتكىدەك ئەمەس، شۇڭا سىنىلا كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— ئەھە، دېمەك شېئىرلار دىۋانىڭ ئىكەن- دە؟ نېمىشكە بالدۇراق مۇنداق دېمەيسەن.

— مەن شېئىرلىرىمنى ئەپەندىگە كۆرسىتەي دېگەنىتىم، شۇڭا ئاۋۋال سېنى بىر كۆرۈپ باقسا ئوبدان بولامدىكىن دەپ ئويلاپ، شۇنى ئېلىپ كەلگەنىدىم،— سابىت قوينىدىن دەپتەر قىلىپ تىكىلگەن شېئىرلىرىنى ئېلىپ ئابدۇراخمانغا بەردى.

— بۇنى نېمىشكە ماڭا ئايرىم كۆرسەتمەكچى بولىسەن، پەمسىز، بۇ دېگەننى كۆپچىلىك مۇھاكىمىلە قىلسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئابدۇراخمان.

— بايىلا بۇنداق گەپ دېسەڭ بولمامدۇ، ئاغىنە، — دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— سابىتنىڭ يەنە بۇرنىنىڭ ئۈچى تەرلىگەندەك بىلىنىپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن، ئاستىلا سۈرتۈپ قويدى.

— بولدى قويساڭچۇ، ئۇنىڭمۇ بىر ئويلىغان يېرى بار- دە، — دېدى ئابدۇغوپۇر ئۇنى خىجىللىقتىن قۇتقۇزماقچى بولغاندەك.

— سابىتنىڭ قىلغىنى توغرا، — دەپ قوللىدى لىۋاھىدىن،— ئابدۇراخمان بىلەن ئەمەت مەخسۇمدىن باشقىمىز شېئىر يازمىغاندىكىن،

بىزگە دېمەكچىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق- تە. بەرىبىر كارامەت پىكىرلەرنى بېرىپ كېتەلمەيمىز.

— پىكىر بېرەلمىسەكمۇ ئاڭلاپ ھوزۇرلانساق بولىدىغۇ،— دېدى ئابدىغوپۇر.

— ئۇنداق بولسا مەن ئوقۇيمەن، ھوزۇرلىنىدىغانلار ھوزۇرلانسۇن، پىكىر بېرىدىغانلار پىكىر بەرسۇن،— دېدى ئابدۇراخمان يىگىتلەرنى دېققەتكە ئۇندەپ. ئارقىدىن ئۇ بىرىنچى بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

سەن گويا كۈلگەن چېچەكسەن نەۋباھار ئەييامىدا،

مەست قىلسۇرسەن مەي تۇتۇپ غۇنچە لىۋىڭ—گۈل جامىدا.

. . . . . .

سابىتنىڭ غەزەللىرى كىلاسسىكلارنىڭ ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، مۇھەببەت، ساداقەت كۈيلەنگەن، بەزى جايلىرىدا ئاشىقلارچە ئاھ چېكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ دىۋانىنى تۈزۈش شەكلىمۇ كىلاسسىك شائىرلارغا ئوخشاش ئېلىپبە تەرتىۋىدە ئىدى. شېئىرلاردىن بىر قانچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان ئوقۇشتىن توختىدى. ئۇنىڭ بىر نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن سابىت جىددىيلىشىپ كەتتى. خىجىل بولغىنى بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلىشىدىن بىلىنەتتى. ئۇ ئابدۇراخمان كۆپىنىڭ ئالدىدا پىشمىغان نەرسىلىرىمنى ئوقۇپ تازا تالىتىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرىدى. ئەمما ئابدۇراخمان سۆز قىلىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇ ئاۋۋال باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىدى.

— راستىنى ئېيتسام،— دېدى ئابدىغۇپۇر،— سابىتنىڭ غەزەللىرى بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، يا ئۆزەمنىڭ قولىدىن كەلمىگەچكىمۇ، ماڭا بەك ياقتى.

—ماڭىمۇ خوپ ياقتى،— دېدى مەشرەپ.

لىۋاھىددىن ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. ئۇ جىم-جىت ئولتۇرۇپ ھەربىر كىشىنىڭ پىكىرىنى ئۆلچەپ كۆرىۋاتاتتى. ئابدۇراخمان ئىككى دوستىنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— مېنىڭچە بۇنىڭ ئۆتكەنلەرنىڭكىدىن قىلىشمايدىغانلىقى راست. لېكىن، يامان بولغان يېرىمۇ دەل شۇ ئۆتكەنلەرنىڭكىدىن قىلىشمىغانلىقى! نېمىشكە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئەمەلىي ھاياتقا يۈزلەنمەيمىز؟ ھامان شۇ ئاشىق- مەشۇقلارنىڭ ئاھ- ۋاھلىرى — مۇھەببەت پاجىئەلىرى...— ئابدۇراخمان سۆزۈمنى قاتتىق ئالمىسۇن دېگەندەك سابىتقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە،— سابىت، بىز قەشقەرگە سىجاڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا نوۋېشى مەكتەپتە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئېسىڭدە باردۇر؟ ئەپەندى ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى ھازىرقى بىزنىڭ شارائىتىمىزدا نېمە بولىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنىدىغۇ؟ شۇ سۆز ئېسىمىزدە بولسۇن. بىز ھەممە دەۋر ئوخشاشلا "ئاھ- ۋاھ" لارنى يېزىپ يۈرسەك، كېيىنكىلەر بىزنىڭ ئەسىرىمىزدىن مۇشۇ دەۋر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىدۇ؟ توغرا، ئەپەندىمۇ دېگەن، بۇ ئەسىردىن شۇ زاماننىڭ تىلىنى بىلىشكە بولىدۇ. بىراق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، تەقدىرى، قايغۇسى، ئارزۇسى، زامانىمىزدىكى ھۆرلۈك ئۈچۈن كۆرەشلەر ئەكس ئەتمەيدۇ. بۇ شېئىرلاردىن گويا غارلارنى ماكان ئەتكەن دەرۋىشلەرنىڭ پەريادى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ جەمئىيەتتىن ئايرىلغاچقا جەمئىيەتتە بولىۋاتقان زۇلۇم-ئاسارەت، كۈرەش- زىددىيەتلەرنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى دەرتلىرىگە تالىق "ئاھ-ۋاھ" لىرىنى تۆكۈشتىلا! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىراق بىز جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ ياشاۋاتقانلار، ئۆز بېشىمىزدىنمۇ نۇرغۇن بوران- چاپقۇنلار كەچكەن ئادەملىرىمىز. شۇڭا بۇلار بىزنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش نىشانىمىز بولسۇن،— ئابدۇراخمان يەنە بىر نەچچە ۋارقنى ئۆرۈۋېتىپ ئازراق توختىدى ۋە،— ھېچ بولمىسا مۇنۇ غەزىلىڭدەكراق يازغىن- دە، — دېدى ۋە "ئا" قاپىيىسىدىكى يەنە بىر غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتىنى ئوقۇدى:

ئالدىراپ ئۆزمە ئۈمىد، يار، دېمىگىن ھەم "ئەلۋىدا"!
قۇچقۇمىز بىزمۇ ۋىسال بۇ يولدا قىلساق جان پىدا.

— بىراق، — دېدى ئابدىراخمان يەنە توختاپ، — بۇنى مەن پەقەت ”ھېچ بولمىسا“ دەپ ماقۇللىدىم، بولمىسا بۇنداق يوشۇرۇن ئىما-ئىشارەتلىك شېئىرلاردىن بىزنىڭ خەلقىمىز نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى دېسەم، يەنىلا ماقۇللىمايتىم. بۇنىڭدىكى تەققاس قىلىشلارنى قانچە ئادەم چۈشىنەلەر؟ يەنىلا زىيالىلار، بىز چۈشەندۇرۇپ يۇرمىسەكمۇ ھەممىنى چۈشىنىدىغانلار چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ بىر- بىرىمىزنى ئۇمىدلەندۇرۇپ تەسەللىي ئېيتىش ئۇچۇنمۇ؟ ياق، ھەقىقەتنى، ئىنسانىنىڭ قانداق بولىشى كېرەكلىكىنى، ئەركىنلىكنىڭ قانداق قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلارغا چۈشەندۇرۇشكە تىرىشايلى، دەيمەن.

— ئەيىپلەپلا كەتتىڭغۇ؟— دېدى ئەمەت مەخسۇم چاخچاقتا بۇرىماقچى بولۇپ،— ئۇنىڭ تازا ئاشىق بولۇپ يۇرگەن مەزگىللىرىدە يازغانلىرى بولسا توغرا چۈشىنىشكە بولۇدۇغۇ؟

— مېنىڭچە،— دېدى لىۋاھىدىن ئۆزىگە خاس سالماقلىق بىلەن،— سابىتنىڭ غەزەللىرىدە بايا ئابغۇپۇر دېگەندەك ئارتۇقچىلىق بار ئىكەن، دوستۇم، سەن جەڭگىۋاراق نەسىلەرنى ياز. ھازىر بىزگە زۆرۈرى مىللى ئاڭنى ئويغۇتۇش، بۇنداق ئۇيقۇ دورىلىرىنى ساقلاپ قوي، مولىلكامنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرسەنغۇ؟ قانداق جەڭگىۋار، ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا پۇتكۇل تارىخىمىزنى ئېچىپلا بېرىدۇ.

سابىت خىجىل كۇلۇمسىرەپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى پات ـ پات سۇرتۇپ قويۇپ، گەپ قىلالماي ئولتۇراتتى، ئابدۇراخمان شائىر ”ب“ قاپىيىسىدىن بىر غەزەلنى باشلىدى:

يا كۆز نۇرۇڭ پەيكانىنى تېنىمگە ئاتارسەن بارەب،
يا ھىجرىڭ بالاسىنى باشىمگە سالارسەن بارەب.

—مانا، سىزنىڭ بۇ دىۋانىڭ مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن تولغان بولسا، بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىز ئۈچۈن قانچىلىك پايدىسى بولار، دوستۇم، — دەپ سورىدى ئابدىراخمان شائىر ئوقۇشتىن توختاپ.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى يازغان غەزەللەر، تاشلىۋېتىشكە قىيمىدىم، ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يازغانلىرىم ئاخىرىدا،— دېدى سابىت ئاخىر پەس ئاۋازدا تەرلەۋاتقان بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئېرتقاچ.

— مۇنداق - دە، — دېدى ئابدىراخمان ۋە توپلامنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى تەخمىنەنلا ئۆرۈپ، چىققان يېرىنى ئوقۇدى:

يارىم، ئەگەر سەن شېرىن بولساڭ،
شەرت قىلما ماڭا تاغ كەسمەكنى.
تاغ كەسمەك نەھاجەت.
شەرت قىل پەقەت
ئەل سۆيمەكنى ھەم ئەرك سۆيمەكنى!
مەن ئەگەر شان-شەرەپ قۇچسام
ۋەتەن، مىللەت قەرزىنى ئاقلاپ؛
مېنى يارىم دە شۇ چاغ دىلىڭدىن،
ئاتەش لىۋىڭنى يېقىپ قۇچاقلاپ،
ئەگەر ساداقىتىم بولمىسا ئەلگە،
بىر ”ساڭا سادىقمەن“ دېگىنىم گۇمان.
سەنمۇ ئەل ئىچىدە بىر جان،
ئەلگە سادىقمەن.
ساڭىمۇ ھامان...

— نېمەڭ بۇ ھوي، ئاۋالقى غەزەللىرىڭنى ھەم بۇنى بىرلا سەن يازغىنىڭغا ئىشىنەلمەي قالدىم،— دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— مېنىڭچىمۇ سەۋىيىسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ، — دەپ قوشۇلدى ئابدۇغۇپۇر.

— مېنىڭ پىكرىم پۈتۈنلەي باشقىچە،— دېدى ئابدىراخمان تەنتەنىلىك ئاھاڭدا،— سىلەرنىڭ ئاۋالقى غەزەللەر ھەققىدە يوقىرى باھا بېرىشىڭلاردا ئاساس قىلغىنىڭلار ئۇنىڭدىكى بەدىئىيلىك، سۆزمەنلىك، بۇ بىر خىل كۆز باغلاش ئويۇنى خالاس. بۇ شېئىر بەدىئىلىكى جەھەتتىن ھەقىقەتەن خام، بىراق مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ ئىلگىرىلىگەن. مەزمۇن ياخشىلانغان ئىكەن، دەسلەپكى شېئىرلاردىكىدەك بەدىئىي تىل ئىشلىتەلىگەن ئادەم يېڭى مەزمۇننىمۇ بەدىئىي گۈزەللىك بىلەن پەدەزلىيەلەيدۇ. بۇنداق يېڭى شەكىل، يېڭى مەزمۇندىكى شېئىرلارنى بىردىنلا ياخشى يېزىپ كېتىشنى كۈتكىلى بولامدۇ.

— ھەي تاڭەي، ساڭا نەرى ياراپ كەتتىكىن، — دېدى ئەمەت مەخسۇم يەنە بىر شېئىرنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىنى ئوقۇدى:

ئەگەر بىر ئەجدىھار بولسام تەڭرىتاغ سۈپەت،
ئېلىم دۈشمەنلىرىنى يالماپ يۇتاتتىم.
مىللىتىم بىر بۈيۈك بىر ئادەم بولسا،
ئۈستۈمگە ئېلىپ.
ئالەم كېزىپ ئوينىتاتتىم.
مەڭگۈلۈك ئەرك بەخش ئېيتىپ ئاڭا،
يۇرتۇم ئەتراپىغا
قورغاندەك تىك تاغ بولۇپ جايلىشاتتىم...

— مانا بۇنىسى تېخىمۇ ياخشى،— دېدى ئابدىراخمان ئوقۇشنى توختىتىپ ئەمەت مەخسۇمغا قاراپ،— جەڭ ئالدىدا ساڭا بىرى بىر لوڭقا گۈل، يەنە بىرى قىلىچ تەڭلىسە سەن قايسىنى زورۇر ھېسابلاپ قوبۇل قىلغان بولاتتىڭ؟

— قىلىچنى ئېلىشنىغۇ ئالاتتىم، بىراق لوڭقىنىمۇ چېقىۋەتمەيتىم-دە! — دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— شۇڭلاشقا مەنمۇ چېۋىقېتىش ھەققىدە گەپ قىلمىدىم، چۈنكى ئۇمۇ كېرەك. لېكىن جەڭدىن كېيىن،— ئابدىراخماننىڭ شۇ سۆزى بىلەن ئەمەت مەخسۇم سەل ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. ئابدىراخمان بولسا سابىتقا،— باياتىنقى گەپلەردىن كۆڭلۈڭ يېرىم بولمىسۇن، دوستۇم، لوڭقا گۈللەر مەندىمۇ كۆپ بولغان. بىراق ئۇنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەمما ئۇنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرماي بولمايدۇ. ھازىرقى شارائىتتا بىزنىڭ پەرھادشىرىنلىرىمىزمۇ مۇشۇ زامان رىياللىقى ئىچىدە ياشىسۇن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ بار، ئىنقىلابى ئىدىيىسىمۇ بولسا، مانا شۇنداق يېزىشقا نېمە ئۈچۈن بولمايدىكەن؟ مۇھەببەتنى ئىنقىلابىي غايە بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

شۇ چاغدا ئەمەت مەخسۇم تاماق پىشقانلىقىنى ئېيتىپ، داستىخان سېلىشقا باشلىدى. ”شېئىر مۇتائىلە“ يىغىنىنى يېپىشقا توغرا كەلدى.

— بۈگۈنلا ھەممىنى كۆرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، ئاغىنە،— دېدى ئۇ سابىتقا،— دىۋانىڭنى مەن ئېلىپ كېتەي، ئۆگۈنلۈككە قېشىمغا بارغىن، سىنى ئۆيدە كۈتىمەن، شۇ چاغدا تەپسىلى سۆزلىشىمىز.

— ئەگەر، — دېدى لىۋاھىددىن قول چايقاۋېتىپ،— سابىت ئالدىنقى شېئىرلىرىدىكى بەدئىي تىل، بەدئىي ئۇسلۇپ، گۈزەل تىل بىلەن، كېيىنكى شېئىرلىرىدىكى مەزمۇنلارنى بىرلەشتۈرۈدىغان بولسا ئاجايىپ شېئىرلاردىن بولاتتى- دە.

— جەزمەن شۇنداق بولۇشى كېرەك،— دېدى ئابدىراخمان،— سابىتمۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، ئەمما بۇ بىردىنلا ئىشقا ئاشمايدۇ- دە.

— ئەمىسە تاماققا بېقىڭلار، ئاغىنىلەر،— دېدى ئەمەت مەخسۇم دوستلىرىنى داستىخانغا جەلىپ قىلىپ،— سابىت ھەقىچان قايتىشقا ئالدىرايدۇ.

سابىت بۇ گەپنىڭ ئۇنىڭ يېڭى توي قىلغىنىغا ئىشارەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قىزىرىپ كەتتى.

3

ئۆگۈنى سابىت ئىشتاچىغا بېرىپ ئابدىراخمان بىلەن كۆرۈشتى. ئابدىراخمان ۋەدىسىگە كۆرە ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

ئۇلار قېنىق سۇ سېپىپ سۆزۈنلەشتۈرۈلگەن مېھمانخانىدا ئولتۇرۇشتى. سابىت تارتىنچاق ئادەملەرگە خاس ئوڭايسىزلىق بىلەن ئۆينىڭ مېھراپ شەكىللىك تەكچىلىرىگە، مۇرەككەپ نەقىشلەر ئويۇلغان ۋاسا جۈپ تورۇسلارغا سەپ سالغاچ سۇپىغا سېلىنغان خوتەن گىلىمنى مىجىقلاپ، دوستىنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتتى. ئابدىراخماننىڭ دانخورەك باسقان، چوقۇرراق چېھرىسى ئۆسۈپ قالغان ساقىلى ئۆز يېشىغا  باققاندا قېرىراق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تېخىچە ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈپ يۈرگىنىدىن ئالدىراشلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئوقۇش مەزگىلى بولىدىغان بولسا تەۋپىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چاچ- ساقىلىنى ئۆستۈرۈپ يۈرىشكە يول قويمايتى. هازىر تەتىل بولغاچقا ئابدىراخمان ئاساسەن ئۆيدىلا بولۇپ ئىلمىي ئىشلار بىلەن باش چۆكۈرۈپ مەشغۇل بولىۋاتاتتى.

— كىتابىڭنى كۆردۇم، ئاغىنە،— دېدى ئۇ ئاخىر گەپ باشلاپ،— ئۆتكەندە لىۋاھىدىن دېگەندەك كەمچىلىك بىرلا، بەدىئىيلىك مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىگەن. بەدىئىيلىكى يۇقۇرى بولغان شېئىرلىرىڭنىڭ مەزمۇنى پۇچەك، مەزمۇنى ياخشى بولغانلىرى بەكرەك قوپال، مانا شۇ باش تەرىپىدىكى غەزەللىرىڭنى كونىلارنىڭ پەدىسىدە ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە تىزىپتىكەنسەن، بۇنىڭدىن سېنىڭ ئىچىدىن پىشقان پۇختىلىقىڭ زېرىكمەسلىكىڭ بىلىنىپ  تۇرۇپتۇ.

—ئەمەلىيراق بىر نەرسە دىمەمسەن، ئەگەر ئالدىرىمىساڭ هەربىر شېئىر ئۈستىدە بولمىسىمۇ، ئاساسلىق قىسمى ئۈستىدە بىرمۇ- بىر توختالساق

ئوبدان بولاتتى،— دېدى سابىت كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ تىزىنى شاپىلاقلاپ ئولتۇرۇپ، بىر قولى يەنە يانچۇقىدا غاڭزىنى سىقىملاپ تۇراتتى.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىشى بولمىسىلا، مەن ئالدىراش ئەمەس، ئاۋال سەن شۇنىڭغا ماقۇل بول، غەزەللىرىڭنى ئايرىۋەتكىن، باشقا دىۋان قىل.

— مەن بۇنىڭغا ئۈلۈشكۈنىلا قوشۇلغانىدىم.

— ئەمدى ياخشى بولدى. بىلەمسەن، مەنمۇ كۆرەتتىم، ئەمدى دىۋانىڭنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بىرمۇ- بىر كۆرۈشكە باشلىساق بولىدۇ،— ئابدىراخمان دىۋاننى ئېلىپ يېڭى ئۇسلۇپىستىكى شېئىرلار قىسمىنى ئاچتى.

ئابدۇراخمان ئۇستازى تەۋپىقنىڭ خۇي- مىجەزىنى يۇقتۇرۇۋالغاندەكىدى، ئۇمۇ نېمىنى ئويلىغان بولسا شۇنى ئېيتاتتى. كىم بولىشى، قانداق سورۇن بولۇشى بىلەن قورۇنۇپ قالمايتتى. ئۇ سابىتنىڭ شېئىرلىرىغىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلدى. ئەيىبلەشكە تېگىشلىكلىرىنى ئەيىپلىدى، ماختاشقا تېگىشلىكلىرىنى ماختىدى. ئۇنىڭ ئايانماي تەنقىد قىلالىغانلىقىغا قاراپلا ئۇنىڭ ماختاشلىرىنىڭمۇ ھەقىقىيلىكىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك، دادىللىق چىقىپ تۇراتتى.

سابىت بارا- بارا خىجىللىقنى ئۇنتۇپ قىزغىن مۇنازىرە قىلىشقا، تالىشىشقا، ماقۇللاشقا، دە تالاش قىلىشقا... باشلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا مۇنازىرىگە كىرىشىپ كەتمىكى ئاسان ئەمەسىدى. ئۇ ئەمدى دائىمىي يانچۇقىغا كېتىدىغان قولىنى غاڭزا بىلەن بىللە تاشقىرى چىقىرىۋالغان بولۇپ، غاڭزىنى ئالقىنىدا ئوينىغاچ ئولتۇراتتى. ئۇ تازا قىزىغان چاغلاردىلا ئەنە شۇنداق قىلاتتى. سابىت دوستىنىڭ پىكىرلىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلدى. ئازراق تالىشىپ ئۆزىنى ئاقلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشتىكى ئاساسى قايىل قىلارلىق بولغاچقا ئابدىراخمان ئۆزىنىڭ خاتا تەنقىدىنى قايتۇرۇپ ئالدى. مانا شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى بەس- مۇنازىرىسى بەك قىزغىن بولدى. سابىت ئۆزىنى روھلۇق ھېس قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاللىقانداق مۇھىم ۋە زور ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىۋېلىش

بىلەن خاتىرجەم  بولغان كىشىنىڭ ئازادىلىكى ئورۇن ئالدى. ئابدىراخمان ساىبتىنىڭ ھەممىلا گەپكە ماقۇل دەۋەرمەيدىغانلىقىدىن ئالاھىدە خۇش بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار ئاخىرىقى ھېساىتا ساىبتىنىڭ دىۋانىنى تەھرىرلەپ چىقىپ ياكى تەھرىرلەشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى بىرلىككە كېلىشىپ بولۇپ، ھاردۇق چىققاندەك بولۇپ قېلىشتى، شۇ چاغدا ئابدىراخمان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىسىم قۇرسۇن، مېھماننى قۇرۇق گەپ بىلەن مېھمان قىلىدىغان يامان ساھىپخان بولۇپ قالدىم،— دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ،— بىزگىمۇ تەكەللۇپ ۋە ئادەتكە ئايلانغان رەسمىيەتلەر بىھاجەت، شۇنداق بولسىمۇ ئۇسسىغانسەن، ئەڭ ياخشىسى باققا چىقايلى، پىشقان مېۋىلەردىن يېگەچ بىردەم پاراڭلىشايلى، ئاڭغىچە ئۆيدىكىلەر سېنىڭ كۆڭلۈڭ تاتىدىغان بىر نېمە ئەتكەچ تۇرسۇن.

— ئەمىسە دەپتىرىڭنى ئېلىۋال، ئەمدى ماڭىمۇ بىر قانچە شېئىر ئوقۇپ بېرەرسەن؟، — دېدى ساىبت. ئۇ ئەمدى خېلى ئوچۇق- يورۇق كىشىگە ئايلىنىپ، ئۆزىمۇ تېتىك شوخ بولۇپ قالغاندەك كۆرىنەتتى.

— مەيلى، ئېلىۋالاي، ئەمما بىر شەرتىم بار، سەنمۇ كۆڭلۈڭگە كەلگىنى بويىچە تالاۋەر،  ھەرگىز ئايىما!- دېدى ئابدىراخمان كونا پاسۇندىكى نەقىشلىك ساندۇقتىن شېئىرلىرى پۈتۈلگەن كىچىك دەپتەرنى ئېلىۋېتىپ،— مەمتىلى ئەپەندى سېنى شۇنچە ئەتىۋارلىغىنى بىكار ئەمەسكەن، سېنى راست قىزىتقاندىلا ئاندىن يۈرىكىڭنىڭ ساداسىنى بىلگىلى بولىدىكەن، — ئابدىراخمان ساىبتنى باشلاپ باققا كېتىۋېتىپ قوشۇپ قويدى.

— ئەمدى شېئىر ئوقۇساق تازا قاملاشمامدۇ، ئەسلىدە شېئىر دېگەننىمۇ باغدا ئوقۇيدىغان نېمىدى، بىز بىكارلادىنلا ئۆيگە قاملىشۋاپتۇق.

ئۇلار باققا كىرىشتى. باغنىڭ ھويلا تەرىپىدە بىر رەت تال، ئارقا تەرىپى بولسا ئەنجۈر، ئانار، ئالما، ئۆرۈك، قوتۇر ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر بىلەن زىچ قاپلانغانىدى. ئۇلار تال بارىڭى ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. ئابدۇراخمان بىر ساپاق يازلىق ئۈزۈمنى ئۈزۈپ ياغلىقى ئۈستىگە قويۇپ:

— سەن يەۋەر، مەن سېنىڭ تىلىكىڭنى بىجا كەلتۈرگەچ تۇراي،— دېدى ۋە دەپتەرنى ئاچتى.

ھەر قاچان باغقا كىرىپ تاللار تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
قىينىسا دەرتلىك خىياللار كۆڭلۈم ئۆيىنى تولدۇرۇپ؛
. . . . .

ئابدىراخمان سالماق ئوتتۇرا ئاۋازدا، شائىرانە ئاھاڭدا دېكلىماتسىيە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بۈك- باراقسان باغ ئىچىنى تولدۇردى. ئۇ بىرىنچى بېيتنى ئوقۇپ بولۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بۇ كوبلىت ئارىلىقىدىكى تەبىئىي پائۇزا ۋاقتى ئىدى، مۇشۇ پۇرسەتتە سابىتمۇ بىر سوئال سوراشقا ئۈلگۈردى:

— ھازىرلا توقۇدۇڭمۇ قانداق؟ — دېدى ئۇ بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلىگەندەك بىلىنىپ، ئالقىنىدا سۈرتكەچ.

ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان ئابدىراخمان سابىتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي شېئىر ئوقۇشنى داۋام قىلدى:

يازمەن پىغان بىلەن تولغان غەزەللەرنى ھامان،
نېمە قىينايدۇ پەلەك ئۆمرۈم گۈلىنى سولدۇرۇپ؟
. . . . .

ئابدۇراخمان ئاستا باراڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى:

مەندىكى دەرت ئوخشىماس مەجنۇن، غېرىپنىڭ دەردىگە،
بىر جانان ئىشقىدا يۈرمەسمەن تولا- كۆپ ئاھ ئۇرۇپ.

سابىتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدىراخمانغا ئەگەشتى ۋە يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ بىللە مېڭىشقا باشلىدى.

مېنى كۆيدۈرگەن ئىشق مىللەت، ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى
نىگە چەكمەيمەن پىغان مەن شۇ ئاتا ئوغلى تۇرۇپ؟

ئۇلار باراڭ ئاستىدىن چىقىپ ئالما- ئۆرۈكلەر قويۇلغان قىرىمنى بويلاپ، ئاستا قەدەم تاشلىشاتتى:

مەندىكى ئارزۇ- مۇراد — كۆرسەم ئېلىمنىڭ ھۆرلىگىن،
ئەرك- ئازاتلىق تېگىدا ۋەتىنىم كەتسە يۇرۇپ.
. . . .
ئۇلار باغ ئىچىدىكى قىرلارنى ئايلىنىپ مېڭىشتىن توختاتمىدى.

شۇندا كۈلگەيمەن بەخت قوينىدا ياپراپ، زوقلىنىپ،
ۋەسلىگە يەتكەن كەبى ئاشىق— مەشۇقتا قوشۇلۇپ!

بىر ھازا جىم مېڭىشقاندىن كېيىن سابىت دوستىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە:

— تۇگىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئابدىراخمان ئۇنىسىز باش لىڭشىتقاندىن كېيىن سابىت ھېس قىلغىنىنى ئېيتىپ،— مېنىڭچە بۇ شېئىرىڭدا بىر خىل سۆرەلمىلىك باردەك قىلىدۇ. ئاللىقەيەرلىرى ئۇزۇن ئارتۇقتەك بىلىنىدۇ،—دېدى.

— توغرا، مەنمۇ شۇنداق ھىس قىلغانىدىم، بىراق زادى قەيىرى ئارتۇق، نەرىنى قىسقارتىش كېرەكلىكىنى ئۇقالمىدىم. توختا، بۇلارنى كېيىن مۇھاكىمە قىلايلى، مەن ئاۋال بىر نەچچە شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي،— دېدى ئابدۇراخمان ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن. ئاندىن بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ،— ھوي، تۇگمەنگە ئاپىرىپ سۇغارماي ياندۇرۇپ كەپتۇ، دېگەندەك، مەن سىنى باغقا باشلىغىنىم نېمە بولدى، ھېچنىمىگە ئېغىز تەگدۇرمەي چۆگلىتىپ يۇرگىنىم نېمە بولدى؟ — دېدى.

— مەيلى سەن ئوقۇۋەر،— دېدى سابىت ۋە بىر تال توغاچنى ئۈزۈۋېلىپ،— مېنىڭ ئاغزىم بىكار بولغاندىكىن كېتىۋېتىپمۇ. . .

ئابدۇراخمان ئىككىنچى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى. . .

ئۇلار تاكى ئايال ساھىپخان تاماقنا چاقىرغىچە شۇ تەقلىتتە شائىرانە ھېسلار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرۈشتى.

# ئون تۆرتىنچى باب

## 1

نىزامىددىن ئىنىسى ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ھامان كۆڭلىدە ”ئىنىم ئەمدى بىكار بولۇپ ئۆز ئىشى ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان ۋاقت تاپقان ئوخشايدۇ، ئۇ ھەقىچان ئۆزىنىڭ توي ئىشى ھەققىدە سورايدۇ“ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن يەنە كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى.

— ئاكا، مەن سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، دېدى ئۇ پېشايۋان سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— نېمە؟— نىزامىددىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ سۆزىنى يەنە ئۇزاق بىر جۇدالىقنىڭ سىگنالىمىكىن دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، دەككە- دۇككە بولۇپ سورىدى،— نەگە؟ نىمىشكە؟

— مەن ئەسلىدە پۈتۈن يازلىق تەتىل ئىچى ئىزچىلارنى ئېلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىن ئەتراپىنى ساياھەت قىلدۇرغاچ ھەر قايسى مەكتەپلەر بىلەن ئۆز ئارا ئۆگىنىش ئېلىپ بارارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، سابىتنىڭ توي ئىشى بولدى، ئارقىدىن يەنە تەلەبىلەرگە بېرىلگەن تاپشۇرۇق ئۈچۈن ۋاقت بېرىش زۆرۈر بولدى، ئەمدى كۆپ يىراققا بارالمىساقمۇ ئۈستۈنئاتۇش، مۇش تۇققۇزاقلارنى ئارىلاپ قەشقەر بىلەن مۇنداق قايتىپ كېلەيمىكىن دەيمەن.

— ئوغۇلبالا!- دېدى نىزامىددىن ئىستىھزا بىلەن،— توي قىلىدىغان ئىشىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئېسىڭدە بارمۇ؟

— ئۇ ئىش قاچمايدۇ، ئاكا، مەندىن رەنجىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ،— دېدى تەۋپىق ئەيىپكارلارچە كۈلۈمسىرەپ،— كۆپ بولسا بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن.

— ھېچ بولمىسا توي ئىشى قانداق بولدى، نېمىلەرنى قىلدىڭ، دەپ سوراي دىمەيسەن،... — دېدى نىزامىددىن رەنجىپ.

— بۈگۈن مەنمۇ خوشلاشقاچ شۇ ئىشلارنى ئۇقۇشاي دەپ كەلگەنىدىم،— دېدى تەۋپىق ئاكىسىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىزامىددىن سەل ئېچىلىپ، ئاندىن توي تەييارلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھازىر..."چاي ئىچكۈزۈش... ، تويلۇق سېلىش، كىيىم كۆرۈش"،...قاتارلىق بىر قاتار رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىجىرىپ بولغانىدى. ھازىر ئۇلار پەقەت بېكىتىلگەن توي ۋاقتىنى كۈتىۋاتاتتى.

تەۋپىق ئاكىسى بايان قىلغان سۆھبەتنى تىڭشاپ بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ۋە:

— رەخمەت، ئاكا، مەن ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىڭىز- دە.

— بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونارسەن؟

— ئەسلىدە كېتىشكە كەلگەنىدىم، ئەمما ھېلىدىن بېرى قونۇش قارارىغا كەلدىم، قارىسام پەيلىڭىز بوش ئەمەس تۇرىدۇ. بىراق تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، بامداتقا قۇمباغ مەسچىتكە بېرىپ بولمىسام بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن بىردەم ئارام ئال، مېنىڭ تالاغا چىقىدىغان ئىشىم بار،— دېدى نىزامىددىن ئورنىدىن تۇرىۋېتىپ.

تەۋپىق ئىلگىرى ئۆزى ھوجرا قىلغان، ھېلىمۇ بەزى نەرسىلىرى قويۇلغان يالغۇز ئۆيگە كىرىپ، سومكىسىنى بۇرۇن ئىشلەتكەن كىچىك شىرەگە قويۇپ، ئۆزى سۇپىغا ياماپاشلىدى. ئۆيدە بالىلارمۇ، زورىخانىمۇ يوق، ئۆزى يالغۇزلا قالغاچقا، يالغۇزلۇق ۋە جىم- جىتلىق ئۇنى خىيال سەھراسىغا ئېلىپ كېتەتتى.

ئۇ ئەڭ ئەۋەل ئاكىسى بىلەن بولغان توي ھەققىدىكى سۆھبەتنى ئەسلىدى. بۇنىڭ بىلەنلا مەلىكزادىنىڭ گۈزەل چېھرىسى— ئاخىرقى قېتىم

دەرىزىدە كۆرگەن ھالىتى بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ، ۋۇجۇدى ھېس- تۇيغۇ دولقۇنىدا داۋالغۇپ كەتتى.

ئۆزى گويا قىزىق سۇغا چۆمۈلۈپ كەتكەندەك ئوت بولۇپ يېنىپ، سىلكىنىپ كەتتى. نىمىدۇر ئۇنى ئالدىرىتىشقا، تەقەززا قىلىشقا باشلىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇگە- ئۆگىلىرىگە يىغىلىپ قالغان ھاردۇق بىردىنلا بېسىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشقا باشلىدى. ”ھەي، مەمتىلى، سەن جاپاغا يارالمىغانمۇ، سەنمۇ ئازراق ھاياتنىڭ خوۋلىقى كۆرمەمسەن. جاپاكەش!... “ ئۇنىڭ سەيلە قىلغۇسى، دەم ئالغۇسى كەلدى، ئائىلىۋي تۇرمۇشنىڭ راھىتى ـ مۇشۇ دۇنيانىڭ كىچىك جەننىتى ئۇنى تەقەززا قىلدى. راست ئەمەسمۇ، 35 ياشقا بېرىپ قالغان ئادەم تېخىچە بىرەر ”ئۇۋۋا“ غا ئىگە بولمىسا، قايسى شاختا كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ يۈرسە بولىۋېرەمدۇ؟ كۆڭۈللۈك ئائىلە بولشى كېرەك! ئۆز غەلۋىسى بىلەن ئۆينى تولدۇرىدىغان، شۇنداقلا كۆڭۈللەردىكى بوشلۇقنىمۇ تولدۇرىدىغان باللار بولىشى كېرەك! سەيلە قىلىش كېرەك! ساياھەت قىلىش كېرەك!...

”ئۇيغۇر مۇھىتىنىڭ سەيلىگاھى، ئارامگاھى، كىنوسى، كونسىرتى، باللىت ئۇسۇلى، تانسا- ئۇسۇل. ناخشا ـ مۇزىكىسى نېمە؟ خوتۇن!...ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز خەق خوتۇن ئېلىشقا شۇنچە ئالدىرايدىكەنمىز، بۇ ئىشقا ئالدىرىمىغانلار شۇنچە تاڭ كۆرىنىدىكەن- دە!؟ بەختسىز خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى نامراتلىق — كۆڭلى ئۆسىدىغان باشقا ھىچقانداق خۇشاللىق مەنبەئەسىنىڭ بولماسلىقى ئۇلاردا ‹دۇنيانىڭ خوۋلىقى خوتۇن› دەيدىغان تۇيغۇنى پەيدا قىلغان ئىكەن - دە! شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر گويا تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈنلا (خوتۇن ئېلىش ياكى ئەرگە تېگىش ئۈچۈنلا ) ياشايدىغاندەك بولۇپ قېلىشقانىكەن - دە!... “

”بىراق، مەنمۇ مۇشۇ مۇھىت ئىچىدە يوقۇلۇپ كەتسەم، يەنە بىرسىمۇ يېرىم يولىدا بەل قويۇۋەتسە، بىزنىڭ كىيىنكى ئەۋلادىمىزمۇ كۆز ئالدىدىكى كىچىككىنە خاتىرجەملىك، بىردەملىق راھەت ئۈچۈنلا ياشاۋېرىدغان گەپقۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن خىيال بىلەن ۋاقت ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدىم؟ ياق،ياق!

ماڭا بۇنداق ھوقۇق بېرىلمىگەن! مەن ئىشلىشىم كېرەك! تۇرمۇش ئىشى ئۆز يولى بىلەن ،لېكىن خىزمەتنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ!... “

”ھەي،بىكارچىلىق دىگەن زادى ياخشى ئىش ئەمەس - تە! ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدىغان بىرىنچى ئېزىتقۇ بىكارچىلىق. بايا مەن ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولسام بۇنداق بىھۇدە خىياللاردا بولمىغان بولاتتىم... “

تەۋپىق قەتئى ھەركەتلەر بىلەن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ شىرە ئالدىغا كەلدى. ئۇ سومكىسىنى ئېلىۋېتىپ،كۆڭلىدىن غەلىتە بىر ئويىنى كەچۈردى:”يېقىن ئارىدا مىنىڭمۇ خوتۇنۇم بۇلىدۇ. بەلكىم كۇنلىرىم ھازىرقىدىن كۆڭۈللۈكرەك بولار،...“ ئارقىدىن ئۇنىڭ سومكىنى ئاچماقچى بولىۋاتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيال ئەينىكىدە ئەدىبە پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ نىمىشقىدۇ ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھىس قىلىپ ،شىرەگە جەينەكلەپ، پىشانىسىنى تۇتقان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

گەرچە ئۇ ئەدىبەگە ھېچقانداق ۋەدە بىرىپ قويمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى قەرىزداردەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەدىبەنىڭ يوغان كۆزلىرىنى تەسەۋۋۇرىدا كۆرۈپ قىزىپ كەتتى. ”سىز ھېلىلا جۆرەم بار، باشقا ئايالغا مەنسۇپ بولالمايمەن، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟ سىز پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى مىللەتكە بېغىشلىغان، شەخسى تۇرمۇش، كىچىك ئائىلە بىلەن ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويمايدىغان كىشى ئەمەسمىدىڭىز؟...“ ئەدىبەنىڭ تەسەۋۋۇردىكى سوئاللىرى ئۇنى تەمتىرەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نۇرۇلۇق بىر جۈپ كۆزى تەۋپىققە كۆپ قېتىم ئۈمىدلىك تىكىلگەن، ياش دۇردانىسىنى لىغىرلىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغانىدى. تەۋپىق دەسلەپ قىزنى بىردەملىك ھېسياتقا بېرىلىپ كېتىۋاتقان بولسا، بۇ خىلدىكى يولداشلىقنىڭ ئاخىرى ياخشى چۈشمەيدۇ. دەپ ئويلاپ ئۆزىنى تاتقان بولسا، كېيىن گەرچە قىزنىڭ چىن سۆيگۈسى ئىسپاتلانغا بولسىمۇ بۇ مەزگىلدە ئۇ ”تۈرك گەنجىلەر بىرلىكى“ گە قاتناشقان، سىياسي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن، مەلۇم سىياسى غايىگە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدىبەنىڭ يوغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ قىلغان ئىلتىجاسى يەنە رەت قىلىنغانىدى. ئەمدىلىكتە

ئۇ ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتاتتى. لېكىن ئاشۇ ئىلتىجا قىلغۇچىغا ئەمەس، پۈتۈنلەي يات بىرسىگە ئۆيلىنەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋاتاتتى...

تەۋپىق كۈندۈزى ئۇخلاپ قالغان كىشى ھېلى تۇرىمەن، مانا تۇرىمەن دەپ چالا ئۇيقۇلۇق يېتىۋەرگەندەك، ئۆزىنى خىيال بېسىۋېلىپ، بىردىن قۇتۇلسا يەنە بىرى ئاۋارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ قەتئىي قارارغا كەلگەندەك بېشىنى سىلكىۋېتىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ كىرىلىپ قويدى. ئاندىن سومكىسىدىن خاتىرىسىنى چىقىرىپ، يېقىندىن بېرى يۇرت ئارىلاش جەريانىدا يېزىۋالغان نەرسىلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا خىيالىنىڭ تويۇق يولغا ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالغانىدى.

تەۋپىق ئەنە شۇنداق بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاكىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنى تۇگۇل، زورىخانىنىڭ ئاللىقاياقتىكى مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كېلىپ، باللارنىڭ غەلۋە قىلىشىنى چەكلەپ، جىم- جىتلىقنى ساقلىغان ھالدا تاماقنا تۈتۈش قىلغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالغان ئىدى. شۇڭا غېنى ئۇنى تاماققا چاقىرىپ كىرگەندە بەركىلا ھەيران قالدۇردى:

— نېمە تاماق؟ "ئىچىل داستىخان" يوقتۇ، بۇ يەردە؟ — دېدى ئۇ ۋە غېنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىرگەن پاتىمەنى كۆتىرىۋېلىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ چىقىپ كېلىۋېتىپ يەنە،— قانداق ۋاقىتتا پەيدا بولدۇڭلار، نېمىشكە مەن تويمۇدۇم؟— دەپ سوراشنى توختاتمىدى.

باللار تاغىسىنىڭ ئىنتايىن چارچاپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قېلىشقانىدى، شۇڭا ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭغا يامىشىپ ئۇنى تېخىمۇ ھارغۇزىدىغان شوخلۇقلارنى قىلىشماي ئەدەب ساقلاپ ئولتۇرۇشتى، زورىخانىنىڭ ئۇلارنى "موللام مۇشۇك" قىلىپ چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەجر قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما باللار، تاغىسى ھەر قانچە ھېرىپ كەتسىمۇ تاماقتىن كېيىن دۇتار چېلىپ، نەغمە قىلىپ بەرمەي قالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئالاھىدە خوشال ئىدى.

نىزامىددىن ئائىلىسى ئاۋالقىدەك جەم بولۇپ تاماققا ئولتۇرۇشتى.

# 2

قۇمباغ مەسچىتى تەرەپتىن ئىزچىلار مەزىنى قۇربان جاپپارنىڭ يېقىملىق ئەزەن ئاۋازى ئاڭلانغان چاغدا تەۋپىق ئاللىقاچان بويامەتتىن كېلىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بولۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ سەپەردە لازىم بولىدۇ دەپ قاراپ بەزى دورىلارنى سومكىغا قاچىلىدى. ماتېرىيال سومكىسىغا خەت يېرىش ئۈچۈن كېسىپ تەييارلانغان قەغەزلەرنى سالغاندىن باشقا ئىزچىلار دەم ئالغاندا ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرىدىغان لاتا قەغەزدىنمۇ يېتەرلىك ئېلىۋالدى. ئاندىن نامازغا چىقتى.

نامازدىن كېيىن ئىزچىلار ۋە بىر قىسىم مۇئەللىملەر رۇشتى مەكتەپ هويلىسىدا تەق بولدى. ئۇلارنىڭ سېپى ئىلگىرىكى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ قەشقەرگە جابدۇنغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سېپىگە قارىغاندا تېخىمۇ رەتلىك، تېخىمۇ جەڭگىۋارىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ۋاقىت ئىچىدە تېخىمۇ كۆزى ئېچىلغان، ساپاسى ئۆسكەن ئىدى. ئۇلار كىشىنى روهلاندۇرىدىغان ”ئىزچىلار مارشى“ نى ياڭرىتىپ رۇشتى مەكتەپ هويلىسىدىن قوزغالغاندا خۇددى بۇلتۇر كۈزدە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇزىتىپ قالغاندەك خەلق توپى كوچىلارنى قاپلاپ، سۆيۈملۈك ئادەملىرىنى ئۇزىتىپ قېلىشتى.

— ئىزچى باللىغا ئاق يول بولسۇن!

— ئەپەندىلەرگە ئاق يول بولسۇن!

— مەمتىلى ئەپەندىگە ئاق يول بولسۇن!

—. . .

— ئامىن!..

كىشىلەر توپىنىڭ خىلمۇ- خىل ۋاڭ چۇڭلىرى ئارقىسىدىن بىر ئېغىزدىن چىققان سادا سەهەرنىڭ جىم- جىت مۇهىتىدا هەيۋەت بىلەن ياڭراپ كەتتى. بۇ سادا مۇرىلاردىن چىقىۋاتقان تېزەك پۇرىقى ئارىلاش

تۆتۈنلەردىن تۇمان ھاسىل قىلىپ، ئۈستىلىرىگە ئاقۇش يوپۇق ياپقان يېزىلارغا بىر تۇتاش ئاڭلانغاندەك بولدى.

ئىزچىلار بۈيۈك بۇغراخاننىڭ قەدىم جايى- ئەزىم مەشھەتتىن چىقىپ تېجەن، بۇيامەتلەرنى ئارىلاپ ئاچياردىن ئۆتۈپ تۆرت يۇرت[1] قا چىققاندا ئاندىن قوياش كۆز قاماشتۇرۇدىغان نۇرلىرىنى يېزا ئۆيلىرى ۋە بوستانلىقلار ئۈستىدىن چېچىشقا باشلىدى. ئىزچىلار تېتىر، مېيى يېزىلىرىنى ئارىلاپ، تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قەدىمى ھارۋا يولى بىلەن ئۈستۈنئاتۇشقا قاراپ مېڭىشتى.

ئۇلار ئىلگىركىدەك يۇرت ئىچى بىلەن ماڭغاندا ناخشا ياڭرىتىپ، ناغرا-سۇناي، باراۋان، سۇنايلارنى چېلىپ ئۆتتى، ساي ۋە ئۇزۇك ئارىلىقلاردا ئىختىيارى مېڭىشتى. تەۋپىق ئۆزىنىڭ ئېتىغا سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى ئارتقان بولۇپ، ئۆزى پىيادە ماڭغان ئىدى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا زادىلا ئاتقا مىنمەيتى. مېيىدىن ئۆتكەندىلا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ساي باشلىناتتى. بۇ چاغدا قوياش قىزىتىشقا باشلىغان بولۇپ، ساي تاشلىرىمۇ ھارارەت چېچىشقا باشلىغانىدى. تەۋپىق ئىزچىلارغا يول جاپاسىنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن لەتىپە ۋە مەسەل ئېيتىپ بېرىپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ھارغانلىقلىرىنى ھىس قىلغىچىلا ئۈستۈنئاتۇشنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى كەنت تاقۇتقا يېتىپ كەلدى.

بۇ يەردە دەم ئېلىش بىلەن بىرگە يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ، سەپەر چاڭلىرىدىن تازىلىنىپ جەڭگىۋار ھالەتكە كەلدى. يېقىن ئەتراپقا ئاللىقاچان داڭقى كەتكەن"مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرى" بۇ يەردىمۇ ياخشى قارشى ئېلىندى. ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا پاي ـ پېتەك ئىدى. بىرسى يۈز يۇيۇشقا سۇ، ئاپتۇ ـ چىلاپچا، بىرى ئۇسسۇلۇق چاي، قېتىق، يەنە بىرلىرى ئۈستۈنئاتۇشنىڭ داڭلىق خوۋەينە ئۈرۈكلىرىنى ئېلىپ چىقاتتى. خوۋەينە ئۈرۈك كېيىن پىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

---

[1] قومالتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان تېتىر، مېيى، لەنگەر، كۆكۆل يېزىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۆرت يۇرت دەپمۇ ئۆتىلىدۇ. —ئاپتور.

ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ھاۋاسى سالقىنراق بولغاچقا بارلىق مېۋىلەرنىڭ پىشىش مەزگىلى گەرچە باشقا جايلاردا ئاللىقاچان ئۈزۈك پىشىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە راسا تۆكمە ۋاقتى ئىدى.

ئىنچىلار ئۇيغۇر مېھمان دوستلۇقىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆز ئۆيلىرىدىكىدەك ئەركىن ئازادە غىزالىنىپ ۋە دەم ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېكساق كەنتىگە قاراپ ئاتلاندى. تەۋپىق بۇ يەردىن بىر ئىنچىنى ئېكساق مەكتەپكە ئالدىن ماڭدۇرۇۋەتتى. ئۆزى بولسا ئانا مەكتىۋى، شۇنداقلا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بۆشۈگى بولغان مەكتەپنى كۆرۈش تەقەززاسىدا يانماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك سېپى ناغرا، سۇناي، بارابانلارنى چېلىپ، ناخشىلار ياڭرىتىپ ئېكساق كەنتىگە كىرىپ كەلگەندە ئۇلار قارشىسىدىن ئىستىقبالغا چىققان ئۇستۇنئاتۇش ئىنچىلىرىنىڭ سېپى كۆرۈندى. گەرچە ھازىر تەتىل ۋاقتى بولسىمۇ باشقا بارلىق مەكتەپلەردىكىگە ئوخشاش ئېكساق مەكتەپتىمۇ ئىنچىلارنىڭ پائالىيىتى توختىمىغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىنچىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنىشى بىلەنلا ئۇستۇنئاتۇش ئىنچىلىرى جايىدا توختاپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ،قارشى ئالغۇچى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك تەرتىپتە تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئېكساق خەلقىمۇ ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىقىپ ناغرا، سۇناي بىلەن يۇرتقا كىرىپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك سەپنى تاماشا قىلىشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئىنچىلىرى قېرىنداش ئىنچىلار قاتارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق بىلەن ئۆتۈۋاتقاندا قارشى ئالغۇچىلار سېپىنىڭ بېشىدىكى مۇئەللىملەر مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ قۇچاق ئېچىپ كەلدى. بۇلار يېڭى مۇدىدا كېيىنگەن، تەۋپىققە ئوخشاش روھلۇق، ئېكساق مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرى، ئۇستۇنئاتۇش ئىنچىلىرى تەربىيىچىسى تۇرسۇن ئەپەندى، تەلئەت ئەپەندى قاتارلىقلار ئىدى.

ئۇستۇنئاتۇش ئىنچىلىرى مەمتىلى ئەپەندى ئىنچىلىرى ئۆتۈپ بولغان ھامان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆز سەپلىرى بويىچە يۈرۈشتى، ئۇلار شۇ تەقلىتتە

ئېكساق مەكتەپ هويلىسىغا كىرىپ كەلدى. ئېكساق مەكتەپ هويلىسىدا بىر قىسىم مۇئەللىملەر ۋە خەلق ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىزچىلىرى خەلق دائىرە قىلىپ ئوراپ تۇرغان مەيدانغا كىرىپ مەش ماھارىتى كۆرۈستىشكە باشلىدى. ساھىپخانلار ۋە ئامما ئۇلارنىڭ ماھارەتلىرىنى زور دىققەت بىلەن كۆرۈشتى. ئارقىدىن ئۇستۇنئاتۇش ئىزچىلىرى ماھارەت كۆرستىشكە باشلىدى. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئىزچىلىرى مەيدانغا سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. ئېكساق مەكتەپكە ۋاكالىتەن تۇرسۇن ئەپەندى قارشى ئېلىش سۆزى قىلدى. ئارقىدىن تەۋپىق ساھىپخانلارغا رەھمەت ۋە دوستلۇق ئىزهار قىلىش ئۈچۈن سۆزگە چىقتى.

— ۋەتەنداشلار،— دېدى ئۇ ۋەزىنلىك ئاھاڭ بىلەن سۆز باشلاپ،— ئېكساق مەكتەپ مىللىتىمىز ئۈچۈن پەننىڭ بۆشۈكى بولغانىدى. بۇ بۆشۈك نۇرغۇن بوۋاقلارنى ئۆستۈردى؛ ئېكساق مەكتەپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم- پەن بېغىدىكى تۇنجى كۆچەت ئىدى. ئۇ نۇرغۇن مېۋە بەردى. بىز ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تىكتۇق، يېڭى باغلار ئەھيا قىلىندى. ئىشىنىمىزكى، ئەمدى بىزنىڭ بۇ كۆچەتلىرىمىز چاتىغانغا، سۇندۇرغانغا تۇگىمەيدىغان بولدى. گەرچە ئۇ چۆلدىكى تۇغراقتەك ئىشەنچىسىز زېمىندا بولسىمۇ، زامان ئوتۇنچىلىرىنىڭ كېسىپ قالغىنىغا تۈگىمەيدىغان، سۇسىز، پەرۋىشسىز قالغىنىغا قۇرىمايدىغان چىدامغا ئىگە!...

تەۋپىقنىڭ نۇتىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىلدى. قېرىنداش ئىزچىلار ۋە مۇئەللىملەر گويا ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلاردەك دوستلىشىپ كېتىشتى.

شۇ كۈنى ئېكساق مەكتەپتە مېهمانلارنىڭ شەرىپىگە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى ۋە زىياپەت بېرىلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئەنۋەر ئەپەندى قىسقىچە سۆز قىلدى. تەۋپىقمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆز قىلىپ:

—... ئېكساق مەكتەپ مېنىڭمۇ ئانا مەكتىپىم، بۇ مەكتەپ قانچىلىغان مۇنەۋۋەر ئوغۇللارنى ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقاردى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ئىقتىدار ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. مەن

ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ بۆ بۆشۈكىگە، ھەم بۇ يەردىكى مۇئەللىملەرگە، تەلەبىلەرگە، ئېھتىرام بىلدۈرىمەن،... — دېدى.

ئۇنىڭ قىسقىچە سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇراخمان شائىر ئۆزىنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى دىكلىماتسىيە قىلدى.

ئىزچىلار ئۇ كۈنى ئېكساقتا قونۇپ، ئەتىسى يەنە ئېكساق خەلقىنىڭ داغدۇغىلىق ئۇزىتىشى بىلەن داۋاملىق يۈرۈپ كەتتى. ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ يول ئۈستىدىكى كەنتلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، داراتاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ شەرقىي ئۇچىغا يېقىن جايلاشقان توقاچىلا كەنتىدە دەم ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆتىرەڭگۈ روھلۇق بولغاچقا ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن يول بېسىشتى.

تەۋپىق دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شۇ يەرلىك دېھقانلاردىن سەپەر ئۈستىدىكى ئۆتەڭلەر، يول ئەھۋالى، مەنزىل ئارىلىقى، داراتاغ تىزمىسى ھەققىدە سوراپ، بىر مۇنچە نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. دەم ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقت توشقان ھامان ئىزچىلار قوزغىلىشتى. توقاچىلا خەلقىنىڭ مېھماندوسلۇق بىلەن قىلغان ئىلتىپاتلىرىغا رەخمەت ئېيتىپ، يولنى داۋام قىلىشتى.

توقاچىلادىن چىققاندىن تاكى توققۇزاقنىڭ مۇش يېزىسىغىچە بولغان 50 چاقىرىم ئارىلىق ئىككى تاغ ئارىسى بىلەن سوزۇلغان چۆل ئىدى.

بۇ بىر مەنزىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىراق دار تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبى ئېتىگىدە سۆگەت بۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆتەڭ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بۈگۈن يەتمەكچى بولغان مەنزىلى شۇ يەر ئىدى.

توقاچىلا ئارقىدا قالغان ھامان غەپ تەرەپكە قارىغاندا تاكى ئۈپۈقچە سوزۇلغان غىڭ ساي ھوھولداپ ياتاتتى. گويا ئۈچ - چېكى يوقتەك تۈيلىدىغان چۆلنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە توپا تاغ تىزمىسى پاراللىل سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەشھۇر"توققۇز ھوجرا " مۇشۇ توپا تاغنىڭ شەرقىي ئۇچىغراق توغرا كىلىدىغان قىياغا جايلاشقان بولسا، دارا تاغ تىزمىسىدىمۇ قەدىمى ئىزلار

كۆپ ئىدى. بۇ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى سايىنىڭ ئوتتۇرسىدا مۇش بىلەن ئۇستۇنئاتۇشنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان قەدىمى هارۋا يولى بار ئىدى.

ئىزچىلار ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان، بەزى جايلىرى هەر قېتىملىق كەلكۈندە بۇزۇلۇپ ۋە ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان يول بىلەن گاھ ئوڭ تەرەپتىكى تاقتا يېقىنلىشىپ، ئاھ سول تەرەپتىكى تاقتا يېقىنلىشىپ ئالغا قاراپ كېتىشتى. غەربىپ تەرەپكە قىشايغان قوياش ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە قىزىپ، سۈسىز چۆل سەپىرىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرماقتا ئىدى...

دارا تاغ تىزمىسىدىكى چوققىلار كۆكۈش قارا رەڭدە، گويا سانسىز مۇنارىلاردەك ياكى پولات نەيزىلەردەك تىك ۋە ئۇچلۇق ئۇچلىرى بىلەن بولۇتلارنى تىرەپ تۇراتتى . بەزى چوققىلار بىر تەرىپى قارا بىر تەرىپى قىزىرىپ تۇرغان بۇلۇتلارنى"تېشىپ ئۆتۈپ" بۇلۇتلار ئارىلىقىدىكى كۆك ئاسمان سەتهىدە تېخىمۇ هەيۋەت كۆرۈنەتتى.

بىر چوققىنىڭ قاق بېسىلدە ئالقانچىلىك قارا نوقتا كۆرۈندى. چوققا بۇ يەردىن كەم دىگەندىمۇ 20 چاقىرىم كېلەتتى. ئىزچىلار ۋە ياكى مۇئەللىملەر ئاشۇ قارا نوقتا هەققىدە بەس ـ بەس بىلەن مۇنازىرە قىلىشىپ كېتىشتى.

— ئۇ ئالدى تەرەپتىكى تاغنىڭ سايىسى،— دېدى بىرى.

— نېمە؟ كۈن مەغرىپتە، قارا نۇقتا تاغنىڭ مەشرىق يۈزىدە تۇرسا نەنىڭ سايىسى چۈشىدىكەن؟

— بۇلۇتنىڭ سايىسى ئوخشايدۇ.

— بۇلۇتنىڭ سايىسى بولامدۇ، نىمىنىڭ سايىسى بولسا تاغنىڭ مەغرىپ تەرەپتىكى يۈزىگە چۈشمەي، مەشرىق تەرەپتىكى يۈزىگە چۈشەمدۇ؟ هازىر كۈن قايسى تەرەپتە؟! — ئۇنىڭ ئاۋازى زەردىلىك ئاڭلاندى.

— مېنىڭچە بۇ ئۆڭكۈر، — دېدى ئابدۇراخمان، — يا بولمسا بىر غارنىڭ ئاغزى. تەۋپىق ئۇلارنىڭ قىزغىن پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ خىلمۇ- خىل تەسەۋۋۇرلىرىدىن هوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەمەت مەخسۇم ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى.

— ئەپەندىم سىزنىڭچە ئۇ نېمە؟

— مەن سىلەرنىڭ مۇنازىرەڭلارغا ئارىلىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس، — دېدى. تەۋپىق كۈلۈپ.

— نېمىشكە؟ — ئابدۇراخمان شائىر ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بۇ خۇددى ئوغۇرلۇقچە ئىمتىھان سوئالىنى كۆرىۋالغۇچىنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتى بولمىغاندەك، شۇنداقلا بۇرۇن دەپ سالسا قىزىقى بولمىغاندەك بىر ئىش، — دېدى تەۋپىق كۈلۈپ.

ئىزچىلار يەنە ھەيران بولۇپ بىر- بىرىگە قارىشىپ قالغانىدى، ئابدۇراخمان ئەڭ ئەۋەل چۈشىنىپ:

— ھە، سىز، ئۇنىڭ نىمىلىكىنى بىلىدىكەنسىز، دە؟ — دېدى ۋە سورىدى، — بىزگىمۇ سۆزلەپ بېرەرسىز.

— شۇنداق، يىگىتلەر، مەن ئۇنى بىلىۋالغان، يەنە كېلىپ بالدۇرراق ئەمەس، تېخى ئاشۇ توقاچلادا دەم ئالغان چاغدىلا بىر دېھقان بىلەن پاراڭلاشقانىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئاشۇ كۆرۈنگىنى مېھرابقا ئوخشاش نەرسىكەن، يەرلىك خەلقمۇ ئۇنى "مېھراپ" دەپ ئاتايدىكەن، ئۇ يە غارنىڭ ئاغزى ئەمەس، يە ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى ئەمەس، چوڭقۇرلىقى، ئۈستىنىڭ ئەگمە شەكىلدە كېلىش مېھرابقىلا ئوخشايدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر ئۇلۇغ زات ئاشۇ "مېھراپ" تا ناماز ئوقۇپتىكەنمىش.

— ئەگەر ئۇ راست مېھراپ بولغاندا بەك چوڭ مېھراپ بولىدىغۇ، — دېدى ئابدۇراخمان، — شۇنچە يىراقتىنمۇ كۆرگىلى بولىۋاتقان ئىكەن، ئۇ جەزمەن پەۋقۇلئاددە چوڭ بولىدۇ ـ دە!

— شۇنداق، ئوغلۇم، ئۇنىڭ شۇنچە يىراقتىن، يەنە كېلىپ بىر مۇنچە تاغ ـ ئېدىرلارنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنىپ تۇرۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسكەن. ئاڭلىشىمچە ئۇ يەر جىلغا ئىچىدىكى يەر يۈزىدىن يۈز گەزچە، ئىگىزدە، تاغ چوققىسىدىن ھەم شۇنچىلىك پەستە ئىكەن، يەنە كېلىپ بۇ يەر، يەر يۈزىدىن تاغ چوققىسىغىچە توقسان گىرادۇس تىك بولۇپ، ئۇچار قاناتلاردىن باشقا جانلىقلارنىڭ چىقىشى تەسەۋۋۇرغىمۇ سىغمايدۇ. "مېھراپ" نىڭ ئۆزىمۇ 10-20 گەزچە بار ئوخشايدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇ"مىھراپ" نى قانداق كارامەتچى ئادەم ياسىغاندۇ؟ كىمىمۇ ئۇ يەرگە چىقالىسۇن؟

— گەپ شۇ يەردە.

— تەبىئىي شەكىللەنگەن بولسا كېرەك، — دېدى ئابدۇراخمان.

— مەنمۇ ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنىغا قاراپ ئادەم چىقالىشىغا ئىشەنگىم كەلمىدى، بىراق، كىشىلەردە ئۇنى بۇرۇنقى ئادەملەر ياسىغان دېگەن ئېتقاد باركەن، شۇنى نەزەردە تۇتقاندا نەخ مەيداننى كۆرۈپ ئاندىن بىر نېمە دېمىسە، دۇرۇس بولمايدۇ[1].

— بىز ئۇ يەرنى تەكشۈرۈپ كۆرمەمدۇق؟ — دەپ قىزىقتى سابىت.

— ياق، ئوغلۇم، بۇ قېتىم مەنزىلىمىز ۋە سەپەردىكى مەخسىدىمىز ئۇ ئەمەس، ئۇ يەرنى تەكشۈرۈشكە بۇنداق چىققىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئىشنى يېقىن كەلگۈسىدە چوقۇم قىلىمىز. ۋەتىنىمىز زېمىنىدىكى تاغ- ئىدىرلاردا سىرلىق نەرسىلە ئاز ئەمەس، ھەممىسىنىڭ سىرىنى سىلەر ئاچىسىلەر. مۇشۇ تاغ ھەققىدە تېخى نى - نى ئاڭلىغۇلۇقلار بار. بۇنى بىز بۈگۈن قونىدىغان سۆگەت بۇلاققا بارغاندا ئاڭلايسىلەر، — تەۋپىق جىددى پوزىتسىيىسىدە، ئەمما مۇلايىم ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

بۇ چاغدا ئۇلار جىگدە بۇلاققا يېتىپ كەلگەنىدى. جىگدە بۇلاق دارا تاغ ئېتىكىدىكى دەسلەپكى يېشىل نۇقتىدى. ئۇ گويا بىر يوغان قارا تون ئۈستىدىكى يېشىل تۇگمىگە ئوخشايتتى. مۇشۇ چەكسىز قاقاس ساي ۋە گىياھ ئۈنمەس ئۇيۇل تاشلىق تاغلار بىلەن قاپلانغان مۇھىتتا ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىدى. بۇ يەردە جىگدىلىك بولغاچقا شۇنداق نام بېرىلگەنمۇ قانداق، ھەر ھالدا ئىسمىنىڭ نېمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ يەر چوپانلارنىڭ ئەڭ ياخشى تۇرالغۇلىرىدىن بىرىدى.

---

[1] مۇئەللىپ 1985- يىل 24-25- مايدا مەزكۇر تاققا چىقىپ زىيارەت قىلغانىدى. بۇ جەريانىدا خەلق ئارىسىدىكى گەپلەرنىڭ ئەپسانە ئىكەنلىكىنى، "مىھراپ" نىڭ ۋولقان كۆپۈكچىلىرىنىڭ يېرىلىشىدىن شەكىللەنگەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ قايتقانىدى. — ئا.

ئىزچىلار بۇلاق سۈيىدىن قېنىپ ئىچىۋېلىشقاندىن كېيىن يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى. قوياش دارا تاغنىڭ تىك چوققىلىرى ئۈستىگە بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا تاغ چوققىلىرى تېخىمۇ ھەيۋەت، تېخىمۇ تىك، تېخىمۇ ئۈچلۈق، تېخىمۇ سۈرلۈك قارا رەڭدە كۆرۈنەتتى. تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى "مېھراپ" بارغانسېرى يوغاناراق ۋە تولۇقراق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىزچىلاردا تاغ ھەققىدىكى قىزىقىش ئېشىپ، ھەر بىرى تاغ ھەققىدە ئاڭلىغان قىزىق پاراڭلىرىنى، ئەپسانىلەرنى سۆزلەپ باردى. شۇڭا سەپەرنىڭ ھارغىنلىقىمۇ بىلىنمەي سۆگەت بۇلاققا يېقىنلىشىپ قېلىشتى.

بۇ چاغدا يول سول تەرەپكە ئۆتكەن بولۇپ، دارا تاغ تەرەپتىن يىراقلىشىپ قالغانىدى. ئوڭ تەرەپتە – تاغ ئېتىكىدىكى پاكار- پاكار ئىدىرلار ئارىسىدا ياپ- يېشىل بوستانلىق كۆرۈنىشى بىلەنلا ئۇلار كەلكۈن ئېقىپ كەلگەن ساي بىلەن ئاشۇ يېشىللىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىشتى. شۇ چاغدىلا ئۇلار ھەم ھېرىپ، ھەم ئېچىپ كەتكەنلىكلىرىنى ھېس قىلىشتى. پادىچى ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى گويا ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىققاندەك قەدىردان كىشىلىرىدىن بېشارەتتەك، ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرى ئىللىق قوينىغا تارتىپ تۇرغاندەك كۆڭۈللۈك تۇيغۇ پەيدا بولدى.

سۆگەت بۇلاقتا ئىككى ئائىلە باردى. بۇنىڭ بىرى قىرغىز ئائىلىسى، يەنە بىرى ئۈستۈنئاتۇشتىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ، قالغان ئۇيغۇر چارۋىچى ئىدى. ھەر بىرسىنىڭ بالا- چاقىلىرى بىلەن قوشقاندا بۇ يەردە ئون نەچچە جان ياشايتتى.

ئىزچىلار سۆگەت بۇلاقنىڭ پاكار ۋە ئىنچىكە پەخشى تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان دائىرىسىدىن يېشىللىق ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە گويا ئۇزۇن مۇددەت يات يەرلەردە بۇيۇن قىسىپ يۈرگەن بالا ئانا ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلگەندەك، چىم قاپلىغان چىمەنلىكتە موللاق ئېتىشىپ، بۇلاق سۈلىرىنى بىر- بىرىگە چېچىشىپ، يايراپ كېتىشتى. بۇ ئاجايىپ قوشۇندىن ھەيران بولغان چوپان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى بىر خىل كىيىنگەن، چاچ قويغان بۇ بىر توپ ياشقا قارىشىپ قالدى. تەۋپىق دەرھال چوپاننىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام

قىلدى. ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ھەمىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان خۇرۇم سومكىسىدىن تاتلىق- تۈرۈملەرنى ئېلىپ چوپاننىڭ باللىرىغا بەردى.

— تاغا، بۇ كىيكچاقلارنىڭ ئويناقلاپ كەتكىنىنى قاراڭ، — دېدى تەۋپىق ئىزچىلارنى چوپان بوۋايغا كۆرسىتىپ، — ياشلىق قانداق ياخشى ھە! بولمىسا ھېرىپ كەلگەن سەپەرچى دېگەن دەم ئالماي قىغىتىپ يۈرەمدى.

تەۋپىقنىڭ ئېتىنى باغلاش بىلەن بولىۋاتقان بوۋاي بۇ يېقىملىق مېھمانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— مەيلى ئوينىۋالسۇن، — دېدى ۋە ئارقا تەرەپتىكى ئېغىلدا مال سېغىۋاتقان ئايالىغا ۋارقىرىدى، — ھاي، ئانىسى، ئىتتىكراق تەۋرە، مېھمانلارغا چاي قاينات، بول!

— ئاۋارە بولماڭ تاغا، بىز ئۆزىمىزلا قولمۇ- قول قىلىپ كېتىمىز، — دېدى.

تەۋپىق ۋە ئىزچىلارغا قاراپ يىغىلىش كوماندىسى بەردى:

— ھازىر... ئول! — چىمەنلىكە قىيغىتىۋاتقانلار دەرھال چوپاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا جەڭگىۋار سەپ ھالىتىگە كەلدى، قۇربان ئىبراھىم، قۇربان جاپپار، ئەكبەر ئۈچىڭلار دەرھال چايغا تۇتۇش قىلىڭلار، ئابدۇراخمان، سەن ئۈچ ئىزچىنى ئېلىپ، مال- ۋاراننى ھەيدەپ كېلىپ جايلاشتۇرۇشقا قارىشىپ بەرگىن. قالغانلار ئېغىلنى قۇرۇقدىۋېتىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار.

ئابدۇراخمان دەرھال ئۈچ ئىزچىنى ئېلىپ چوپاننىڭ چوڭ بالىسىنى يول باشلاتقۇزۇپ يۈرۈپ كەتتى.

— ئىنىم، نىملەر قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ تۇر، كىچىلىك چۆپ تەييارلاش كېرەكمۇ؟ يەنە باشقا ئىش بولسىمۇ دە، ھە - ھۇ قىلىشىمىز، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، چوپاننىڭ ئىتىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ سوكۇلداپ مېڭىپ كەتتى.

چاي قايناتقۇچىلار ھويلىدىكى ئۇچاقتا يوغان قازاننى ئېسىپ قولمۇ- قول چاي قاينىتىشقا كىرىشتى. يەنە بىر توپ ئىزچى قىرغىز چارۋىچىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ يۈرەتتى. تەۋپىق ساھىپخانلارنى گەپكە تۇتۇپ ئىشىغا

تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئىش تەگمىگەن ئىزچىللارنى باشلاپ سۆگەت بۇلاقنىڭ ھەممە يېرىنى ئارىلاپ كۆرۈشكە كەتتى. سۆگەت بۇلاقتىكى بىدىلىك ئەتراپىدا ئۈژمە دەرىخى كۆپ ئىدى، پىلىچىلىك ئۈچۈن پىلانلانغانمىكىن، ئەيتاۋۇر ئۈژمىلىك بەرپا قىلىنغان ئىدى. بۇ دەشت چۆل ئىچىدىكى باغ ئىچىدە تەۋپىقنىڭ ئۇلانما تەسەۋۋۇرىغا تۇيۇقسىزلا تاھىر خەلپەت، ئۇنىڭ باغۋەنلىكى، ئارقىدىن ئىلمىي بىر باغۋەنچىلىك قوشۇنى تەربىيىلەپ چىقىلسا چۆللەرنىمۇ باغقا ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار كەچتى؛ ئارقىدىن تاھىر خەلپەتنىڭ باللارچە ساددىلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئۆزىگە ئۇلاق ئۇلاشنى ئۆگەتكىنى كەچتى ھەم شۇئانلا ”شۇ چاغدا ئۇلىغان ئۇلاقلىرىم نېمە بولغانكىن؟“ دېگەنلەرنى ئويلاپ دەرھال ئەتراپىدىن ئاللىكىمنى ئىزدەپ بويۇندىدى ۋە يېنىدىن نېرى بولمايدىغان سابىتقا كۆزى چۈشكەندە:

— ئېسىڭدە بارمۇ، بىز تاھىر خەلپەتنىڭ بېغىدا ئۇلاق ئۇلىغانىدۇق، مېنىڭ ئۇ ئۇلاقلىرىم چىقتىمىكىن، خەۋىرىڭ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. سابىت ئۇستازىنىڭ مۇشۇ ئۈژمىلىكتە ئۇلانما تەسەۋۋۇرىنىڭ نەلەرگە كەتكىنىنى تەخمىن قىلدى ۋە جاۋاب بەردى:

— يېرىمى چىقىپتۇ، يېرىمى قۇرۇپ قاپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ دېمەك مەندە باغۋەنچىلىك تالانتى يوقكەندە!؟

— نېمىشقا؟ خېلى- خېلى باغۋەننىڭ ئۇلاقلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئەپەندىم، يېرىمى چىققىنى مۇۋەپپەقىيەتلىكىز، — دېدى سابىت سەممىيلىك بىلەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە ھەر ياز ھەپىلىشىپ تۇرسام بولغىدەك، — تەۋپىق باللاردەك خوش بولۇپ كەتتى ۋە سابىتنىڭ زەبەردەست بەستىگە تايىنىۋېلىپ، چىمەنلىك ئەتراپىنى ئايلىنىشنى داۋام قىلدى.

چىم بىلەن قاپلانغان يانتۇلۇقتىن نۇرغۇن ئۇششاق بۇلاقلار ئېقىپ چىقىپ، تۆۋەندە بىر ئېرىققا جەم بولاتتى. بۇ يانتۇلۇقنىڭ ھەممە يېرى ياپ-يېشىل جۇلالىنىپ تۇرغان چۆپلۈك ئىدى. تۆۋەن تەرەپ بولسا ئىككى موچە

كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئۇ يەرگە بېدە تېرىلغان. ئېرىق بويلىرى، يېڭىدىن قويۇلغان سۆگەتلەر ۋە جىگدىلەر باراقسان بولۇپ كەتكەن، كۆكلۈلدىكىدەك ساياھەت ئورنى بولۇپ قالغانىدى. بۇ چەكسىز دەشت باياۋان ئارىسىدىكى كىچىككىنە يېشىل ئارالنىڭ شىمال تەرىپىدە قىزغۇچ سېرىق توپىلىق ئىدىرلىقلار، پەسرەك ئاق تاغلار، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بولسا كۆكۈش قارا رەڭدىكى دارا تاغ تىزمىسى ئىدى. شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىمۇ تەدرىجى تۆۋەنلەپ كەتكەن يانتۇلۇق بولۇپ تاكى پاراللېل ياتقان ئىككى تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بىر خىل تۆۋەنلەپ باراتتى.

ئۇلار بىردەمدىلا قاراساي ئۇستىدىكى مۇشۇ يېشىل"ياماق" نى ئايلىنىپ بولۇشتى. بۇ چاغدا چايمۇ قايىنىغان، چوپانمۇ كەچقۇرۇنلۇق ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆي ئالدىغا سېلىنغان ئۆچكە تېرىسى ئۇستىدە ئولتۇرغانىدى، چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى بولسا ئەتراپتا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، تاغلىقلارغا خاس قىزىقىش بىلەن مېھمانلارنى كۈزەتمەكتىدى. مالنى قايتۇرۇپ كېلىشكە كەتكەنلەردىن ئابدۇراخمان بىلەن پادىچى بالا ئايرىلىپ قالغان مالىلارنى تاپقىلى جىلغا ئىچىگە ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى.

ھەر ئىككى ئائىلىلىك چارۋىچى ئىزچىلار سەۋەبىدىن ئوپچى داستىخانغا جەم بولۇشتى. خالىغانلار سۇتلۇك چاي، خالىغانلار قېتىق ئېچىشتى. شۇنداقلا كۇلكە چاقچاقلار، لەتىپە، تەمسىللەرنى سۆزلىشىپ شۇنداق كۆكلۈلۈك ئولتۇرۇشتىكى، مۇشۇ كىچىككىنە ئۆتەڭدە ياشاپ كېلىۋاتقان چارۋىچىلار بۇ مېھمانلارنى ئەۋەتكەن خۇداغا ھەمدۇ- سانا ئېيتىپ قالدى. پەقەت تەۋپىقلا ئابدۇراخماندىن ئەنسىرەپ ئىشتىھاسىز ئولتۇراتتى.

خۇپتەن بولدى. قۇربان جاپپارنىڭ زىل ۋە ياڭراق ئاۋازى بۇ خىلۋەت تاغ ئارىسىدا جاراڭلاپ ئەزەن ئېيتتى. ئاندىن ئىزچىلار بىلەن چارۋىچىلار تەۋپىقنىڭ ئىماملىقىدا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشتى. نامازدىن كېيىن تەۋپىق يەنىلا كەيپىسىز هالدا ئۇن- تىنسىز بۇلاق تەرەپكە كەتتى. ئۇ بۇلاق بېشىدا ئولتۇرۇپ، يۇز-كۆزىنى يۇيۇپ كەچكى دىمىقتىن ئۆزىنى سەگىتتى. قارىيىپ

كۆرىنىۋاتقان قىرى ئۇژمە ئارقىسىدىن كۆرىنىۋاتقان تولۇن ئايغا قاراپ خىيالغا كەتتى.

ئالاھەزەل ئىككى سائەتلەردىن كېيىن، تولۇن ئاي قىرى ئۇژمىنىڭ ئۈستىگە مىنەي دەپ قالغان چاغدا ئىتنىڭ قاۋىغىنى، كۆپ ئۆتمەي ئۆي تەرەپتىن ئىزچىلارنىڭ ۋاڭ- چۇڭى ئاڭلاندى.

تەۋپىق ئالدىراپ تېز- تېز قەدەملەر بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. ئابدۇراخمان ئېزىپ كەتكەن ماللارنى ئېلىپ كەلگىنىدى. پادىچى بالا ماللارنىڭ يا چىققىلى يا چۈشكىلى بولمايدىغان خەتەرلىك ئاسقا تېگىدە تۇرۇپ قالغىنىنى، ئۇلارنى ئېلىپ چىققىچە قانداق قىينالغانلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى.

تەۋپىق ئۇ سۆزلەرگە قارىماي ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا، قۇربان جاپپارنى چاي كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ھەم يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە غىزالاندى، ئۇ ئامان- ئېسەن قايتىپ كەلگەنلەرگە بىلىندۈرمەي قاراپ قوياتتى. ئابدۇراخمان خاتىرجەم كۆرىنەتتى.

چايدىن كېيىن ئىزچىلار چاپسانلا ئۇيقىغا كەتتى. تەۋپىق ئوچاق يېنىدا ئىككى پىشقەدەم بىلەن خېلى ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. ئۇلار دارا تاغقا ئالاقىدار ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

چوپاننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىكى جىلغا يېنىدىكى تەكشىلىكتە مۇڭغۇللارنىڭ قەۋرىستانلىقى بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەردە مۇڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە قانلىق جەڭلەر بولغان ئىكەن. مۇڭغۇللارنىڭ قەۋرىسى ئاشۇ جەڭدىن قالغانىكەن[①]. جىلغىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ قەۋرىسى بارىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ زات سۇلتان

---

[①] پېقىر بىر قانچە دوستۇم بىلەن دارا تاغقا چىققاندا ”مۇڭغۇل قەۋرىستانلىقى“ دېيىلگەن جايدىن بىر قەۋۋرىنى ئېچىپ، جەسەتنىڭ دەپنە قىلىش ھالىتىنى تەكشۈرگەندە جەسەتنىڭ بېشى شىمالغا، يۈزى غەرپكە قارىتىپ دەپنە قىلىنغانلىقىنى بۇ قەبرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئومۇمەن تاغ ئارىسىدىكى نامەلۇم قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاۋام خەلق ”موڭغۇل قەۋرىسى“ دەۋالىدىغان ئادەت بارىكەن، — ئا.

سۈتۈقنىڭ ئۇرىقىدىن ئىمىش. كىشىلەر ئۇنى ھەزرەت موللام دەپ ئاتايدىكەن. سۆگەت بۇلاق ئاشۇ زاتنىڭ ئات باقارلىرى تۇرىدىغان يەر بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئاشۇ ئاتباقارنىڭ ئەۋلاتلىرى بۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ بوۋايمۇ ئاشۇ ئاتباقارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ھازىرغىچە نۇرغۇن دەردى بار كىشىلەر ئاشۇ تاغ ئارىسىدىكى يالغۇز قەۋرە بېشىغا بېرىپ، مال ئۆلتۈرۈپ، ھاجىتىنى ئېيتىپ، تىلەك تىلەپ ياغ پۇرىتىپ تۇرىدىكەن. بۇ قەۋرىنىڭ قېشىدا يەنە ئەشىمىزى بۇۋى پاتىمەمنىڭ چاچ تارىغان يېرىمۇ بارمىش. . . بوۋاي بۇ ھېكايىلەرنى بەكمۇ سىرلىق، مۇقەددەس، كارامەتلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. تەۋپىق بوۋاينىڭ ساددا ئىخلاسىغا چېقىلىشنى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈرۈپ، ئارىنى بۇزۇشنى، ئۇنىڭ بىلەن بۇ خۇراپىي ۋە شىرىك ئېتىقادنى تاشلاش ئۈستىدە تالىشىشنى خوپ كۆرمىدى. چۈنكى بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەيتى. ئەگەر بوۋاينىڭ كاللىسى ئايدىڭلىشىپ، توغرىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەندە، ئۇنىڭ كۆز قارىشىدا ئىزچىلارغا شەك بىلەن قاراش شەكىللىنىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭكىنى يالغان دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىسىمۇ، شەرتلىك قىلىپ:

— ھاجەت ئۈچۈن ئاللاھقا يېلىنىمەك بۇيرۇلغان، ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇق بالانى كۆتۈرىۋېتىشكە، ياردەم بېرىشكە ياكى بالا ـ قازا بېرىشكە قادىر ئەمەس، — دەپ قويدى.

شۇندىن كېيىن تەۋپىق بوۋايغا خەيرلىك كەچ، ياخشى چۈش تىلەپ بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنۇشقا كەتتى. ئۇ مۇزدەك بۇلاق سۈيىدە راھەتلىنىپ يۇيۇنۇپ بولۇپ، ئىزچىلارنىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ ئۇخلاشقا ياتتى.

## 3

ھەممىدىن كەچ ياتقىنىغا قارىماي تەۋپىق ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا چوپانمۇ ئويغانمىغان، پەقەت ئۇنىڭ ئىتىلا ئورمان تەرەپتە

ئايلىنىپ يۈرەتتى. تەۋپىق بۇلاق تەرەپكە ماڭغاندا ئىتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. چىملىق دۆڭگە چىقىپ بۇلاق سۈيىدە يۈيىنىۋاتقان يوچۇن ئادەمگە قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆي تەرەپكە كەلدى.

تەۋپىق سەپەر خالتىسىدىن بىر بۇردا قاتتىق نان ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ۋە چاينىغاچ بېرىپ قۇربان جاپپارنى ئويغاتتى. ئاندىن ئۆزى يەنە سەھەرنىڭ سالقىنىدا ھاۋالانغاچ ئەتتىگەنلىك گىمناستىكا ئويناش ئۈچۈن دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي قۇربان جاپپارنىڭ ئۆزىگە خاس جاراڭلىق ئاۋازدا ئېيتقان ئەزىنى جىم- جىت تاغ ئارىسىنى لەرزىگە كەلتۈردى. يىراق-يىراقلاردىن ئەكىس سادا قايتىپ، بۇ ئاۋازنى تېخىمۇ سىرلىق، ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزدى.

ئىزچىلار ۋە چوپانلار چاپسان ئورنىلىرىدىن تۇرۇشۇپ تاھارەت ئېلىشتى. چوپانلار بۇ يەردە ماكانلاشقاندىن بېرى كۆجۈم مەھەللىلەردىكىدەك بۇنداق جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇپ باقمىغاچقا، شۇ تاپتا ئالىقانداق خوشاللىق ئىلكىدە ھاياجانلانماقتىدى.

ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولغۇچىلا مېھمانلارنىڭ سەھەر يولغا ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلىدىغان چوپان ئاياللىرى چاي قاينىتىپ داستىخان تەييالاپ قويۇشتى. بۇ قوۋناق يولۇچىلارنى تۇققانلىرىدەك كۆرۈپ قىلىشقان ساھىپخانلار قايماق، سېرىق ماي، قۇرۇت قاتارلىق بىساتىدا بارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ داستىخانغا تۆكتى. بۇ چاغدا يىگانە، جىم- جىتلىق ئىچىدە ئۆسكەن باللار ئۆز ئاكىلىرىدەك بولۇپ قالغان يىگىتلەرنىڭ ھازىرلا كېتىپ قالىدىغانلىقلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ يەنە مۇشۇ جەزىردە قالىدىغانلىقلىرىنى بىلىپ يىغلاشقىمۇ ئۈلگۈردى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى. ئەمما ئۇلار قانچە ئويلاپمۇ بۇلارنىڭ باشقا ئۆتكۈنچىلەردىن نېمىسى ياخشىراق ئىكەنلىكىنى دەمال ئاڭقىرالماي ھەيراندى.

شۇڭا ئىزچىلار ئۇزاپ ماڭغاندا ئۇلارغا قۇرۇت، سېرىق مايلارنى يوللۇق تۇتتى. ھەم ئۇلارغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. ئاندىن بىر دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىپ قالدى. ئىزچىلار كەلكۈن ئېقىپ، ئۆتكەن ساي ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقۇلۇپ يىراقلاپ كەتكەندە چوپانلار ئۆزلىرىنى تۇنجى قېتىم ۋەھىمىلىك كويقاپ ئالدىدا يەككە- يېگانە قالغاندەك، قورقۇنۇچقا ئوخشاپ كېتىدىغان، يىتىمسىرەشتەك بىر خىل روھى-  ھالەتكە بوغۇلۇپ قالدى.

تەۋپىق ئەمدى ئىزچىلارنى ئەركىن مېڭىشقا قويۇۋېتىپ، دارا تاغقا ئالاقىدار بارلىق ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. بۇ رىۋايەتلەر ئىزچىلارنى، بولۇپمۇ بۇ سەپتە بىللە كەلگەن ياش مۇئەللىملەرنى بەك قىزىقتۇردى. ئۇلار قاچانكى پۇرسەت بولسىلا بۇ يەرگە ئاتايىن كېلىپ كىشلەر سىرلىق كۆرسىتىۋاتقان بۇ تاغنىڭ جىمى سىرىنى ئېچىشقا نىيەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتەك قىزغىن پوزىتسىيىسى ئۇستازىنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى. ئۇستازىنىڭ قەلبىدە شۇ چاغ بىر خىل ھاردۇقى چىققاندەك تۇيغۇ ئويغانغان بولۇپ، بۇ تۇيغۇ ھەم ئۆز ئەمگىكىدىن قانائەت ھاسىل قىلىش تۇيغۇسىغا، ھەم ئالىقانداق ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇش تۇيغۇسىغا ئوخشاش كېتەتتى. ئۇ ۋەتەنىنىڭ تاغ- دەريالىرىنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان ئىز باسارلىرى بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەن، ئالدىنقىلار ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمىغان ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىرادىسىگە ئىگە ئەۋلادلارنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقىنىدىن، ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدىكى ئەندىشلىرى پەسلىگەنىدى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. شۇڭا غەربىي جەنۇپ تەرەپتە سۇس تۇمانغا پۈركەنگەن مىڭيولنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە مىڭيولنى تۇمان قاپلىمىغان، پەقەت ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىدىن شۇنداق كۆرۈنەتتى. توپا تاغ بىلەن دارا تاغ ئارىسىدىكى ساي سۆگەت بۇلاقتا تۆگە لوكىسىدەك ئىگىزلىككە كۆتۈرىلەتتى. مىڭيول تەرەپكىمۇ، توقاچلا تەرەپكىمۇ تەدرىجي تۆۋەنلەيتى. ھازىر ئىزچىلار

كېتىۋاتقان يول ئىلدى بولغاچقا مېڭىشقا ئاسان ئىدى. مىڭيولنىڭ دەرەخلىرىمۇ يىراقتا- ئاللىقانداق چوڭقۇرلۇقتا كۆرۈنەتتى.

— ئەپەندىم، — دەپ سورىدى ئەكبەر، — توققۇزاققا ماڭىدىغان يولنى بىلەمسىز؟

— نېمىشكە بىلمەيتتىم، بىلىمەن. چەتئەللىك تەكشۈرگۈچىلەر ئۆزىمىزگە يول باشلىتىپ، چۆل- جەزىرە، تاغ- ئىدىرلىرىمىزدا ئازماي تىمىسقاپ يۈرىدۇ - يۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىدە ئېزىپ قالساق سەت ئەمەسمۇ؟ كونىلاردا "يول سورىغان يولدىن ئازماس" دېگەن گەپ بارغۇ، سوراپ ماڭىمىز. ئالدىمىزدىكىسى مىڭيول. ئۇ يەردىن مۇشقا، ئۇ يەردىن ئۆستەڭبويىغا، ئۈنىڭدىن ئۆتۈپ زەمىنگە، ئاندىن توققۇزاققا بارىمىز.

يول تاكى مىڭيول يېزىسىغىچە تۈۋەنلەپ بارىدىغان بولغاچقا سەپەر ئاۋۇيتى. ئاندا- ساندا چۇشۇپ چىقىدىغان كىچىك ئېقىنلار بارىدى. مانا شۇنداق ساي يولىدا تېخىمۇ قاتتىقراق ئىسسىق بولاتتى. ئىسسىق ۋە ئۇسسۇلۇق يولۇچىلارنى چاپسانلا چارچىتاتتى. لېكىن ئۇلار مىڭيول يېزىسىغا يېقىنلاشقاندا يەنە سەپلىرىنى تۈزەپ جەڭگىۋار ھالەتكە كەلدى ۋە مارشلار ياڭراتقان ھالدا يېزىغا كىرىپ كەلدى.

مىڭيولدا ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، تاماق يەپ ۋە بىر ئاز دەم ئېلىشتى. ماغدىرىغا كەلگەندىن كېيىن مۇشقا قاراپ ئاتلاندى. ئەمدى ئۇلار بىر- بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يېزا – كەنتلەر ئىچىدە ئېتىز ۋە ئۆستەڭلەر ياقىلاپ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە يۇرۇلۇپ مېڭىشاتتى. شۇڭا يولمۇ ئانچە ئۇزۇن بىلىنمىدى. كۆپ ئۆتمەي مۇش يېزىسى كۆرۈنەتتى، مۇشتىن ئۆستەڭ بويىغا قاراپ ماڭغانلىرىدا جەنۇب يۆنىلىشىدە يۇرۇلدى. ئۆستەڭ بويىدىن زەمىنگە قاراپ ماڭغاندا بولسا شەرقىي جەنۇپ تەرەپكە يۇرالدى. زەمىندىن توققۇزاقنىڭ دەل- دەرەخلىرى كۆرۈنىپلا تۇراتتى.

ئۇلار توققۇزاققا كىرىپ كەلگەندە قوياش دارا تاغ تىزمىسىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى چوققىلىرى ئۈستىدىن ئەڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرىنىمۇ يىغىپ، تۈن ئەتراپقا پەردە يېيىشقا تەييارلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ناخشىسى

كەچكى گۈگۈمدا جاڭگالدىن قايتقان پادىلارنىڭ سۈرەنلىرىنى بېسىپ چۈشۈپ، قۇدرەت بىلەن جاراڭلاپ، بالىلار ۋە ئاياللارنى، ئاندىن ئەرلەرنى ئۆيلەردىن چىقىشقا جەلپ قىلدى.

ئۇلار توقۇزاق مائارىپ ئويۇشمىسىغا بارغاندا توقۇزاق مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ھەققى، ئابلا رازى قاتارلىق مائارىپچىلار ئۇلارنى كۈتىۋالدى. تەۋپىق ئابلا رازىنى ئىلگىرى ئىكساق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا كۆرگەنىدى. ئابلا رازى "ھەببىزادە دارىلمۇئەللىمىن"نىڭ دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن توقۇزاقتا كېلىپ مەدەنى ئاقارتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن ياشلاردا بولىدىغان بىر خىل قىزغىن ۋە تەخىرسىز نۇر بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ياش ئادەم ئەمەس، 40 ياشلاردىن ھالقىغان ئادەمىدى. ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازىدىمۇ بىر خىل شوخلۇق سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى قاتتىق قىسىپ تۇرۇپ چاقچاق بىلەن ئامانلاشتى:

— كەچ قالغان يولۇچىدەك ھولۇقۇپ كىتىپتىلىغۇ، ئىنىم؟ تەنلىرى سالامەتتۇ؟

— سالامەت، سىز بىلەن چېلىشقۇدەك ھالىم بار تېخى، — دېدى تەۋپىق چاقچاق قىلىپ.

— بۇنىسى سەل ئېشىپ كەتتىمىكىن، بولمىسا ئىسمايىل ئاكىلىرى باھا بېرىپ باقسۇن، قولىلىرى تىترىگەندەك قىلىۋاتامدۇ، — ئابلا رازى خۇرسەنچىلىكنى چاقچاق بىلەن ئىپادىلىدى.

— ياق، بۇ ھەرگىزمۇ ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن ئەمەس، سىزلەر بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن ھاياجانلىنىۋاتىمەن.

— ھا ھا ...... پونىمۇ كېلىشتۇرۇپ ئېتىشنى بىلىلا، ئادەمنى ئالداشقىمۇ ئۇستا ئىكەنلا، — ئابلا رازى ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ مۇرىسىگە يېنىك شاپىلاقلىدى ۋە ئىزچىلار بىلەن بىر- بىرلەپ كۆرۈشتى، — قىممەتلىك مېھمانلىرىمىز، قېنى ئەمىسە مەرھەمەت قىلىشسىلا، مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا، — دەپ ئۇلارنى باشلىدى.

ئۇلارنى توقفۇزاق مائارىپ ئويۇشمىسى ئىنتايىن كاتتا داستىخان راستلاپ كۈتىۋالدى ۋە تاماقتىن كېيىن ئىزچىلارنى قونالغۇغا جايلاشتۇردى. بۇ چاغدا ۋاقت يېرىم كېچە بولغان، ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن، پەقەت نامەلۇم جايدا چېكەتكە چىرىلدايتتى. ۋە ئالىلىقاندىداق يىراق بىر جايدا گاھ- گاھ ئىتلار قاۋايتتى. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق، ئاسمان تىنىق سۈدەك سۈزۈك، يۇلتۇزلار پىلىلداپ تۇراتتى. سامان يولىمۇ ئوچۇق كۆرىنەتتى. ئىزچىلار ئۇخلاشقا ياتقاندىن كېيىن تەۋپىق ئىسمايىل ھەققىي، ئابلا رازىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. ھېچقانداق خوجايىنغا يالىلانمىغان ياكى ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالمايدىغان پىدائى خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇيقۇسىز تۈنلىرىدىن يەنە بىرى باشلاندى.

4

تەۋپىق ئىزچىلىرى توقفۇزاقتا ئەتىسى بىر كۈن تۇرۇپ، توقفۇزاق ئىزچىلىرى بىلەن بىللە پائالىيەت ئۆتكۈزدى. يەنە بىر قونۇپ ئەتىسى قەشقەر تەرەپكە يولغا چىقتى. شۇ كۈنى چۈشتە قىزىل دۆۋىگە — توختاجىننىڭ مەكتىپىگە كېلىپ ئارام ئېلىشتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەللىملەرگە كونا تونۇشلاردىنىدى. شۇڭا سايىپخان تەرەپ بىلەن مېھمان تەرەپ تۈزۈت تەكەللۇپسىزلا ئارىلىشىپ، ئەھۋاللىشىپ، گەپلىرى تۈگىمەي كەتتى. تاماقتىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئىزچىلىرى ئايرىم - ئايرىم ماھارەت كۆرسىتىشتى. ئارقىدىن ئىككى تەرەپ ئىزچىلىرى بىللە پائالىيەت ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىلەشتى.

—تەۋپىق كەچكە قالماي نوۋبىشى مەكتەپكە كەتمەكچى بولغانىدى. شۇ چاغدا مەكتەپ ھويلىسىغا بىر ھارۋا كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن سجاك قىزىل دۆۋىگە چىقىدىكەن – دە، — دېيىشتى قىزىل دۆۋە مۇئەللىملىرى.

—مەمتىلى ئەپەندى، ئەمدى سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەتسىلە، سىجاڭنىڭ ھارۋىسى كېلىپ قالدى، ئارقىدىن ئۆزىمۇ كېلىدۇ،— دېدى توختاجىمۇ سۆز قېتىپ. ھارۋا ئۆلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. ھارۋىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن تىتراد[1] ۋە تۈرلۈك ئوقۇشلۇقلار، قېرىنداش، قەلەم، سىيا قاتارلىقلار قاچىلانغانىدى. مەخمۇد مۇھىتى ھەر قاچان قەشقەر ئەتراپىدىكى مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىپ بارسا دەپتەر، قەلەم قاتارلىق ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ كېلەتتى.

بۇ يەردىكى مۇئەللىملەر گەرچە ئارقىدىنلا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئاتلىق يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ قەلبى سۆيۈنۈپ، نېمىگىدۇر تەشنا بولغاندەك ھارۋىكەشتىن.

— سىجاڭ ئاتىمىز ئۆزى كەلمەمدۇ؟ — دەپ سورىشاتتى.

—كېلىۋاتىدۇ.

— تېنى تازىمۇ؟

— تازا بولغاندىمۇ قانداق دېمەملا،— ھارۋىكەش ئۆزىگە خاس تىلى بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

ئۆلارنىڭ سۆھبىتى ئۈستىگىلا مەھمۇد مۇھىتى ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى. ئاۋۋال مەكتەپ ھويلىسىغا ئىككى ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى كىرىپ كەلدى، ئارقىدىن مۇھىتىنىڭ ھەم ئېگىز، ھەم سېمىز ئېتى كۆرۈندى. سىجاڭ ئات ئۈستىدە شۇنداق سۈرلۈك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ئىككى ئاتلىق مۇھاپىزەتچى كىردى. ئارقىدىكى ئاتلىقلار ھويلىغا كىرىپ بولىشى بىلەنلا مەھمۇد مۇھىتى چاققانلىق بىلەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭ بوي-بەستىگە ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چاققان-يېنىك ھەرىكەت بىلەن ئاتتىن چۈشۈشلىرىدىمۇ بىر خىل ھەربىيلەرگە خاس جەسۇرلۇق، پىششقان ماھارەت بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئات تىزگىنىنى مۇھاپىزەتچىلەرگە بېرىپ پىيادە ماڭدى.

---

[1] تىترەت — رۇسچە тетрадь سۆزىدىن، مەشق دەپتىرى، — ئا.

ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى— مۇئەللىملەر ۋە ئىزچىلار ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭغانىدى، مەھمۇد مۇھەتتى ئۇلارغا قول ئىشارىتى قىلىپ توختىتىپ قويدى.

— كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلگۈچى بولغاندىكىن مەن باراي،— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— يوقىسۇ، ئۆزلىرى بىزنى مۇشۇ يەرگىچە ئىزدەپ چىققان يەردە بىر نەچچە قەدەم بولسىمۇ ئىستىقباللىرىغا بارساق نېمە بولاتتى.

ئۇلار بىر- بىرلەپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. سىجاڭ تەۋپىقنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— توققۇزاقتىن ئەتتىگەن چىققانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ۋە ئاندىن دوستانىلىق بىلەن قوشۇپ قويدى،— ئابلا رازى سىزنى رازى قىلىپ ئۇزاتقاندۇ؟

سىجاڭ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ، تېنچلىق سورىشىپ ۋە بىر-ئىككى ئېغىزدىن چاقچاقلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— خوش، تەتىلنى يىغىدىغان ۋاقت بولغاندۇر؟ — دەپ سورىدى.

— مانا بىز مەكتەپكە كېلىپ ئىزچىلار بىلەن كەم- كوتا ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىمىز، بۈگۈن ئەتە يىغىلىساقمىكىن،— دېدى مۇھەممەت ئىمىناخۇن.

— شۇنداق بولسۇن، بالىلارنىڭ ئالدىراش ئىشىمۇ تۈگىدى، خامان ئېلىنىپ بولدى، ئەمدى بىكار ئوينىغاندىن كۆرە ئوقىسۇن. ئالدىمىزدا كەتكەنلەرنى قوغلاپ يېتىمىز دېسەك ئاز دەم ئېلىپ، كۆپرەك يۈگرىمەي بولمايدۇ. شۇنداقمۇ، مەمتىلى ئەپەندى!

— شۇنداق، سىجاڭ ئاتىمىز توغرا ئېيتىدۇ. دەم ئېلىش بىزگە تازا ياراشمايدۇ، — دېدى تەۋپىقمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ.

ئۇ تەۋپىققە قاراپ:

— خوش ئۆزىڭىزچۇ؟ بالىلارنى يۇرت كەزدۈرگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. سىز قانداق قىلماقچى؟ قايتىپ بېرىپلا بالىلارنى يىغامسىز؟

— شۇنداق، يىغلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.
— بىراق، بىرىپلا تويىنى قىلىۋېتىشىڭ، پىشىپ قالغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ يەنە.
— ئۇلگۈرىمىز،— دېدى تەۋپىق يېقىملىق كۈلۈمسىرەش بىلەن.
— سىز تەتىلنىمۇ كېيىنرەك قويىۋەتتىڭىز، يىغىشنىمۇ كېيىنرەك يىغىڭ، سىزگە بىر قېتىم رۇخسەت. بۇنىڭسىز سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئوڭلىغىلى بولمىدى.
— بىراق، تەتىلنى يىغىش تويغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، باشقىلار دەرسنى باشلاۋېرىدۇ.
— ئەمما بۇ قېتىم بەلگىلەنگەن توي ۋاقتىنى كېچىكتۈرسىڭىز خاپىلىق تارتىپ قالىسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟
باشقىلار كۆڭۈللۈك كۈلۈشتى.
— ئاتۇش بازىرى ھەققىدە بەك ياخشى تەرىپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ؟ ئۇ تاپتىن چىققانلارنى قانداق ئادەم قىلىدىكىز؟
— ئەسلىدە ئادەملەردە ئەيىپ يوق، ئەيىپ زاماندا،— دېدى تەۋپىق ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا،— زامان ياكى ھەر زاماندىكى باشلامچىلاردا. ئۇنىڭ ئۇستىگە بازار، شەھەر دېگەن ھەر تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ توپلىنىدىغان يېرى بولغاچقا بۇزۇقچىلىقمۇ شۇ يەرگە توپلىنىپ، جەمىيەتنىڭ يىغىنچاق كۆرنىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر ياكى بازار دېگەندە يېزىلارغا نىسبەتەن ئوقۇغان ئادەممۇ كۆپ بولغاچقا، جەمىيەتكە ئۈلگە بولۇشقىمۇ يېتىشىدۇ. مەشھەد دېگەن ئاتۇشنىڭ شەھرى ھېساپلىنىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا ئۇ يەرگە يىغىلىپ قالغان نىجاسەتلەرنىڭ كۆپ بولىشى مۇقەررەردى، نىجاسەتلەر تازىلانغان ھامان ئالتۇنلار پاقىراپ كۆرۈندى. شاگىرتلىرىم، ئىزچىلىرىم ئىچىدە مەشھەدتىن بولغانلار ئەڭ كۆپ، سەۋەبى بۇ يەردە ئوقۇغان، بىلگەن ئىنسانلارنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىر مەشھەد ئاتۇشنىڭ مەدەنىيەت، ئەخلاق، بىلىم مەركىزىگە ئايلاندى.

— ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ھەر بىر يۇرتنى ئەنە شۇنداق رەتكە سېلىۋېتىڭلار، ئىشىڭلارنى ئاللاھ قوللىسۇن، — دېدى مەھمۇد مۇھتى. ئاندىن، — ئۇنداق بولسا ئۇيۇشمىدىكىلەر مېنىڭ سوغاتلىرىمنى ئۆتكۈزىۋالسۇن، قېنى سىز، باياخۇن؟ — ئۇ ئۇيۇشما مۇدىرىنى كۆز نۇرى بىلەن ئىزلەپ تېپىپ دېدى،— ئادەم بەلگىلەڭلار.

باياخۇن شۇئانلا ئەمىتاخۇننى دەپتەر- قەلەملەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇدى.

— مېنىڭ سوغام ئۈچۈن بالىلار نېمە قايتۇرىدۇ؟— دەپ سورىدى مەھمۇد مۇھتى ئاتىلارچە تەلەپپۇزدا.

— ئەگەر ۋاقتىلىرى بولسا بالىلار مەش ئويناپ بەرسۇن،— دېدى مۇھەممەد ئىمىناخۇن.

—سىز يىراقتىن كەلگەندىكىن قۇرۇق قول كەلمىگەنسىز؟— دەپ سورىدى سىجاڭ تەۋپىققە بۇرىلىپ.

— ئەلۋەتتە قۇرۇق كەلمىدىم. مۇھەممەت ئىمىخاخۇنۇم مەش ئويۇنى تەقدىم قىلسا، مېنىڭ ئىزچىلىرىم كومىدىيە ئويناپ بەرسۇن،— دېدى تەۋپىق روھلۇق ھالدا.

— ئەمىسە باشلاڭلار، بالىلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراي.

شۇ چاغدا مەكتەپ ھويلىسىغا روزى بايۋەتچە ھەيدىگەن پوچتا كىرىپ كەلدى. مۇھەممەد ئىمىناخۇن شۇنىڭغا قاراپ قالغانىدى. مەھمۇد مۇھتى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— پىسەنت قىلماڭلار، سېرىق ساقال ئورۇس مېنىڭ ئىزىمنى ژىتىلاپ يۈرىدۇ، ئويناۋېرىڭلار.

— Здравствуйте[1] —دېدى ئۇ چېقىر كۆزلىرىنى ئوغرىلاردەك ئوينىتىپ.

---

[1] زدراستۇۋيتي — رۇسچە — здравствуйте— ياخشىمۇسىلەر (كۆپلۈك)، — ئا.

مۇئەللىملەر ئۇلار بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى، مەھمۇد مۇھىتى چىرايىنىمۇ ئاچماي ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى ۋە جەھلى قاتقان ھالدا روزى بايۋەتچىگە ۋارقىرىدى:

— ھەي، لومودى! مۇمىدەك مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرماي ھارۋاڭنى بىر ياققا تارتمامسەن! بالىلار مەش ئوينايدۇ.

روزى بايۋەتچە تېپىك يىگەن ئىتتەك پوچتىنى چەتكە تارتىپ مەيداننى بىكارلىغان ھامان قىزىل دۆۋە ئىزچىلىرى مەش ئويناشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىلەردەك جەڭگىۋار سىپى، چاققان ھەرىكەتلىرى ئەسلىدىمۇ ھېسياتچان بولغان مەھمۇد مۇھىتنىڭ يۈرەكلىرىنى ئوينۇتۇپ، ئۇنى گاھ ئىستىقبال ھەققىدىكى شېرىن خىيال باغلىرىغا ئېلىپ كەتسە، گاھ مىللەتنىڭ ئويغىنىۋاتقان روھىدىن سۆيۈنۈپ ماختىنىش، ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرەتتى.

"ياق، بۇلار قۇل بولمايدۇ، بولماسلىق كېرەك!..." دەپ ئويلايتى ئۇ مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، تىزىغا ئۇرۇپ ئۇنىڭ جەسەرلۇق، قەھرىمانلىق، شۇنداقلا مېھرىۋانلىق يېغىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش تۆكۈلمەكتىدى. ئۇنىڭ زوقلىنىش، مەغرۇرلىنىش، ئۈمىدلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولغان كۆز يېشى سېرىق كالتە ساقاللىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ قېلىپ ئۇزاققىچە پاراقىرايتتى. ئۇنىڭغا قارىغان ھەربىر بالا ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ سەبى كۆڭلىدە ئويلاتتى. "بۇ سىجاڭنىڭ دېگىنى سارائ ئادەممۇ؟ يوغانلا تۇرۇپ يىغلايدىكەن..."، بىراق، سىجاڭنىڭ كۆزى ئىدرىس بىلەن رىباكلىنىنىڭ كۆزلىرىگە چۈشكەندە خوشاللىقى، ئۈمىدى يوققا چىققاندەك كەيپسىزلىنىپ كېتەتتى.

قىزىل دۆۋە ئىزچىلىرىنىڭ مەش ئويۇنىدىن كېيىن تەۋپىق ئىزچىلىرى ساۋاتسىزلىق، خۇراپات ئەيىپلەنگەن كومېدىيىنى ئوينىدى. كومېدىيىدىكى جانلىق ھەرىكەت ۋە ھەجۋىي دىئالوگلار تاماشىبىنلارنى قوساقلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈشكە مەجبۇر قىلاتتى، سىجاڭمۇ كۆز ياشلىرى مەڭزىدە تۇرۇپ قالغان ھالدا راس ئېچىلىپ كۈلدى ۋە تەۋپىقنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ:

— راست بابلاپسىز، لومودىلارنى! ئەتتەڭ، مەن سىزنىڭ بالىلىرىڭىز ئۈچۈن قۇرۇق كەپتىمەن، ئويۇننى بىكارغا كۆرىدىغان بولدۇم،— دېدى.

ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ ھەممىسىگە رەخمەت ئېيتتى. باش روللارغا چىققان بالىلارنى يېنىغا چاقىرىپ پىشانىسىدىن سۆيدى. ئۇلارنى يەنىمۇ تىرىشىشقا رىغبەتلەندۇردى. ئاندىن تەۋپىق ئىزچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە قارىتىپ:

— مېنى كەچۈرۈڭلار، بالىلىرىم، سىلەرگە قورۇق كەپتىمەن. لېكىن كېتىدىغان ۋاقتىڭلاردا سىلەرگىمۇ بىر ھارۋا دەپتەر- قەلەم قوشۇپ ماڭدۇرىمەن،— دېدى.

بالىلار ۋە ياش مۇئەللىملەر گېنىرال مايۇرلۇق فورمىسىدا ھەيۋەتلىك كۆرىنىدىغان بۇ بەستلىك ئادەمنىڭ سۆز- ھەرىكىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىشتى. ئۇ ئابدىراخمان شائىرنى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى ئۇزاق تۇتۇپ كۆزىگە قاراپ، خۇددى نۇرغۇن گېپى باردەك تەمشەلدى - يۇ، ئەمما ھېچنەرسە دېمىدى. ئابدىراخماننىڭ شائىرغا خاس ھېسسىياتغا باي يۈرىكى چىداپ تۇرالماي ھەتتا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن مەكتەپ سىجاڭ ئۈچۈن قوي سويۇپ، داستىخان قىلماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ سىجاڭ رەت قىلدى:

— ئويۇشما ئىقتىسادىنى مېھماندارچىلىق ئويناپ بۇزۇپ- چېچىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇ بالىلارنىڭ بايلىقى. بۇ ئازغىنە بايلىقنىڭ ئىشى كۆپ، — دېدى ئۇ ۋە ئاۋۋالقى سۇرلۇك قىياپىتىگە كېلىپ، مۇشاۋۇرى بىلەن ئىشتاپ باشلىقىغا قاراپمۇ قويماي، چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن ئېتىغا مىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ماڭار چېغىدا تەۋپىق ئىزچىلىرىغا "قەرزدار" بولۇپ قالغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۇلارنىڭ ئاتۇشقا كېتىدىغان ۋاقتىنى سوراپ بىلىۋېلىشنى ئۇنۇتمىدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئەپەندىلەر ئارىسىدا يەنە بىر پەس ئۇنىڭ تەرىپى بولدى.

تەۋپىق توختاجىنىڭ مېھمان دوستلۇق بىلەن كەچكى زىياپەت ئويۇشتۇرۇپ بېرىش نىيىتىگە رەخمەت ئېيتىپ، كەچلىك تاماققا نوۋېشى مەكتەپكە كەتمەك بولۇپ يولغا چىقتى. قىزىل دۆۋە ئىزچىلىرى ئاتۇش ئىزچىلىرىنى قۇمدەرۋازا ئالدىغىچە داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ كېلىشتى.

# ئون بەشىنچى باب

## 1

نەۋپىق شاگىرتىنىڭ تويىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ تويىنى جىم- جىتلا، ئاددىغىنا ئۆتكۈزدى. بۇنى ھېچكىم كۈتمىگەن ئىدى. ”مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تويىدا راسا تاماشا كۆرىدىكەنمىز“ دەپ تۇيۇرىكىنى يۇتۇپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ئالىلىقانداق بىر نەرسىدىن قۇرۇق قېلىشقاندەك لەسسىدە بولۇپ قالدى. ھەتتا مەلىكىزادمۇ تاسادىپىلىك ھېس قىلدى. كۆڭلى يېرىم بولغاندەك شۈكلەپ قالدى. ئىككىلا قىز قولدىشى بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەن مەلىكىزاد غېرىپلىق، گويا تۇتقۇنلاردەك سىقىلىش ھېس قىلدى. بىراق كەچتە يىگىتى قېشىغا كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭ جىمى غەشلىكى تارقاپ كەتتى. ھەتتا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، شۇنداق بولغىنى تېخىمۇ ياخشى بولغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان خۇشاللىق، ھاياجان، تارتىنىش، ئىزا تاتىش قاتارلىق تۇيغۇلار ئۇنى گاڭگىسا قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ھوجرىسىغا كىرىپ كېلىۋاتقان جۆرىسىنى قانداق قارشى ئېلىشنى — ناز- كەرەشمە، سۇنئىي خاپىلىق، قېيداش ياكى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىشنى ئىلغا قىلالماي تۇرغىنىدا يىگىتنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ھېس قىلدى. ھەتتا ئىسسىق نەپەسلىرى يۈزىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى.

— ھاردىڭىزمۇ؟ — يىگىت ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ئەھۋال سورىدى.

مەلىكىزاد مەڭدەپ قالدى بارلىق ئۇيغۇر خوتۇن- قىزلىرىدەك ئۇنىڭ ئېڭىدىمۇ ”ئەر كىشى يېرىم خۇدا“ ئىدى. ئۇنداقكەن ئۇ ئەرنى قارشى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرمىقى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمىكى لازىمىدى. يەنە كېلىپ

مەلىكىزاد شىرىن چۈش كۆرىۋاتقاندەك ئىلگىرى خىيال قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بەختكە ئېرىشكەن، ئۆزى ئاشىق بولغان كىشىنىڭ قوچىقىغا نېسىپ بولغانىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ كىشى بىر ئۇلۇغ مەبۇد ئىدىكى، مەلىكىزاد ئۆزىنى ئۇنىڭغا دېدەك بولۇشقىمۇ يارىمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئايالىغا ئايلانغاندا بۇنى چۈشۈمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. لېكىن ئۇ مەبۇدنىڭ ئاياقلىرىغا باش قويۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكىنىدىن بەك خىجىل بولدى. ئىچ- ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ، ئۆزىنى كايىدى. بىراق شۇ چاغدا ئاستا- ئاستا كۈچلىنىشكە باشلىغان ۋە پۈتۈن قەلبىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىۋاتقان قىزلىق مەغرۇرلىقى ئەمدى ئۇ خاتانى تۈزىتىشكە ۋە ئەپۇ سوراشقا يول قويمىدى. ”ئەمدى ئۇ مېنىڭ بولدى، ئالدىرسامىمۇ، ئالدىرمىسامىمۇ مېنىڭ!... “. بۇ خىيال بىلەن ئۇ سۈنئىي قېيداش بىلەن تويىنى نېمىشكە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك قىلمىغىنىدىن ئۆچ ئالماقچى بولدى.

— مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

مەلىكىزادنىڭ ۋۇجۇدى شۈركىنىپ كەتتى. ناتىقنىڭ ئۆزىگە خاس جەلىپكار ئاۋازى ئۇنىڭدا مۇستەقىل ئويلاش ئىقتىدارىنى يوقۇتىۋەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ كەمكوتىسىز ئەسىرگە، ئىخلاسمەنگە ئايلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ كارۋاتنىڭ بېشىدا كۆيۈپ تۇرغان، شامغا قارىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىمۇ شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنى ئىككى ئوت كۆيدۈرەتتى، قىزلىق مەغرۇرلىقى ”ئاسانلا قۇيرۇق تۇتقۇزماسلىق“ قا ئۈندەيتتى، ئاخىر ئۇنىڭ سەۋىر قاچىسى تاشتى. يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن مەغرۇرلۇق يەنە بىر قېتىم ساقلاپ قالدى، بۇ ئاخىرقى مۇداپىئە سېپى مۇنداق تەقلىتتە ئىپادىلەندى:

— سىلى ئادەمنى كۆزلىرىگە ئىلمىگەندەك.... — ئۇ ئەسلىدە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى تازا ئويدان ئويلىنىۋالمىغانلىق ئۈچۈن، كارۋاتنىڭ شام تۇرغان پۇتىنى تىرنىقى بىلەن كىتىرلىتىپ بىردەم توختاپ سۆزىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن گېپىنى ياسىدى. ئەمما يەنىلا نېمە دەپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى

ئويلىنىۋالمىغانىدى، — بالدۇر ماڭا بىر ئېغىز ”لام“ دېمەستىن، خۇددى... سۆزلىشىپ، ماقۇللىشىپ قويغاندەك، ئاكىلىرىغا ... نىزامىدىنكامغا دەپلا...
— ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنىڭ مەمتىلىسى يېقىملىق كۈلدى. لېكىن بۇ كۈلكە ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەيلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىپ، ئۇنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىۋەتتى. ئۇ مەمتىلىنى دۇنيادا ئەڭ دانا، ئالدىن كۆرەر دەپ ئىشىنەتتى. ئويلىغىنىدەك ئۇ ھېلىمۇ ئاۋۇ گەپلەرگە ئىشەنمىدى.

— بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ھەممىنى ئاللىقاچان دېيىشىپ بولغانىكەن، يەنە نېمە رەسمىيەتچىلىك؟

مەلىكىزادقا ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار قاچاندۇر بىر يەردە بۇ گەپلەرنى ئوچۇق سۆزلىشىپ، بىرلىككە كېلىپ بولغاندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نازۇك بىلىكىنى بىر ھارارەتلىك قولنىڭ ئالقىنىدا سەزگىنىدە غەلىتىلىك ھېس قىلمىدى. بەلكى بىلىكىنى بوش قويۇۋەتتى ھەم بېشىنى يىگىتنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى.

مەلىكىزاد يىگىتنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىغاچ ئويلىدى: ”ئۇ قانداق قىلىپ مېنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى؟ نېمىشكە مەن...؟ “ مەلىكىزاد بۇنى ئويلىيالمىدى. ئەمما ئۇ نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ”مەمتىلى ئەپەندى“ دېسە ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. نۇرغۇن ئاياللار ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا سارغىيىپ يۈرۈشكىنى ئۇنىڭغا سىر ئەمەسىدى، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەسرەتلىرىنى تۆكۈشكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭدا بۇ خېرىدارلىق يىگىتنى تەخىرسىز قىزغىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ چىڭراق قۇچاقلىدى.

بۇ چاغدا يىگىتمۇ ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپ ئەدىبەنى ئەسلىدى ۋە ئۇنىڭدىن خىيالىدا ئەپۇ سورىدى. رازىلىق ئالدى. خىيال ئېكرانىدا ئەدىبەنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى، ”بوپتۇ، بەختلىك بولۇڭ، بەربىر مېنى ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ كۆرمەيتىڭىز... “

تەۋپىق سەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ، مەلىكىزادنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن سۆيدى ۋە:

— مەلىكەم، سىز ماڭا ئەۋەل بىر قىز تۇغۇپ بېرىڭ، بولامدۇ؟ مەن بىر ياخشى ئىسىم ئويلاپ قويدۇم، قىزىمىزغا ئەدىبە دەپ ئىسىم قويايلى، — دېدى.

مەلىكىزاد تۇغۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈزىنى چاڭگاللاپ تۇرىۋالدى، تەۋپىق ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنىپ تۇرغان كەھرىۋادەك سۇزۇك بويىنىغا قاراپ بىردەم تۇرىۋىدى، باياتىن بېرى تەستە بېسىپ تۇرغان تۇيغۇلار كەلكۈنى كۆكرەك قەپىزىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلدى. قوللىرى ئىختىيارسىز هالدا قىزنىڭ بويىنىغا قاراپ سوزۇلدى. قىز بىردەمدىلا ئۆزىنى كىچىك قىزچاقتەك يېنىك هالدا يىگىتنىڭ قۇچىقىدا كۆردى. مەمتىلى ئۇنىڭ ئوتتۇر كەلگەن يېرىگە توختىماي سۆيۈپ، مەلىكىزادنى نەپەس ئالالماس هالغا كەلتۈرىۋەتتى.

— ئەگەر دەسلەپكىسى ئوغول بولسىچۇ؟.... — تارتىنىپ تۇرۇپ سورىدى مەلىكىزاد — ئوغۇل بولسا ئىسمىنى ئابدۇللا قويىمىز.

— نېمىشكە؟ بۇ ئىسىملار قانداقلارچە ئەسلىرىگە كېلىپ قالدى؟

— بىر تەرەپتىن ئابدۇللاھ دىنىي نۇقتىدىن ئەڭ ياخشى ئىسىم ھېساپلىنىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن مەن تۈركىيىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە شۇنداق ئىسىملىك ۋەتەنداشلىرىمنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئوقۇدۇم، قىيىن كۈنلەردىن قۇتۇلدۇم... ياخشىلىقنى ئۇنتۇش ئالىجاناپلىق ئەمەس.

— ئەدىبە ئابدۇللا دېگەن كىشىنىڭ ئايالىمۇ؟

— ياق، .... قىزى.

— قىزى؟

— ھەئە، ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ ئايالى قازا قىلىپ كەتكەنىكەن، ئاتا- بالا ئىككىسىلا يالغۇز ياشايتى.

— سىلى شۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغانمۇ؟

— ياق،... ئۇلار مېنىڭ ئوقۇش خىراجىتىمنى بەرگەن.

— ھە،... — مەلىكىزادىنىڭ يۈرىكىدە نېمىدۇر پەيدا بولۇپ، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، — دېمەك،... — مەلىكىزاد ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى بېشىنى ئىتتىك كۆتەردى ۋە ئەلەم بىلەن يىگىتكە قارىدى، — دېمەك...؟ — بىراق ئۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە جىددىيلىك ۋە ساداقەتتىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدا بىر خىل قارىغۇلارچە رەشىق پەيدا بولغان بولۇپ، بۇنى ئېنىق ئىپىتالمىسىمۇ ئۇ يەنىلا يۈرەكتە ساقلىناتتى. ئۇ ئۆزى ئۇلۇغ بىلگەن بىر ئادەم ئالدىدا ھە دېگەندە رەشىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى چۈشۈرگۈسى كەلمىدى. بۇنداق ئۇششاق چۈپرەندىلىكلەر ئۇنىڭ يولدىشىغا ھېچ ياراشمايدىغاندەك قىلاتتى.

مۇھەببەتتىكى مەرتلىك ۋىسالدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلەردە كىشنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە پەيدا بولغىنى بىلەن، ۋىسالغا ئېرىشكۈچىلەردە شەخسىيەتچىلىك ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. خۇددى شۇنىڭدەك مەلىكىزادىمۇ ئۆز مەمتىلىسىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولىشىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىلا سۆيۈشنى ئىستەيتتى. مۇمكىن بولسا ھەتتا ئۇ باشقا ئاياللارنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمىسە.

بىراق ئۇ چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرىۋېدى، ئۇنىڭ قىزغانچۇقلىقى تولىمۇ تۇترۇقسىز ئىكەن. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تولىمۇ يىراقتا بولۇپ، ئۇنىڭغا دەخلىسى يوقىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەگەر تەۋپىقنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئورۇن بولغان بولسا بۇ يەرگە كەلمەس ئىدى... شۇلارنى ئويلاپ غەشلىكتىن سەل يېشىلگەندەك بولدى.

— نېمە، جىم بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ — تەۋپىق ئالقانلىرى بىلەن مەلىكىزادىنىڭ ئىككى مەڭزىنى يېنىككىنە تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ سورىدى:

— سىزنىڭ تىنىقلىرىڭىزنى ئاڭلاۋاتىمەن...

— شۇنداقمۇ؟ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىلەر ماڭا ئايان، ئاياللارنىڭ نېمە ئويلاردا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن...

بۇ گەپ بىلەن مەلىكىزاد خىجىل بولۇپ، دەرھال سۆز ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى. ئۇ تەۋپىقنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان ھالدا بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە تېرىۋېلىپ، بالىلىق خۇلقى بىلەن ئەركىلەپ:

— بىلگىدەك نېمە ئىش بوپتۇ؟ جىم تۇرغىنىم يامان ئىشمۇ؟ بىلگەنلىرىڭىز يالغان! — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھە، بۇنىسى دۇرۇس، بۈگۈن دېگەن بىزنىڭ ۋىسالىمىز، باشقا خىياللاردا بولۇپ نېمە قىلىمىز، ۋىسال...

ئەمدى ئۇلار تومۇرلىرىدىكى قانلارنىڭ ئۇرغىشىدىن پەيدا بولغان، تەخىرسىز ئىنتىلىش ئىلكىدە لەۋلىرىنى چۈپلەشتۇردى.

2

ئەمدى تېخىمۇ ياخشى بولدى، ئائىلىدىكى تۇرمۇش تەرتىپى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. گىمناستىكا، يۇيۇنۇش، بامدات نامىزى، رۇشتى مەكتەپتىكى ئەتتىگەنلىك گىمناستىكا، ئەتتىگەنلىك ناشتا كېسەل كۆرۈش،— مانا بۇلار خىزمەت ۋاقتىغا كىرمەيدىغان خىزمەتلەردى. ھەقىقىي كۈندىلىك خىزمەت كېسەل كۆرۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن باشلىناتتى.

تەۋپىق رۇشتى مەكتەپتىكى ئەتتىگەنلىك گىمناستىكىسىنى تۈگىتىپ ناشتا قىلاتتى. مەلىكىزادنىڭ ھەممىنى تەق قىلىپ قويغان داستىخانىدا ئولتۇرۇپ ناشتا قىلاتتى. ئۇنىڭ كېسەل خېرىدارلىرى بۇ بىر جۈپ يېڭى ئەر-خوتۇنلارنىڭ چاي ئىچىپ بولىدىغان ۋاقتىنى بەك ئېنىق بىلىۋالغان بولۇپ، ئازراق بالدۇر ياكى كېيىن قالماي كېلىشەتتى. شۇ ئارىلىقتا يېرىم سائەت ئۇنىڭ ئۆيى شاۋقۇن سۈرەنگە تولۇپ كېتەتتى. ئەمما ئۇلار تەرتىپسىز ئەمەسىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شاپائەتچىسىگە ئۈگىنىپ قېلىشقان، ئۇنىڭ تەرتىپىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار خۇددى چوڭ دوختۇرخانىلاردا نۆۋەت كۈتكەندەك ئاۋۋال – كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن

دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىرەتتى. بالىلار ۋە ئاياللار ھەر قاچان خۇسۇسىيەتلىرىگە كۆرە ئاغزىنى شۇك تۇتالمايتتى، خالاس.

كېسەللەر كېسەل كۆرۈش ۋاقتىنىمۇ ياخشى ئىگەللىۋېلىشقان بولۇپ، ئاشۇ يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. تەۋپىق كېسەل كۆرۈپ بولۇپلا شۇ كۈنى قەيەرگە بېرىش كېرەك بولسا دەرھال شۇ ياققا ئاتلىناتتى. ئەھۋالغا قاراپ يە ھىلال ئەھمەر سىزىلغان دورا سومكىسىنى، يا ماتېرىيال سالىدىغان خۇرۇم سومكىسىنى ۋە بەزىدە ھەر ئىككىسىنى ئالاتتى، دە، ماڭاتتى.

مانا مۇشۇ تەرتىپ ئۇنىڭ تويىدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولدى. دەسلەپ كېسەللەر ئەتتىگەندىلا يېڭى كېلىن بار ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىشتىن تارتىنىشىپ، تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەندەك بولدى. بىراق، ساددا ئاق كۆڭۈل دېھقانلار چاپسانلا مەلىكىزادىنىڭ خۇددى يولدىشىغا ئوخشاشلا ئالىجاناپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشلار ئىزىغا چۈشتى. تەۋپىق خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەن ھامانلا مەلىكىزاد ئۇنى ئالدىغا چىقىپ ھويلىدا كۈتىۋالاتتى، قولىدىن سومكىنى ئېلىپ، يولدىشىنىڭ ئۇستى بېشىنى كۆزىدىن كەچۈرەتتى. ئەگەر يىراق سەپەردىن كېلىپ ئۇستى بېشى چاڭ- توپا بولسا دەرھال ئىسسىق سۇ ھازىرلاپ بېرەتتى. ئارقىدىن يەنە سوغۇق سۇ بېرەتتى. (ئۇ ئىنتايىن زىرەك ۋە ئەرنى كۈتۈشنى بىلىدىغان ئايال بولۇپ چىقتى، شۇڭا ئۇ ئۆز جۆرىسىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنىمۇ بىلىۋالغانىدى)، ئالماشتۇرىدىغان كىيىملەر بولسا ھەر قاچان پاكىز يۇيۇلۇپ، دەزماللىنىپ تەييار تۇراتتى. ئۇنىڭغا تەۋپىق ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەتىر چېچىلاتتى.

تەۋپىق بولسا ئايالىنىڭ كۆيۈمچانلىقىغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كويىدا ھەلەك ئىدى. ئۇ ئالدىراش خىزمەت ئارىسىدىكى دەم ئېلىش پۇرسەتلىرىنى ئايالى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا بېغىشلايتتى. خىزمەتتىن كېلىپلا يېرىم سائەت دەم ئېلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، مۇشۇ يېرىم سائەت ئىچىدە مەلىكىزادقا بېغىشلاپ تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ

بېرەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشاتتى. مەلىكىزاد ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك چاقچاقلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما بۇ چاقچاقلار، بۇنداق بىللە بولىدىغان چاغلار بەك قىسقا بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنى ئەركىلىتىپلا ئولتۇرمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەك ئالدىراش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەچكە ياش ۋە مۇھەببەتكە تولغان قەلبى ئېرىنىڭ ۋىسالىغا قانمىسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەتلىرىدىن ۋە يەنە تۈگىمەس دەپتەر، كىتابلار دۆۋىسىدىكى ئۆگىنىش ۋە يېزىشلىرىدىن بىزارلىق ھېس قىلمايتتى. ئۇ ئەل ئىچىدە شۇنچە ئىناۋەتلىك، قەدىر - قىممەتلىك يولدىشىنىڭ قىممىتى دەل ئاشۇ خىزمەتتە ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ خىزمەتنى تاشلاپ ئۆزىنىڭ ئېتىكىگە باش قويۇپ تۇرىۋالسا قىممىتى تۈگەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنداق بولىشىنى ئۇنىڭ مەغرۇر يۈرىكى خاھلىمايتتى. چۈنكى ئۇ مەمتىلىنى چىرايلىق بولغىنىدىنلا ئەمەس، ئاشۇنداق ئەلسۆيەر كىشى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان - دە!

مەلىكىزاد ھەمىشە خۇشخۇي يۈرىدىغان يولدىشىنى جىمى سەپداشلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇق چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ خۇشخۇي يۈرگىنى بىلەن يۈرىكىدە ئازاپ، كۆزىدە ياش بارلىقىنى بىلەتتى. خىزمىتىنىڭ مىسلىسىز ئېغىرلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ يولدىشىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىشقا تەييارىدى. گەرچە ئۇ مەمتىلىدىن بۇرۇنراق ياتسىمۇ ئۇخلىماستىن ئوغۇرلۇقچە ئۇنى كۈزىتىپ ياتاتتى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىنى ھەرگىز چاندۇرمايتتى. ئۇنداق قىلمىسا مەمتىلىسىنىڭ يەنە پاراكەندە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى- دە. ئۇ سۈزۈك بۇلاقتەك كۆزلىرىگە ئۈيقۇ بارمايدىغان يارىغا ھەم ئىچ ئاغرىتقان، ھەم ئۇنى ”جېنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان ساراڭ“ دەيدىغان تاتلىق ئەيىپلەش ئارىلاشقان نەزەردە قاراپلا ياتاتتى. ئۇمۇ مەمتىلىنىڭ بېقىنىدا، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھارغىنلىق ئازابىنى تەڭ تارتىشنى خالايتى - يۇ، بىراق، كۆيۈمچان ئېرى ئۇنى ئۇخلاۋېرىشكە ئالدىرىتاتتى. تېخى ھەمىشە: ”ئالدىراشچىلىقتا ئۆي ئىشلىرىنى يالغۇز سىزگىلا تاشلىۋەتتىم، ئەپۇ

قىلارسىز“ دەپ تۇراتتى. ”تووۋا، بۇ ئادەمنىڭ جېنى تۆمۈردىن سوقۇلغان ئەمەستۇر؟ ئۇنىڭ جېنىغۇ چىدايدۇ، پەقەت ۋاقتىلا يېتىشمەيدۇ. ئەگەر ۋاقتى يېتىشىدىغان بولسا ئۆي ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى، ئەلۋەتتە... “ مەلىكىزاد چىن يۈرىكىدىن خۇداغا يىلىنىپ، ئىبرىگە كۈچ-قۇۋۋەت، سالامەتلىك تىلەيتى ھەم تېخى خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىنى پاتراق ئۆتكۈزۈپ، دەم ئېلىش ۋاقتىغا بەركەت بېرىشىنىمۇ تىلەيتتى. بىراق، يەنە  بۇ ئادەمنىڭ دەم ئېلىشتا ۋاقتىغا قاراپ ئەمەس، خىزمەت پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ دەم ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئاخمىقانە تىلەكلىرىدىن ئۆزى كۈلۈپ كېتەتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەچتە يەنە بىر ناخشىغا ئاھاڭ ئىشلەش ۋەزىپىسى ياكى بىر نەچچە پارچە شېئىرنى قايتا تۈزىتىپ چىقىش ۋەزىپىسى، يا بولمىسا «دىۋان» دىن مۇنچە بەت تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسى بولاتتى. ئەنە شۇ ۋەزىپە ئورۇنلانغاندا ئاندىن خىزمەتتىن توختايتتى. ئۇ ھەرگىز سائەت مانچىدا ئۇخلايمەن، دەپ بەلگىلىۋېلىپ، ئىش ئاقسۇن- ئاقمىسۇن شۇ ۋاقىتتا دەم ئېلىۋەرمەيتتى. شۇڭا مەيلى بالدۇر كەلسۇن، مەيلى يېرىم كېچىدە كەلسۇن، ئۇ ھامان قىلماقچى بولغان ئىشنى پۈتكۈزەتتى.

كەچلىك ۋەزىپىسى تۈگىگەندە ئۇ يېنىكلەشكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلەتتى. مەلىكىزاد ئۇنىڭ ئەمدى دەم ئالىدىغانلىقىنى ئەنە شۇ ھەرىكەتتىن بىلىۋالاتتى. بىراق تەۋپىق يېتىش ئالدىدا سىرتقا چىقىپ بىردەم سالقىنداپ، يۇلتۇزلار بىلەن ياكى بۇلۇتلار بىلەن ۋە ياكى شاماللار بىلەن سىردىشىۋالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايتتى.  ئۇ ئىبغىر ئەقلى ئەمگەك جەريانىدا قانىنىڭ مېڭىگە ئاقىدىغانلىقى، شۇ ھالدىلا  يېتىۋالغاندا  ئۇزاققىچە باش ئېسىلىپ، ئاغرىپ ئۇخلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەر قاچان ئازراق ھەرىكەتلىنىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيتى. ئۇ ھويلىدا گىمناستىكا ئوينايدىغان ئاشۇ ئون مىنوت، مەلىكىزاد ئۇچۇن ئۆتۈپ كەتكەن پۈتۈن ئۆمرىدىنمۇ ئۇزاقراق تۇيۇلاتتى.

تەۋپىق مەلىكىزادنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۇچۇن ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا سوزۇلاتتى. بۇ چاغدا ئۇ يەنىلا خاتىرە دەپتىرى بىلەن شامنى

ياستۇقنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قويۇشنى ئۇنۇتمايتتى. مەلىكىزاد يالغاندىن ئۇخلىغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتسىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ئېرىنىڭ ئۇنى قىستاپ ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ناراق يېتىپ، چىراقنى ئۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال بىر ھازا ئۆزىگە تىكىلىپ، ھۆسىن گۈلزارىنى تاماشا قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ يالغاندىن يۇمۇۋالغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ئاق رۇخسارىدا تېخىمۇ روشەن كۆرىنىدىغان تال-تال كىرپىكلىرىنى قەلبىدە ئەركىلىتىشكە باشلىغاندا، مەلىكىزاد بۇنداق تىكىلىپ قاراشقا چىدىماي، خۇددى يۈزىدە سانسىز چۆمۈلە مېڭىۋاتقاندەك بولۇپ كېتەتتى ۋە ئاخىرى كۆزلىرىنى ئاچاتتى.

— ئۇخلىمىغانمىدىڭىز؟— تەۋپىقنىڭ تەسىرچان ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنى دولقۇنلىتاتتى.

— تازا ئوبدان ئۇخلىغانتىم، سىلى قاراۋەرسىلە ئويغىنىپ كەتتىم.

— ھەي، تاڭ، كۆزلىرىڭىزغۇ ئۇخلاپ ئويغانغان ئادەمنىڭ كۆزىدەك ئەمەس.

— قانداق دەيلا؟

— چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق چاقناپ تۇرىدۇ.

— ۋىيەي، تاڭ ئاتقۇدەك ۋاخ بولغاندىمۇ يەنە پاراڭ سېلىپ ئولتۇرىدۇيا، ما ئادەم، ئۇخلىسىلا ئەمدى.

— سىز ئۇخلاۋېرىڭ، كۆپ بويى چولام تەگمىگەندىن ئەمدى بولسىمۇ سىزنى كۆرىۋالاي، بىردەم...

— باش توخۇ بىلەن تەڭ ھەقچان تۇرۇپ كېتىلا، بالدۇراق ئۇخلىسىلا بولاتتى.

— ئەنە، دېمىسەممۇ، شۇنداق بولغاندىكىن...

مەلىكىزاد گەپتىن- گەپ چىقىپ، ۋاقت بولىۋاتاتتقىنىدىن سىقىلىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن چىراق ئۆچەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئاشۇ ۋاقىتتا ئېرى بىلەن قىلىشقان بىر نەچچە ئېغىز گەپتىن ئۇنىڭ ئەتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى پەملىۋېلىپ، ئۇ ئەتتىگەنلىك گىمناستىكىغا مەكتەپكە

چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك ئىشىغا يارىشا تەييارلىق قىلىپ قوياتتى. كاتتايلاق، ئۇستۇنئاتۇش، ئاغۇ قاتارلىق يىراق يېزىلارغا بارماقچى بولسا ھامان دورا سومكىسىنى ئېلىۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ كۈنى ئالماشتۇرىلىدىغان كىيىملەرمۇ تەييارلىناتتى. قەشقەرگە ئەگەر دورا ئېلىش ئۈچۈن بارمىسىلا دورا سومكىسىنى ئالماي باراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلىكىزادقا ياد بولۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ بۇنداق ئەتراپلىق تەييارلىقىدىن رازى بولۇپ قەلبى سۆيۈنگەن ئېرى، سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا ھەر قاچان ئۇنى تەشنالىق بىلەن ئۇزاق سۆيۈپ خوشلىشاتتى. بۇنداق ئەر- خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەت ئاشۇ زامان، ئاشۇ ماكاندا ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىدى.

ئېرىگە بولغان ئىشتىياق مەلىكىزادىنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نىسبەتەن قىزىقىش، مۇھەببەت ئويغاتقانىدى. ئۇ ھەر قاچان ئېرىنى ئاسراش تۇيغۇسى بىلەن يېنىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ، بۇرۇنراق دەم ئېلىشىنى ئېستىگىنىدە، ئېرىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنى تۈگەتمەستىن ئارام ئالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئېزگۈ تىلەكلەرنى تىلەيتتى. ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنىڭ تۈگىشى، ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك دەم ئېلىشىنىڭ باشلىنىشى بولاتتى. ئۆمۈرلۈك خاتىرجەملىك تېخى بەك يىراقتىكى گەپ ئىدى. مەلىكىزاد بۇ نۇقتىنى ئېرى بىلەن بولىدىغان قىسقا سۆھبەتلەردىن بىلەتتى. ئېرىنى ئاخىرقى ھېسابتا بىئارام قىلىپ تۇرغان ئىشنىڭ ناھايىتى جاپالىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە: ”ئەگەر ئۇ جىمى غەم-غۇسسىدىن قۇتۇلغاندا قانداق قىلاردى؟...“ دېگەندەك ئويلاردا بولاتتى ۋە ئۆزى بىلىدىغان ئۇششاق سۇرىلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر كېچىدىلا ساۋادلىق بولۇپ بولىشىنى، ئەتىسى ھازىرقى ئىلغار مىللەتلەرگە تەڭلىشىپ، ئۆگۈنى ئېشىپ كېتىشىنى، بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ ئۇزۇل-كېسىل ئازادلىققا ئۇلىشىپ، خەندانە كۈلىشىنى،... ۋە يەنە مەمتىلى ئەپەندى تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن بېيىتىپ سۆزلەپ بېرىغان مەدەنىيەتلىك، ھۆر، ئەركىن، پاراۋان ئەلنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تىلەيتى. مانا شۇندىلا ئۆز

مەتىلىسىنىڭ ئارزۇغا قېنىپ، تولۇق خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

”ئاھ خۇدا، ئۇيغۇرلارغا ئۆزەڭ مەدەت قىلغايسەن!... “ ئۇنىڭ ئاغزى ئاشۇ سۆزگە كۆنۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ دۇئاسىمۇ، تىلىكىمۇ، ئويىمۇ شۇ ئىدى.

مەتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ بۇ خىل نىداسىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلاپ قالدى ۋە ئايالىغا بولغان ئىشقى- مۇھەببىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ ئۇيقۇ ئىزدەپ خىيال بىلەن يېتىپ، مەلىكىزادىنىڭ ئېھتىيات بىلەن تىنىق چىقىرىپ، ئۇھ تارتىپ، ئۇلۇغ كىچىك تىنغىنىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ نىدانى دېگەنلىكىگە جەزم قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەلىكىزادقا شۇنداق ھېسداشلىقى، مۇھەببىتى ۋە ئامراقلىقى قوزغالدىكى، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ”ئۇنىڭغا قارىشىپ بېرىدىغان بىر بالا بولمىسا بولمايدۇ، مەن بۇنى پات ئارىدىلا ھەل قىلمىسام بولمىغۇدەك، شۇنداق، شۇنداق قىلىش كېرەك. ئۇنىڭغا ئەسقاتقۇدەك بىرسىنى ئىزچىلار ئىچىدىن تېپىپ، بالا قىلىۋالسام مېنىڭ يوقلىقىم بىلىنمەس... “ ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندە كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى ۋە مەلىكىزادىنى قاتتىق قۇچاقلىدى، چۈنكى ئۇ ئايالىنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى...

ئەمدى ئۇ نامزات تاللاشقا باشلىدى. ئىزچىلارنىڭ چوڭلىرى بولمايتى. ئۇنداقتا دۇشمەنلەر يەنە نېمە ئىپلاس گەپلەرنى تاپمايدۇ، نېمە سۇيقەستلەردە بولمايدۇ. يەنە كېلىپ چوڭ بالىلارنى ئۆي ئىشىغا سېلىش شەخسىنىڭ ئىزىتى مەسىلىسىگىمۇ تاقىلاتتى. چوڭ ئىزچىلار بۇنى ھار ئېلىشى ھەم مۇمكىن. شۇڭا ئۇ كىچىكلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىق ئىزچىلىرىنى بىر- بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۇ ئىزچىلارنىڭ ئەڭ كىچىكىگە بېرىپ توختىدى. بۇ بالا ناخشىنى ئوبدان ئېيتاتتى. تېز ئۇگىنىۋالايتى، ساز چېلىشمۇ قولىدىن كېلەتتى. يېشى كىچىك، ئۇسقىنىمۇ ۋىجىك بولغاچقا دىراما، كومېدىيەلەردە كۆپىنچە قىزلارنىڭ (ئاياللارنىڭ) رولىغا چىقاتتى. ”توغرا، شۇنى دادىسىدىن سورىۋالسام كەچلىرى ئۆيدە ناخشىلارنى ئۇنىڭغا ئۆگەتسەم، ئۇ باشقىلارغا ئۆگەتسە شۇنداق قىلىپ ۋاقتىمۇ تېجىلىدىكەن

بۇنى ئىسلىماخۇنغا ئېيتاي، ئۇ بالىنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن سۆزلەشسۇن... “ ئەمدى ئۇ رەسمىي خاتىرجەم بولغاندەك مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

## 3

ئىسلامئاخۇن خەلپىتىم ئۇيۇشما نامىدىن تەۋپىقنىڭ تۇرمۇشىنى رەمجانلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارىغاچقا، تەۋپىقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭمۇ ئويلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ ئۆيدىكىلەرگە خىزمەت ئىشلىمەك بولۇپ، شۇ ئانلا ئابدىراخمانھاجىم بىلەن بىللە كېتىشتى.

بالىنىڭ ئاتىسى ئۇلارنىڭ سۆزىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ھەممىنى ئەتراپلىق ئويلىغان ئىسلىماخۇن بۇ ئىشنى ناماز جۈمەدە جامائەتنىڭ ئالدىدا ئېلان قىلىش ۋە جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. شۇنداق بولغاندا ھەر خىل گەپ، چۆچەكلەر ئۇچۇن بىر باھانە قالمايتتى.

ئۇ كۈنى ئىزچىلار ۋە قۇمباغ جامائىتى قۇمباغ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇپ بولۇشقاندىن كېيىن ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم تەۋپىقنىڭ خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن ھەمىشە سىرتتا بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇيۇشما ۋە بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئويلىشىپ، ئىزچىلاردىن قاسىمنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى ئېيتتى.

— جامائەت دۇئا بەرسە، بالىنىڭ ئاتىسىمۇ دۇئا بەرسە، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ نەزىرى ئىلىنگەن بۇ ئوغۇلنى ئۇنىڭغا بالا قىلىپ بەرسەك،—دېدى ئۇ ئاخىرىدا.

كۆپچىلىك بىردەم غۇلغۇلا قىلىشقىلى تۇرىۋېدى، ئارىدىن كىمدۇر بىرى:

— ئامىن! ...- دەپ ئۇن قاقتى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك غۇلغۇلىسىنى توختۇتۇپ دۇئاغا قول كۆتەردى.

نامازدىن يانغاندا تەۋپىق بىقىشىلىشۋاتقان ئوغلىغا بۆگۈنلا نىزاخۇننىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىشنى ئېيتىپ قويۇپ، بۇ خەۋەرنى مەلىكىزادقا ئېيتىش ئۈچۈن ئۆيگە ئالدىرىدى. ئالجوقى گەپلىرى بىلەن غەۋغا كۆتۈرۈپ قاياققىدۇر ماڭغان راخمان ساراڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ بىردىم هايال قىلدى.

— يول بولسۇن، ئەپەندىم؟

— ئۆيگە، قانداق تۇرىۋاتىسىز؟ دوستۇم.

— نەدىن ياندىڭىز، ئەپەندىم؟

— نامازدىن، سىزچۇ، سىز نامازغا كىرمىدىڭىزغۇ؟

— نامـاز؟ هە، نامـازدا! سـىلەر بەش ۋاق ئوقۇساڭلار، مەن ئـون ئـالـتە ۋاق ئوقۇيمەن. ها ها ...- راخمان شۇنداق دەپلا يۈرۈپ كەتتى. ئارقا تەرەپتىن ئۇنىڭ تاغدىن- باغدىن ناخشىلىرى ئاڭلاندى:

سەن- سەن دۇنيا سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن.
مەن- مەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن.

تەۋپىق بىردىنلا شـۈكلەپ قالـدى. ئۇنىـڭ هېسياتچان قەلبىگە ئاللىقانداق روهى كۆلپەتلەر هۇجۇم قىلغانىدى. ئۇ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل كەلگۈسىدە راخمانغا ئوخشاشلارنى قانداق بەختلىك قىلىش هەققىدە خىيالغا كەتتى. ئەمما ئۇ خىيالنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمىدى.

— ئەپەندىم، تېچلىقمۇ...؟— دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى ئۇنىڭ ئالدىدا پاشاخان پەرىشان هالدا قاراپ تۇراتتى.

—...؟— تەۋپىق ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ گەپ قىلماي كۈتۈپ تۇردى.

— توي قىلىۋاپسىز... مارەك بولسۇن...

— ئۆزلىرىدىن بولسۇن، سىزدەكلەرنى مېنىڭ ئىچ پۇشقىمدىن باش قاتۇرۇپ بەك ئاۋارە بوپكەتمىسۇن دەپ توي قىلىۋالدىم...- ئۇ پاشاخاننىڭ كەيپىياتىنى كۈزەتمەكتىدى.

— ئۇ...ئۇ ئىشتىن...مەندىن ئاغرىنىش ....توغرا، مەندىن ئاغرىنىشقا ھەققىڭىز بار. نېمىشقا دېگەندە، ئەمەلىي ئەھۋالنى سىز بىلمەيسىز...

— يەنە نېمە ئەھۋال؟ چۈمبەلىنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ بارلىقىنى دەمسىز يا؟

— ياق...ھېلىقى شەرمەندە خوتۇن ”ۋاي كۆيدۇم، ۋاي ئۆلدۇم“دەپ ۋالۇۋۇرۇپ، مېنى ئەلچى بولۇپ قويۇشقا شۇنچە قىپ كەتسە مەن راست دەپتىمەن، شۇڭا سىلىنى بويتاق يۇرىۋاتىدۇ، بويتاقلىق دېگەن يامان، نىملا دېگەن بىلەن چوڭ بولغاندىكى بويتاقچىلىق دېگەن جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان ئىش دەپ ئويلاپ، سىزنى بىر قېتىم بولسىمۇ خوش بولۇپ قالسۇن دەپتىكەنمەن، نەدىن بىلەي، ئۇ خەقنىڭ دوپپامغا جىگدە سالغىنىنى...

— ئەھەھە، بويتاقلىق يامان؟ بويتاقلىق يامان... سىز- زە بويتاقلىق يامان... دەپ ماڭا كۆيىنىپ خىزمىتىمدە بولغان ئىكەنسىز- دە؟

— ئەمدى ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمىسىڭىز بوپتىكەن،... ئاخىرى ھېلىقىدەك چۈشكەندە خىزمىتىڭىزدە بولدۇم دەلەمدىم... شۇ ئىشتىن كېيىن مېنىڭ تارتقان ئەلەملىرىمنى ئاز دەمسىز...؟— پاشاخان كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— خوش؟

— ئەركەك تۇغقانلار مېنى ئۇتتۇرىغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈەتكىلى تاس قالدى، يۇزىمىزنى تۆكتۇڭ دەپ جېنىمنى ئالغىنى تاس قالدى. ئەمدى مېنى قەپەزدە باققان قۇشتەك تالا- تۈزگىمۇ چىقارمايدۇ، شۇ تاپ بۇ يەردە تۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالسا يەنە تاياق يەيمەن،...ئەمما، تاياق يېسەممۇ سىزگە ئەھۋالىمنى بىر ئېيتاي، ئەپۇ سوراي دەپ...پاشاخان كۆرگەن كۈنلىرىنى ئۇجۇر- بۇجىرىگىچە سۆزلەپ كۆز يېشى قىلدى.

ئاقكۆڭۈل تەۋپىق ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق سەۋەنلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە مەزلۇم خەقنىڭ تۇل ئولتۇرمىقى ئەيىپ سانىلىدۇ، سىز ياتلىق بولغان بولسىڭىز ھەممە گەپ سۆزدىن بىر يولى قۇتۇلاتتىڭىز.
— ماڭا قاراپ تۇرغان ئە(ئەر) نەدە دەيسىز؟ ئاجىزكەنمىز، ئەنىڭ ئۆيىگە ساڭا تېگەي، دەپ بېرىۋالغىلى بولامدۇ؟... يەنە كېلىپ يامان ئاتلىقمۇ بولۇپ كەتتىم، خەقنىڭ كەينىگە چىرىپ...
تەۋپىقنىڭ كۆڭلىدىن سەمەد كىگىزچى لىپ قىلىپلا ئاتتى. ”بۇ ئىككى بويتاقنى بىر قىلىپ قويساق نېمە بولار؟ سەمەد ياۋاش، بۇ ھازازۇل ئۇنى بوزەك قىلماسمۇ؟...“ ھەر ھالدا تەۋپىقنىڭ بۇ ئايالغا يەنىلا ھېسداشلىقى قوزغالدى، ئۇنىڭ دەردىگە يېتىش ئۆزىنىڭ بۇرچىدەك تويۇلدى.
— سىز ”بويتاقلىق يامان“ دەپ ماڭا كۆيۈنگەنتىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ بويتاقلىقىڭىزغا كۆيىنىپ قويسام نېمە دەيسىز؟
پاشاخان بۇنى مەسخىرە دەپ ئويلاپ بىچارىلىك بىلەن تەۋپىقنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ۋە ”ئۇنداق دېمەڭ، ئۇنداق دېمىسىڭىزچۇ؟“ دېگەن ئىلتىجانى ئىپادىلىدى.
— راست دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئايالنى ئىشەندۇرۇپ،— مېنىڭ دەۋاتقىنىم ھالال نىكاھ. ئۇ يەردە ئەرچە ياسىنىۋالغان ئايال كىشىگە يولۇقۇپ قالمايسىز، — ئۇ گەپكە تەئەددى ئارىلاشتۇرغاچقا پاشاخان ھە دېگەندە ئىشەنمىدى. ئاخىر ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن دېدى، — بىر بويتاق دوستۇم بار، ئۆزى ھۈنەرۋەن، كىگىزچىلىك قىلىدۇ، ئۈچ بالىسى بار، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ياۋاش ئادەم، ئۇنى بوزەك ئېتىپ، بالىلىرىنى ئۆگەيلىمەسلىككە ۋەدە قىلسىڭىز، سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئوڭلاپ، بۇ ساۋاپنىمۇ ئالماقچىمەن.
پاشاخان ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، قەسەم قىلدى، ۋەدە بەردى.
— ياش تۇرۇپ تۇل قېلىپ، ئاز دەرت تارتتىممۇ؟ ئىلگىرىكىسى ساياق چاغلىرىم، ئەمدى ھەر قانچە بولسىمۇ چوڭ بولغاندىمەن؟ بۇرۇنۇمغا نەچچە يەپ، ئىسسىق- سوغۇقنى كۆپ تارتقاندىكىن، يەنە نېمە...
— بولىدۇ، كۈتۈپ تۇرۇڭ.

پاشاخان خۇدانىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئەپەندىگە رەخمەت ھەشقاللا ئېيتىپ خوشلاشتى.

تەۋپىق تاكى كەلگىگە پاشاخانغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ئۇنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىگە قانداق دەرمان بولۇش ھەققىدە ئويلىنىپ ماڭدى.

مەلىكىزاد ئادىتى بويىچە ھويلىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— نىمىنى ئويلىنىپ كېلىۋاتىلا؟

— ئويلىغىنىمنى سورىماڭ، خوشخەۋىرىمنى ئاڭلاڭ.

— نېمە خوشخەرۋەر.؟

— بىر ئوغۇل بېقىۋالدىم، مەن يوق چاغلاردا قىينىلىپ قالمايدىغان بولدىڭىز، ئۇ ھازىرلار كېلىدۇ، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلىنايلى،— دېدى ۋە مەلىكىزادنىڭ مەڭزىگە لەۋلىرىنى يېنىككىنە تەگدۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

## 1

غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى
ھېچقاچان ئۇلۇغلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ.
— «قابۇسنامە»

سىنتەبىرنىڭ كىرىشى بىلەنلا يېزىلارنىڭ قوينى نېمەتكە تولغان داستىخاندەك بولۇپ كېتىدۇ. ھەممە مېۋە پىشىپ ۋايىغا يېتىدۇ. ئاتۇشنىڭ داڭلىق مېۋىسى شۇنداقلا جىمى ئۇيغۇر ئېلىدىكى مېۋىلەرنىڭمۇ ئەتىۋاسى بولغان ئەنجۈرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مېۋىسىمۇ ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدىن پىشقا باشلاپ، سىنتەبىرنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە راسا تۆكمە بولىدۇ. كەڭ يوپۇرماقلار ئۈستىگە ئەنجۈر شىرنىسى ئېقىپ قوياش نۇرىدا مەۋايىتتەك پارقىرايدۇ.

16- سىنتەبىر كۈنى تاڭ سەھەردە (يەكشەنبە كۈنىدى) تەۋپىق ناماز بامداتتىن قايتىپ كىرىپ بېقىۋالغان ئىزچى ئوغلى قاسىم بىلەن ناشتا قىلىشقا ئولتۇردى. مەلىكىزاد ئۈنىڭ بۇگۈن قەشقەرگە "18-سىنتەبىر" كۈنىدە بولىدىغان تەنتەربىيە پائالىيىتىگە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۈنىڭغا داستىخان سېلىۋېتىپ، ئېرىگە تەييارلىقلارنىڭ قانداق قىلىنغانلىقىدىن "مەلۇمات" قىلدى. "ئاتا- بالا" چاي ئىچىپ بولىشىغىلا بىر جانان تەخسىدە ئەنجۈر ئەپكېلىپ قويدى.

— ئەتىتىگەندە مۇزدەك ۋاقتىدا تۆرت- بەشنى يېۋالسىلا،— دېدى ئۇ مۇھەببەت بىلەن يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئېرىگە تىكىپ، ئاندىن تارتىنىپ

تۇرغان قاسىمغا قاراپ،— سىلىمۇ ئالسىلا، ئايرىم دېمىسەم ئولتۇرىۋېرەمتىلە، ئەمدى مۇشۇ ئۆينىڭ بالىسى بولغاندىكىن گەپ كەتمىسۇن، — دېدى ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن.

تەۋپىق ئايالىغا لەپ قىلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن ئەنجۈرگە قول ئۇزاتتى، ۋە:

—سىزمۇ ئېلىڭ، بىللە يەيلى،— دېدى.

مەلىكىزاد ئۆزى ئۈچۈن بۇيرۇق ھېسابلىنىدىغان ئېرىنىڭ سۆزىنى ھەر قاچان ئىلىك ئالماي قالمايتتى. شۇڭا ئۇمۇ بىر تال ئەنجۈر ئالدى. ئالتۇندەك ئەنجۈرنىڭ بۇرنىدا ۋايىغا يېتىش بىلەن تېشىپ چىققان شىرنە بىر تال كەھرىۋا مارجاندەك پارقىراپ تۇراتتى.

تەۋپىق تاماق ئۈچۈن كۆپ ۋاقت سەرپ قىلمايتتى، ئېزىپ، شۇمۇپ، تەتۈر چاينىغاننى يامان كۆرەتتى. بۈگۈن ئۇ تېخىمۇ چاپسانراق ئەتتىگەنلىك ناشتىدىن بىكار بولۇپ قاسىمنى بويامەتتىكى جەڭگىۋار ئەترەتكە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاندىن كېسەل كۆرسەتكۈچلەرنى كۆتۈپ تۇرمايلا دورىلارنى راستىلاپ، قەغەزلەرگە ئوراشقا، ئۈستىگە دورىنىڭ تۈرى ۋە ئىشلىتىشنى يېزىشقا باشلىدى، دەل شۇ ئىش ئۈستىگە كېسەللەرنىڭ ئالدى يېتىپ كەلدى...

ئۇ بۇ ئىشلارنىمۇ مۇشۇ تەرتىپتە تۈگەتكەندىن كېيىن، رۇشتى مەكتەپكە كەتتى. ئۇ يەردە مۇئەللىملەرنىڭ تەييارلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئىزچىلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كاتتىيلاقتىن مۇھەممەد داموللا ئېلىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار سېپىنى كۆزدىن كەچۈردى، بۇ ئاردا مۇھەممەت دامولللام بىلەن بىر- ئىككى ئېغىز ئامانلىشىپ، چاخچاقلىشىۋېلىشقىمۇ پۇرسەت تاپتى. ئاندىن بۇ يەرگە جەم بولغانلارنى جەڭگىۋار سەپلىرىنى بۇزماي كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئاتلىق بويامەتكە بېرىپ”ئەلەمدارلار“نى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولدى. ئېلاخۇن ئۇنىڭ ئېتىنى توقۇپ تۇتۇپ تۇرغانىدى.

ئۇ بۇيامەتكە يېتىپ بارغاندا بويامەت مەكتەپنىڭ سەيناسىدا تەنھەركەتچىلەر جەڭگىۋار سەپ بولۇپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ دەرھال بۇ

سەپنى نۆۋەتتىكى يۈرۈشكە مۇۋاپىق تۈزەشتۈرۈپ چىقتى. ھەر سەككىز ئادەمنى بىر گۇرۇپپا قىلدى. مۇشۇ سەككىز كىشىلىك گۇرۇپپىدىن تۆرتىگە بىرىدىن چاھار بېشى بەلگىلەندى. چاھار باشلىرى بويىنىغا چۈچىلىق قىزىل شەلپەر ئېسىشتى. ھەربىر ئوقۇغۇچى قوللىرىغا بىر كۆك، بىر قىزىل بايراق ئېلىشقان بولۇپ، بىر خىل فورمىدا كېيىنگەن بۇ قوشۇن تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرىنەتتى.

—دېققەت!- دەپ ۋارقىرىدى تەۋپىق جاراڭلىق ئاۋازدا، — ھازىر سىلەرنى ئون مىنۇت ئازاد قىلىمەن، ھەربىرىڭلار ئىككى تاختىدىن سامان قەغەز ئېلىۋېلىڭلار، دەم ئالغاندا قەغەزنى ئاستىڭلارغا قويۇپ ئولتۇرسىلەر، كىيىمىڭلارنى كىر قىلىۋەتسەڭلار بولمايدۇ،— دېدى ۋە ھەربىي قوماندانلاردەك بۇيرۇق قىلدى،— تارقال!

ئوقۇغۇچىلار تەرتىپ بىلەن، ۋاڭ- چۇڭ قىلماستىن يۈگرىشىپ بېرىپ ياتاقلاردىن، سىنىپلاردىن سومكىلىرىنى ئېلىشقا كەتتى. ئۇلارنىڭ رەسمىي ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىشىغا ئون مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىدى.

— ھازىر— دېدى تەۋپىق تەكشى سوزۇپ ۋارقىراپ،— ئول!

بۇلار مەخسۇس ھەربىي- تەلىم تەربىيە ئالغان ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا بەشىيۈز كىشىنىڭ قاتارغا تىزىلىشى ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرمىدى.

—ئىلەرى ئارش!- تۆرتتىن سەپ بولغان ئوقۇغۇچىلار بىر خىل رېتىمدا ”گۈپ- گۈپ“ قەدمە تاشلاپ، مەكتەپتىن يولغا قاراپ ئاتلاندى. نەي ۋە بارابانىنىڭ ساداسى ۋە دۇمباقنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبۈرلىشى، قەدەملەرنىڭ تەكشى گۈپۈلدىشى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دەرىجىدە رەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بويامەت مەكتەپنىڭ ئۆزىدىن بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېپى، قەدەم تاشلايتى.

ھەر سەككىز كىشىگە بىر گۇرۇپپا باشلىقى، ھەر 32 كىشىگە (تۆرت سەككىز—سەككىزلىك تۆرت گۇرۇپپىغا) چاھار بېشى، ھەر 250 كىشىگە ئەترەت باشلىقى مەسئۇل ئىدى. قوشۇننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا يانداپ ماڭغان

تەۋپىق پۈتۈن قوشۇنغا كوماندا بېرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ گاھ ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغىراق كېتەتتى، گاھ ئارقىغا يېنىپ تەرتىپ تەكشۈرەتتى.

ئۇلار شۇ تەقلىدتتە تېجەن يېزىسىنى، ئىككى سايىنى كېسىپ ئۆتۈپ مەشھەدكە يېتىپ كەلدى. بۇ يەدە ھەر قايىسى يېزا مەكتەپلەردىن تاللانغان ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلار كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار ھەزرەت سۇلتان جامەسىنىڭ كەڭ ھويلىسىدا يىغىۋاشتىن بىر پۈتۈن سەپ تەشكىل قىلىپ، بىردەم مەش دەسسەشتى. مەخسۇس تەربىيىلىنىۋاتقان ”ئەلەمدارلار“ دىن باشقا 40 نەچچە نەپەر ئىزچى، ھەربىر مەكتەپتىن تاللانغان يىگى ماھىرلار، ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ سەپەرگە 700 نەپەر ئادەم تەييارلانغانىدى.

تەۋپىق ئۆز قوشۇننى دىقىقەت بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن نۇرۇللا خەلپىتىم بىلەن مۇھەممەد قارى زەكىدىن لاۋزىمات تەييارلىقىنى سۈرۈشتۈردى:

— يېتەرلىك نان، تۇز، سۇ ئېلىندىمۇ؟ قويچۇ؟ ھەممىسى ماڭدۇرۇلدىمۇ؟

— ماڭدۇرۇلدى، ھەممىسى مەسلىھەتىڭىزدىكى سان بويىچە بولدى.

— رەخمەت، خەلپىتىم ئەمىسە، يولغا!ــ ئۇ ئاتنى دېۋىتىپ سەپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا توختىدى، —دىققەت! ئوڭغا بۇرۇلۇپ،...ئىلەرى ئارش!

تەۋپىق ئادەمنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشى —كېلىمات، سۇ، ئوزۇقلۇقنىڭ بىرىكىشى بىلەن بىر ”بىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق“ ھاسىل بولىدىغانلىقى، كىشى يىگى مۇھىتقا كەلگەندە ”سۇ ئىلغاش“ ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئادەم بەدىنى يىگى مۇھىتقا پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى نۇرغۇن ئەمەلىي مىسال، ئىلمىي ئاساسلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ يولداشلارنى بارلىق يىمەكلىكنى بىللە ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، ئىچىدىغان سۇنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندۈرگەنىدى. خەلق ئارىسىدىمۇ يىگى مۇھىتتىكى بوشىشىش، ساقىسىز بولۇپ قېلىش ھادىسىنى ”سۇ ئىلغاپتۇ“ دەيدىغان ئادەت بار، تەۋپىق بىر ئادەمنىڭمۇ يىگى مۇھىت تەسىرىدە ئاغرىپ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشىنى خاھلىمايتى. چۈنكى ئۇ تەييارلىغان مەش ئويۇنى

ۋە تەنتەربىيە تۈرلىرى بىر ئادەمنىڭ كەملەپ قېلىشىمۇ ئومۇمىي نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان دەرىجىدە زىل جىپسىلاشتۇرۇلغانىدى.

ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۇلار سۇنتاغ تەرەپكە كەتكەن يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. يول بويىدا ئۆزلىرىنىڭ قەدىردان كىشىلىرىنى ئۇزىتىۋاتقانلار ئىچىدە مەلىكىزادىنىڭ زىلۋا قەددى كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ غىجىم رومىلىنى سەل قايرىۋېلىپ مەمتىلىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئىچىدە بولسا ئادەتلىنىپ قالغان تىلەكلەر يادىلىناتتى. تەۋپىق ئۇنىڭ ئالدىدىن ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشسا ئۈنسىز خوشلىشارمىز دەپ ئۈمىد قىلغان مەلىكىزاد بەكمۇ مەيۈسلەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ ھەرىكەتچان ئادەمنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك زىرىلداپ كەتتى. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ سۆيۈملۈكى يەنە شۇنداق ئالدىراشلىقى بىلەن ئارقىغا ياندى ۋە مەلىكىزادقا كۆزى چۈشۈپ، ئالدىراش كۈلۈمسىرەپ سالامنى ئىپادىلىدى- دە ئۆتۈپ كەتتى. مەلىكىزاد شۇندىلا كۆڭلى ئارام تاپقاندەك چوڭقۇر تىندى. ئۇنى تېخىمۇ خوشال قىلغىنى مەمتىلى ئۇنىڭ ئالدىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتەتتى.

كۆپ ئۆتمەي تەۋپىق ئانچە ئالدىرىماي يەنە ئالغا قاراپ سەپنىڭ يېنىدا كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم يول بويىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇپ، باش لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەپ خوشلاشتى. مەلىكىزادقىمۇ ساداقەت ۋە سۆيگۈ مۇھەببەتكە تولغان نەزىرى بىلەن قاراپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى كىچىككىنە تاتۇقنى كۈلۈمسىرەشتىن پەيدا بولغان پۈرۈكلەرنىڭ ئارىسىدا غايىپ قىلىپ ئۇزاق قارىدى. ئەمدى بولسا، ھېلىلا چالا- پۇچۇق بىر نەزەر بىلەن خۇداغا شۈكرى ئېيتىقان ئايال، يەنە سۆيگۈ ئاچلىقى بىلەن ئۆرتەندى، ئەمدى ئۇ مەمتىلىنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ، سۆيۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويۇشنى ئىستەپ قالدى. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەسىدى.

مەلىكىزادنىڭ بېقىنىدا بىرسى مىدىرلاپ، ئالدىغا ئۆتمەكچى بولغاندەك قىستالدى. مەلىكىزاد شېرىن ئارمان قۇچىقىدىن چىقىپ ئۆرىلىۋىدى، ئۇنىڭ

يېنىدا گۈلدەك نازۇك ۋە گۈزەل بىر قىز كۆزىگە ياش ئالغان هالدا بىردەم ئۇنىڭغا ۋە بىر دەم ئۇزاپ كەتكەن سەپكە قاراپ تۇراتتى.

— هوي، چولپان كۆز، نېمە بولدى سىلىگە؟ چىدىۋايماتامىلا، كەلمەسكە كەتكەندەك؟— دېدى مەلىكىزاد يېرىم بولغان كۆڭلىنى چاخچاق بىلەن ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ. — كىمنى ئۇزىتىۋاتىلا؟

— هېلىقى ... نى، ئەپەندىمنىڭ شاگىرتى، سابىت، سابىتچۇ؟ ئاڭلىغانسىز؟

— هە،... بىلدىم، سىلەر هېلىقى تاھىر- زۆھرەلەركەنسىلەرغۇ؟! تويۇڭلارنىڭ داڭقىسىنى ئاڭلىغانتىم، ئۇ چاغدا مەن مەستۇرە بولغاچقا بارالمىدىم، ئەمما بەگ ئاكىمىز بېرىپ كەلگەن.

— هە، سىزمۇ ئاڭلاپتىكەنسىز ـ دە؟ شۇ...

— چىدىماۋاتامىلا؟ كەلمەسكە كەتمىگەندىكىن چىدىسىلا، — دېدى گۈلزادىنى ياقتۇرۇپ قالغان مەلىكىزاد كونا تونۇشىغا گەپ قىلغاندەك يېقىنلىق بىلەن.

— سىزمۇ مەندىن قالغۇچى ئەمەس تۇرۇپ نېمە دەيسىز ماڭا؟ قىلىنىلىقىنى! — دېدى گۈلزادە كۆزىدىكى ياشنى سۈرتمەي كۈلۈپ. ئۇنىڭ بۇنداق هالىتى بەكمۇ گۈزەل، شۇنداقلا قارىمۇ- قارشىلىقتا تولغان، يامغۇر يېغىۋاتقاندا كۈن چىققاندەكلا يېقىملىق ئىدى.

— هوي، قاراڭلا، بۇنىڭ يامانلىقىنى! سابىت گەپ قىلمىغان بىلەن سىلىنىڭ تىللىرى بالاكەن جۇما،— مەلىكىزاد يېڭى ئەمەك تاپقاندەك خوشال بولۇپ، ئۇنى قولتۇقلىدى ۋە،— جۇرسىلە، ماڭا هەمرا بولسىلا، بىر-بىرىمىزگە تەسەللى بولايلى،— دېدى دە، ئۇنى ئېلىپ ئۆي تەرەپكە كەتتى.

ئۇلار جامەنىڭ ئالدى بىلەن نىزاخۇننىڭ ئۆيى تەرپكە كېتىۋاتقاندا ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ ئىچى قارىلىق بىلەن قىلىشقان گەپلىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— مانا بۇنىڭ ئۆزى نەقلا ئىسيان! شىڭ دۇبەن جانابلىرى بەرگەن ئازادلىقتا ئاشۇنداق هەشقالىلا ئوقۇيدىكەن- دە! هۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىرىمۇ

بۇنچىلىك ئەمەس، بۇلارنى يامانراق كۆردۇمغۇ، تەقسىر؟! خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!..

ئۇنىڭ گوڭۇلداشلىرىدىن ياشىنىپ قالغان ئادەملەر ئىككەنلىكىنى بىلىنىپ تۇراتتى. شېرىكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ بىر نېمە دەپ دېگچە ئارقىسىدا ئادەم بارلىقىنى تۇيۇپ، زوۋانى ئۆچۈپ، بىر تار كوچىغا بۇرۇلۇپ كېتىشتى.

## 2

تەۋپىقنىڭ 700 كىشلىك ئەترىدى قۇمالتاغ بىلەن بەشكىرەمگە ئۆتۈپ دەم ئالدى. چۈشلۈك تاماقتا بەشكىرەم بايلىرىدىن قارىھاجىمنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. قارىھاجىم تولىمۇ كاتتا باي. شۇنداقلا تەرەققىيپەرۋەر ئادەم بولغاچقا ئۇلارنى ياخشى كۈتتى. ھەر بىر كىشىگە چوڭ جانان چىنىدە بىردىن سۈت بېرىلدى[1]. ئەمما مېھمانلار بۇنىڭدىن باشقا نېمەتلەرگە ئېغىز تەگمەي، ئۆزلىرىنىڭ نانلىرى بىلەن ئوزۇقلاندى. قارىھاجىمنىڭ ئىلتىماسلىرىنى قايتىشتا ئورۇنداشقا سۆز بېرىپ، تەكەللۇپ بىلەن رەت قىلىشتى.

ئوقۇغۇچىلار سەپلىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سەپىرىنى داۋام قىلىشتى. ئۇلار بەشكېرەمدىن ئۆتۈپ "غوجا چوڭنىڭ قۇملىقى" غا يېقىنلاشقاندا ئالدى تەرەپتىن ھەربىي ئوركېستېرنىڭ ھەيۋەتلىك كاناي-

---

[1] سۆھبەتداشلىرىم شۇ قېتىم قەشقەرگە بارغانلارنىڭ سانىنى مىڭ ئادەم دېيىشكەندى. قارىھاجىمنىڭ ئۆيىدىنلا مىڭ چىنە سۈت چىققانلىقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇ كىشىنىڭ بايلىقىغا قول قويۇشقان ئىكەن. بىراق، قايتا- قايتا تەكشۈرۈشلىرىم نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ مىڭ ئادەملىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك ئاساس تاپالمىدىم. بۇ سان شۇ شارائىت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ 600 دىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، چۈنكى بوياماتتە مەخسۇس تەربىيلىنىۋاتقان "ئەلەمدارلار" لا 500 كىشىدى — ئا.

سۇنايلىرى ياڭراپ كەتتى. بۇ مەھمۇد مۇھىتى تەۋپىقنى قارشى ئېلىشقا چىقارغان ئەسكەرلەر ئىدى. ئەسكەرلەرگە روتا كوماندىرى ئابدىنىياز (ھازىر دېۋىزىيە ئىشتابىدا ئېچىلغان ھەربىي كۇرۇستا ئوقۇۋاتاتتى، بۇ كۇرستا بولسا يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلگەن قۇربان نىياز، قۇربان سەئىدىلەر دەرس بېرەتتى) ئابدىنىيازنىڭ قارشى ئالغۇچى قىسىملىرى بىلەن بىللە زىيالىلاردىن يۈسۈپ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىلىرى، ئەخمەد ئەپەندى، مەجىددىن ئەپەندى قاتارلىقلارمۇ كەلگەنىدى.

تەۋپىق يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆزەڭگىنى ئېلاخۇنغا تۇتقۇزدى ـ دە، كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزىگە خاس ئىتتىك قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېرىنداشلار! — دېدى ئۇ ئاۋۋال سالام قىلىپ ۋە ئۇلار بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ياخشىمۇسىز، دوستۇم، ئاۋۋال قېرى دوستىڭىزغا قول بېرىڭ، — دېدى مەجىددىن ئەپەندى چاقچاق بىلەن.

— ئەلۋەتتە چوڭىدىن كېلىدۇ - دە، تېخىچە ياشاۋاتامسىز؟ — تەۋپىقمۇ چاقچاق قىلىپ، — زىيا، ئۆزىڭىزچۇ؟ تىنچ تۇرغانسىز دوستۇم؟

— خۇداغا شۈكرى.

— ئەخمەد ئەپەندى، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنىڭ باھاسى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتكەندەك تۇرىدىغۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس...

— ئەمىسە نېمىشكە ئۈنىڭىز چىقمايدۇ؟

— مال كاسات، دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىچە باھاغا يارىمايدۇ. شۇڭا بازارغا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — ئەخمەد ئەپەندى مەيۈسكىنە كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى.

— ھېچ بولمىسا مۇشۇنداقراق چاقچاق قىلىپ تۇرۇڭ، دوستۇم، — دېدى تەۋپىق ۋە ئابدىنىيارغا بۇرۇلدى، — ئوھوي، جەڭچى دوستىمىزمۇ يات ئادەم

ئەمەسكەن، سىز يەكەندە ئەمەسمىدىڭىز؟ نېمە غوپۇر مىڭبېشى[1] سىزنى قوغلىۋەتكەنمۇ قانداق؟

— قوغلىۋەتتى دېسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئابدىنىيازمۇ ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىغا قوشۇلغىنىدىن ئۆزىنى خوشال ھېس قىلىپ، — مەن ھازىر قۇربان نىيازلارنىڭ كۇرسىدا ئورۇسچىسىغا ھەربىي تەلىم ئېلىۋاتىمەن.

— ئالدىمىزغا چىققىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.

— نېمىگە رەھمەت دەيسىز؟ رەھمەتنى سىزگە دېسە بولىدىكەن.

— نىمىگە؟ — دېدى تەۋپىق ئابدىنىيازنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ چاقچاق ئارىلاش.

— مانا شۇنىڭغا، — دېدى ئابدىنىياز رېتىنى بۇزماي بارابان ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ مەش دەسسەۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سېپىنى ئىشارە قىلىپ، — بۇنداق جەڭگىۋار ھالەت، بۇنداق قاتتىق تەرتىپ بىزدەك ھەربىيلەردىمۇ يوق، بىلەمسىز، ئەپەندىم، سىز ئىنقىلاب ئۈچۈن راسا سەر خىل ئۇرۇقلارنى، پىدائىيلارنىلا تەربىيلىگەندەك تۇرىسىز. ھەم جەڭگىۋار ھەم ئىلىملىك.

— بۇ ئۇنىڭ ھەممە قوشۇنى ئەمەس، تېخى، — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى دوستى ئۈچۈن ماختىنىپ.

— مانا، گەپ مۇنداق ئەمەسمۇ، بۇلاردا پەقەت قۇراللا يوق، بولمىسا ھەربىيدىن نەرى كام؟ ماڭىمىزمۇ؟

— ماڭايلى، بىراق ئۇلاردا قورال بولمىغىنى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن قورال يوچۇن ئەمەس.

— كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا سۆھبىتىڭىزدىن مەھرۇم قالدۇرماسىز، — دېدى ئابدىنىياز ۋە ئۇز قوشۇنلىرىنى دىققەتكە چاقىردى. ئوقۇغۇچىلار سېپىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوغداپ ماڭىدىغان قىلىپ تىزدى. ئاندىن

---

[1] 6 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى — غوپۇر پولكوۋنىڭ پولكى — يەكەندە تۇراتتى. ئابدىنىياز شۇ پولكتا ئىدى، — ئا.

مەمتىلى ئەپەندىگە، — قوشۇنلار تەييار بولدى، قوزغىلىشقا بۇيرۇق بېرىڭ، — دېدى.

— سىزدەك رەسمىي ھەربىي كوماندىر تۇرغاندا ماڭا نېمە؟ ئېلىپ مېڭىۋېرىڭ، — دېدى تەۋپىق خۇشخۇيلۇق بىلەن — سۆھبەتكە خۇمار بولسىڭىز مەن كەچتە مۇنۇ ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن، بەلكىم نوۋېتىدا بولارمىز، — دەپ قوشۇپ قويدى.

قوشۇن سەپەرنى داۋام قىلدۇردى. تەۋپىق مەجىدىدىن، يۇسۇپ ۋە ئەخمەد ئەپەندىلەرگە ئۆزر ئېيتىپ:

— سىلەر بىلەن كەچتە بىراقلا پاراڭلىشىدىغان بولدۇق، ھازىرچە مەن ئۆز سېپىم بىلەن كەتتىم، — دېدى- دە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەدەم ھەرىكىتىنى كۆزەتكەچ سەپنى يانداپ كەتتى.

مەجىدىدىن ئەپەندى بىلەن يۇسۇپ ئەپەندىلەر سەپنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشتى. قەشقەر ئىزچىلىرى بولسا چوڭ سەپكە قوشۇلۇپ يۈرۈپ كەتكەندى.

— ئەپەندىم، تەۋپىقنىڭ بۇ قوشۇنى (كۆز تەگمىسۇن) ھەقىقەتەنمۇ قالتىسقۇ؟ — دېدى مەجىدىدىن زوقلىنىپ.

— مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ شاگىردلىرىدىن چوڭ ئۈمىد كۈتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ مەمتىلىگە ھەممىدىن بەك ئامراق.

— توۋا، بۇ ئادەم 24 كەنتتىكى مەكتەپنىڭ ھەممىسىگە قاتناپ، يەنە جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە يېتىشىپ، قايسى ۋاقىتلاردا بۇنچە كۆپ پىدائىينى تەييارلىغاندۇ؟

— ئۇ مۇسابىقە ئۈچۈن كېلىشۋاتامدۇ ياكى شە ئالغىلىمۇ؟ نېمە بۇنچە كۆپ ئادەم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىلىدىغان ئىش بارمىدۇ؟ پۈتۈن نوۋېتىشى مەكتەپ، قەشقەرنىڭ ئەڭ موھىم مەكتىپى تۇرۇغلۇق مۇراسىمغا قاتنىشىدىغانلار يۈزدىن ئاشمايدۇ، تەۋپىق- زە، تاماشا كۆرىدىغان، چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ بېرىدىغانلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىشۋاتامدۇ نېمە؟

— ئۆگۈنلۈككە كۆرىلا تېخى، ئۇلار قانداق ماھارەتلەرنى كۆرسىتىدىكىن. مەمتىلىنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغىنى يوق.

— بىخىل تەبىئەت...

— ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىمەن، ئەمما بۇنى ھەسەت دېمەي ھەۋەس دېسىمۇ بولىدۇ، ئەمما تەبىئەتنىڭ بىخىللىقىدىن ئاغرىنىمەن. مۇشۇنداق ئوغۇلبالىدىن ئوننى، يۈزنى، مىڭنى ياراتقان بولسا نېمە بولاتتى.

— قىزىقكەنسىز- دە، دوختۇر، سىلى دوختۇر بولغاندىكىن ئەمەلىيراق گەپ قىلىسىلا بولاتتى. قارىسام بەك خۇراپىي ياكى رومانتىك بولۇپ كەتكەندەك كۆرىنىسىلا.

— رومانتىك بولۇش شائىرلارغىلا بەخشەندە قىلىنغانمىدى؟

— چېقىشىپلا تۇرىكەنسىز، دوختۇر، سىلىگە چېقىشىش ئۈچۈن يەنە تەۋپىقنىڭ ئۆزىلا بولىشى كېرەككەن.

— بۇنچە كۆپ ئادەمنى قەيەرگە جايلاشتۇرۇش كېرەككىن؟ نەگە پاتىدۇ بۇلار؟ توختاجىننىڭ قوروسىغا كەتمىسە باشقا مەكتەپلەردە ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرغىدەك يەر يوق.

— ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرمايلا يولغا چىقىدىغان ئادەممۇ؟ باشلىرىنى قاتۇرمىسىلا، — دېدى ئەخمەت ئەپەندى.

كەچكى شەپەق غەرپتىكى تاغلار ئۈستىدە بولۇتلارنى ئالتۇن رەڭگە ۋە مىس رەڭگىگە كىرگۈزگەندە يول بويلىرىدىكى تېرەكلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى ئۇزىراپ، ئۇ قاتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ياماشقانىدى. ھەر قاچانقىدەك دېھقانلار يول بويلىرىغا يۇگرەپ چىقىشىپ، قوشۇننىڭ مېڭىشىنى تاماشا قىلىشاتتى.

## 3

دۈشمەن بارلىق ھىلىلەرنى ئىشلىتىپ،
دەرمانى قالمىغاندا دوستلۇق زەنجىرىنى
جىرىڭشىتىدۇ، بۇنداق چاغدا ”دوستلۇق“بويىچە

ھېچقانداق دۈشمەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى
قىلغىلى بولىدۇ.
— سەئىدى «گۈلىستان»

تەۋپىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كەچلىك غىزا يەپ، ئۇلارنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، قەشقەرلىك يولداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىش ئۈچۈن يېقىن شاگىردلىرىنى باشلاپ نوۋېشىغا كەلدى. دوستلىرى ئۇنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرىشى ئاۋالقىدەكلا جانلىق كەيپىياتقا چۆمدى. بۇ يەردە مۇئەللىملەردىن باشقا شەۋقى، ئوبۇلقاسىم، ئابدۇرنىيازلار ”ھىلال ئەھمەر“دىن مەجىددىن، نامان ئەپەندىلەر ئولتۇرۇشقانىدى. يۈسۈپ زىيا ھەمىشەمكىدەك مەدەنىيەتلىك شەھەر پۇخرالىرىغا خاس ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپلار بىلەن مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى.

سورۇن ئەھلى بۈگۈن مەمتىلى ئەپەندى بىلەن شەۋقىنىڭ ”شەخسىي سۆھبەت“ قىلىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى بىر ئېغىزدىن جاكارلاشتى. تەۋپىق كۆپچىلىكنىڭ رايىغا بېقىشقا رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، پۇرسەت تېپىپ شەۋقى بىلەن «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە دېيىشىش زۆرۈر تېپىلغان سۆزلىرىنى دېيىشىۋالدى.

سورۇننىڭ ئومۇمىي تېمىسى ھازىرقى خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت، بولۇپمۇ ئۆلكە ۋەزىيىتى، شىڭ دۇبەننىڭ نېمە قىلىۋاتقىنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى قاتارلىق سىياسى تېمىغا بۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قىزىپ كەتكەچكە دەسلەپ كىمنىڭ بۇ سۆزلەرنى باشلاپ بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىشتى.

— بىز ھازىرقى ۋەزىيەتنى قانداق تونىساق توغرا بولىدۇ؟— دېدى ئوبۇلقاسىم قاڭشىرىنى سىلاپ قويۇپ ،— ھازىر، ئازاتلىققا چىقتۇق، ’’ئالتە بۈيۈك سىياسەت‘‘ ئانداق- مۇنداق دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرىدىغان

بولدى. بىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىمىزمۇ مۇشۇنداق ئازاتلىقمىدى ياكى بۇ ئانچە تولۇق ئەمەسمۇ ؟

— مېنىڭچە مۇشۇنىڭغا شۈكرى قىلىش كېرەك،— دېدى مۇئەللىملەردىن بىرى،— ئىلگىرى كۆرگەن كۈنلىرىمىزنى ئۆتتۈپ قالمىساق بولىدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا ھازىر دېگەن ئاسمان- زېمىن ياخشى ئەمەسمۇ.

— بۇ قاچانغىچە داۋاملىشار؟ كۈنسېرى ياخشىلىنىپ بارارمۇ؟— مەجىددىن ھاسسىنى يىپ ئەشكەندەك پىرقىرىتىپ قويۇپ، ئويچان ھالدا سورىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى شىڭ شىسەينىڭ ھىلىسى! — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى،

— ئۇ تىركىشىپ تۇرغان ۋەزىيەتنى پەسكارىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئازراق ئەركىنلىك بېرىشكە مەجبۇر بولغىنى بىلەن بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە.

— ئەمىسە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەھكارلاشقانلىقىنىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟— سورىدى ئوبۇلقاسىم.

— بۇمۇ بىر خىل ئالدامچىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى ياردىمىگە ئىگە بولمىسا شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا خەلقپەرۋەرلىك تونىنى كىيىپ چىقتى.

— ئۇنىڭ ساختىلىقىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايسىز؟

— ئۇنىڭ مەدەنىي مائارىپ جەھەتتىكى يېڭىلىقى، ئايرىم تەرەپلەردىكى ئىلغارلىق ئىپادىسىدىن باشقا ئالدىنقى مۇستەبىتلەردىن پەرقى نېمە؟ خەلق قانچىلىك بەختلىك بولدى؟ ئاچ زېرىنلىقتا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئازمۇ؟ ئۇ ئىنقىلابنىڭ سەرەڭگىسى بولمىش زىيالىلار ۋە نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش بىلەنلا ئۇتنى پەسەيتمەكچى خالاس.

— مەن ئەپەندىلەرگە ئوخشىمايمەن،— دېدى ئابدىنىياز گەپكە قوشۇلۇپ— سىياسەت دېگەننى سىلەردەك چۈشەنمەيمەن لېكىن مەن تۇرپاندا

قوزغىلاڭ قىلغانلارنىڭ بىرسى. بىز ئۇ چاغدا ئىسلام ئاچىمىز دەپ جەڭ قىلغان. مەخسىدىمىز ئۇزۇل- كېسەل ئازادلىق ئىدى. ئەمدى بۇ ئىش جىمىدە يوقۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. شىڭ دېگەندىن قورقامتۇق، قانچىلىك خىتاي بار بۇ يەردە؟ بۇ چۈشىن مىجەزلەرنى جايلاشقا كۆزىمىز يېتەتتى. مانا ئەمدى ئۆزىمىزمۇ تۇيماي جەڭسىز تېزىپ كېتىۋاتىمىز. بۇنىڭ ھەممىسى ئورۇسنىڭ كاساپىتى. بۇلتۇر قۇربان نىيازلار سوۋېتكە ئوقۇشقا كېتىپ بىر يىلدىلا كامنىس بولۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئۇ بىزنى ئوقۇتىۋاتىدۇ، تازا گېپىگە زەڭ قويسام ئاينىپ كەتكەندەك، ئىچىمىزدىن پورلىشىپ كېتىۋاتقىنىمىزغا سەل قېنىم قىزىپ قېلىۋاتىدۇ.

— سىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدىكى پىكرىڭىزگە قوشۇلالمايمەن، — دېدى تۇرغۇن ئەپەندى.

— مېنىڭچە ئابدىنىياز راست دەيدۇ، — دېدى ئوبۇلقاسىم قاڭشىرىنى چىمدىپ تۇرۇپ، — مۇشۇ ئۆلكە مەسلىسىدە خىتاي بىلەن ئورۇسنىڭ ئەزەلدىن مەيدانى بىر، مەنپەئەت بىرلىكى بار. مەيلى شىڭ دۇبەن خەلقپەرۋەر بولسۇن ياكى جاللات بولسۇن ئۇنىڭغا پەرقى يوق. پەقەت بۇ يەردە ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دېگەندەك بىر نەرسىنىڭ بولۇپ قالماسلىقى ئۇنىڭ مۇددىئاسى. شۇڭا ئۇ مۇشۇ مەخسەت ئۈچۈن ھەر قانداق ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىۋېرىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ خەقتىن بىزگە ۋاپا يوق... مېنىڭچە قەشقەردە كامنىزىمغا قارشى بۇيۇك بىر كۈچ بار، مانا شۇ كۈچ ھەقىقىي توغرا يولدا دېيىشكە بولىدۇ، — ئوبۇلقاسىم قەشقەر كوچىلىرىدا زامان ـ زامان پەيدا بولۇپ قالىدىغان تەشۋىق ۋاراقلىرىغا ئىشارە قىلماقتىدى.

تەۋپىق بىر قانچە قېتىم ئۇز كۆڭلىدىكىنى تۆكۈشكە ئالدىرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياشلارغا خاس ئاسان ھاياجانلىنىشىنى يېڭىدىكى شەۋقى بېسىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە ئالدىرىماسلىقتا ئۇندىدى.

— بۇ يەردە بەزى تېگى- تەكتى قاراڭغۇ شەخسلەر يوق ئەمەس، بىز سىياسىغا ئارىلاشمايدىغان ئاقارتقۇچىلار سالاھىيتى بىلەنلا مەيدانغا چىقايلى. بۇ ۋەزىيەتتە سىياسىي ھەققىدە يەڭگىللىك بىلەن گەپ قىلىش

ئىشلىرىمىزنى يېرىم يولدا ئاخىرلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى شەۋقى.

— كېيىن سۆزلىشەيلى، قىزىپ كېتىۋاتقانلارغا ئىشارە قىلىپ قويسىلا.

توساتتىن ئوبۇلقاسىم مەمتىلى ئەپەندى بىلەن شەۋقىگە قاراپ دېدى:

— ئىككىلىرى بىر نېمە دەپ بېقىشمامدۇ؟ قەشقەردىكى كامىنىزىم دۇشمىنى شۇ كۈچ كىملەر بولىشى مۇمكىن؟ بەزىلەر دېگەندەك بۇ ئەنگلىيە جاسۇسلىرىمىدۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭكىلەرمىدۇ؟

تەۋپىق بۇ ئادەمنى خېلى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئوبۇلقاسىم ئوچۇق پىكىرلىك، مۇلاھىزە قىلىشنى بىلىدىغان، چېچەن ئادەمدەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ سۆزىنى يەردە قويغۇسى كەلمەي، ئېغىز ئاچماقچى بولۇپ تۇراتتى. شەۋقى ئۇنىڭ يوتىسىنى بىلىندۇرمەي بېسىپ قويدى ۋە:

— بىزمۇ؟ مېنىڭچە بىز سىياسىي بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلارنىڭ بۇنداق تېمىلاردا پاراڭلىشىشىمىز تازا كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، ئۆزىمىز چوڭقۇر چۈشەنمىگەن ساھەدىن پىكىر بايان قىلىش ئانچە دېگەن يەردىن چىقمايدۇ، بىز مەدەنىي ئاقارتقۇچىلار، شۇڭا مۇشۇ ساھەدە گەپ بولسا ئەلۋەتتە ئۆز ئويلىغىنىمىز بار، — دېدى.

ئوبۇلقاسىم بىر يېرى تاتىلانغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە بىردەم ئەپسىز ئولتۇرۇپ قالغاندەك قىمىرلاپ، ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئابدىنىياز كۆپچىلىككە بىرمۇ- بىر قاراپ قويۇپ، ئوبۇلقاسىمنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئوبۇلقاسىمنىڭ تېگى- تەكتى قانداق بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئەخمەد ئەپەندى تۇيۇقسىزلا جىملىقنى بۇزۇپ.

— بىز ئۇنىڭ سانايى نەپسەنىڭ مۇدىرى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز، — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى.

— ھەرھالدا ئىككى تىللىق بىر نېمە...

— چىۋىن قونغان نەرسە بۇلغانماي قالامتى، خىتاي بىلەن ئارىلاشقان ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدۇ جۇما، — دېدى مۇئەللىملەردىن بىرى غۇدراپ.

— مېنىڭچە ئۇنىڭ شۇ تەرىپىگە قاراپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى باھالىغىلى بولماس، بىر تىلنى ئارتۇق بىلگەنلىك ياخشى ئىشكى، يامان ئىش ئەمەس، — دېدى ساۋۇت ئەپەندى، — گەپ ئۇنىڭ خىتايچىنى بىلىشى، ئىئىلىسىنىڭ لەنجۇ بىلەن ئالاقىدار بولىشىدا ئەمەس، ئۇ زادى قانداق؟

شۇ چاغدا سىرتتىن ئابدىنىياز كىرىپ كېلىپ:

— تــوۋا، ھېلىقــى ئــادەم قانــداق زىيــالى؟ خــالادا تۇرىۋېلــىپ نەشــە چېكىۋاتامدۇ، چوقۇم شۇ، شۇ چەكتى، — دېدى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرىدە كەسكىن ئىشەنچ يوقىدى.

— سىلى گۇمان بىلەن ئەگىشىپ چىققانمۇ، ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق بولۇپ چىقتىمۇ؟

— مۇشۇ ئادەم ماڭا ئانچە ياقمايدۇ، بىرىنچى كۆرۈشتىلا ياخشى تەسىر بەرمىگەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن. ھازىرمۇ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كېلىپ ئارقىسىدىن چىققانتىم.

— سىزنىڭ پەرىزىڭىزچە بولسا قانداق بولاتتى؟ — سورىدى تەۋپىق.

— ئۇ سىرتقا ماڭاتتى.

— شۇنداقلا بولغاندا نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئاخىرغىچە ئەگىشەمتىڭىز؟

— ياق ئەڭ خالىي جايغىچە ئەگىشەتتىم، ئاندىن ئىشنى تۈگەتتىم.

— بولدى قىلايلى، بۇرادەرلەر، بەس، — دېدى تەۋپىق گەپنى ئۈزۈپ، — ئارتۇقچە گۇمانخورلۇق ئادەمنى جۆرئەتسىز قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭ پەقەت نەشە چەككىنىلا پاكىت ئىكەن، شۇنىسىلا يىرگىنىشلىك ئەمما بۇلار ئۇنىڭ جاسوسلىقىنى ئىسپاتلىمايدۇ. ئابدىيازمۇ كەسكىن جەزم قىلالمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— لېكىن...

— مېنىڭچە بىز مەۋزۇنى ئۆزگەرتسەك قانداق؟

شۇ چاغدا ئوبۇلقاسىم قايتىپ كىردى ئۇنىڭ كۆزلىرى مەسىلەرگە خاس ئېلىشاڭغۇ ئىدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا زەڭ سېلىپ قاراشتى. بۇنداق قاراش ئوبۇلقاسىمدا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىدىغانلىقنى ئويلىغان تەۋپىق دەرھال سۆز باشلاپ:

— نېمىشكە نەغمە- ناۋا قىلىپ ئازراق كۆڭۈل ئاچمايمىز، — دېدى.

— مەن تەمبۇر ئېلىپ كىرەي، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئەپەندىم، تەمبۇر دېگەننى ساماۋارخانىدىمۇ ئاڭلىۋالالايمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قولۇمدا سەنئەتچىلەر بار، — دېدى ئوبولقاسىم كۆرەڭلىكنى بۇرنىنى چىمداش بىلەن يوشۇرۇپ، — ھازىر پارىڭىمىز خېلى قاملىشىپ كېتىۋاتاتتىغۇ، نېمىشكە مۇشۇ ھەقتە پىكىر ئالماشتۇرمايمىز؟ مەن تېخى سىلىدىن ئازراق ساۋاتقا ئىگە بولارمەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم.

— پاراڭمۇ ياخشى ئىدى، بىراق ھەربىرىمىز ھەر قايسى ساھەنىڭ كىشىلىرى ئىكەنمىز. مەسىلەن، مېنى بىلىسىز، مەن پەقەت مەدەنى ئاقارتىش بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان ئادەم، مەجىددىن بىلەن نامان ئەپەندىلەر دوختۇر، كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئابدىنىياز پەقەت ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىدۇ. ھەر قايسىمىزنىڭ سەۋىيىسى، ھەۋەس قىزىقىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس، ئۇنداق بولغاندا بەزىلىرىمىز قىسىلىش ھېس قىلىپ قالىدىكەنمىز، ئۇندىن كۆرە ھەممىگە ئورتاق بولغان ناخشا ساز بىلەن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى نا تونۇش ئەمەس، — تەۋپىق شۇنداق دېدى-دە، يۇسۇپ ئەپەندى سۇنغان تەمبۇرنى ئېلىپ سازلاشقا باشلىدى.

ئوبۇلقاسىم كەيپسىزلەنگەندەك جىمىپ قالدى. ئۇ كىمدۇر بىرى ئۆزى ھەققىدە گۇمانلىنىپ قالغان بولسا كۆپچىلىكنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغانمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ، گۇماننى كۈچەيتمەسلىك ئۈچۈن بىر زامان جىم بولۇۋېلىش پىكرىگە كەلدى.

مەتىلى ئەپەندىنىڭ ناخشىسى بىردەمدىلا ئاردىكى جىددىلىكنى تارقىتىپ، ھەممە ئادەمگە خۇشكەيپلىك بەخش ئەتتى.

ئۇلار نوۋېشى مەكتەپتىن تارقىغاندا يۇسۇپ ئەپەندى، شەۋقى، تەۋپىق، ئابدىنىيازلار بىلەن چىقىشقانىدى. شەۋقى يۇسۇپ ئەپەندىگە قاراپ:

— ئوبۇلقاسىمنى قايسىڭلار تەكلىپ قىلغان؟— دەپ سورىدى.

— خەۋرىم يوق، بەلكىم بىزنىڭ مەكتەپتىكىلەردىن بىرسى تەكلىپ قىلغاندۇر، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى.

— سىلى ئاستىرىتتىن سۈرۈشتە قىلىپ باقسىلا، كۆڭلۈمدە ئۇنى بىرسىنىڭ تەكلىپ قىلغىنىغا گۇمانىدىمەن، — دېدى شەۋقى. بۇ ئادەم قانداقسىگە بۇ سەپكە قىستۇرۇلۇپ قالدىكىن،...

— سىجاڭ ھەر كۈنى قىزىلنىڭ كۆۋرۈكىگە قاراۋۇل قويۇپ يېڭىشەر تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىنى پۇراپ تەكشۈرتىدۇ. ھاراق ئىچكەنلەر بولسا دەرياغا تاشلايدۇ. ئەگەر سانايى نەپسەنىڭ مۇدىرى بولغان ئادەمنىڭ نەشە چېكىپ يۈرگىنىنى بىلىپ قالسا ئىش بار ـ دە! — دېدى ئابدىنىياز.

— بۇنى ئۇ كىشىگە ئېيتىپ قويماق كېرەك.

— دۇرۇس، بۇنداقلاردىن ھەر ھالدا ئاگاھ بولۇش ئارتۇق ئەمەس.

— مەن ئۇنى كىمنىڭ تەكلىپ قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى، — ئاراندا بىر كەلگەنلىرىدە گەپ گەپكە قوشالمىدى ـ دە، سىلى مېنىڭ ئۆيۈمگىلا باراي دېگەن بولسىلا، ئادەممۇ ئازراق بولاتتى.

— شۇنداق قىلسامغۇ بولاتتى، مەن يالغۇز ئەمەس- تە، — دېدى تەۋپىق ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان شاگىرتلىرىغا قاراپ قويۇپ، — پاراكەندە قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپتىمەن.

— ھازىرچۇ؟ ھازىر بولسىمۇ شۇنداق قىلمامىلا؟

— ئەڭ ياخشىسى مەن قوشۇنلىرىم بىلەن بىللە بولاي، كۈندۈزى بىللە بولمىزغۇ.

— قارىغاندا بۇ سۆزلىرى ماڭىمۇ تەئەللۇق ئىكەن ـ دە؟ — دېدى شەۋقى.

— بىزلەرگە تەكەللۇپ ھاجەتمىكىن، ئۇستاز؟ — دېدى تەۋپىق خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ئەمىسە ياخشى چۈش كۆرسىلە، خۇداغا ئامانەت، ئەتە كۆرىشەيلى.

— خەير، قىنى ئەزمەتلەر يىتىشىپ مىڭىڭلار، — دېدى تەۋپىق ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان شاگىرتلىرىنى ئۇندەپ، ئۇلار ئۆستەڭ بويى كوچىسىدىن ”يۇمىلاق شە“ تەرەپكە بۇرۇلدى.

— مەن بىر پۇرسەت تېپىپ ھېلىقى مەلئۇننى ئۆلتۈرىۋېتىمەن! — دېدى ئابدىنىياز پىچىرلاپ.

— ئۆزىڭىزگە ھاي بېرىڭ، — دېدى تەۋپىق ئۇيغۇرغا خاس ساددىلىق ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن، — بەلكىم ئۇ يامان ئادەممۇ ئەمەستۇر، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلسا ياخشى بولمايدۇ.

— مېنىڭچە ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوتى بار، ياخشى ئادەم. نەشە چەككەنلىكىگە كەلسەك، پەقەت ئىلگىرى ئۇگىنىپ قالغان يامان ئادەت، ھەممە ئادەمدە ئاشۇنداق بىر خىل يارامسىز تەرەپ بولىدۇ.

— ھەي تاڭ...

# ئون يەتتىنچى باب

كىمكى ئۆز خەلقىنىڭ دۈشمىنىگە خىزمەت قىلسا رەھمەت ئورنىغا لەنەت ئالىدۇ.

— ۋ. گ يان: «چىڭگىزخان»

1

قادىرھاجى بۈگۈن ئالدىراش بىر كۈن بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى. دۈپچەك بويىنى تېخىمۇ دىقماق كۆرسىتىدىغان كەڭ يەلكىلىك ساقچى كىيىمىنى كىيىپ بولۇپ، يەنە بىردەم ئويلاپ تۇردى- دە، ئۇنى سېلىپ تاشلاپ، پۇقراچە كىيىندى، بۇرۇتلىرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ سىلاپ قويۇپ، بۈگۈن ئەڭ ئەۋەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. تۈنۈگۈن مەخسۇم ئۇنىڭغا شىڭ دۇبەن جاناپلىرىدىن كەلگەن مۇھىم بىر تېلىگراممىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ تولىمۇ مۇھىم يوليورۇق ئىدى. ئەپسۇسكى مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇم ئالدىنراق خەۋەردار بولغۇچى ئىدى. چۈنكى ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان تېلېگراممىا سوۋېت كونسۇلخانىسىدا قوبۇل قىلىناتتى. ئۇ يەردىن مەخسۇم تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزەتتى. قادىر ھاجىنىڭ ئاشكارە سالاھىيىتى مۇۋاپىق بولمىغاچقا ئۇنىڭ ھەممە يەرگە ئارىلىشىپ يۈرۈشىگە مۇمكىنچىلىك يوقىدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇ مەخسۇمغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇ مەخسۇمنىڭ ساقاللىق ئورۇق يۈزىنى، ھەمىشە سەللە بىلەن يۆرۈپمۇ ھاراقنى تاشلىمايدىغان ئاجايىپ قىلىقنى ئويلاپ بىر تۈرۈپ كۈلگىسى كەلسە، بىر تۈرۈپ ئۆچلىكى كېلەتتى. ئەمما ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەخسۇمنىڭ خەلق ئالدىدىكى نوپۇزىغا ھەسەت قىلىدىغان بولغاچقا ئۆچمەنلىكى ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. خەلق قادىر ھاجىنى جاللات دەپ قارايتتى. ئەپسۇسكى، قادىر ھاجى جاللاتلىق قىلىدىغان قۇربانلارنى پۈتنى بوغۇچلاپ تۇتۇپ بېرىدىغان ئادەمنى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى، مەرىپەتچى، ئەڭ ئىلغار زىيالى دەپ قارىشاتتى. شۇڭلاشقا ئۇمۇ قادىر ھاجىغا ئوخشاشلا ئۆز ئېلى ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ياتلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلاردىن بولسىمۇ، بەلكى، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ رەزىلراق بولسىمۇ، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بۇنى بىلمەي، ئۇنى باش ئۈستىدە كۆتۈرۈشى نام مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممىنى سېتىشقا ئۈگەنگەن قادىرھاجىغا ئەلەم قىلىپ، ئىچى ئاداپ كېتەتتى. مەخسۇمنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدىغىنى قادىر ھاجى ئىدى. قادىر ھاجى ئېنىق بىلەتتىكى، مەخسۇم قوزغىلاڭچىلار قەشقەرنى ئىگىلىگەن چاغلاردا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىسى سۈپىتىدە، مەرىپەت تارقاتقۇچى سۈپىتىدە پەيدا بولغانىدى. ”شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى“نىڭ قورۇلىشىغىمۇ قاتناشقان، ھەتتا بۇ ھەشقىپىچەكتەك كوتا ئۆمۈر ھۆكۈمەتنىمۇ قولدىن بەرمەي، ئۇنىڭدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن، ئەمما ئۇ بۇ ھۆكۈمەتكە چېتىشلىقى بارلىكى ئادەملەرنى، ئىئانە بەرگەن بايلارنى دۈبەنگە يوللاپ بەرگەنىدى. كېيىن بۇ ھۆكۈمەت تارقىتىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرى قولغا ئېلىنىشقا باشلانغاندا شىڭ شىسەي تېلېگرامما ئەۋەتىپ ”پالانچى.... باي شەرقى تۈركىستان قورچاق ھۆكۈمىتىگە مۇنچە پۇل ئىئانە بەرگەنلىكى ئۈچۈن دەرھال قولغا ئېلىنسۇن! “ دەپ ئېنىق ئەيىپلەر بىلەن بۇيرۇق قىلغاندا ساددا كىشىلەر، ”شىڭ دېگەن ئەۋلىيا ئوخشايدۇ، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننىمۇ بىلىدىكەن“ دېيىشىپ ھەيران قىلىشقانىدى. قادىر ھاجىغا شۇ نەرسىمۇ ئايان ئىدىكى، ”شەرقى

تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى“ ھۆكۈمىتىگە ”ياردەم بەرگەن“ ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن قورقۇپ ئۆگىنىپ كەتكەن بۇ خەلق قورقۇپلا ئىئانە بەرگەن، ئۇلارنى قورقۇتقىنى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ كىچىكاخۇن قوماندانلىقىدىكى گارنىزون قىسىملىرىدى. لېكىن بۇ ساددا خەلق ئازراق چېتىشلىقى بارلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ، نېمىشقا مەخسۇمنىڭ قولغا ئېلىنمىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بالدۇردىنلا سوۋېت كونسۇلخانىسىدا ساقلانغان، چۈنكى، بۇ مەلۇماتلارنى توپلىغۇچىلار — مەخسۇم باشلىق ھەممىسى سوۋېتكە ئىشلەيدىغان بولغاچقا مەلۇمات شىڭغا ئەمەس، سوۋېتكە بېرىلەتتى. كېيىن سوۋېت بەزىلىرىنى شىڭغا ساتقان، ھەتتا ئىلگىرى سوۋېتتىن قاچقان بەزى ئادەملەرنىمۇ مۇشۇ پۇرسەتتە تازىلىۋەتكەنىدى.

ئەنە شۇنداق، مەخسۇم ھەر قانداق يېڭى شەيئي، يېڭى ھەرىكەتتە ھامان خەلقنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالاتتى. ئۇ ئەينى چاغدا قولغا ئېلىنىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىگە ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەرنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنىدى. بىراق، خەلق يەنىلا ئۇنى بىلىشمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەپلىك ئادەم ئىدىكى، ھېچقانداق ھۆكۈمەتتىن زىيان كۆرمەي، ھەممىسىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ كېتىۋېرەتتى.

بۇ ھال پات- پاتلا قادىر ھاجىنىڭ ئىززەت- نەپسىگە تەككەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ ئاق پۇسماق يۈزلىرى تېخىمۇ تاتىرىپ، خۇيى تۇتۇپ قالاتتى. ئۇ مەخسۇمنىڭ ئۆزىنىمۇ بىرەر جىنايەت بىلەن تۇتۇپ قاماپ، خۇماردىن چىقماقچى بولاتتى - يۇ، ئۇنىڭ ئارقا تېرىكىدىن قورقاتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمىلەرگە بېرىپ، باشقا ”گۇناھكارلار“نى ئۇرۇپ ئىچ پۇشقىنى چىقىراتتى. قادىر ھاجى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئادەملەرنى خۇددى ئوۋچىلار توشقاننى قاپقان بىلەن تۇتقاندەك تۇتۇپ، ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ بوغۇزلاش بەكلا راھەت بىلىنەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئاياق ئاستىغا يىقىلسا، يېلىنىپ تۇرسا، ئۇ بولسا ئۇلارنىڭ باشلىرىغا دەسسەپ مەغرۇر مېڭىپ يۈرسە....

ئۇنىڭ تەلەيلىك مەخسۇمغا ھەسەت قىلىشىغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئىش، ئۇ مەخسۇمنىڭ پەنتىنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ كۆپ ئاۋارە بولغان، ھەتتا بايلىقنى دەسمى سالغانىدى. مەكتەپ سېلىش بايلار ۋە ئۆزىنى خەلققە يېقىن ھەم ئوقۇمۇشلۇق كۆرسەتكۈچىلەر ئۇچۇن مودىغا ئايلانغان مۇشۇ چاغدا ئۇمۇ يۇرتى قارزىقىقا مەكتەپ سالغانىدى. شۇنچە پۇل خەجلەپمۇ يەنىلا خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىدى. مەخسۇمچۇ؟ ئۇ پۇل خەجلىمىسىمۇ ئوخشاشلا ئەڭ ھۆرمەتلىك شەخس بولۇپ قېلىۋەردى.

شۇ ئاندا ئۇنىڭ باش ئاغرىقلىرىدىن بىرى قەشقەردە ئەدەپ كېتىۋاتقان كوممۇنىزىمغا قارشى تەشۋىقات ئىدى. بۇنىڭغا رۇسلارنىڭ، يېڭىشەھەرنىڭ، مەخسۇمنىڭ ھەتتا قادىرھاجىم ئۆزىنىڭ قارىشىمۇ بىردەك ئىدى: بۇ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئىشى! ئەمما شۇ ئانغا قەدەر بۇنى ئىسپات قىلغىدەك دەلىل قولغا چۈشمەيۋاتاتتى. بۇ جەھەتتىكى بىجىرىكسىزلىكى ئۇچۇنمۇ خوجايىنلار ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزى قارا بولماقتىدى. بۇ يۈزدىن ئۇنىڭ مەھمۇد مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتمەكتىدى. دەلىل نېمىشكە قولغا چۈشمەيدۇ؟

سىجاڭنىڭ بىر توپ ئەسكىرى كېچىلىك ئامانلىقنى باھانە قىلىپ شەھەر كوچىلىرىدا يۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ كۈچى بولغاچقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ، سۈرۈشتۈرەلمەيدۇ. بۇ كېچىلىك ھەركەت ئۇلارغا ھەر ئىمكانىيەتنى بېرىدۇ. كىم ئۇلارنى نەق مەيداندا تۇتىۋالالايدۇ؟ مۇمكىنمۇ بۇ؟ ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئېنىقلىمىلار نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېتكە قارشى كەيپىياتتا ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت ھەركەت توغرۇلۇق ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

ئۇنىڭ خىيالىنى مۇلازىمىنىڭ ئىشىكنى چېكىشى بۇزىۋەتتى.

”18-سىنتەبىر“ تاڭ سەھەردە پۈتۈن قەشقەر تەۋرەپ كەتكەنىدى. تاماشا كۆرگۈچىلەر، پايلاقچىلار، يايمىچىلار، باققاللار، قىسقىسى ھەممەيلەن سەھەر تۇرۇشۇپ دېۋىزىيە ئىشتابىغا ئېقىشقا باشلىغانىدى. يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەردىن ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېپى، ئۇلارنىڭ رەتلىك قاتارىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاماشا كۆرۈشكە ماڭغان ئاممىنىڭ تەرتىپسىز توپى چۇۋالشىپ كېتىۋاتاتتى. خالايىقنىڭ ئىگىز- پەس شاۋقۇن سۈرەنلىرى ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ”بىر، ئىككى بىر“ دېگەن جاراڭلىق كوماندا ئاۋازى ياڭراپ، ئۆزگىچىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىدا بۇ ئاۋازلار يىراق- يىراقلارغا كېتەتتى.

ناماز بامدات ۋاقتىدىلا يېڭىشەردىن يولغا چىققان گارنىزون قوماندانى لىيۇبىڭ ئۆزىنىڭ 150 كىشىلىك قورۇقچى قوشۇنى بىلەن كونىشەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئىلگىرىكىدەكلا ئۆز ئارا ئالدامچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلەتتى. ئۇلار بىر- بىرىگە ئىشەنمىگەچكە ئۇ كونىشەرگە كەلسە يېتەرلىك ھەربىي كۈچ بىلەن بىللە كېلەتتى. گەرچە ئۇنىڭ ھەربى كۈچى 6- دېۋىزىيىدىن كۆپ ئاجىز بولسىمۇ، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان قوشۇن ھېچ بولمىسا تاسادىپى ئەھۋالدا قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كېتىشكە يارايتى.

خۇددى شۇنىڭدەك مەھمۇد مۇھىتى يېڭىشەھەرگە چىقسىمۇ 200 نەپەر قورۇقچى ئېلىپ چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا قالدۇرۇپ كىرەتتى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ بىرەر تاسادىپىي ۋاقە بولۇپ قالسا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ”دوستلۇق“ى مانا شۇنداق سەممىمىي ئىدى.

لىيۇبىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى ئانچە- مۇنچە بىلىۋالغان بولۇپ، بۇ سادىدە ۋە گول تائىپىنى ئالداشتا يەرلىك ئادەتلەرگە تولىمۇ دىققەت قىلاتتى. بۇندىن باشقا ئۇ بىر نەچچە ئېغىز ئۇيغۇرچە گەپنىمۇ بىلىۋالغانىدى.

ئۇ شەھەرگە كىرىپلا شەھەر كوچىسىدا قارشىسىدىن كېلىۋاتقان بىرقانچە ئاقساقاللىق، سەللە ئورىغان مويسىپىتلەرگە ئۇچراپلا ئاتتىن چۈشتى.

— ئەسسالام ئاتا (لار) !ـ دەپ سالام قىلدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، دارىن، قايان ماڭدىلا؟— مۇيسىپىتلەر بىر ئېغىز سالام بىلەنلا ئېرىپ كېتىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قەدىناسلىرىدىن كۆرۈشتى ۋە بىر ئېغىز سالامغا نەچچە ئېغىز جاۋاب ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن قىسىشتى.

— يۇمۇلاق شەگە بارادۇ، سىبۇغا،— دېدى لىيۇبىڭ كۈلكىدىن كۆزلىرى يۇمۇلغان هالدا.

— هە، ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ، ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە بولىتى، قوي سويۇپ بېرىمىز، يازنىڭ نېمەتلىرىگىمۇ ئېغىز تېگىپ، مۇنداق، ئۆز ئارا ئىزدىشىپ تۇرساق، نىمىلا دېگەن بىلەن سىلى بىزنىڭ تۇۋرىكىمىز.

— شۇ، هۆكۈمەت ئەمەسمۇ،— باشقىلىرى تەڭ تەستىقلىشاتتى.

— ئوبدان خىتايكەن جۇما بۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمىدەكلا.

— راست دەيلا، تائىپىلاردىن بۇنداق ياخشى ئادەم ئاز چىقىدۇ، تونۇشۇپ قويىغدەك ئادەمكەن، داستىخان قىلىپ ئوبدان بىر مېهمان قىلغۇم كېلىپ قالدى.

— قوي سويساقمۇ نىمىتى، نەدىكى تۇزكورلارمۇ يەپ كېتىپ بارىدۇ. بۇنداق ئوبدان خىتايغا كەتسە بولماتتى.

— خار خوش!ـ لىيۇبىڭ يەنە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يولىنى داۋام قىلدى.

مۇيسىپىتلەر بولسا جايىدا خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. گويا كۆڭلىدە مۇڭدىشىپ قانمىغان يېقىن كىشىسى تويۇقسىز كېتىپ قالغاندەك يېرىمچىلىكمۇ پەيدا بولغانىدى.

لىيۇبىڭنىڭ بۇ قىلىقى ئۇنىڭ قېشىدا كېلىۋاقان مۇهاپىزەتچى بېشىغا تازا ياقمىدى.

— ئۇلار تونۇشلىرىڭىزمۇ؟

— ياق، — لىيۇبىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى.

— نېمىشكە بۇ ئايلامباش چەنتۇرلارغا ئاتتىن چۈشۈپ سالام قىلىسىز؟

— مەن سالام قىلسام نېمىگە زىيان؟ ئەكسىچە ئۇلار ماڭا قارىتا ياخشى قاراشقا كېلىدۇ، ھەربىر ئىشتا چېكىنىشكە زېمىن ھازىرلاپ قويغانلىقىڭ زىيىنى يوق. "ئۇۋۇنىڭ ئۇۋۇچىنى تونۇپ قويغىنىڭنىڭ زىيىنى يوق" دېگەندەك سىزنىڭمۇ بۇلارنى بىلىپ قويغىنىڭىزنىڭ زىيىنى يوق، بۇ شۇنداق خەلقكى، ئۇيقۇچان يولۋاسقا ئوخشايدۇ، ئۇنى تېخىمۇ بەك ئۇخلىسۇن دېسىڭىز تۈكىنى يېتىشىغا سىلاڭ. ئۇنى ئويغىتىۋەتسىڭىز بالانىڭ تاشقىنى شۇ.

— ئۇ يولۋاس بولسا مەن ئەجدىھار، ئويغىنىپ كەتسە كەتمەمدۇ.

— كۈچ سەرپ قىلماي يوقاتقىلى بولىدىغان ئەھۋالدا غەۋغا كۆتۈرۈشكە نېمە ھاجەت؟— لىيۇبىڭ شۇنداق دېگەچ بىر مويسىپىت دۇكاندارغا سەل ئېگىلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى،— بۇلار شۇنچىلىك گول، كۆڭۈلچەك خەلقكى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بەك ئاددى، چۈشىنىۋالساڭ جىننى ئۇسۇلغا سالغاندەك بىر- بىرىنى قىرىشقا، بىر- بىرىنى چېقىشقا، ئۆزەڭ ئاۋارە بولماي ئۆيگە ئەپكېلىپ بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈرۈش تامامەن مۇمكىن. ئۇلارنىڭ غورۇرى پەقەت خوتۇن-قىزلىرى سەۋەبىدىنلا چاپسان قوزغىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا دىققەت قىلغاندا ئۇلاردىكى باشقا روھلارنىڭ ئۇيغۇنىشىنى شەخسەن مەن تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

لىيۇبىڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۇكاندارلارغا مالال كۆرمەستىن سالام قىلىپ، تېچلىق سورۇشۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ تازىمۇ ئىچىنى پۇشۇرىۋەتتى. ئۇ بولسا بەخىرامان ھالدا ياردەمچىسىگە سۆزىنى داۋام قىلىپ كېلەتتى:

— ئەگەر سەن چەكسىز قەھرۇ- غەزەپ بىلەن، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، شۇنچىلا خۇيلىنىش بىلەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭ نېمە؟ كۆلۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم كۈلۈپ قويدۇڭ نېمە؟ نەتىجە بىر: ئادەم ئۆلتۈرۈش مەخسىتىڭگە يېتىسەن. ئوخشىمايدىغان يېرى، كېيىنكىسىدە ئاسانراق مەخسەتكە يېتىسەن، چۈنكى دۈشمىنىڭ بىخودلىشىپ، تەييارلىقسىز تۇرغان بولىدۇ.

لىيۇبىڭ ئۆتكۈنچىلەردىن بىرى يېتىۋالغان بىر بارلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ ئەركىلىتىپ قويدى. ”نېمە قىلىۋاتىسەن؟“ دېگەندەك نەزەردە قارىغان بالىنىڭ دادىسىغان خۇشكەيىپ ھالدا سالام قىلدى.

ساددا بالا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن دادىسىغا:

— ئەجەپ ئوبدان خىتايكەن ھە،— دېدى.

ئۇلار شۇ يوسۇن تاكى دىۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ئالدىغا كەلگىچە پىيادە مېڭىپ، يولدىن ئۆتكەن ئاقساقاللارغا، دۇكاندارلارغا سالام قىلىپ كەلدى. مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن، لىيۇبىڭ ياردەمچىسىگە:

— مەن بۇ يەردىكىلەر تارقاشقا باشلىغاندا ئەڭ ئەۋۋال قايتىپ چىقىمەن، ئادەملەرنىڭ يېرىمى چىقىپ بولغۇچىمۇ چىقمىسام ياكى ئىچى تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلانسا ياكى باشقىچە گۇمانلىق ئالامەت بولسا دەرۋازىدىن چىقىۋاتقانلارنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇڭلار! پىلمۇت دەرۋازىغا ئۇدۇل قىلىپ تىكلەنسۇن، ئۇستىگە يوپۇق يېپىپ قويۇڭلار! قورالىلار تەكشۈرۈلسۇن، ئوق سېلىپ قولۇپلىرى ئىچىپ قويۇلسۇن!

— خوپ!

لىيۇبىڭ ئۆزى بىلەن بەش نەپەر مۇھاپىزەتچىنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى سىرتتا قالغانلار دۈگلەر ئۇستىگە، يېقىن ئەتراپتىكى ئۆگزىلەرگە جايلىششقا باشلىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## 1

ئوقۇغۇچىلار سەپلىرى دىۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ئازادە ھويلىسىدا قاتار-قاتار تىزىلىپ تۇرۇشاتتى. ئەتراپىنى ھالقىسىمان دائىرە قىلىپ خەلق توپى ۋە ئەسكەرلەر ئوراپ ئالغانىدى. تېخىمۇ كۆپرەك كىشى ۋە ئەسكەرلەرنىڭمۇ كۆپرەكى سېپىلنىڭ ئۈستىگە "قاغىدەك قونۇپ" ئېلىشقانىدى.

دىۋىزىيە ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدىدىكى لاپاسلىق سۇپىغا بىر نەچچە رەت ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ بۇ يەردە قەشقەرنىڭ ھەربىي- مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ئولتۇرۇشقانىدى. ئالدىنقى رەتتە مەھمۇد مۇھىتىنى مەركەز قىلىپ بىر تەرىپىدە رىبالكىن، ئىدرىس، قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز، سەمىتاجى، باي ئېزىز، ئابدۇللا داموللا نەئىمى، مۇسۇلھاجىلار ئولتۇرۇغان؛ يەنە بىر تەرىپىدە قەشقەر ۋالىيسى ۋاڭ باۋچىيەن، لىيۇبىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قېشىدا ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى، بېشىدىن سەللىنى چۈشۈرمەيدىغان ۋىجىك يۈزلۈك مەخسۇم، ئابدىغۇپۇر داموللا قاتارلىق مۆتىۋەرلەر، مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئولتۇرىشاتتى. شەۋقىمۇ پېشقەدەملەر قاتارىدا سەھنىدە ئىدى. ئىككىنچى قاتار مەھمۇت مۇھىتى ئارقىسىدىن باشلاپ ئىلياس باشلىق مۇھاپىزەتچىلەر، لىيۇبىڭنىڭ ئارقىسىدىمۇ ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، ئىككى تەرەپتە قۇتلۇقھاجىم شەۋقى، نامان ئەپەندى، مەجىددىن ئەپەندى، توختاجى، مۇھەممەت ئىمىناخۇن ۋە باشقا مەكتەپ مۇدىرلىرى ئولتۇرۇشقانىدى. سەھنىنىڭ لىۋىگە يېقىن جايدا بۇگۇنكى

سورۇندا ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىچىلىرى— تەۋپىق، يۈسۈپ ئەپەندى، ئابلا رازى، تۇرسۇن ئەپەندىلەر ئولتۇرۇشاتتى.

بۈگۈنكى سورۇنغا يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات، قەشقەر يېڭىشەر، كونىشەر قاتارلىق ناھىيىلەردىن ئوقۇغۇچىلار كېلىشكەنىدى. دىۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ھويلىسى ۋە سىپىل، ئۆگزىلەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە ئادەم قالماي مۇشۇ يەرگە توپلىنىۋالغاندەك تۇيۇلاتتى.

مەھمۇد مۇھىتى پائالىيەتنى باشلاشنى ئىشارە قىلدى. سەھنىنىڭ ئىۋىدە ئولتۇرغان ھەر قايسى مەكتەپ تەنھەركەتچىلىرىنىڭ تەربىيىچىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۆز سەپلىرى ئالدىغا كەتتى. ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ماھارەت كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ رەت تەرتىۋىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

ئالدى بىلەن قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىگە تەۋە مەكتەپلەر ۋە شۇ تەۋەدىكى يېزا مەكتەپلىرى ماھارەت كۆرسەتتى.

— ئالدى بىلەن نوۋېتى مەكتەپ مەيدانىغا كىرسۇن، ئۇستۇنئاتۇش[1] مەكتىپى تەييارلىقتا تۇرسۇن.

يۈسۈپ ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندىگە كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ماھارەت كۆرسەتكۈچىلەرنى دىققەتكە چاقىردى. مەمتىلى ئەپەندى ۋە باشقا مەكتەپلەر ناغرا سۇناي ساداسى ئىچىدە مەيداننى بىكارلاپ چىقىپ كېتىشتى. مەيداندا نوۋېتى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەش ماھارىتى كۆرسىتىشنى باشلىۋەتتى.

بۇ چاغدا تەۋپىق ئوقۇغۇچىلىرىغا تەييار ھالەتتە تۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئىشارەت بىلەن چاقىرىۋاتقان ئابدىنىيازنىڭ قېشىغا كەتتى. بۇ يەردە تۆۋەن دەرىجىلىك بىر توپ ئوفىتسېر پاراڭلىشىپ تۇرغانىدى.

تەۋپىق مەيداندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ، يېنىدىكى ئابدۇنىيازنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سالاتتى ۋە بەزىدە ئۇنىڭدىن سوئال سوراپمۇ قوياتتى.

---

[1] ئۇستۇنئاتۇش ئۇ چاغلاردا قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا ئىدى،— ئا.

كېيىن ئۇ سۆھبەتنى مەخسەتلىك ئېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قۇمۇل- تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلىش ئاررۇسى باردى. ئۇ بۇ قانلىق كۈرەشنى تارىخ سۈپىتىدە يېزىشنى نىيەت قىلاتتى. شۇ مەخسەتتە ئۇ ئىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ خاتىرلىۋالغانىدى. ئابدۇنىياز بۇ ھىكايىلەرنى تېخىمۇ ياخشى سۆزلەپ بېرەلەيدىغانلادىنىدى.

— ھە، دېسە ئىنقىلاپ قىلىپ تۇرپاندىن كەلدىم دەيسىز، ئىنقىلاپقا قانداق قاتناشقان، نىمىلەر بىلەن باشلىغان؟ دەسلەپكى يېتەكچىلەر كىملەر؟ ھەممىسى خاتىرىڭىزدە بارمۇ؟— دەپ سوردى ئۇ.

— نېمىشكە خاتىرەمدە بولمايدىكەن؟ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولامدىغان،— ئابدىنىياز تۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش جەريانىنى، مەخمۇد مۇھىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىنقىلابتىكى ئاۋانگارتلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلىدى. تۆڭگانلار بىلەن تۇزگەن ئىتتىپاق، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىك قىلىپ كۆپ قېتىم زىيان سالغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلىگەندە قىزىشىپ كېتىپ،— بىز نىمانداق گۇل خەق دەيمەن- ھە؟ تۆڭگانلار بىزنى كىچىك بالىنى كولدۇرلاتقاندەك كولدۇرلاتتى، جەڭدە بىز ئالدىدا، ئولجىدا ئۇلار ئالدىدا، بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزمۇ شۇ...ھەي ي!

— گول بولماسلىق ئۇچۇن بىلىم بولىشى كېرەك! ئالدى بىلەن ئىلىم بىلەن قوراللانغاندا ئاندىن بۇنداق ئارمىيە تەڭداشسىز بولىدۇ.

— بىز بەختسىز ئۇيغۇرلارنىڭ زادى چىقىش يولى يوقمىدۇ؟

— يول دېگەن تەييار نەرسە ئەمەس، ئۇ كىشلەرنىڭ ئاياق ئىزلىرىدىن چىقىدۇ، بىزنىڭ نېمىشكە چىقىش يولىمىز بولمايدىكەن؟ بىزنىڭ چىقىش يولىمىز بىلىم بىلەن قۇراللىنىش، دۈشمەنلىرىمىزدىن ئەقلىللىقراق بولۇش.

— ئاندىن كېيىن مەسىلە ئۆز - ئۆزىدىن يېشىلىدۇ.

— مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سۆزلىرىمۇ يادىمدا، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جىمى بەختسىزلىكى ئەڭ ئەۋەل

نادانلىقتىن كەلگەن، بۇ ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەندىنمۇ خەۋپلىكراق، دەپ سۆزلەيتتى. بىز ئازادلىق دەپ جان تىكىپ چىقتۇق، سىجاڭغا ئەگەشتۇق، قانلار كەچتۇق، ئاخىرىدا شىڭ دېگەن مۇناپىق سىجاڭ بىلەن ھاجىمغا ئەمەل بەرگەندى، مانا، سىجاڭ قەشقەرگە كېلىپ موكلا ياتتى. ھاجىم شىڭنىڭ قول ئاستىغا ئۆزىنى ئاتتى. شىڭ دېگەن كىم؟ يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ خەلقنىڭ قاتىلى، سىجاڭنىڭ ئاكىسىنىڭ قاتىلى! ئەگەر مەن سىجاڭنىڭ ئورنىدا بولىدىغان بولسام ئاخىرقى بىر ئادەم قالغىچە، ئاخىرقى تىنىقىم توختىغانغىچە ئېلىشاتتىم!

تەۋپىق ئۇنىڭ قىزىققان، يۈرىكى ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقاندەك يۇلقۇنۇپ تۇرىدىغان مىجەزىنى چۈشىنىپ، كۈلۈمسىرىدى. ئازادلىق كىشىلەرنى ئەنە شۇنداق ئىنتىزار قىلماقتىدى.

— سىجاڭنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى ھەرگىزمۇ سىز ئويلىغاندەك بولىشى ناتايىن، —دېدى تەۋپىق ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە مەيداندىكى ماھارەتلەرنى كۆرگەچ، —ئۇنىڭمۇ ئويلىغان يېرى باردۇر. ئۇنىڭچە مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتىغا ئۇ مەسئۇل بولمىسا تەۋەككۈلچىلىك قىلغان بىلەن نۇرغۇن قان ئېقىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ بۇلارنى ئويلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

بۇ چاغدا مۇراسىم رەئىسى نۇۋەتتە ئۇستۇنئاتۇش مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

— ئۇستۇنئاتۇش مەكتەپ مەيدانغا كىرسۇن، توققۇزاق مەكتەپ تەييار تۇرسۇن!

ئابدىنىياز تېخىچە جىلىلىكتىن يانمىغانىدى.

— ئويلىسىمۇ ئويلىغاندۇ... ھەي ي، سىز بىلمەمسىز، كونىلاردا خىتايلارنىڭ مىجەزى توغرىسىدا ”ھارۋىدا توشقان ئالىدۇ“ دەيدىغان تەمسىل بار، سىجاڭ ئويلىغان ئويىنى پۈشۈرۈپ بولغىچە شىڭ شىسەي ھەممىمىزنى ئۆز يېغىمىزادا قورۇپ پىشۇرۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تىركىشىپ باققان ياخشىدى. ھازىر قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوقىدى. ئۇنىڭ يېتەرلىك ھەربىي كۈچى بولىدىغان بولسا بىزنى مۇشۇنداق قويۇپ بېرىدۇ دەمسىز؟ بىز شۇك

تۇرغان بىلەن ئۇ شۇك تۇرمايتتى. ئۇنىڭ جېنى تايىنلىق، يامىنى ماۋۇ ئورۇسلار، مۇشۇ مۇناپىقلار ئىزىلگۈچىلەرگە ياردەم بېرىمىز دەپ كاپشىغىنى بىلەن جاللاتقا ياردەم قىلىدىكەن ئەمەسما!

— سوۋېت ئىتتىپاقى تۇغرۇلۇق بۇنداق پىكىردە بولغىنىڭىز توغرا بولمىدى. ئۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنى دەسلەپ قوللىغان، قورال بەرگەن، كېيىن ئىنقىلاپتا ئېغىش بولغانلىقى ئۈچۈن قوللىمىدى، ئەمدى شىڭ شىسەي توغرا يول تۇتتى، خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزدى، شۇڭلاشقا ئۇنى قوللاۋاتىدۇ.

— قويىڭا، ئۇ گېپىڭىزنى، ئۇ بىزنى قوللاپ قورال بەرگىنى قايسى؟ قورال بەرسە بىكارغا بېرىپتىمۇ؟ قويغا، يۇڭغا، ئالتۇنغا تېگىشتى! ”پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا“دەپتىكەن، پۇلغا باشقا دۆلەتمۇ سېتىپ بەرمەمدۇ، يەنە كېلىپ ئېلىشنى ئېلىۋېلىپ، تېگىنى بەرمەي يېنىۋالغىنىنى دېمەمسىز! شىڭ شىسەي بىلەن دوستلىقى راست، بىزگە ئېرىپ كېتىشى غەلەت!

— هازىر قانداقلا بولمىسۇن شىڭ دۇبەننىڭ تۇتقان يولى يامان ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولدى، بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنى يامان دېسەك توغرا بولمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەپتى- بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، راستىنلا خەلققە قارشى مەيدانغا ئۆتسە ئۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇنى قوللىمايدۇ، ئۇ چاغدا بىز يەنە ئىنقىلاپ قىلىمىز.

— قىزىل دۆۋە مەكتەپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ مەكتەپلىرىدىن ئاستىن ئاتۇش تەييار بولۇپ تۇرسۇن،— رەئىسىنىڭ ئاۋازى ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىنى بىردەمگە توختىتىپ قويدى.

— هەي، سىزمۇچۇ، يۈرىكىڭىزدىكى گەپنى قىلمىدىڭىز، — دېدى ئابدىنىياز نارازىلىق بىلەن،— بىلىمەن، سىلىدەك ئەهلى ئىلمى ئادەملەر بىزدەك چالا ساۋات ئەسكەرگە كۆڭلىدىكىنى دېمەيدۇ. مەيلى، كۆڭلىڭىزدىكىنى دېمىسىڭىز زورلىمايمەن، لېكىن قەشقەردە بولغان مەزگىلدە سۆھبىتىڭلاردىن ئايرىمىساڭلار، مەنمۇ ئانچە - مۇنچە قۇلاق موللىسى بولۇپ قالسام ئەجەپ ئەمەس، سىلەردىن خوش بولۇپ قالىمەن.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن. ھەم مەن كەتكەندىن كېيىنمۇ باشقا ئەپەندىلەرنىڭ سىزنى ئارىلىرىغا قوشۇۋېلىشىنى تاپىلايمەن.

— رەخمەت، سىزگە، ئەپەندىم.

— سىزنىڭ ھەربىي كۇرۇستا ئوقۇۋاتقىنىڭىز بەكمۇ ياخشى ئىش ئىكەن، بىلەمسىز، بىلىم دېگەننىڭ دۆلەت چېگرىسى، مىللەت ئايرىمىسى بولمايدۇ، بىلىم ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا قورال. بىرسى ئاش بەرسە ”مەينەتنىڭ ئېشى“ دەپ يېمىسىڭىز ئۇنىڭغا ماقۇل، لېكىن بىلىم كىمدە بولسا، كىمنىڭ بولسا ئۆگىنىش كېرەك، يۇرىكىڭىزنى تىڭشاپ كۆرسەم كۇرۇستا ئوقۇۋاتقانلارنى كوممۇنىست بولۇپ كەلگەنلەر دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ دەرسىگە كۆڭۈل قويماي‌ۋېتىپسىز، ئەخمەقلىق قىلغان بولىسىز. ھەربىي ئىلىمنى ئۆگىنىڭ، زىيىنى يوق، كەچۈرۈڭ، ماڭا نۆۋەت كېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، كەچتە يەنە بىللە بولارمىز،— دېدى تەۋپىق ۋە رەئىسنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى.

— ئەمما ئۇلار نەدە ھەربىي ئىلىم ئۆگىتىدۇ، دەيسىز! ساپلا مەپكۇرە تازىلاشنىڭ گېپى! ... — ئابدىنىياز تەۋپىقنىڭ ئارقىسىدىن غۇدرىغانچە قالدى.

دېگەندەك نۆۋەت ئاتۇش ئىزچىلىرىغا كەلگەندى. تەۋپىق يېنىدىكىلەرگە باش ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىر ئېيتىپ، ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىغا كەتتى.

بۇ چاغدا مەجىددىن ئەپەندى، نامان ئەپەندى، توختاجىلار يۇسۇپ ئەپەندىگە ئاپىرىن ئېيتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سۇپىدىن چۈشتى.

— ئەپەندىلەر، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بالىلىرى ئويۇننى باشلىغىچە سېپىلگە چىقىۋالمايلىمۇ؟— دېدى مەجىددىن ئەپەندى،— بىلەمسىز ئىنىم،— دېدى ئۇ بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ توپقا قوشۇلغان ئابدىنىيازغا قاراپ،— مەمتىلى دېگەن بىر بالا، ئەتىگەندىن بېرى كۆرگىنىڭىز بىر سېرى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كارامەتلىرى بىر سېرى، بۇلارنىڭ تاماشاسىنى ئېگىزدىن كۆرسىڭىز تېخىمۇ پەيزى قىلالايسىز.

— ئۇنداق بولسا ئابدىنىياز بىزى باشلاپ چىقسۇن،— دېدى يۇسۇپ ئەپەندى.

— يۇرۇڭلار ئەمىسە، چىقساق چىقايلى،— دېدى ئابدىنىياز جەڭچىلەردەك چاققانلىق بىلەن. ئۇلار كىشلەر توپىنىڭ ئارقىسى بىلەن مېڭىپ سېپىلغا چىقىش ئۈچۈن كېتىشتى. ئوبۇلقاسىم ئۇلارغا سېپىل تۈۋىدە قوغلاپ يەتتى.

— هوي، سىلەرنى زەپمۇ جىق ئىزدەپ كەتتىمغۇ، نەدىتىڭلار؟— دېدى ئۇ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ سېپىلگە چىقىپ كېتىۋېتىپ.

— زۆرۈر ئىشىڭىز بارمىدى؟ نېمىشكە ئۇنچىۋالا ئىزدەپ كەتكەنسىز؟ — دېدى ئابدۇنىياز تەئەددى بىلەن.

ئوبۇلقاسىم ئابدىنىيازنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ياسىما گەپلەرگە راسلاۋاتقان تىلىنى يىغىپ، مەيدانغا قارىۋالدى.

تۆرتتىن قاتار بولغان تەۋپىق ئوقۇغۇچىلىرى ناغرا- باراباان ۋە نەي ساداسىغا قەدەملىرىنى تەڭكەش قىلىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى هەممە جايلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. هېچكىم ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتى. ئۇلار ئەڭ ئاۋال سەهنە ئالدىغا كېلىپ تۇغرا قاتار بولۇپ پىشقەدەملەرگە، ئۇستازلىرىغا، رەهبەرلەرگە ئېهتىرام بىلدۈرۈشتى. ئاندىن كوماندا بويىچە قەدەم رېتىمىنى بۇزماستىن مەش دەسسىگەچ جاسا سەپ هاسىل قىلدى. چاسا سەپ ئىگىزدە تۇرغانلارغا يوغان بىر پارچە ماشىرەڭ رەختتەك، ئۇلارنىڭ قەدەم هەرىكىتى بىلەن مىدىرلاپ تۇرىشى بۇ بىر پارچە ماشىرەڭ رەخت شامالدا سىلىق يەلپۈنۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

تەۋپىق سوزۇپ بىر قېتىم پۇشتەك چېلىۋىدى، بۇ ماشىرەڭ رەخت، كۆك رەڭلىك رەختكە ئۆزگەردى. ئەسلىدە ئوقۇغۇچىلار ئۇڭ قولىدىكى ئاي يۇلتۇز بەلگىلىك كۆك بايراقنى يۇقىرى كۆتەرگەنىدى. يەنە بىر قېتىم پۇشتەك چېلىنغاندا كۆك رەخت غايىپ بولۇپ سانسىز مەشئەللەر بىر- بىرگە

تۈتىشىپ كەتكەندەك تەكشى قىزىللىق پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار سول قولىدىكى قىزىل بايراقنى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى.

— دوختۇر راست دەپتىكەن جۇمۇ،— دېدى ئابدىنىياز تۆۋەندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن زوقلىنىپ،— پەستە بۇنداق ياخشى كۆرۈنمەيتى.

— تېخى بۇنىسى بەك ئاددىي ئىشلار،— دېدى دوختۇر ماختىنىپ.

— كىشلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر نەرسىنى قوسىقىغا پۈكۈپ كەلدى، چوقۇم، — دېدى يۈسۈپ ئەپەندىمۇ دوستى ئۈچۈن ئىپتىخارلىنىپ.

ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ گۈلدۈراسلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاڭلانماي قالدى.

بۇ چاغدا تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىنتايىن نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ، بىر توغرا قاتارى ئاۋۋال، يەنە بىرسى كېيىن ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بىلەن توختاپ، مەيداندا غايەت زور مەشئەل ھاسىل قىلدى. مەشئەلنىڭ سېپى كۆك بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر كۆك بايراقنى كۆرۈرگەنىدى. مەشئەلنىڭ كۆيۈپ تۇرغان قىسمىدىكىلەر قوللىرىدىكى قىزىل بايراقنى بارابان-سۇنايلارغا كەلتۈرۈپ تەكشى پۇلاڭشىتقاندا ئېگىزدە ۋە يىراقتا تۇرغانلارغا گويا بۇ زور مەشئەل شامالدا يەلپۈنىۋاتقاندەك، ئۇلغىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

كىشلەر بۇ زور مەشئەلنىڭ قانداق ھاسىل بولغانلىقىغا ئەقلى يەتمەي، ھەيران بولغان ھالدا ئويلىشاتتى. دېمىسىمۇ چاسا سەپنىڭ مەشئەلگە ئۆزگىرىشىدە ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق، ”سەمەد سەن بۇياققا كەل، مەمەت سەن ئۇياققا ئۆت“ دېگەن بۇيرۇقلارمۇ بولماي سېھىر قىلغاندەك بىردەمدىلا مەشئەلگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

مەھمۇد مۇھەتى ھاياجان بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ چاۋاك چالدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئاۋۋال ئەگەشكىنى لىيۇبىڭ ئىدى. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— گاۋ! گاۋ! ياكېشى!- دەپ ھجىيىپ چاۋاك چالاتتى.

مەھمۇد مۇھەممەتنىڭ چاۋاك چېلىشى بىلەنلا پۈتۈن مەيدان شارقىراپ ياققان يامغۇردىكى ئورماندەك شاۋقۇنغا تولدى. پەقەت رىبالكىن بىلەن ۋاڭ باۋجىيەنلا ئەدەپ يۈزىسىدىن بوش، خوشياقمىغاندەك چاۋاك چېلىپ قويىدى. رىبالكىن ياۋروپادىن كەلگەن مەدەنىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ شۇنداق قىلغان بولسا، فېئوداللىق ئادەتلەر قان- گۆشىگە يۇغۇرلىپ كەتكەن، دەرىجە قارىشى كۈچلۈك بولغان ۋاڭ باۋچيەن بولسا ئۆزىنى مۇشۇ مۇھەممەتتىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدار دەپ تەمەننا قىلغانىدى.

مەھمۇد مۇھەممەتنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ كۆزىنى سۈرتۈشكە باشلىغاندا ئەتراپ ئاستا - ئاستا تىنچىپ، كىشىلەر يەنە مەيدانغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسەن پۈشتەك ئاۋازىغا قارىتا ھەرىكەت قىلاتتى. يەنى پۈشتەكنىڭ سوزۇپ چېلىنىشى، بىر، ئىككى، ئۈچ... چېلىنىشى، ئۈزۈك - ئۈزۈك چېلىنىشى،... تەربىيىچى بىلەن ماھىرلار ئارىسىدىكى پارول بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىلىرىنى ئۆزلىرى چۈشىنىشەتتى. شۇڭا مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەپ ئۆزگىرىشلىرى ھېچقانداق سۆز بۇيرۇقى ئىشلىتىلمەستىن پەقەتلا پۈشتەك ئاۋازى بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تاماشابىنلارنى تېخىمۇ ھەيرەتكە چۈشۈرمەكتىدى.

پۈشتەكنىڭ ئۇزۇن سوزۇپ چېلىنىشى بىلەنلا مەيداندىكى مەشئەل غايىپ بولۇپ، چاسا سەپ ھالىتىگە كەلدى. چاسا سەپ سۇناي، بارابانلار بىلەن ئورۇنلىنىۋاتقان يەڭگىل مەش مۇزىكىسىنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ كۈچلۈك - كۈچلۈك دەسسەيتى. پۈشتەكنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك بىرقانچە قېتىم چېلىنىشى بىلەن چاسا سەپ مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش قىلىپ مەش دەسسىگەچ ئاستا يېيىلىپ، خۇددى چۆمۈچتە ئېلىشتۇرغاندەك ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ئىم، بۇ نېمە؟ — دېدى تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئابدىنىياز.

— خەت. دېدى، يۈسۈپ زىيا، — خەتكەن، مانا دېمىدىممۇ، تەۋپىقنىڭ قورسىقىدا چۆتۈرى تولا، چوقۇم بىر يېڭىلىق بىلەن كەلمەي قالمايتى، —

ياشىسۇن ۋەتەن، — ئۇ ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇدى. بۇخەت كۆك رەڭدە يېزىلغانغا ئوخشايتى.

قىسقا بىر پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سېپىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، ئەمما خەتنىڭ رەڭگى قىزىلغا ئۆزگەردى.

— بۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى ئابدۇنىياز ھاياجانلىنىپ.

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەكچى بولغاندەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك شوئارى ئاڭلاندى:

— ياشىسۇن مەكتەپ!

— ياشىسۇن مەكتەپ!

— ياشىسۇن مەكتەپ!

شۇئار گۈلدۈرمامىدەك سادا بىلەن ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى.

— ھە، بۇ- زە، قىزىل رەڭ بىلەن يېزىلغان خەت ئىكەن، — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى.

— خەت؟! ھە، توغرا خەت ئىكەن «ياشىسۇن مەكتەپ!» دېگەن خەت، شۇنداق ئېنىق تۇرسا بىلمەپتۇق،— دېدى توختاجى.

بۇ خەت بىردەم «قىزىل رەڭ»دە، بىردەم «كۆك رەڭ»دە «يېزىلدى». ئوقۇغۇچىلار سېپىدىن ھاسىل بولغان بۇ غايەت زور خەت ئاۋۋال سەھنىدە ئولتۇرغانلارغا ئوڭ ئىدى، كېيىن چۆرگىلەپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە توغرىلاندى. ساۋادى بارلارنىڭ ھەممىسى بۇ خەتنى ئوقۇپ ھەم ھەيران قالدى، ھەم سۆيۈندى، ھەم تېخىمۇ ھەيۋەتلىك گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

ئوقۇغۇچىلار «خەت» ھالىتىنى بۇزۇپ يەنە چاسا سەپ تۈزدى. ئاندىن يەنە مەلۇم تەرتىپ بويىچە ھەرىكەتلىنىپ، يېڭى شەكىلنى ھاسىل قىلدى. ئابدىنىياز يەنە بالىلاردەك قىزغىنلىق بىلەن ۋاقىراپ كەتتى:

— ئەپەندىم، ئەپەندىم، بۇ يەنە بىر يېڭى كارامەتقۇ؟ — دېدى ئۇ توختاجى بىلەن يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ.

— ياشىسۇن ۋەتەن!

— ياشىسۇن ۋەتەن!

— ياشىسۇن ۋەتەن!

ئوقۇغۇچىلار ياڭراق ئاۋازدا ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى. خەت ھالىتىنى بۇزماستىن مەيداننىڭ ھەممە تەرىپىگە توغرىلىنىپ چۆرگىلىدى. ھەممە تەرەپتىكىلەر خەتنى ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن پۇتلارنى باراباان ساداسىغا كەلتۈرۈپ رېتىملىق ئۇرۇپ لەرزان ھەرىكەت بىلەن يېيىلىپ، چاسا سەپ ئەسلىگە كەلدى.

چاسا سەپ يەنە تەكشى ھەرىكەتلىنىپ يېڭى بىر شەكىلگە كىردى.

ئابدۇنىياز بۇ قېتىم ئۆزى ئوقۇدى:

— ياشىسۇن ھۆرلۈك!

ئوقۇغۇچىلار سېپى بىر كىشىنىڭ ئاۋازىدەك ماسلىشىپ، بىرىكىپ كەتكەن ئاۋازدا شۇئارنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى:

— ياشىسۇن ھۆرلۈك!

ئويۇن كۆرىۋاتقانلار ئىچىدىكى ھاياجانلىنىپ كەتكەن بىر توپ ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئاۋاز قوشۇپ:

— ياشىسۇن ھۆرلۈك! — دەپ ۋارقىرىدى.

6 ـ دىۋىزىيىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرى بىردەك ۋاقىراشتى:

— ياشىسۇن ھۆرلۈك!

تاماشا كۆرگىلى كەلگەن شەھەر پۇقرالىرى بىردەك توۋلىدى:

— ياشىسۇن ھۆرلۈك!

مەھمۇد مۇھىتى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇمۇ شۇئارنى تەكرارلىماقچى بولغانىدى، بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە ئۈنى چىقماي قالدى، شۇڭا چاۋاك چېلىش بىلەن كۇپايىلەندى. ئۇنىڭ يوغان ۋە سۇرلۇك كۆزلىرى ئەمدى ناتىۋان كالىنىڭكىدەك ئايانچلىق مۆلدۈرلەپ، ياش بىلەن پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى لىۋ بىڭ ئەمدى بايىقىدەك ماختىمايتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئىچىنى بىر نېمە تاتىلاشقا باشلىغاندەك، تاتارماقتا ئىدى. ۋاڭ ۋالىمۇ بايىقى مەنستىمەسلىك بىلەن پۇرۇشتۇرۇپ تۇرغان

كالپۇكلىرىنى ھەيرانلىقتىن سىڭا ئېچىپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا مىختەك تىكىلىپ قالغانىدى.

مەھمۇت مۇھتى تەۋپىق ئوقۇغۇچىلىرى يەنە چاسا سەپ ھالىتىگە كېلىشكە باشلىغاندىلا ئاستا ئورنىدا ئولتۇردى.

سېپىل ئۇستىدە ئابدىنىياز ھەيران بولۇپ ئەتراپتىكىلەرگە:

— مەمتىلى ئەپەندى سېھىرگەرمۇ قانداق؟ ئوقۇغۇچىلار بىرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنى ئېگىزدە كۆرۈپ تۇرمىسا، قەيەردە تۇرسا خەت بولىشىنى، چېكىت بولۇشىنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟

— قارىمامىلا، مەمتىلىنىڭ قولىدا قەغەز تۇرىدۇ، ئۇ شۇنىڭغا قاراپ كوماندا بېرىۋاتىدۇ، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى، — گەپ شۇ قەغەزدە. ئېھتىمال ئۇ ھەرىكەتلىنىش سخېمىسى بولسا كېرەك.

— ھە، گەپ مۇنداق ئىكەندە، كېين بىز ئۇنىڭ سخېمىسىنى كۆرۈپ باقايلى ئۇ بىزگە چۈشەندۈرۈپ قويسۇن. ئەمدى قاراڭلار، بۇنىسى نېمە؟ — بىر ئەگرى ـ بۈگرى قاتادىن پەيدا بولغان ھالقىنى ۋە ھالقا ئوتتۇرىسىدا گاھى يەردە ئۈچتىن، گاھى يەردە بەشتىن، گاھى يەردە بىردىن ھەتتا ئوندىن غۇژمەك بولۇشۇپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ئابدىنىياز ئەتراپتىكىلەردىن سورىدى:

ئەگرى - بۈگرى سەپتىن ھاسىل قىلىنغان ھالقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزىل بايراقنى كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ بىر قىزىل سىزىق ئىدى. ھالقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىراق يەنە بىر كۆك سىزىق بار ئىدى.

— بۇ نېمىسى؟ ئېزىپ كەتتىمۇ نېمە بالا؟ — دېدى مەجىددىنمۇ تەشۋىشلىنىپ.

بۇنى تاماشىبىنلاردىن ھېچكىم چۈشىنەلمىدى، پەقەت رىبالكىنلا مۇشۇكىنىڭكىدەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، سەل ئالدىغىراق ئېڭىشىپ قارىغىنىچە تاتىرىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ بۇ كارامەتنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان سوئالنى يەشمەكچى بولغاندەك، قۇربان جاپپار «ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە» دېگەن ناخشىنى باشلاپ بەردى. ئوقۇغۇچىلار تەكشى ئاۋازدا ناخشىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە،
ئالتۇن ئۇنىڭ تاشلىرى.
............

— هە، بۇ ئەسلىدە ئۆلكىنىڭ خەرىتىسى ئىكەن! — دېدى يۇسۇپ زىيا تەسىرلەنگىنىدىن يۈرىكى شىددەت بىلەن سېلىپ.

— نېمە؟

— ئۆلكە خەرىتىسى، قارىسىلا، ئاۋۇ كۆك سىزىق تارىم دەرياسى، مانا ماۋۇ ئون ئادەم غۇژمەك بولۇپ تۇرغان توچكا قەشقەر، بەش ئادەم توپلاشقان توچكىلار قەدىمكى ئالتە شەهەر، بۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئۈچ ئادەملىك توچكىلار يېڭى ناهىيىلەر، بىر توچكىلار بەگلىك يېزىلار... خۇدايا تۇۋا، تەۋپىقنى ئەمدى بىلدىم، بۇرۇن بىلگىنىم ئۇنىڭ سىرتى ئىكەن، خۇدا ئۇنى ئۆزى ئامان قىلغاي...!

ھەممەيلەن شۇندىلا ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆلكە خەرىتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى «قەشقەر» ئۇستىدە *ئاي - يۇلتۇزلۇق* كۆك بايراق لەپىلدىدى.....

— قانداق ئادەم بۇ ئۆزى؟ — دېدى ئابدىنىياز چوڭقۇر ھەۋىسى كېلىپ، ھىسسىياتىنى يوشۇرالماي، — ئۇ سېھرىگەر ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇ ئوت، — دېدى يۇسۇپ زىيا قەلبىنىڭ دولقۇنلۇق ھىسلىرىنى قانداق ئىپادە قىلىشنى بىلەلمەي.

— ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ئادەم، ھېچ نەرسىدىن زېرىكمەيدۇ، قىلىمەن دەپ نىيەت قىلسا ۋۇجۇتقا چىقارمىغۇچە توختىمايدۇ،... — كەم سۆز ئەخمەد ئەپەندى ھىسسىياتچانلىق بىلەن كۆزى ياشاڭغىراپ تۇرۇپ، دوستى ئۇچۇن ماختاندى، بۇ غەرەزسىز ئىپتىخار ئۇنى سۆزلەشكە ئۈندىگەنىدى.

باشقا تاماشىبىنلار بۇ كۆرۈنۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنىدى، تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇقلار بۇ «يۇرت بەلگىسى» (خەرىتە) دەپ

چۈشەندۈرۈشكەندىن كېيىن، «يۈرت بەلگىسىكەن» دېگەن سۆز ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، پۈتۈن مەيداننى ئايلىنىپ چىقتى.

ۋالڭ باۋچيەن ليۇ بىڭ، ربىالكىن ئىدرىس بىلەن نىمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاشتى. بۇ چاغدا تەۋپىق ئوقۇغۇچىلىرى ئاستا- ئاستا چاسا سەپ بولۇپ، سەھنە ئالدىغا كېلىپ، سەھنىدىكىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈردى.

— ئۇلارنىڭ ئويۇنى تۈگەپتۇ، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى.

— چاپسانراق چۈشۈپ مەمتىلى ئەپەندىگە ئاپىرىن ئېيتايلى، — دېدى ئابدىنىياز.

ئۇلار ئابدىنىيازنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ سېپىلدىن چۈشۈشتى

تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئېھتىرام قىلىشقا باشلىغاندا مەھمۇت مۇھىتى يەنە ئورنىدىن تۇردى ۋە يوغان قەدەملەر بىلەن بىرنەچچىلا چامداپ سەھنىدىن چۈشۈپ، تەۋپىقنى قۇچاقلىدى. بۇ هال يەنە بىر قېتىم شاۋقۇن-سۈرەنگە سەۋەبچى بولدى. مەھمۇد مۇھىتى تەۋپىقنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پىچىرلايتتى:

— رەھمەت ئىنىم، رەھمەت...!

بۇ چاغدا مەيدان ئالدىقانداق بىر مۇراسىمغا ئايلانغانىدىكى، گويا مۇھاسىرە سەۋەبىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ ئۇزۇن زامان ئۆتكەندە قايتا ئۇچراشقان قوشۇندەك، ياكى ئايرىلىپ كەتكەن ئورۇق- تۇغقانلار قايتا كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىۋالغان كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئەسكەرلەر ۋە شەھەر پۇقرالىرى ئوقۇغۇچىلارنى قۇچاقلىماقتا ئىدى.

هاياجانلىنىپ كەتكەن ئابدىنىياز بىر كىچىك ئوقۇغۇچىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر پىرقىرىتىپ ئورنىغا قويۇپ قويدى.

بۇ پەۋقۇلئاددە مۇراسىم يىغىن رەئىسىنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشى بىلەن ئاياغلىشىپ، مەيداندا قايتىدىن تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى. ئەمدى يېڭى بىر ئوقۇغۇچىلار سېپى مەش ماھارىتى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەيدانغا كىرىپ كەلگەن، ئاتۇش ئوقۇغۇچىلىرى مەيداندىن چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ ماھارەت

ئىگىلىرىنى ئەسكەر ۋە خەلق يېنىدا نېمە بولسا شۇنىڭ بىلەن مېھمان قىلىشقا، ھېچ بولمىسا بىر- ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن ماختاپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىغانىدى.

مەھمۇت مۇھىتى بولسا بۇ ماھارەت ئىگىلىرىنىڭ ئۇستازى بولغان مەمتىلى ئەپەندىنى قېشىدا ئولتۇرغۇزىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى كۈچلۈك پەنجىلىرى بىلەن مەھكەم سىقىۋالغانىدى.

18 ـ سېنتەبىر كۈنى «مۇسابىقە مەيدانىغا كىرىش» پائالىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. يىغىن رەئىسى ئەتىدىن باشلاپ يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسى باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## 2

كەچتە مەھمۇد مۇھىتى كاتتا زىياپەت بېرىپ ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن تەربىيىچىلەرنى ۋە شەھەردىكى زىيالىيلارنى كۈتىۋالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە رەسمىي گەپلەرنى قىلىپ كۆپچىلىكنى دىققەتتە تۇرغۇزماي، دوستلارنىڭ بەزمىلىرىدىكىدەك ئەركىن سۆھبەتكە قويۇۋەتتى. باشقىلارنىڭ قورۇنۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى چاقچاق باشلاپ بەردى:

— مەمتىلى ئەپەندى، سىزنىڭ ئىچكىز يامانراقمۇ قانداق؟

— قانداق دەيسىز، سىجاڭ؟ — دەپ كۈلدى تەۋپىق.

— ئەگەر ئىچكىز يامان بولمىسا، بۈگۈنكى كارامەتلىرىڭىزنىڭ سىرىنى باشقا ۋەتەنداشلىرىڭىزغا ئېيتىپ بېرىڭ، بىزنىڭ ھەممە بالىلىرىمىز سىزنىڭكىدەك بولۇپ كەتسۇن.

— باش ئۈستىگە! — تەۋپىق قىزىقچىلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— مەمتىلى ئەپەندى بۇ سېھىرگەرلىكنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن كەم دېگەندىمۇ بىر ئاي يا كۈندۈزى، يا كېچىسى ئارام ئالمىغان بولسا كېرەك، قانداق دېدىم ئەپەندى؟ — سورىدى يۈسۈپ ئەپەندى.

— ئاز دەپ قويدىڭىز، دوستۇم.

— مانا ئەمەسمۇ، ئۇ نەچچە ئاي باش قاتۇرغان ئىشنى بىزگە قاچانمۇ ئۆگىتىپ بولار؟

— بۇ ئاسان دوستۇم. بىرئالىم بىر تېئورمىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن نەچچە يىل ئويلىنىدۇ. تېئورما ئىجاد قىلىنىپ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەندىچۇ؟ چېچەن ئادەم دەرھال ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇمۇ شۇنداق. مېنىڭ ۋاقىت سەرپ قىلغىنىم ئىجاد قىلىش جەريانى. ئەمدى ئۇ فورمىلىغا سېلىپ، قېلىپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بىردەمدىلا ئۆگىنىۋالالايسىلەر. مەسىلەن، مەن شۇ تاپ ھەرىكەت سخىمامنى سىلەرگە كۆرسەتسەم ئىشنىڭ ئانچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەسلىكىگە كۆزۈڭلار يېتىدۇ.

— بۇ گەپچە ئاسانلا بىر ئىشتەك تۇيۇلدى، ئەمما بىز ئىشەنمەي تۇرىمىز، — دېدى توختاجى.

— قېنى سخېمىلىرىڭىزنى ئېلىڭ ئەپەندى، كۆرەيلى، — دېدى ئەخمەد ئەپەندى ئالدىراپ.

تەۋپىق سخېمىلارنى ئالدى. بۇ قېلىن قەغەزگە سىزىلغان بەش ئالتە يۈز كاتەكچىلىك چاقماق سىزىق بولۇپ، كاتەكچىلەردە قارا توچكىلار، ئىستىرىلكىلار، نومېرلار بار ئىدى.

— خوش قېنى سۆزلەڭ، — دېدى ئەخمەد ئەپەندى ئالدىراپ.

— سىزگىلا سۆزلەمدىم؟ شۇنچە كۆپ ئادەم تۇرسا، ئۇلار بۇنى كۆرمىسە سۆزلىگىنىم بىكار ـ دە.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، — دېدى مەھمۇد مۇھتى مەسلىھەت بېرىپ، — ئەتە كەچتە مۇسابىقىدىن يېنىپ نوبېشى مەكتەپكە بېرىڭلار، شۇ يەردە سىنىپتا ئولتۇرۇپ، بۇ دەرسنى ئاڭلاڭلار، مەتىلى ئەپەندى چاقماق سىزىقلىرىنى تاختىغا سىزىپ چۈشەندۈرسۇن.

— ھەبەللى، بۇ گەپ دۇرۇس بولدى. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى تەۋپىق سخېمىلارنى سومكىسىغا سېلىۋېتىپ.

— توختاپ تۇرسىلا، — دەپ پىچىرلىدى ئەخمەد ئەپەندى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، — مەن بۇگۇنلا چۈشىنىۋېلىشىم كېرەك، ئەتىگىچە تاقىتىم يەتمەيدۇ.

ئۇلار پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ، سىخېمىنى كۆرگىلى تۇرۇۋىدى، يۇسۇپ ئەپەندىمۇ ئۇلارغا شېرىك بولدى.

— تەرتىپنى بۇزمايلى، ئەمىسە، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى بۆلمەي، پەم بىلەن قىلايلى، — دېدى تەۋپىق. بۇنچە قىزغىن بولساڭلار سىخېمىنى سىلەرگە بېرەي.

— سىلىچۇ؟ سىلى بۇنى بىز ئۆگەنگۈچە يەنە بىر يېڭى قىلىقنى ئويلاپ تاپامىلا؟ — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە.

— گەپنى ئەپقاچماي، رەسمىي ئىشقا كېلەيكى، هە، قېنى تەۋپىق چۈشەندۈرۈشنى باشلىسىلا، — ئەخمەد ئەپەندى ئۇلارنى ماۋزۇغا قايتۇرۇپ كەلدى.

— ئاۋۋال كۋادرات شەكىللىك چاقماق سىزىقلارنى سىزىۋالىمىز، ئاندىن شۇنىڭ ئۈستىگە ئىپادىلىمەكچى بولغان خەتنى يازىمىز ياكى شەكىلنى سىزىمىز. هەربىر كاتەكچىدە بىر ئوقۇغۇچى تۇرغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىقلىرى بىر قەدەمدىن بولىدۇ هەم هەربىرىنىڭ ئۆزى يادلىۋالغان نومۇرلىرى بولىدۇ. ئاندىن سىخېمىدىكى خەت ياكى شەكىل سىزىقلىرى كېسىپ ئۆتكەن كاتەكچىلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنىدىن مىدىرلىمايدۇ، باشقىلىرى مەيداندىن چىقىپ كېتىپ، مەيدان چۆرىسىدە رامكا هاسىل قىلىدۇ. ئۇلار سىخېمىدا قانچە كاتەكتىن كېيىن چەتكە چىقىپ بولىدىغان بولسا، ئەمەلىي يەر يۈزىدە شۇنچە قەدەم سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ (نەچچىنچى نومۇرلۇق ئوقۇغۇچىنىڭ) قانچە قەدەم قاياققا سۈرۈلۈشىگە كوماندا بەرسىڭىزلا كۇپايە.

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇرلىرىنى، يەنە سۈرۈلۈشكە ياكى جايىدا تۇرۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ نومۇرىنى قانداق يادلاپ بولغىلى بولىدۇ؟

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ مۇقىم نومۇرلىرى بولىدۇ. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرى بىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چاسا سەپ ھالىتىدىكى ئورنى مۇقىم بولىدۇ. بۇنى ئۇلار كىمنىڭ ئالدىدا، كىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرغىنى بويىچە ئەسلىرىدە تۇتىۋالىدۇ. سىز كوماندا بەرگەندە سىخېمىدىكى نومۇر بويىچە نەچچىنچى نومۇرنى قانداق قىلىشقا بۇيرىسىڭىز ئۇلار شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

— ئۇلار ئائىلىلىرىدە نېمىشقا خەت بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ؟

— سىز كاتەكچىدىن مەركەزدىكى بىر ئوقۇغۇچىنى بىلىۋالسىڭىز ۋە ئۇنىڭغا ئورنىدا تۇرۇپ ئائىلىنىشنى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىلەر ئالدىغا، سول تەرىپىدىكىلەر ئارقىغا قاراپ تەكشى ئائىلىنىدىغانلىقىنى تاپىلايسىز. شۇنىڭ بىلەن ھالەت بۇزۇلمايدۇ .

— ئاسسىي قانۇنىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي ئىكەن، بىراق كۆپ مەشىق تەلەپ قىلىدىكەن، — دېدى يۇسۇپ ئەپەندى .

— ئەلۋەتتە، تەييار ئاش نەدە بار؟ — دەپ كۈلدى تەۋپىق .

....

زىياپەتتىن كېيىن كۆپچىلىك تارقاشتى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرىگە قويدى.

چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن ماقۇللاشتى. بىراق قەيەرگە ئەۋەتىش مەسىلىسىدە تالاش- تارتىش كېلىپ چىقتى. بەزىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىشنى، بەزىلەر تۈركىيىگە چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. مەھمۇت مۇھىتى، مەجىددىن ئەپەندى قاتارلىق بىرنەچچەيلەن تۈركىيىگە چىقىرىشتا چىڭ تۇردى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكىلەرنىڭ دېگۈدەك ھەممىسى ۋە باشقا مەكتەپ مۇدىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىشنىڭ قولايلىق تەرەپلىرىنى ئىسپاتلاشتى. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىمىز دېگۈچىلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، مەھمۇد مۇھىتى بۇنىڭغا قارشى بولغاچقا مەسىلە ھەل بولمىدى.

— بۇ ئىشنى يەنە بىر پۇرسەت تېپىپ ئويلىشايلى، ھازىرچە دەم ئېلىڭلار، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى گەپنى تۈگىتىپ، ئۇ ئاخىرىدا تەۋپىق، مەجىددىن، توختاجى، ئەخمەت، يۇسۇپ ئەپەندىلەرنى ئېلىپ قېلىپ يەنە سورىدى:

— بەزىلىرىڭلار گەپ قىلغىلى ئۇنىماي ئولتۇرۇۋالدىڭلار، پىكرىڭلار زادى قانداق؟ سوۋېتكە بېرىپ كەلگەنلەر بىزنىڭ ئەسكەرلەردە بار، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، يەنە سىلەر سوۋېتكە بالا ئەۋەتىمىز دېسەڭلار تازا بىر ئىش بولدى-دە! — ئۇ بىردەم ئۇياق - بۇياقتا مېڭىپ ئارقىدىن، — ئورۇسلار باللىرىمىزنى بولشۇۋىك قىلىۋېتىدۇ، دىنىدىن تاندۇرىدۇ، ئويلاپ بېقىڭلار، ئەقىلىڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار، — دېدى.

كۆپچىلىك زۇۋان سۈرمەي جىم تۇرۇشۇۋىدى، ئۇ تەۋپىققە قاراپ:

— ئەپەندىم سىز گەپ قىلىپ بېقىڭا، — دېدى.

— مەن بۇ ھەقتە ئېنىق قاراشتىمەن، — دېدى تەۋپىق، — ئەپسۇسكى قارىشىم سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. لېكىن، بۇ ھەقتە سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشسەم بەلكىم سىزمۇ بۇنى توغرا تېپىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— مەن؟ شۇنىڭغا چىندىن ئىشىنەمسىز؟ مەن ئۆزگىرىپ قالارمەنمۇ؟ ياق، ئەپەندىم، توغرىلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، بۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ! — ئۇ زەردىلىك ئاۋازدا ۋاقىرىدى. ئارقىدىن ئۈمىدسىزلىك بىلەن، — سىزنىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلغىنىڭىز مېنى بەكمۇ مەيۈسلەندۈردى... بىراق، مەن سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزگە ھەرقاچان تەييار. بۇ قېتىم قايتىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ۋاقىت تاپسىڭىز، سۆزلىرىڭىزنى ئەلۋەتتە ئاڭلاپ باقىمەن.

— سىزنى خاتا دېمەكچى بولغىنىم ئەمەس، رېئاللىق،... — دېدى تەۋپىقمۇ بىر ئاز مۇجمەللىك بىلەن.

ئۇلار سىجاڭ بىلەن خوشلىشىپ تارقاشتى.

3

رەسمىي مۇسابىقە تۈرلىرى باشلىنىپ، ئاخىرلاشقىچە بىرقانچە كۈن تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار كۆپ، ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنچىلىقى تۇغۇلغاچقا، يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان، شۇ يەرنىڭ بايلىرى ئۇلارنى كۈتىۋالىدىغان بولدى.

كېرەمباغ تەرەپتە ئابدىرېھىم بايۋەچچىنىڭ بېغى، نوۋېشى مەكتەپ، قىزىلدۆۋىدە توختاجىنىڭ مەكتىپى ۋە قورو جايلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇسى بولىدىغان بولدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىزچىلىرى بەك كۆپ بولغاچقا قىزىل دۆۋىدە توختاجىنىڭ قورو جايلىرىدا تۇرىدىغان، ھەركۈن پائالىيەت ئۈچۈن قىزىل دۆۋە ئوقۇغۇچىلىرى بىللەن بىللە مەيدانغا كېلىدىغان بولدى.

ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن كەچلىرى دوستلار تېپىشىپ بىر سورۇندا جەم بولۇشاتتى. ئۇلار ئەخمەد ئەپەندىنى بىر كۈن ئاۋات قىلىشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ مەكتىپىدە جەم بولغانلىرىدا، شەۋقى باشلاش مۇراسىمىدىكى ماھارەتلەر ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ:

— مەن سىجاڭنىڭ ئارقىسىدىكى قاتاردا ئولتۇرغانتىم، ھەمىشە كۆزۈم ئۇنىڭدا بولدى، سىجاڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپلا تۇردى. بولۇپمۇ تەۋپىقنىڭ بالىلىرى مەيدانغا چىققاندىن تارتىپ، چۆشكەنگىچە كۆز يېشىنى تۇتالمىدى، بۇ ئادەم ـ زە، بالىلارغا ئاجايىپلا قىپ كېتىدۇ جۇما...

— تەۋپىقنى تەبرىكلەپ قۇچاقلىغاندا كۆپ ھايال بولدى، قۇلىقىغا نۇرغۇن گەپ قىلدىغۇ، دەيمەن، — دېدى ئوبۇلقاسىم، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ پېشىدىن بۇ يەرگىمۇ كەلگەنىدى.

بۇ گەپ دەسلەپ ھەممەيلەننى قىزىقتۇرۇپ، توغرا، نېمىلەرنى دېدىكىن، قېنى ئاڭلاپ باقمايلىمۇ، دېگەندەك ئىستەكنى تۇغدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى بىردىنلا دىققەتنى تارتتى.

— ئەلۋەتتە، كۆپ گەپلەرنى قىلدى، — دېدى تەۋپىق چاندۇرماي، — بىلمەمسىلەر، سىجاڭ ھەمىشەمكىدەكلا، رەخمەت، ھەشقاللا، ئاندىن يەنە

تەسىرلەندىم، خوش بولدۇم، چوڭ ئىش قىپسىز دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ ئەمەسمۇ، شۇ.

ئوبۇلقاسىم بۇ گەپنى بەك تومتاق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ تاتىرىپ كەتتى. خىجالەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمداپ قويۇپ ئورۇنسىز بىر كۈلكە بىلەن بۇ ۋەزىيەتتىن چىقىش كويىدا بولدى.

— راست، تەۋپىق نېمە گەپلىكىنى ئېيتىپ بەرسىلە، ھەممىمىز ئۆز بولغاندىكىن ئاڭلاپ باقىلى، — قىزىقىپ سورىدى نامان ئەپەندى. ئۇ ئوبۇلقاسىم ھەققىدە ھېچقانداق گۇماندا ئەمەسىدى، شۇڭا قىزغىنلىق بىلەن سورىدى.

— خۇددى بايا دېگىنىمدەك، باشقا يېڭى مەزمۇن يوق. باللاردەك قىزىقچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلىپ نېمىشكە ۋاقىت ئۆتكۈزىمىز، بىرەر ئەھمىيەتلىك تېما يوقمۇ؟

شەۋقى نامان ئەپەندىگە مەنىلىك قاراپ قويىدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭ مەنىسىنى ھېچ چۈشەنگەندەك قىلمايتى. شەۋقىنىڭ بۇنداق ساددىلىقىغا، ھەممىگە ئىشىنىۋېرىدىغان بالىلارچە مىجەزگە تازا ئاچچىقى كەلسە كېرەك، قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى يېقىنلارنى ئوبۇلقاسىمدىن ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتسىمۇ، لېكىن يەنىلا سورۇندا بۇ ئادەم كەم بولمايتى. چۈنكى، زىيالىلار ئىچىدىكى خېلى نۇرغۇن ئادەم ئوبۇلقاسىمنى ياخشى دەپ قارايتى.

ھە دېگەندە كۆڭۈلسىز بىر ھاۋاغا دۇچ كەلگەن سۆھبەت تازا ئەپلەشمەي، بىرئاز ناخشا ـ ساز بىلەن ئۇلتۇرۇشتى، ئاندىن سورۇننى جانلاندۇرۇشقا تىرىشقان تەۋپىق بىللە كەلگەن شاگىرتلىرىدىن ئابدىراخمان بىلەن سابىتقا شېئىر ئوقۇتتى.

ئاندىن تېما يېقىن ئارىدا چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەسىلىسىگە كېلىپ توختالدى. بۇ مەسىلىدىمۇ ئۇزاق تالاش- تارتىش بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلماقچى بولىشى بەزى مۇئەللىملەرگە چۈشىنىكسىز تۇيۇلغانىدى.

— سجاڭ بۇنىڭغا قانداق ماقۇل دېگەندۇ؟ تۈركىيەگە چىقىرىشقىغۇ كۆپلىرى قارشى چىقسۇن، ھېچ بولمىسا ھىندىستانغا چىقسىمۇ بولىتتى، ئېنگىلىزلاردا ئوقۇپ كەلسە، بولشۇېكلارغا بالا ئەۋەتكەن دېگەن قانداق گەپ بۇ؟

— سجاڭ تارتىشمىدى ئەمەس، ئامال بولمىدى، ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىمىدى، سجاڭنىڭ مۇشاۋۇرى، تەنجاڭلىرى، ھەممىسى بىر بولىۋالسا نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟

— تۈركىيەگە ئەۋەتىشتە چىڭ تۇرغۇلۇقتى، — دېدى ئوبۇلقاسىم قىزغىنلىق بىلەن قايناپ، — نېمە بۇنداق ئاسان يول قويۇش بۇ؟ بۇنىڭغا ئۇنىمىغاندا ھېچقايسى ئەۋەتمەسلىك ياخشىراق بولمامدۇ! سىلەر، تۈركىيىدىن كەلگەنلەر، تۈركىيەگە ئەۋەتىشنىڭ ئوبدانلىقىنى تۈزۈكرەك چۈشەندۈرۈپ تالاشمىغىنىڭلارنى دەيمىنا!....

— ياق، دوستۇم، — دېدى تەۋپىق ئۇنى سىلىق رەت قىلىپ، — ھېچيەرگە ئەۋەتمەسلىك نېمە دېگەن گەپ؟ نەدە بولسىمۇ ئوقۇپ قالغىنى ياخشىراق.

بۇ ئىشتىمۇ ئوبۇلقاسىمنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قەتئىي بولۇپ چىقتى. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىڭ شىسەينى تىللاپ قايناپلا كەتتى. بۇ تېمىنىڭمۇ مەزىسى قاچتى. بۇنى ھەركىم سەزدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قاتماللىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ قاتماللىقتىن جېنى سىقىلغان تەۋپىق، بىر لەتىپە بىلەن ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ، تارقاشقا يول ئېچىپ بەردى. بۇنىڭ باھانىسىدا ئالدىرايدىغانلار خوشلاشقىلى تۇردى.

ئەسلىدە تەۋپىق ئەخمەد ئەپەندى بىلەن قونۇپ قالماقچى بولسىمۇ، ئەمما توساتتىنلا بۇ قارارىدىن يېنىپ، شەۋقى بىلەن كېتىدىغان بولدى. شاگىرتلىرىنى توختاجىغا قوشۇپ ماڭدۇرىۋەتتى.

شەۋقى بىلەن يالغۇز قالغاندا:

— سىجاڭ مېنىڭ سىلەردىن باشقا يېقىنىم قالمىدى، دېدى، ئۇ بەك غېرىپسىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاينىشقا باشلىدى، ئۇرۇمچىگە، سوۋېتكە ئاپىرىۋېلىپ، ئوقۇتىمىز دەپ بېشىنى قايدۇرىشۋاتسا كېرەك، — دېدى شەۋقى.

***

مۇسابىقە يەنە ئىككى كۈن داۋام قىلدى.

# ئون توققۇزىنچى باپ

## 1

سابىت جۈمە كۈنى سەھەردە مەشھەدكە قاراپ ماڭدى. تۈنۈگۈن كەچتىكى «توپلانتى»دا تەۋپىق تەتىلدە توپلانغان فولكلورنى رەتلەشكە قاتناشقان شاگىرتلىرىغا ئەتە بازار كۈنىدىن پايدىلىنىپ توپلاملار ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئورگىنالنى بېكىتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. شۇڭا ئابدۇراخمان، ئابدۇغوپۇر، ئەمەت مەخسۇم ۋە سابىتلار ئۆيىدە جەم بولماقچى ئىدى.

سابىت بارغاندا تەۋپىق كېسەللەرنى يېڭىلا ئۇزاتقانىدى.

— كەل ئوغلۇم، كەل، كېلىن قىزىم قانداق؟ — دېدى تەۋپىق گويا ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قېرىندىشى بىلەن كۆرۈشكەندەك، — مەلىكەم، مېھمانغا چاي راستلاڭ.

— بولدى، بولدى ئاۋارە بولماڭ، — دېدى سابىت قىزىرىپ- تاتىرىپ مەڭدىگىنىچە.

— ئوغلىمىز قاسىم تۈنۈگۈن دادىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان، ئۇ بىردەمگىچە كېلىدۇ، — دېدى تەۋپىق سابىتقا ئىزھات بېرىپ، سابىت ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئىزچى بالىسى ھەققىدە سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، — تۈنۈگۈن بىر ئىش خىيالىمغا كەلمەپتۇ، يىغىننى بىزنىڭ ئۆيىدە ئاچساق بىرنەچچە ئىشقا تەسىر يېتىدىكەن، بىرىنچىدىن ھەر بازار كۈنى چوڭ ئۆيدىكىلەرنى يوقلىشىم كېرەك ئىدى، ئۇ يەرگە بارالمايدىكەنمەن، مەلىكەمۇ بىزنى كۈتمىسە بولمايدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئاخۇن دادامالارنىڭكىگە

بارمىغىلى بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا مەلىكەم قاسىم كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئاكامنىڭكىگە بېرىپ ئازنىلاپ كەلسە، بىز يىغىنىمىزنى ۋاقىتلىقچە بىرىپ ئاخۇن دادامنىڭكىدە ئاچساق، بىزنىڭ ئىككى ئەزايىمىز — لىۋاھىددىن بىلەن سەيپىددىنمۇ شۇ ئۆيدە بولغاندىكىن ھەم يىغىنىمۇ ئېچىلىدىكەن ھەم تۇغقان يوقلاشمۇ ئىشقا ئاشىدىكەن، شۇنداق قىلساق ئوبدانىراق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— بولىدۇ، ئابدۇراخمانلار كەلسە دەرھال يۈرۈپ كېتەيلى.

— سېنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن خىجىلمەن. تۈنۈگۈنلا شۇنى ئويلىغان بولسام سەن بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمەي ئۇدۇللا ۋاقىۋاغىقا كېتىۋېرەتتىڭ ـ دە.

— مەيلى، ھېچقىسى يوق.

شۇ ئارىدا قاسىممۇ كەلدى. ئۇ سابىت بىلەن تېنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن تەۋپىق ئۇنىڭغا:

— ئۆيدىكىلەرنى يوقلاپ كەلدىڭمۇ ئوغلۇم؟ ئۇنداق بولسا بۈگۈن ئاپاڭنى ئېلىپ بويامەتكە بېرىپ كەل، بولامدۇ؟ — دېدى. «ئاپاڭ» دېگە سۆزنى ئاڭلاپ قاسىمدىن بىرنەچچە ياشلا چوڭ بولغان مەلىكىزاد يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن توسۇپ كۆلگىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ھالنى بايقىغان تەۋپىقمۇ ھەزىل قىلغۇچىلارغا خاس كۈلۈمسىرەپ، قاسىمغا، — ئېشەكنى توقۇپ تەييارلا، ھازىرلا مېڭىپ كېتىڭلار، ئاكام يولغا قاراپ قالمىسۇن، — دېدى.

ئۇنىڭغىچە ئابدۇراخمان، ئابدۇغوپۇر، ئەمەت مەخسۇملار كېلىشتى.

— ھوي، سابىت، ئەپەندىمنىڭكىدە قونۇپ قالغانمىدىڭ نېمە؟ — دېدى ئابدۇراخمان چاقچاق قىلىپ.

— قونمىغان، مەنمۇ تېخى ھېلىراقتا كەلدىم، — دېدى سابىت تۈزلا.

— قېنى يىگىتلەر، ھەممىڭلار يۇقۇرى ئۆتۈڭلار، ئەتىگەندە خىزمىتىڭلاردا بولۇپ ساۋاپ ئالاي، — دېدى تەۋپىق شاگىرتلىرى بىلەن چېقىشىپ.

— بولدى، بولدى، ئاۋارە بولماڭ. بىز مېھمان بولغىلى كەلمىدۇق، — دېدى ئەمەت مەخسۇم تەكەللۇپ ئېيتىپ.
— سىلەر تۇزۇت قىلىپ ئۇنداق دېسەڭلارمۇ، مېھمان دوست ئايال خوجايىن چاي بەرمەي ئۈيدىن چىقارمايدۇ، — دېدى تەۋپىق ئىچكىرىگە قاراپ، مەلىكىزادقا قارىتىپ، — قېنى سىز مەلىكەم؟
ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە ئۇلار بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشكەندىن كېيىن تەۋپىق:
— يىغىنىمىزنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ قالدى. يىگىتلەر، — دېدى، — ۋاقىۋاغدا ئاچىدىغان بولدۇق. لىۋاھىددىنىنىڭ پۇتى ئاغرىپ كېلەلمەيدۇ دەپ ئېتىبار قىلىپ شۇنداق، — دېدى ئۇ چاقچاق بىلەنلا.
— مەيلى بوپتۇ، بىزمۇ ئۇ تەرەپكە بارمىغىلى نىكەم، بېرىپ كېلەيلى، — دېدى ئابدۇراخمان.
— ئەسلى سەۋەب شۇ، مەنمۇ تاغامنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى يوقلاش بىلەن بىللە قىلالايلىمىكىن دېدىم، — دېدى تەۋپىق ئابدۇراخماننىڭ سۆزىدىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن.
— ئۇنداق بولسا ماڭايلى، ۋاقىتنى نېمىشقا ئۆتكۈزىمىز، — دېدى ئابدۇراخمان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.
— بولىدۇ، ماڭايلى، — تەۋپىق داستىخاننى يىغىشقا چىققان مەلىكىزادقا، — ئەمىسە بىز كەتتۇق، سىلەرمۇ دەرھال مېڭىڭلار، — دېدى.
ئۇلار كۈزنىڭ سەھەردىكى نەمخۇش ھاۋاسىدا خۇشال چاقچاقلار بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى. ئالتۇن رەڭ ئېلىشقا باشلىغان ياپراقلار يول ۋە ئېرىقلارغا تۆكۈلمەكتە ئىدى. سەھەرنىڭ شەبنىمىدە ھۆل بولغاچقا ئاياقلاردا شاراقلىمايتتى.
— بىز يۈگەنسىز تايدەك ئەپقاچتى پاراڭلارنى قىلماي، مۇشائىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ماڭساق قانداق؟ — دېدى تەۋپىق شاگىرتلىرىغا.
— بىراق مەن مۇشائىرىگە قاتنىشالمايمەن ـ دە،— دېدى ئابدۇغوپۇر.
— مەۋزۇمىز نېمە بولىدۇ؟ — سورىدى ئابدۇراخمان.

— سەھەرنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى، ياپراقلاردىكى شەبنەملەر، غازاڭ بولۇۋاتقان ياپراقلار، قىشلىق ئۇيقۇغا تەييارلىنىۋاتقان زېمىن قاتارلىقلار ئىپادىلىنىشى كېرەك.

— تېما سەل تەس بولۇپ كەتتى، مەن قەغەز بىلەن سىزىپ - جىجىپ قىلمىسام ئېغىزچىلا ھازىر جاۋاب شېئىر ئوقۇشقا يارىمايمەن، — دېدى سابىت.

— ئۇنىسى راست، ئابدۇراخماننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىمىزگە تەس، شۇنداق بولسىمۇ بىكار ماڭغىچە دەۋاتقان گەپ. بىز سۇنتاغقا بارغىچە كۆڭلىمىزدە شېئىر توقۇغاچ ماڭايلى، سۇنتاغدا ئەگەر يېزىپ بولۇپ ئوقۇيتۇم دېگۈچىلەر يېزىپ ئوقۇپ بەرسە بولىدۇ. مەن سىلەرنى دوستۇم سەمەتنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىمەن، بىز ئۇنىڭكىگە يېڭى توي قىلغانلارنى يوقلاش باھانىسى بىلەن كىرىمىز، — دېدى.

تەۋپىق ھەربىر دېگەن سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرماي قالمايتتى، ئۇ پاشاخانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنداپ سەمەت كىگىزچى بىلەن ئىككىسىنىڭ ھەممە ئىشىنى تەۋپىق ئۆزى يول مېڭىپ، روياپقا چىقىرىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويغانىدى.

— بۇ گەپچە سۇنتاغقا بارغىچە گەپلىشىشكە رۇخسەت يوقمۇ؟ «لام - جىم» بولۇپ ماڭىمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇغوپۇر.

— پاراڭنىڭ زەرەرى يوق، — دېدى ئابدۇراخمان، — سابىتقۇ بەربىر پاراڭ قىلمايتتى. ئەمما بىز پاراڭسىز زېرىكىپ قالىمىز.

— ماۋزۇسىنى مەن قويۇپ بېرەي، ئويلانغاچ مېڭىڭلار. ماۋزۇسى: كۈز ئەتىگىنى بولسۇن، — دېدى تەۋپىق.

سابىت ھەرقانداق بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالسا شۇ مىنۇتتىن باشلاپلا ئەستايىدىل كىرىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا پىكىر ئويلىنىشقا، ئەتراپتىكى مەنزىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ئېتىزلاردا قوناق ئورمىسىنىڭ ئەمدىلا ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرگۈچى ئىزنالار كۆرىنەتتى. كۆتىچىكى كولىۋېلىنغان يەرلەر، شودىگەرلىكلەردە قوناق

غازاڭلىرىنىڭ قېلىپ قالغانلىرى كۆزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا دىرىلداپ ئۇچۇۋاتاتتى، قىرنىڭ باغرىغىمۇ غازاڭلار يىغىلىپ قالغانىدى. دەرەخ شاخلىرىدىن بىر تال، ئىككى تالدىن لەرزان ئۇچۇپ چۈشىدىغان غازاڭلار كىشىگە غەمكىنلىك بەخش ئېتەتتى. لېكىن كۈزگى بۇغدايلارنىڭ كۆكىرىپ چىققان مايسىلىرى ئالتۇنرەڭ ئالغان مۇھىتتا ئۆزگىچە ياشلىق تۇيغۇسى بېرەتتى .

تاڭدا ئالتۇن تەڭگىلەردە يالتىرار كۈز شەبنىمى،
شۇدىگەرلىك قىرلىرىنىڭ باغرىدا ئەخلەت غازاڭ.
سايرىماس بۇلبۇلمۇ جىم، كەيگەچكە باغلار زەر لىباس،
نەگە مۈككەندۇ چېكەتكە، لۈمشىمەس قىغدا سازاڭ.

يىل قېرىپ قالغان كەبى دۇمچەك بولۇپ ھەم بەللىرى،
تاڭ چېغى تۇرخۇندا ئىسلار تولغۇشۇپ، مىسكىن چىقار.
تۆكىدۇ شاخلار زېمىنگە ئايىماي زەر چاچقۇلار،
يىل بوۋاينىڭ نەۋرىسىدەك ياش، جۇلالىق مايسىزار.

سابىت كۆڭلىدە شۇلارنى بىر قۇر قوراشتۇرغاندەك بولۇپ، قالغىنىنى سەمەتنىڭ ئۆيىگە بارغاندا قەغەزگە يېزىپ رەتلىمەكچى بولدى. بۇ ئىككى كۇبلىتنى توقۇغۇچە ھەمراھلىرىنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكلىرىنى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. خىيالدىن باش كۆتۈرگەندە سۇنتاغقا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

تەۋپىق شاگىرتلىرىنى باشلاپ سەمەتنىڭ ئۆيىگە كىردى. سەمەت خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ كەتتى. يۇۋاش ئادەملەردە بولىدىغان قولاشماسلىق، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەسلىك، گەپنى جايىدا قىلالماسلىق سەمەتنى تەمتىرەتكەن بولسا، پاشاخان مەشھەدلىك ئايال بولغاچقا ئۇ سەمەتنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ چاققان

تىلى، ئىتتىك ئايىغى بىلەن پاي- پىتەك بولۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. سابىت سەل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە تەمتىلەپ ئارقىدىراق تۇرۇۋىدى پاشاخان قىلىن قاتتىق، ئاسان تە بولمايدىغان كىشىلەرگە خاس ئوچۇقلۇق بىلەن:

— سابىت، نېمانداق يات ئادەمدەك ئارقىغا ئۆتۈپ تۇرىسىز؟ ساھىپخانلىق قىلىدىغان يەردىدىتىڭىز بولمىسا، — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن سابىت تېخىمۇ مەڭدەپ كەتتى. خەيرىيەت تەۋپىق پاتىھە ئوقۇپ، گەپ باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدى.

— سەمەت دوستۇم، بىز يېڭى ئائىلەڭلەرنى مۇبارەكلەپ، پاتىھە قىلىپ ئۆتۈپ كېتەيلى دېدۇق. بىر پىيالىدىن چاي ئىچسەكلا بولىدۇ، شۇ ئارىدا بىزنىڭ ئازراق ئىشىمىز بار.

— شۇنداق بولسىمۇ قوغۇن ـ قاپاق، يەل ـ يېمىش ئول ـ بولغا ئېغىز تېگەرمىز، كۆز دېگەندە... — دېدى سەمەت ۋە پاشاخانغا چۈشىنىكسىز ئىشارىلارنى قىلغاچ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— قېنى يىگىتلەر، دەسمايەڭلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاڭلار، — دېدى تەۋپىق، — توغرا، قەغەزگە چۈشىرەيلى، خاتىرە بولۇپ قالسۇن. قېنى سىز سەمەت!

— خوش؟ — دەپ يۈگرەپ چىقتى، قولىدا ھېلىلا قوغۇن پىچقان پىچاق تۇراتتى.

— بىزگە خەت يېزىشقا ئاستىغا قويغىلى تاختىدەك بىر نېمە بېرىڭ، نۇرۇللانىڭ شۇنداق نېمىلىرى باردۇر؟ ھە شۇنى ئېلىپ چىقىڭ.

سەمەت تاختىنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن تەۋپىق سومكىسىدىن قەغەز ئېلىپ، ئابدىراخمان، ئەمەت مەخسۇم ۋە سابىتقا ئىككى ۋاراقتىن بەردى. ئۇنىڭغىچە سەمەت ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى، كەم ئۇچرايدىغان ئەزىز مېھمىنى ئۈچۈن داستىخانىنى مول نېمەتلەرگە تولدۇرۇۋەتتى. ئۈزۈم، قوغۇن، نەشپۈت، ئالما، كۆزلۈك ئاق توغاچ... قىسقىسى بىساتىدا بارنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتكەندى.

— ئەمىسە مېھمانلار، داستىخانغا باققاچ... — دېدى سەمەت ئالقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركەپ ئوڭايسىز كەيپىياتتا.

— يېزىپ بولغان بولساڭلار ئوقۇيلى، باھالىغۇچىلارمۇ بارىكەن، ئاڭلاپ تۇرسۇن، — دېدى تەۋپىق، — كىم ئاۋۋال ئوقۇيدۇ؟

— مەن ئوقۇي، — دېدى ئابدۇراخمان جانلىق كەيپىياتتا. ئاندىن شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى .

تەبىئەت كەيدى تامامەن زەر لىباس،
ئاستا مىدرايدۇ غازاڭلار كارۋىنى.
توقلىشىپ كۆكنىڭ رېڭى، سوغدىن خەۋەر —
بەرسە يىغلار، بار كەبى، باغ، ئارمىنى.

باغ ـ دالالار يىغلىتار نىچۈك ئەجەپ؟
ھەسرىتىمۇ تېز ئۆتۈپ كەتكەن ئاجايىپ ئۆمرىنىڭ؟
ياش تۆكۈش نىگە كېرەك ئەي دالىلار،
تۇرسا ياپ ـ ياش مايسىلار ئۆمۈرلەر ئىزنىڭ؟!

— خوش، ئەمدى نۆۋەت كىمگە كەلدى؟
— ھەقىچان سابىت ئالدىرىمايدۇ، ئۇنداقتا ماڭا كەپتۇ، — دېدى ئەمەت مەخسۇم ۋە قەغەزنى قولىغا ئالدى.

...

ئۇنىڭدىن كېيىن تەۋپىق قەغەزگە يازغانلىرىنى ئوقۇدى:

ئىزغىرىن شامال تۆكىدۇ غازاڭ،
باغ ۋە دالىلار ئالدى ئۆزگە رەڭ.
شۇدىگەرلىكتىن كېلەر سوغ ھىدى،
كۆرۈنەر ۋەيران، بولغان كەبى جەڭ.

پەسىل قۇشلىرى كەتكەن جەنۇبقا،
شاۋقۇن نەغمىسى يۇتكەن ھەم تامان.
جىم ـ جىت تەبىئەت، مۇڭلۇق بىچارە،
سىزدىم شۇلارنى بولۇپ مەن رەسسام.

— قېنى ئوغلۇم سابىت، باشلىغىن، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىق بىلەن پاشاخانغا قاراپ قويۇۋاتقان سابىتقا قاراپ.

سابىت بىردەمگە ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى دەرس مۇنبىرىدە تۇرغاندەك قىياس قىلدى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇلار شېئىرلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ئەمىسە، ھۆرمەتلىك باھالىغۇچىلار، پىكىر بېرىڭلار، — دېدى تەۋپىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىز نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟ — دېدى ئەمەت مەخسۇم، — شۇنداق بولسىمۇ بىلگىنىمنى دەپ باقاي. سابىت «كۆز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي «كۆز»نى ئىپادىلىگەن بولسا ھەممىدىن سابىتنىڭ ياخشى بولماقچىكەن. شۇنداق قىلىپ، مېنىڭ مۇشۇ ئۆلچىمىم بويىچە بولغاندا قالغان ئىككىڭلارنىڭ ياخشىكەن.

— شۇنداقمۇ؟ سەنمۇ دەپ باق ئوغلۇم، — دېدى تەۋپىق ئابدۇغوپۇرغا قاراپ.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداقراق. شۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللا دېسە سىزنىڭكىنى تاللايتتىم.

— باھالار ئادىل بولمىدى، — دېدى تەۋپىق، — مېنىڭكى ئەڭ كېيىن تۇرىدۇ... «كۆز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ سابىتنىڭ يەنىلا ياخشى، سىلەر ئۇنى بوزەك دەپلا شۇنداق دېدىڭلارغۇ دەيمەن، بۇ بولمىدى.

ئۇلار يەنە بىر ھازا مۇنازىرە قىلىشقاندىن كېيىن دۇئا قىلىشتى. تەۋپىق سەمەتنىڭ تەكەللۇپلىرىغا:

— ئالدىراش ئىش بىلەن كېتىۋېتىپ يوقلاپ ئۆتەيلى دېگەن، ئەمما بىز يېڭى كېلىنىڭ تۆشۈك ماھارىتىنى باھالاشقا ئايرىم كېلىمىز، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى، — كېلىن سىزنى بوزەك ئېتىپ قويمايۋاتقاندۇ؟ ماڭا ۋەدە قىلغان، بوزەك قىلىپ قالسا ماڭا دەڭ، ئاجراشتۇرىۋېتىپ جازالايمەن، — دەپ چاخچاق قوشۇپ قويدى.

ئۇلار سەمەت بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن مۇشائىرە ھەققىدىكى مۇنازىرىلىرىنى يەنە داۋام قىلىپ مېڭىشتى. تەۋپىق سابىتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ:

— سابىتنىڭ شېئىرىدا«كۆز ئەتىگىنى» ئىپادىلەنگەن. بىز بولساق «ئەتىگەن»نى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويغاندەكلا ئىش قىپتۇق، — دېدى.

— سىز پەقەت سابىتنى ئۇچۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتىسىز، «جىم ـ جىت تەبىئەت مۇڭلۇق، بىچارە» دېگىنىڭىز «ئەتىگەن» بولماي نېمە؟ — دېدى ئابدۇراخمان.

— دېمەك، ھەممىڭلار سابىتقا ھۇجۇم قىلغۇچىلار ئىكەنسىلەر ـ دە؟

— ئابدۇراخمانمۇ «ئەتىگەن»نى ئۇنتۇپ قالمىغان، ئۇنىڭ شېئىرىدىمۇ ئەتىگەنىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، — دېدى سابىت.

— بەلكى سەن ئۆزۈڭنىمۇ چۈشەنمەمسەن، ئوغلۇم؟ — دېدى تەۋپىق چاقچاق قىلىپ، ئۇ باشقىلارنىڭمۇ چىن كۆڭلىدىن سابىتقا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، — سابىتنىڭ پۈتۈن تۇرقى شائىر، كەم-كۈتىسىز شائىر، ئابدۇراخمان بولسا تېخىمۇ شۇنداق. بىراق مەندە ھەقىقەتنى ئېيتقاندا شائىرلىق ئىستىدات يوق. مەن پەقەت ئوقۇتۇشتا كېرەكلىك ناخشىلارنى تەييارلاش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا تەشۋىقات- تەرغىباتقا مۇۋاپىق نەرسىلەرنى يېزىشقا ئۇرۇنىمەن. ئاخىرقى ھېسابتا مەن شائىر ھېسابلانمايمەن.

— بىزنى خويمۇ ئۇچۇردىڭىزغۇ، ئەپەندىم، — دېدى ئابدۇراخمان كۈلۈپ.

ئۇلار ۋاقىۋاغ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندى. كۆزنىڭ كېلىشى بىلەن سازلىقلاردىمۇ ئۆزگىچە رەڭ پەيدا بولغان، بىقسىنىپ پۇراپ تۇرىدىغان

سازلىقتىن پاتقاقنىڭ، لەشنىڭ، سېسىغان كۆكتاتلارنىڭ پۇرىقىمۇ تارقالماس بولغانىدى.

ئۇلار ۋاقۋاغ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندىلا سەيپىدىن بىلەن لىۋاھىددىن ئۇلارغا ئۇچرىدى. بۇئىككىسى ئەمدىلا تەۋپىقنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشقانىدى. ئۇلار ئۇستازى ۋە دوستلىرى بىلەن كۆرۈشكىچىلا ئۇزلۇكسىز ھۇجۇمغا، شاڭخو ۋە ھەزىل ئوقلىرىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ شۇنچە كېچىكىپ ئەمدىلا يولغا چىققانلىقى ھۇجۇمنىڭ سەۋەبى ئىدى. بۇ چاقچاقلار تاكى تاشاخۇنۇمنىڭ ھەشىمەتلىك قورۇ ـ جايىغا كىرىپ كەلگۈچە داۋام قىلدى.

سارىخېنىم ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، تەۋپىقنى ئەيىپلىدى.

— ھەرقانچە ئالدىراش بولسىڭىزمۇ ئانىڭىزنىڭ ئورنىدا پات- پات كېلىپ تۇرسىڭىز بولاتتى. يات يەردە كۆپ يۈرۈپ باغرىڭىز قېتىپ قالغانمۇ نېمە؟...

— ئەيىپ مەندە، كېلىپ تۇرالمىدىم، سىزنىڭچە بولغاندىغۇ ھەپتىدە بىر كەلسەم ياخشىدى، ئۆزەمنىڭچە بولسا ئايدا بىر قېتىم كېلەلىسەممۇ ئوبدان ئىش بولاتتى، بىراق شۇنىڭغىمۇ ئېشىنالمايمەن، خانئانا كەچۈرۈڭ.

— ئۇنىمغۇ كەچۈرەي، مەكتەپ يوقلاپ ۋاقۋاغقا كەلگىنىڭىزدە، ئۆيگە كىرمەي كەتكىنىڭىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟ بۈگۈن قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟

— بۈگۈن سىزنى يوقلىغاچ، بىر مەجلىسىمىز بار ئىدى، شۇنى مۇشۇ يەردە ئاچماقچى بولدۇق. شۇنداق قىلساق ھەم ئىشىمىز پۈتىدىكەن، ھەم سىز بىلەن دىدارلىشالايدىكەنمىز.

— تېخى ئىشىمنى كۆتۈرۈپ كەلدىم، بولمىسا كەلمەيتتىم، دەڭ.

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ، قېنى بىزنى بىر ئۆيگە باشلىماسىلەر، يامان ساھىپخانلارمۇ نېمە، بۇلار؟ — تەۋپىق شۇنداق دەپ باشلاپ كەلگەن شاگىرتلىرىغا قارىدى. ئۇ چاقچاق بىلەن سارىخېنىمنىڭ تۇگىمەس تەنبىھلىرىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئاخىرى ئۇنىڭ چاقچاقلىرى تېز ئۈنۈم

بىرىپ، ھەممەيلەن دىققىتىنى ئۇنىڭ تاڭسۇق گەپلىرىنى ئاڭلاشقا قارىتىپ كەتتى. سارىخېنىممۇ تەۋپىقنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ:

— سىزگىمۇ ئاچچىقلىسىمۇ ئوخشاش، قېيدىسىمۇ ئوخشاش، ھە دېمەي كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، خاپىلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ بولسىز، خەير بوپتۇ، مېھمانلىرىڭىز ئالدىدا بۇ دولۇقچە يۈزىڭىزنى قىلاي، — دېدى.

قالغانلار تۇققانلار ئارىسىدىكى يېقىنلىقنى ئىپادە قىلغۇچى چاقچاق، تەنبىھ ۋە كەچۈرۈم سوراشلارغا جىم قۇلاق سېلىپ، كۈلۈمسىرىشىپ تۇراتتى. سارىخېنىم شۇندىلا باشقىلارغا قاراپ:

— نېمە دەپ قالغانسىلەر، بالىلىرىم؟ تازىمۇ ئوسال ئايالكەن، بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا ئۇستازىمىزنى ئەيىپلەپ كەتتى، دەپ قالغانسىلەر، ھەقچان؟ قېنى ئەمىسە ئازادە ئولتۇرۇڭلار، بۈگۈن خويمۇ ئوبدان كەپسىلەر، بۈگۈن ئازنىنى[1] ئوبدان ئۆتكۈزۈپ، كەچلەپ كېتىڭلار، — دېدى.

سارىخېنىم مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. لىۋاھىددىن مېھمانلار بىلەن بىللە ئولتۇردى، سەيپىدىن مۇلازىمەتتە بولدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ رەسمىي سۆھبىتى باشلىنىپ كەتتى.

ئاۋۋال ئابدۇراخمان قوشاقلار توپلىمىنى تۈزۈش جەريانى ھەققىدە تەپسىلىي ئىزاھات بەدى ۋە ئۆزىنىڭ تاللاش، رەتلەش پرىنسىپلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ئارقىدىن سابىت خەلق ناخشىلىرى توپلىمى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پىرىنسىپ توغرىسىدا ئابدۇراخمان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىكىتكەنلىكىنى ئېيتتى. نەسرى تېپتىكى فولكلور توپلاملىرىنى ئىشلىگەنلەرگە ۋاكالىتەن لىۋاھىددىن سۆزلىدى. چۈنكى ئۇ شۇ گۇرۇھتا ئەڭ چېچەن، ئەڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك بولغاچقا، ھەممىسى ئۇنىڭغا يول قوياتتى.

---

[1] ئازنا — جۈمە، — ئا.

— مەن هازىر ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاجىزمەن، — دېدى تەۋپىق ئاخىرىدا،— چۈنكى تۇپلاملار ھەققىدە سىلەر سۆزلەپ بەرگەن نەرسىلەردىن باشقىنى تېخى بىلمەيمەن. شۇڭا مەن تۇپلاملارنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقاي، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىمەن. ئۇ چاغدا بىز يەنە بىر قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزىمىز، ئۇ چاغدا مەخسۇس توپلام ھەققىدە پىكىرلىشىمىز، قانداق؟

*****

توپلاملار ھەققىدىكى سۆھبەت چۈشتىن كېيىن - پېشىنلەر بىلەن ئاخىرلىشىپ، سۆھبەتنىڭ تېمىسى ئۆزگەردى. تەۋپىق چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش مەسىلىسى ھەققىدە ئېغىز ئاچتى.

— ئالدىمىزدىكى ئايدىن قالدۇرماي چەت ئەلگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى جابدۇيمىز، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ گىمنازىيىدە ئوقۇيدۇ، ئاندىن سوۋېتكە چىقىپ ئوقۇيدۇ... بىز مەڭگۈ ئېپتىدائىي مەكتەپ بىلەن رۇشتى مەكتەپكە قاراپ ئولتۇرمايمىز. بىزدىمۇ پروفېسسورلار، دوكتورلار بولۇشى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇشى كېرەك!

— ئاڭلىشىمىزچە تۈركىيىگە چىقىرىدىكەن دېيىشىۋاتقان، سىز سوۋېتنىڭ گېپىنى قىلدىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇراخمان.

— بۇ تېخى تالاش- تارتىشتا، .... ئەمما ئاخىر مېنىڭ دېگىنىمدەك بولىدۇ.

— نېمىشقا؟

— بۇنى سىلەر يەنىمۇ چوڭراق بولغاندا بىلىسىلەر، ھازىر ئەنە شۇنداق قىلماي ئامال يوق.

— دېمەك، ئاخىرقى ھېسابتا سوۋېتكە چىقىرىش راست بولىدىكەن ـ دە؟

تەۋپىق جاۋاب بەرمىدى. ئابدۇراخمان بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن:

— بۇ ھەقتە قانداق خام چوتلىرىڭىز بار، ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇيۇشمىنىڭ پىكرىچە بىرىنچى تۇركۇمدىكىلەر دىققەت بىلەن تاللىنىدۇ، شارائىتى يار بەرگەنلەر ۋە ئىختىيار قىلغۇچىلار ئىچىدىن تاللىنىدىغان گەپ. مەسىلەن: ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە باشقا تەرەپلىرى يار بەرگەنلەر بولىدۇ. سەيپىدىن بىلەن لىۋاھىددىن ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار ئەلۋەتتە بارىسىلەر، مېنىڭچە سەيپىدىننىڭ بارغىنى ئوڭراق. لىۋاھىددىننىڭ پۇتى ئاجىز بولمىسىغۇ لىۋاھىددىن بارسا تېخىمۇ ياخشىدى، سىلەردىن بىرىشنى ئويلاۋاتقانلار بارمۇ؟

— مەن جەزمەن بارىمەن، — دېدى ئابدۇغوپۇر.

— ئەگەر مېنىڭ كۆپرەك پۇلۇم بولسا سابىتنىمۇ ئەۋەتەتتىم، — دېدى تەۋپىق مېھرىبانلىق بىلەن سابىتقا قاراپ، — بۇنىڭدىن ياخشى ئىلمىي خادىم چىقىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆيىدە باشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن بارالمايدۇ - دە! — تەۋپىق ئەپسۇسلانغاندەك باش چايقاپ ئاندىن ئابدۇراخمانغا قاراپ، — سەن بارالامسەن؟— دەپ سورىدى.

— مەن بۇنى بۇرۇنلا ئويلىغان، بىراق، دادام بۇنىڭغا قوشۇلىدىغاندەك ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، مېنىڭ ئوڭ قولۇم بولۇپ قال، سابىت سول قولۇم بولۇپ قالىدۇ، ھەممىڭلار كەتسەڭلار ماڭىمۇ تەس، — دېدى تەۋپىق، ئۇ ئەمەت مەخسۇمنىڭ شۈكلەپ قالغىنىنى پەملەپ، — موللا ئېزىز داموللامدەك ئوچۇق پىكىرلىك زات سىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىڭغا قارشى ئەمەستۇر، ئوغلۇم؟

— ئەپسۇس، — دېدى ئەمەت مەخسۇم تەنلىك كۈلۈمسىرەپ، — مەن بۇ گەپنى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىدىكەن مىش - مىش بولغاندىلا دادامغا دەپ باققان، كېيىن سوۋېتكە چىقىرىدىكەن دېگەن پاراڭلىر بولدى — سىزلەر ئۇيۇشمىدا تالاش- تارتىش قىلىشقانكەنسىلەرمۇ دەيمەن - دادام زادىلا ئۇنىمىدى. «باشقا يەرگە مەيلى، ئۇ قايسى كويىقاپ، قايسى ناسارا ئېلى، پەرەڭلەرنىڭ ئۇۋىسى بولسىمۇ مەيلىدى، كوممۇنىستلارغا بالا بەرمەيمەن، ئۇ

خەق ئۇلۇغ بۇخۇراپى شېرىپنى ۋەيران قىلىشتى. دىندىن چىقىرىدۇ، ئۇلار» دەپ تۇرۇۋالدى.

چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتى، كەلگۈسى ھەققىدە يەنە بىر ھازا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مېھمانلار قايتماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سارىخېنىم يەنە بىردەم «پوپوزا» قىلىپ، ئۇلارنى ئېلىپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دوقلىرى تەۋپىقنىڭ چاقچاقلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشنى شەرت قىلىپ، مېھمانلارنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بەردى.

سەيپىدىن بىلەن لىۋاھەددىن ئۇلارنى چوڭ يولغا چىققۇچە ئۇزىتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا غەرب تەرەپكە قىيسايغان قۇياش ھارارەتسىز ھالدا مىس لېگەندەك قىزىرىپ قىران دەريا بوغۇزنىڭ سول تەرىپىدىكى تاغ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. تاغ چوققىسىدا دۆۋىلىشىپ قالغان پاختىدەك بۇلۇتلارمۇ ئالتۇن رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. كۆلەڭگۈلەر ئۇزارغان، يوپۇرماقسىز شالاڭلاپ قالغان دەرەخزارلارنىڭ كۆلەڭگىسى ۋە شاخلار ئارىسىدىن چۈشۈۋاتقان تارام ـ تارام قىزىل نۇرلار كىشىگە نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغىنىدەك قىيالماسلىق تۇيغۇسى بېرەتتى.

— توپىلاملارنى پات ئارىدا كۆرۈپ بولالمايمەن، ھازىر ئەڭ زۆرۈر ئىشلار كۆپ تەرتىپىدە «دىۋان»نىڭ تەرجىمىسى بار، شەۋقى ھەزرىتىم نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن، بەلكىم مېنىڭ سۈرئىتىمدىن رازى ئەمەستۇر. شۇ ئىش ھەققىدە پىكىرلىشىدىغان بەزى ئىشلار چىققانىدى، قەشقەرگە بېرىپ كېلىش خىيالىم تۇرىدۇ. ھەر بىرىڭلارنىڭ ئالدىغا كەنت مەكتەپلىرىگىمۇ كۆپ بارالماسلىقىم مۇمكىن، مەنسىزمۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ئىنىشىڭلار، ئوغۇللىرىم، — دېدى كېلىۋېتىپ.

سابىت باغلىنى ئارىلاپلا ئۆيگە كېتەتتى، شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال ئۇ خوشلىشاتتى، تەۋپىق ئۇنىڭ پاتلا ئۆزلىرىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم قولتۇقلىشىپ ماڭدى.

— گۈلزادە قىزىمنىڭ ساۋادى چىققاندىن كېيىن ئۇچرىتالمىدىم، بىر ئىمتىھان ئېلىپ باقارمەن دېگەنىدىم، يوقلاپ بارالمىغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭلار، باللىرىم، لېكىن بالامغا سالام ئېيتقىن، يەنە ھېلىقى مېنىڭ كىچىك، دوستۇم ئابلەققە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي. ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇر. ئۇنىڭ ئوقۇشى ياخشىدۇر؟

— ئۇ سىنىپىنىڭ ئالدى، — دېدى سابىت قىسقىلا.

— ئەگەر ۋاقىت چىقىرالايمەن دېسەڭ، «دىۋان»نى كۆچۈرۈشۈپ بېرەمسەن؟

— ئەگەر مېنىڭ كۆچۈرگەنلىرىمنى ياراتسىڭىزلا، خۇشاللىق بىلەن، — دېدى سابىت.

— سەن ھەممىدىن پۇختا قىلىسەن. ئەمىسە ئەتىلا كۆچۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئالغىلى كەل. خەير، ئەمىسە، ياخشى چۈش كۆر.

## 2

سابىت ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىلا گۈلزادىنىڭ تۈگىمەس سوئاللىرى باشلاندى.

— مەمەتىلى ئەپەندى قانداق تۇرۇپتۇ؟ مەلىكىزاد خېنىمچۇ؟

— ھەممىسى جايىدا.

ئۇلار ھويلا سۇپىسىدا ئولتۇرۇشقان، سابىت يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆك ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىماقتا ئىدى.

— تۇزۇكرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز بولمامدۇ، ھەمىشە خۇددى بىرلا ئېغىز گەپ قىلىش پەرزدەك قىلىدىكەنسىز، — دېدى گۈلزادە ئاغرىنىپ.
— ياخشى دېدىمغۇ، يەنە نېمە دەيمەن؟
— بارغاندىن باشلاپ يانغىچە بولغان جىمى ئىشنى سۆزلەپ بېرىڭ. بولمىسا مەندىن قۇتۇلالمايسىز.
— بولدۇ، بولدۇ، قارا، ھاۋا قانداق ئوچۇق، يۇلتۇزلار روشەن جىمىرلاپ تۇرىدۇ، خۇددى سېنىڭ كۆزلىرىڭدەك، — سابىت ئاسماننى تاماشا قىلماقچى بولۇپ يانپاشلىۋىدى، گۈلزادە ئۇنىڭ يوغان بەستىنى لىڭشىتىشقا ئۇرۇنۇپ:
— ئەمىسە باشلاڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى.
ئۆكتەبىرنىڭ كەچكى سالقىن ھاۋاسىدىن كۆڭۈل- كۆكسى ئېچىلىپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن سابىت نازۇك بەدەن ئايالىنى بېلىدىن قامالىغىنىچە قۇچىقىغا ئېلىۋالدى.
— بىلەمسەن، گۈلزادەم، ئەپەندىم بۈگۈن چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەققىدە گەپ قىلدى. ئەگەر سەن قوزىچىقىمنى دېمىسەم جەزمەن مەنمۇ چىقاتتىم...
— ھېلىمۇ دەخلىسى يوق، مەن سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن.
— لېكىن مەنسىز قىينىلىپ قالىسەن - دە.
— چىدايمەن، سىز ئۈچۈن مەن ھەممىگە چىدايمەن.
— بىراق، مەن سېنى تاشلاپ كېتىپ چىدالمايمەن - دە!
— مەن مۇشۇ ھالىمغا چىدايمەن دەۋاتسام، سىز تاغدەك بەستىڭىز بىلەن چىدىمامسىز؟ — گۈلزادە كۈلدى، ئۇنىڭ ئاۋاق قوللىرى سابىتنىڭ كەڭ يۈزىنى، ئىڭەكلىرىنى سىپايتتى.
— چوڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىمۇ چوڭ بولامتى، بەغەرەز، يا بولمىسا چوڭ ئادەمنىڭ يۈرىكى گۆش ئەمەسمۇ؟
— يەنە نېمە يېڭىلىق بار؟
— ئەپەندىم ماڭا كۆچۈرۈشۈپ بېرىدىغان بىر نەرسە تاپشۇرماقچى بولدى، ئەتىدىن باشلاپ شۇنى قىلىمەن.

— ئەپەندىم بۇياققا كەلمەمدىكەن؟

— يېقىن ئارىدا كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ساڭا سالام ئېيتتى، سېنى رەنجىمىسۇن دېدى. كىتابنى كۆپ ئوقۇسۇن دەپ تاپىلىدى. سەن بولساڭ مانا مۇشۇنداق كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ ۋاقتىڭنى ئۆتكۈزىسەن.

— نېمىشقا؟ بىردەم بىللە ئولتۇرغانغىمۇ قىيمىغان بولسىڭىز بوپتۇ، نېرى كېتەي. بار كىتاپنىڭ جىمىنى ئوقۇپ بولدۇم. ئۆزىڭىز ناۋايى غەزەللىرىنى تېپىپ بېرىمەن دېگەنتىڭىزغۇ؟

— «دىۋان مەشرەپ»نى كۆرمىدىڭمۇ؟

— ياق، قەيەردە ئىدى؟

— مەن ئۇنى ئاخشام ئالغاچ كېلىپ تەكچىدە قويۇپ قويغان.

— قارىماپتىمەن، ئەمىسە مەن شۇنى ئوقۇي، بولمىسا سىز ئوقۇپ بەرسىڭىز مەن ئاڭلاي.

— مەنغۇ ئوقۇپ بېرىمەن، ئەمما، ئۆزۈڭ ئوقۇساڭ پايدىسى جىقراق، كۆپ ئوقۇپ، شېئىرلارنى يادلا.

— ئەمىسە سىز يېنىمدا ئولتۇرۇڭ.

— مەن سەل تۇرۇپ قېشىڭدا ئولتۇرۇپ يازىمەن، ھازىر مەنىسىزلا ئۆزۈڭ كۆرۈۋەر.

گۈلزادە چىراق يېقىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سابىت يەنە دېڭىز سۈيىدەك كۆك ئاسمانغا تىكىلىپ خىيالغا كەتتى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەجلىسلىرىدە كۆپ بولغانسېرى ياۋروپالىقلارنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئۇيغۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ تولىمۇ تىت- تىت بولىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسىچە بولسا بۇ بەختسىز مىللەتنى بىر كېچىدىلا ئەڭ ئىلغار، ئەڭ باي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇغانلارنىڭ پۈتۈن مىللەت نوپۇسىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىشى، ھەربىر شەھەردە بۇنداق بىلىم- يۇرتلىرىدىن بىرقانچىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئەنە شۇ مەكتەپلەرنى ئىختىساسلىق مۇئەللىملەر بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن چەت

ئەلگە چىقىپ ئوقۇش كىرەكلىكىنى ئۇلىغىنىدا ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىدىن تولىمۇ يىراقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ ئاجىز، ئىقتىسادسىز ھالەتتە ئىكەنلىكىدىن ئىچى پۇشتى. ئۇنىڭ سەل جاھىللىق ئارىلاشقان ئىرادىسى شۇنداق قارارغا كەلتۈردىكى «مەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيالمىساممۇ، باشقىلارنىڭ چەت ئەلدە مۇنتىزىم ئوقۇغانلىرىنى مۇشۇ يەردە ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىمەن» دېدى ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ. ئاندىن مۇشۇ ئارزۇلىرىنى ئاشۇ كۆك ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ، شېئىرى پىكىرلەر بىلەن سۇغاردى ۋە بۇ ئوتلۇق ھېس-تۇيغۇلارنى سەھىپىلەرگە خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ، گۈلزادىنىڭ قارشى تەرپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

ئەگەر بىپايان كۆك بولسا مېنىڭ مۈلكۈم،
ھېچبىر ئايانماي ساڭا تەقدىم قىلاتتىم مىللىتىم.

— دەپ يېزىشقا باشلىدى سابىت.

ئەگەر مىڭ قېتىم قايتىدىن تۇغۇلسام،
سەن ئۈچۈنلا ياشايتتىم ھەم ھەر قېتىم.
.......

سابىت بىرىنچى ئورگىنالنى يېزىپ بولۇپ، گۈلزادىنىڭ نېپىز لەۋلىرىنى تېنىمسىز مىدىرلىتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقىنىغا زوقلىنىپ بىردەم قاراپ ئولتۇردى. ئۇ بۇ قىزنىڭ تېخى يېقىندىلا ھېچنېمىدىن بىخەۋەر، قايمۇقۇپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ، ئادەمنىڭ نېمىلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەنمەي يۈرىدىغان ساددا قىز ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولغانلىقىنى، يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدىغان، مۇنازىرىلىشەلەيدىغان بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە ماگمىدەك بىر ھارارەت، ئۈمىد ۋە ئىشەنچنىڭ ئوتى يالقۇنلىدى:

سەن بىزنى ئالدىما، كولدۇرلاتما ھەم،
بىلىمىز، بىزمۇ ھەم سەن كەبى ئادەم.
ئادەمدەك ياشاشقا باردۇر ھەققىمىز،
بىزگە ھەم تالىقتۇر ھايات ۋە ئالەم.

بىلمىگەن بىز بۇرۇن، بويۇنتۇرۇقتا،
ئادىمى ھايۋاندەك ياشاپ ئۆتكەنمىز.
پەپىلەپ ئۇخلاتسا يالغانلار بىلەن
مەۋھۇم ۋەدىدىن ئۈمىد كۈتكەنمىز.

ئېچىلدى ھە، ئەمدى بىزنىڭ كۆزىمىز،
بىلدۇق ھەم مەڭگۈلۈك بولمايدۇ تەقدىر.
كۆرەشكەن بەندىنى ياقلايدۇ ئاللاھ
تەقدىرنى ئۆزگەرتەر بەزىدە تەدبىر.
.....

ئۇ يەنە بىردەم گۈلزادىنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇردى. ئاندىن:

— بولار، ئامرىقىم، ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى.

— ئاپلا، يەنە بىردەم ئوقۇسام بولاتتى، — دېدى گۈلزادە بالىلارچە قىزغىنلىق بىلەن، — توختاپ تۇرۇڭ، كەلگەن يېرىمنى يەنە بىر كۆرۈۋالاي. ھە «ئاسىي جاپى كۆيمىسۇن، دوزاققا تەنھا مەن باراي» دېگەن يېرىنى يادىمدا تۇتىۋالسام بولدى .ئەمما ماڭا بۇلارنى قاچان چۈشەندۈرۈپ قويىسىز؟ بىرمۇنچە گەپلەرنى چۈشەنمەيلا ئوقۇيمەن، ئوقۇيمەن...

سابىت ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرىگە مەسلىكى كېلىپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى ۋە:

— بۇ تىرىشچانلىقىڭ ئۈچۈن مۇكاپات! ئوقۇۋەرسەڭ چۈشىنىدىغان بولىسەن، شۇ چاغدىمۇ چۈشەنمىسەڭ ئاندىن مەن دەپ بېرىمەن، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— ھەشقاللا... — دېدى گۈلزادە ئۇنىڭ كاچىتىغا يېنىك شاپىلاقلاپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ چۈشەك راسلاشقا باشلىدى.

3

سابىت مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن ئەتىكى دەرسلەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولۇپ، ئۆي- ئىشلىرى بىلەن بولاتتى. ئاندىن بىردەم كىتاب كۆرەتتى ياكى بىر نەرسە يازاتتى. بۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئەتىلىك دەرس تەييارلىقىنى تۈگىتىپ گۈلزادىگە:

— گۈلزادەم، ئەپەندى تاپشۇرغان ئىشنى قىلىش بىلەن ساڭا قارىشىپ بېرەلمەيدىغان بولدۇم، رەنجىمىگىن، جۇمۇ، — دېدى.

— مېنى ئەخمەق چاغلاۋاتامسىز؟ ئەپەندى تاپشۇرغان ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەمتىم مەن؟ — دېدى گۈلزادە دومسۇيۇپ.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، ئەمىسە مېنى ئارامىمچە قوي. بولمىسا ئابلەقنى چاقىرىپ كىر، ئىشلىرىڭغا قارىشىپ بەرسۇن.

— ياق، بولدىلا، ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ، ھەقىچان.

— مەيلى ئەمىسە.

— سىزگە تاش پىشقىچە رۇخسەت، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كىتاب ئوقۇغۇنىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرىسىز.

— بولىدۇ، بۇ كۇنتەرتىپكە قوشۇلىمەن.

ئىككىلىسى ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. سابىت «دىۋان»نىڭ تەرجىمىسىنى ئاققا كۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇئىشنىڭ نازۇك ئىلمىي خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنى خاتا كۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن

پۈتۈن دىققىتىنى ئاشۇ ئىش ئۈستىگە يىغدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىغان بولاتتى، گۈلزادە ئاستىلا ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بىز كېلىشكەن ئەمەسمىدۇق؟

—شۇنداق، بىز كېلىشكەن، هازىر توختايدىغان ۋاق بولدى، — دېدى ئايال قىلچە يول قويمايدىغان ئەلپازدا.

— بەللى، ئەمدى مەن پۈتۈنلەي سېنىڭ ئەسىرىڭ بولدۇمغۇ؟

— ئەمىسە،... ئەپەندىم سىزنى ماڭا تاپشۇرغان، دەم ئېلىشقا دىققەت قىلسۇن، هەمىشە كىتابقا دۈم يىتىۋېلىشقا يول قويماڭ دېگەن.

— ئەپەندى ئۆزىگە باقماي، مەندىن ئەنسىرىگىنىنى قارىمامدىغان!

ئۇلار خۇشال چاقچاقلار بىلەن غىزالىنىپ بولغاندا ئابلىمىت قارى كىرىپ كەلدى.

— مەن سېنىڭ ئالدىراشلىقىڭنى بىلگەچكە كىرمەيمەن، لېكىن كىرمەي يەنە چىدالمايمەن. — دېدى ئۇ كىرىپ كېلىۋېتىپ، — دوستىمىز «ئاتكەن» يېقىنىراقتا بولسىغۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ئامال قىلىپ ياشايتتىم. لېكىن يالغۇزسىراپ ئاخىرى سېنى مالال قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، — ئۇلار مۇھەممەد قارى يوق يەردە ئۇنى «ئاتكەن» دېيىشەتتى. ئەينى ۋاقىتتا تەۋپىق ئۈچ مۇھەممەت قارىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچىلىسىگە لەقەم قويغانىدى. بۇنىڭ «ئەتكەن» سۆزىنى «ئاتكەن» دەپ بۇزۇپ ئېيتىدىغان ئادىتى ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ قالغانىدى. بىراق بۇ لەقەم «مەشرەپ»، «زەكى»گە ئوخشىمايدىغان، زاڭلىق خاراكتېرىنى ئالغاچقا ئادەتتە ئالدىدا تىلغا ئېلىنمايتتى.

— بۇرۇنغۇ ئانچە ئالدىراش ئەمەس ئىدىم، بۇ دەل سەن «تارتىنىپ» كىرمىگەن چاغلاردىكى ئىش. مانا بۈگۈندىن باشلاپ رەسمىي ئالدىراش بولىدىغان بولدۇم.

— تازا ۋاقتىنى تېپىپ كىرىپتىمەن، ئەمىسە.

— لېكىن، بىر ياخشى تەرىپى بار.

— نېمە گەپ؟

— مەمتىلى ئەپەندى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تەرجىمىسىنى كۆچۈرۈپ بېرىشنى تاپشۇرغانىدى. شۇنى كۆچۈرەي دېسەم گۈلزادەم كىتاب ئوقۇپ بېرىمەن، ئاڭلايسەن دەپ تەڭقىسلىقتا قالدۇرغانىدى، ئەمدى مەن كۆچۈرىدىغاننى كۆچۈرۈۋېرەي، ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىغا قاراپ تۇر، قانداق؟

— مەيلى، بىراق، بىزنىڭ كىتاب ئوقۇشىمىز سېنى ئېلىشتۇرمەمدۇ؟

— ياق، زادىلا ئازمايمەن، ھېلىلا سىرتقى شاۋقۇن قۇلىقىمغا كىرمەس بولىدۇ. ھە، راست، سەن «ناۋايى غەزەللىرى»نى گۈلزادىگە ئالغاچ كىرگىنە. ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە ئەپكىرسەڭ بولىدۇ. بۇنىڭ شۇنى ئوقۇغۇسى بار.

— ماقۇل، قېنى ئەمىسە گۈلزادە، باشلا.

گۈلزادە «دىۋان مەشرەپ»نى ئوقۇشنى باشلىدى. سابىت بولسا كۆچۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇ ئۆزى دېگەندەك ناھايىتى چاپسانلا ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇغان، چۈشەندۈرگەن، تالاش- تارتىش قىلغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىماستىن، ئۆز ئىشىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

نىھايەت ئۇلار ئىشتىن توختاپ، ئابلىمىت قارى خوشلاشماقچى بولغانىدا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. ئابلىمىت قارى ھارغىنلىق بىلەن كېرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:

— ۋاقىت ناھايىتى ئوبدان ئۆتتى. ماڭا قاپ يۇتكۇزەمسەن، كەتمەن چاپتۇرامسەن، ئىشقىلىپ بىكار تۇرماسلىق ئۈچۈن بىرەر ئىش بىلەن تەمىن ئەتكىن، مېنى يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇر، — دېدى ئۇ.

— ياخشىغۇ، ئۇنداق بولسا ئەتە بۇرۇنراق كىر، مەكتەپتىن كېلىپلا ئىشىڭ بولمىسا مۇشۇ يەرگە كىر، ئىككى يوغان كۆتەك بار، شۇنى يارسەن، قوتاننى قۇرۇقدايسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىش چىقىدۇ، — دېدى سابىت چېقىشىپ.

— مەيلى سېنىڭ قولۇڭنى سوۋۇۋېتىش ئۈچۈن بىرەر ئىشىڭنى قىلىشىپ بېرىشكە ھەرقاچان تەييارمەن، دوستۇم، — دېدى ئابلىمىت قارى چىن كۆڭلى بىلەن.

— رەھمەت، كۈتىمەن.

سابىت ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەندە بۈگۈنكى ئىلگىرىلەشلىرىدىن كۆڭلى يايراپ كەتكەن گۈلزادە خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالمىغاندەك ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى:

— مەن بەك خۇشالمەن، سابىت ئەپەندىم، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — چۈشەنمىگەن گەپلەرنى ئابلىمىت قارىكامدىن سورىۋالدىم.

— مەڭگۈ خۇشال بولۇپ ئۆتەرسەن، ئىلاھىم، — دەپ ئەركىلەتتى سابىت.

# يىگىرمىنچى باب

قادىر ھاجى سەللە يۆگىۋالغان، ئورۇق، 45 ياشلار چامىسىدىكى ھېلىقى كىشى بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇراتتى.

— ھاراق ئىچىۋاتقاندا بولىسىمۇ سەللىنى ئېلىۋەتسىلىچۇ، مەخسۇم، — دېدى قادىر ھاجى زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— دەخلىسى يوق، سەللىگە ئىچمىگەندىكىن تۇرىۋېرىدۇ. سىلىنىڭ ھاجىملىقلىرىغا ھاراق پۇتلاشمىغاندەكلا بىر ئىش.

— بۇ زە، ياۋرۇپالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن شەرق ئۆرۈپ ئادىتىنىڭ بىرلىشىشى ئىكەن- دە؟ سىلى غەرپ دۇنياسىنى كېزىپ چىققان كىشى بولغاندىكىن، كاستىيوم بورۇلكا كىيىپ ئەپەندى بولىۋالسىمۇ بولاتتى. سەللە بىلەن مەخسۇم بولىۋالغانلىرى زە...

— ھەر ئىككى ئادەتنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە رولى بار، — مەخسۇم قادىر ھاجىنىڭ مەسخىرىسىنى چۈشەنمىگەندەك ئەستايىدىل جاۋاب بەردى، — شۇنىسى ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇملۇق، سىلىنىڭ بولىشىۋىك ئىكەنلىكلىرىنى كۆپچىلىك بىلىدۇ، ھېچ بولمىسا سوۋېت ئەۋەتكەن ئادەم دەپ بىلىدۇ. ئەمما مېنىچۇ؟ بىلمەيدۇ، ھېچكىم مېنى كوممۇنىست دەپ ئويلىمايدۇ.

— مانا ”شەرق سالاپىتى“ بىلەن تۇرۇپ ”ئىسلام دۆلىتى“ نىڭ جىمىكى ئەمەلدار، قوللىغۇچىلىرىنى ”غەرپ سالاپىتى“ ئۈچۈن ئەرزان سېتىپ بەردىلە. ئەمدى ” غەرپ سالاپىتى“ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوخشىمىغان ”ئىزىم“دىن بىرنى ”شەرق سالاپىتى“ غا سېتىپ بېرەرلىمۇ؟

— ئەگەر ۋەزىيەت تەلەپ قىلسا ئۇنىمۇ قىلىمىز، — دېدى مەخسۇم تۇرىقىنى ئۆزگەرتمەستىن، — بىراق، مېنىڭچە، بىزگە يولنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلمەيدۇ. ”سېتىش “ تا ”ئېكسپورت“ قىلىش ئاساسي ئورۇندا

تۇرىۋېرىدۇ. پەقەت سودا شەكلىدە قىسمەن ئوخشىماسلىق بولىشى مۇمكىن. ھى ھى...

— ئەگەر مۇشۇ ھالەتلەردە سىجاڭ ئاتامغا يولۇقۇپ قالسىلا ياكى ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا ئۇچراپ قالسىلا بالانىڭ تىرىلغىنى شۇ- دە! ”ھۇ لومودى!... “ دېگىنىچە نىمىلەرنى قىلار؟

— ھېچنىمە قىلالمايدۇ، پەقەت بۇندىن كېيىن ئىشەنمەيدۇ، خالاس!

— ئەگەر كېچىسى ئۇچراپ قالسىچۇ؟

— نېمە، سىلى مېنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە بەك باش قاتۇرۇپ كەتتىلىغۇ؟ بۆلەك گەپلىرى يوقمۇ؟ — مەخسۇمنىڭ تەرى تۇرۇلدى.

— خاپا بولمىسىلا، مەن مۇنداقلا چېقىشىپ دەپ قويدۇم. ئىچىسلە، خوش، — قادىر ھاجى ئۆزىنى ئوڭشاپ گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتتى، — سەمەن تەرەپكە ئۆتتىلىمۇ؟

— ھە، ئەلۋەتتە ئۆتۈپ تۇرىمەن - دە، دۇبەن جاناپلىرىدىن تېلېگىرامما كەپتۇ، مەھمۇدنىڭ ئىچكى سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۇنى ئەسكەرلىرى ئالدىدا نوپۇزى يوق قىلىۋېتىش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھازىرقى جەنۇپ ۋەزىيىتىنىڭ شۇنىڭدەك ئۆلكە ۋەزىيىتىنىڭ ھالقىسى. يولۋاسىنىڭ بېشى قاپقاندا، ئۇ خالىغان ۋاقىتتا يەنچىۋەتكىلى بولىدۇ، خوجانىيازنى مەنسۇر ئەپەندى ئايلامباش قىلىۋېتىدۇ، گەپ مەھمۇدتا قالدى. ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، مەھمۇدنىڭ يېقىن ئوفىتسېرلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇتۇپ سىياسىي جەھەتتىن مەھمۇدتىن يىراقلاشتۇرۇشنى بىزنىڭ خوجايىنلىرىمىز ئۈستىگە ئالىدۇ. بىزچۇ؟ سىلىنىڭچە بىز نىمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

— دۇبەن جاناپلىرى شەپە بەرسىلا ئۇنىڭغا بېقىپ تىوغرىلىنىمىز - دە! — دېدى قادىرھاجى ئۆزىگە سۈر بېغىشلىغان بۇرۇتىنى ئىككى تەرەپكە سىلاپ قويۇپ، — بىزمۇ ئۇنى بىر تەرەپتىن قىستايمىز، مۇمكىن بولسا ئوفىتسىرلىرىدىن بىر نەچچىنى سېتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قولى بىلەن...

— بۇ ئىشقا بىرەر ئىشەنچلىرى بارمۇ قانداق؟

— ھاجىز ھالقىلار بار، — دېدى قادىر ھاجى ئۆزىچە سىر بەرمەس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ گىدەيگىنىچە:

— سىر ئەمەستۇر؟

— ئەلۋەتتە سىر. ئۆزلىرىگە مەلۇم، بۇنداق ئىشلارنى مۇناسىۋەتسىز ئادەملەر سوراپ يۈرمەسلىكى كېرەك!

— مېنىڭمۇ پەرىزىم بار، سىر تۇتسىلا تۇتتۇەرسىلە. خوجايىنلارمۇ سەمىتاجىنىڭ مەھمۇدقا غۇمى بارلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ. سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن قۇربان سەئىدىلەرنىڭ مۇھىم ئورۇنغا چىقىشى ئۇنىڭدا ھەسەت قوزغىدى. ئەسلىدە ئۇ بەغەرەز ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ مەھمۇد ئۈچۈن دۈشمەنگە ئايلانغىنىنى ئۇقسا ئاچچىقلانماسىدى، ئەمما بىز خەقتىكى كاللا شۇنچىلىك، خوجايىنلار بىزنى ھەر قىماپ بىلەن مايمۇن ئوينىتالايدۇ - دە.

— دىمەك، خوجايىنلار ئىتتەك ھەممە يەرگە تۇمشۇقىنى تىقىپ يۈرىدىكەن - دە؟ بۇ ئىشقىمۇ ئۇلار ئارىلىشىۋاتامدۇ.

— ئەلۋەتتە، سىلى ئۆزلىرىگە بەك ئىشەنچ باغلاپ كەتمىسىلە، سىلى مانا شۇ كەمگىچە ۋاراق تارقىتىۋاتقانلار ھەققىدە بىر ئۇچۇر ئالالمىدىلا، يوغان گەپ قىلغىدەك سالاھىيەتلىرى يوق، ھازىر جەنۇپنى تۇتۇپ تۇرىۋاتقان كۈچ كىم بىلەملا؟ سىلىمۇ؟ ياكى يېڭىشەدىكى ھارامزادە خىتايمۇ؟ ھى ھى . . .

— دىمەك ”يۇمۇلاق شە“ ئىچىدىمۇ ۋەزىيەت ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ ـ دە؟

— يۇقۇرىدا ئۆزلىرى دېگەندەك، بۇنداق ئىشلار ھەمتاۋاقلار ئارىسىدىمۇ سىر تۇتۇلىدۇ، — مەخسۇم كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— سىرلىرى ئىچلىرىدە سېسىپ كەتسۇن، ماڭا ئۇنى كوچىلاشنىڭ كېرىكى يوق، دېمەكچى بولغىنىم، ھەرىكەتنىڭ ماس قەدەمدە بولىشى ئۈچۈن بىزلەرگىمۇ بەزى ئاخباراتلار بېرىلىشى كېرەك ئىدى ـ دە، مەنمۇ ئۆز يولۇمدا توپلىغان ئاخباراتلارنى بېرىپ تۇرىۋاتقاندىكىن...

— ئاساسىي دىققەت ماھۇتتا بولۇش كېرەك، ھاجىم. ئەپەندىلەرگە قوش سېلىپ ئاۋارە بولغۇچىلىكى يوق. ئەگەر مىلتىقنىڭ دالدىسى بولمىسا ئۇلارغا

كۈچ ئىشلىتىشمۇ كەتمەي، قاششاق خەلقنىڭ تەبىئىي بىسىمى ئىچىدىمۇ بوغۇلۇپ تۈگەيدىغان نىمىلەر ئۇ.

— ئەمما بەزى ئەھۋاللار ئۇلارنىڭمۇ بوش ئەمەسلىكىنى ئىسپات قىلىۋاتامدۇ، يەنى مەسىلەن...

— ھەممىسى بىكار، بىر- بىرىگە سىلىپمۇ كاللىسىنى قايدۇرىۋەتكىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مۆجىزە يارىتىش شارائىتى مامۇتنىڭ كۈچىدىن بولىۋاتىدۇ. مامۇت ئەڭ چوڭ تەھدىت، ئەگەر بۇ تەھدىت ئەپەندىلەرنىڭ ياش باللىرى بىلەن بىرلەشسە بالاغا ئايلىنىدۇ.

— ھەببەللى، مىنىڭ دىگىنىممۇ شۇ ئەمەسمۇ، تەخسىر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسيان كۆتۈرۈش ئەھدى، باغلىنىشى بارمۇ- يوق، بىلىپ تۇرۇش كىرەك ئەمەسما؟

— بۇنداق ئايغاقچىلىقلار سىلەردەكلەرنىڭ ئىشى، مىنىڭ دەۋاتقىنىم چوڭ ئىستراتىگىيە مەسىلىسى، ئومۇمىي پىلاننىڭ ئىشى.

— ئىچەيلى، مەخسۇم، — دىدى قادىرھاجى، ئاندىن مەيدە يانچۇقىدىن سائەتىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى. ئۇ مەخسۇمدىن تىزرەك قۇتۇلۇش كويىغا چۈشتى، — مىنىڭ قۇلاقلىرىممۇ بوش ئەمەس، كۆردىلىمۇ، — دىدى دىققەتنى چالغىتىش ئۈچۈن.

— سىلىنىڭ بوش ئەمەسلىكلىرى ئورتىدا، ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز ئەمەسما، يوغان گەپنى ئاز قىلساق بولىدۇ، — دىدى مەخسۇم زەھرىنى پاتۇرۇپ. ئۇ يەنە قەشقەر كوچىلىرىدا ھەممىشە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ۋاراقلارغا دارىتماقتىدى، — ھە، سائەتكە قاراۋاتىلا، بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىرسى كەلمەكچىدى.

— مىنىڭ بولۇشۇم دەخلى قىلمايدىغاندۇر؟

قادىر ھاجى مەخسۇمنى يامپاشقا چىقارغاندىن بەكمۇ مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ئۇ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— دەخلىسى بار، ئەلۋەتتە. سىلى كىچىك بالا ئەمەسقۇ؟— دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— ئەمىسە مەن كېتەي، — مەخسۇم ئارقىدىن بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدراپ، رومكىدىكى هاراقنى كۆتۈرىۋەتتى- دە، ئورنىدىن تۇردى.

قادىرهاجى ئادەتلەنگەن كۆرەڭلىكى بىلەن جايىدىن قوزغالماي ئولتۇرىۋەردى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلىپ- يېپىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ كېرىلدى. ئەمما ئۇنىڭغا ھەمىشە كۆڭۈلسىزلىك، پاسسىپ ھالەت كەلتۈرىۋاتقان مەسىلىلەر ئۇنىڭ راسا غەزىپىنى قايناتتى. ئەگەر قولىغا چۈشۈپ قالسا چايناپ پۈركىۋەتكۈدەك بولدى. مەخسۇمنىڭ ھەمىشە ئۇنى كۆزگە ئىلمەي، يارىماسلىقتا ئەيپلىشىگىمۇ مانا شۇ ئىش سەۋەپ بولاتتى. ئۇ بۇ ھەقتە يەنە يېڭى پىلان ئويلىماق، يېڭى ئادەملەرنى ئىشقا سالماق كېرەكلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

سىرتتا ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ سالقىن كېچىسى شەھەر ئۈستىگە ئېتەك يايغانىدى. مىس شامداندىكى ئۈچ تال شام ئاقارتىلغان مېھمانخانىنى يورۇتۇپ تۇرغاچقا كەيىپ بولۇشقا باشلىغان قادىر ھاجى ئاللىقاچان ئەلياتقۇ بولغانلىقىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا مەخسۇمدىن ئاھانەت ئىشتەنلىكى قايتىدىن نامايەن بولۇۋىدى، مەستلىكى تارقاپ كەتتى. ئۆز خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا ئۇمۇ خوجايىنلاردىن ھەمىشە دەشنام ئىشتىپ تۇراتتى، شۇڭىمۇ بۇنداق دەشناملارغا كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. بىراق مەخسۇمنىڭ ئۆزىنى ”سەن“لەپ ۋارقىرىشى ھەر قانچە تەسەللى بەرسىمۇ كۆڭلىدىن چىققىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. مەخسۇم كىم؟ ئۇ كىم؟ ھەر ئىككىسى چەنتۇ، ھەر ئىككىسى يالاقچى! ئوخشاش سالاھىيەتتىكى ئادەمدىن ھاقارەت ئاڭلاش قانداقمۇ يۈرەكنى مۇجىمىسۇن؟

ھويلىدىكى تىۋىشلارمۇ جىمجىت ئۆيدىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭلاشقىمۇ ئېغىر دەۋازىنىڭ بىلىندۈرمەي ئېچىلغان ئاۋازى قادىرھاجىغا ئېنىق ئاڭلاندى. بىر كۆلەڭگۇ قادىرھاجىنىڭ ھويلىسىغا

كىرىپ كەلدى. ھەمىشە سەگەك ياتىدىغان خىزمەتكار تېخى كىيىمىنى سېلىپ يېتىشقا ئۈلگۈرمىگەن، ئەمما بەك چارچاپ كەتكەچكە كىيىمى بىلەنلا سۇپىغا قىشىيىپ مۈگدەپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ شەپىنى ئاڭلاپ دەرھال ھويلىدا ئۈندى ۋە مېھماننى پىشايۋان ئالدىدا توختىتىپ، قادىرھاجىغا خەۋەر قىلىپ كىردى. كۆپ ئۆتمەي مېھمان ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىندى.

شام قېشىدا ئولتۇرغان قادىرھاجى كەيپىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى، مېھمان ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنمىدى. ئۇ خوجايىنىنىڭ پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ سۈر باسقاندەك تۇرۇپ قالغان بولۇپ، ئوڭايسىزلىقىنى قاڭشىرىنى سىلاش ۋە باشقا قۇلاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ياپماقچى بولاتتى.

— سەنمىتىڭ، ئەبلەخ! — دېدى قادىر ھاجى تېنىچلىق سوراشمايلا.

— قانداق...ياخشىمۇ سىز؟...

— توختا، جۇر، ئارقامدىن ماڭ!

مېھمان ھەرخىل گۇمانلار بىلەن ئۆزىنى قىيناپ، جان- ئىمانى چىققان بولسىمۇ قادىرھاجىغا ئەگىشىپ ھويلىغا چىقتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك ۋە ئۈزۈمە دەرىخىگە ئىھاتە قىلىنغا ۋادەكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پەلەمپەي بىلەن مەنزەر ئۆيگە چىقىشتى. قادىرھاجى مېھماننى سەرەڭگە يېقىشقا بۇيرىدى.

— دەرىزىدە شام بار، ياق، — دېدى ۋە شام يورۇتۇلغاندىن كېيىن يەنىلا ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن،— مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر، ئەمەس ۋاقىتتا كەلگەندىكىن كۈتۈپ تۇر، مېنىڭ ئىشىم بار، كېيىن سۆزلىشىمىز،— دېدى ۋە مېھمانغا يىرگەندەك بىر قاراپ قويۇپ، ھويلىغا چۈشۈپ كەتتى.

مېھماننىڭ بۇ يەردە تازا ئىچى پۇشتى. ئۇ گاھ دەرىزە ئالدىغا، گاھ سۇپىغا بېرىپ، بىردەم توختايتتى. ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ، شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە قاراپ تۇرغۇسى كېلەتتى- يۇ، قادىر ھاجىدىن قورقۇپ چىقالمايتى. بۇ چاغدا شەھەر ئۇيقۇغا چۆككەن، ئۆيلەر زۇمچەك - زومچەك قەۋرىلەردەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

مېھمان دەرۋازا ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئارقىدىن خىزمەتكارنىڭ قادىرھاجىنىڭ خانىسىنى چەككىنى ئېنىق ئاڭلاندى. مېھماننىڭ كۆڭلىدە تۇيۇقسىز بىر خىل قىزىقارلىق گۇمان پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ھويلىنى كۆرگىلى بولىدىغان يەرگە پەللەمپەي تەۋگە كېلىپ تۇردى. ھويلىمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ ئىدى. قادىر ھاجىنىڭ خانىسىدا يېنىپ تۇرغان شام پەردىلەرنىڭ توسىشى بىلەن ئاجىزلىشىپ، پەقەتكىنە دەرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۈۋرىكىنى باشقىلىرىدىن ئېنىقراق كۆرسىتىپ تۇراتتى خالاس. بىر قارا كۆلەڭگە ئەڭ قاراڭغۇ جايدا تۇراتتى. مېھمان ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئەمما ئۇ ئۆيگە ماڭغىچە گىرىمسەن يورۇقتىن ئۆتەتتى، ئەنە شۇ چاغدا بۇنى جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرىۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا كەلگۈچى ئايال بولىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى قادىرھاجىمنىڭ بۈگۈنكى شىر كەيىپ ھالىتىدىن قارىغاندا ھەم ئۆزىگە شۇنچە يامان مۇئامىلە قىلغىنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنى بىر ئايال!

خىزمەتكار قايتىپ چىقىپ مېھماننىڭ كىرىشكە ئىجازەت بېرىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. قاراڭغۇدا تۇرغان كۆلەڭگە ئاجىز يورۇقلۇقتىن ئۆتكىچە مەلۇم بولدىكى، ئۇمۇ ئەر كىشىدى. ”ئەگەر ئۇنىڭ كۈتىۋاتقىنى ھەقىقەتەنمۇ ئايال بولىدىغان بولسا بۇ تەقسىرنىمۇ قوغلايدۇ، قوغلىمىسا، دېمەك، ئۇ ماڭا قارىغاندىمۇ مۇھىمراق كىشى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ ئاندىن مېنى چاقىرىدۇ...“ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، سۇپىغا كېلىپ يامپاشلىدى. قادىر ھاجى بولسا ئۆزىگە خاس جىددىيلىك، كەسكىنلىك بىلەن ئىككىنچى مېھماننى كۈتىۋېلىپ، قوپاللىق بىلەن گەپ باشلىغانىدى.

— خوش، توختاخۇن، نېمە يېڭىلىقلار بار؟— دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن. توختى زۇنۇن بۇ خانىدانىنىڭ رەسمىگە مۇۋاپىق ئۇدۇلدا ئۆرە تۇراتتى.

— جۈجاڭ ئاتىمىزغا سالام بەرگەچ، يېڭى ۋەزىپە بارمىكىن، تەمىنلەيدىغان قانداق يىپ ئۇچلىرى بارىكىن دەپ كەلگەنتىم...

— ماڭا دەيدىغىنىڭ يوقمۇ؟

— دەيدىغان گەپلىرىم مانا، — توختى زۇنۇن ئۆزىگە خاس ھېجىيىش بىلەن  بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى قادىر ھاجىغا ئۇزاتتى.
— ھە، ھەممىسى مۇشۇمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولسا يېگى ۋەزىپە شۇكى قايتىپ بارغىنىڭدىن كېيىن ئاۋۇلارنىڭ سېپىنى پارچىلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىل، چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قانچە مۇھىم ئادەمنى سېتىۋېلىش كېرەك! ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكى يىقىلغاندا ئۇلارمۇ ئۆز ئىچىدىن خامتالاشقا چۈشىدىغان بولسۇن!
— مەمتىلىنى مەغلۇپ قىلىش...؟ ئۇنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى ئاجايىپ، غۇمى بارلانىمۇ ئىبغىز ئاچالمايدىغان قىلىۋېتەلەيدىغان تۇرسا، سېتىۋالغان ئادەملەر بۇ ئىشنى قىلالامدۇ...
— ھېچ بولمىسا سەن چاچقان نىزاھ ئۇرىقى شۇ ئەپەندىنىڭ يوقلىشى بىلەنلا ئۇنۇپ چىقىدىغان بولسۇن! ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قاششاق خەق يەنە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتسۇنكى، ھېچ ئىشى ئاقماي قالسۇن.
— بولىدۇ.
— ئەمما سەن لامزەللە، تولىمۇ ئاستا ئىش قىلىسەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ قۇلاقلىرىمىز بولسۇن دەپ تاپىلىغلى نىكەم، قېنى؟ ھازىرغىچە گەپ يوق!
— بار، مەن بىر ئوقۇغۇچى تاپتىم دېمىدىممۇ، ئۆزىمىزنىڭلا بالىسى، دېگەندىمغۇ، دەيمەن؟...
— دېسەڭ، دېمىسەڭ، ئوقۇغۇچى نېمىنى بىلىدۇ! ئەپەندىلەرنىڭ ئۇنى مەسلىھەتلىرىگە چىللاپ بارامدۇ يا؟
— مۇنداق گەپ، ئاشۇ ھېلىقى بالا، ... دېگىنىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپتىكەن. سابىت دېگەن ياش ئەپەندىگە ئۆزى دوست قىلىپ قويۇپتۇ. سابىت دېگەن مەمتىلىنىڭ ھەممە مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ تۇرىدىغان يېقىن شاگىرتى. بايا سىزگە بەرگىنىمنىڭ ھەممىسى سابىت ”دوستىغا“ سۆزلەپ بەرگەن ئىچكى ئەھۋاللار. مېنىڭ ئۇ قۇلىقىم

مەمتىمىننىڭ ھېلىقى ۋەقەسىدە قەھرىمانلىقى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتتى، ئەمدى ئۇ قۇرۇتتەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىدۇ، ھەر ھالدا...

— ھە، مۇنداق دە! ياخشى، ياخشى! ئۇ ئادىمىڭگە ھەر بىر ئېغىز گېپى ئۈچۈن پۇل تۆلەپ تۇر، ئۇ تازا قىزىقسۇن.

— ئۇ پۇلغا قىزىقماتتى دەيسىز، تۇغۇلۇپلا گازىر ساتقىلى تۇرىدىغان، يا بولمىسا سۇنى بوياپ ساتىدىغان خەق تۇرسا.

— دېمەك،... سەن خامكاللا ئۇ نېمەڭنىڭ ھېلىقى ”دوستى“نى راستلا مۇھىم ئادەم، ھەممە سىرلاردىن خەۋەر تاپالايدىغان ئادەم دەپ ئويلامسەن؟

— قەسەم قىلالايمەن!

— شۇنىڭ ئۆزىنىلا سېتىۋالساقچۇ؟

— خۇداغا ئامانەت دەڭ، جۇجاڭ، ئىش بۇزۇلىدۇ! — دېدى توختى زۇنۇن قول ۋە باش ھەرىكىتىنى تەڭ ”ياق“ دېگەنگە كەلتۈرۈپ،— مەمتىلى ئەپەندى قانداق جاھىل، گېپىدىن يانماس دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇنىمۇ شۇنداق ھېساپلاۋېرىڭ.

— ھە، بولدى، ئەمىسە شۇ بولىدىغان بولسا بولاۋەسۇن، گەپ تۈگىدىمۇ؟

— تۈگىدى.

— ئۇنداق بولسا ئاقىۋەتلىك بول،... قادىر ھاجى ئارقىسىغا ئۆرۈلىۋاتقان توختى زۇنۇنغا قاراپ، بىر نەرسە يادىغا يەتكەندەك، — ھوي،— دەپ قالدى ۋە ئىزىدا توختىغان مېھمانغا، — سەن قاچان كېتىسەن؟

— ئەتە كېتەرمەن...؟

— ياق، ھازىرلا ماڭ، خەق سېنى ئاتۇشنىڭ بوسۇغىسىدىن چىقمايۋاتقاندەك كۆرسۇن. بۇندىن كېيىنمۇ كەلسەڭ ئەلياتقۇدا كەل ۋە تەڭ ئاتقۇچە يەنە ئۇۋۇاڭغا بېرىۋال.

— بولىدۇ.

— ئەمىسە ئاقىۋەتلىك بولسۇن.

— قادىرھاجى توختى زۇنۇننى ھەيدىگەندەكلا ئارقىسىدىن چىقىپ ھويلىدا توختىدى. توختى زۇنۇن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن

دەرۋازىنى تاقىغان خىزمەتكارغا بالخانىدىكى مېھاننى چاقىرىپ چۈشۈشىنى ئىشارەت قىلدى.

— سەن ئەبلەخ مېنى ئاۋارە قىلىپ تۈتامسىز گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىسەن، مەخسىدىڭ پۇل! ساراڭ بەڭگى! — قادىر ھاجى مېھمانخانىغا كىرە-كىرمەيلا مېھمانغا شۇنداق ۋارقىرىدى. مېھمان پەگادا چىپپىدىلا توختىدى، —ھە، نېمە گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟

— مەمتىلى ئەپەندى كەلگەنىكەن، "ھىلال ئەھمەر"دە ئولتۇرۇشتى. مەندىن باشقا يۇسۇپ، نامان، مەجىددىن، تۇرغۇن، شەۋقى، ھەم يۇسۇپنىڭ بىر نەچچە چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى. يەنە ھېلىقى ئابدىنىياز دېگەنمۇ بار. ئۇ يەنە ھېلىقىدەك يامان ئەلپازدا، مىجەزى شۇنچىلىك ئىتتىك، خۇددى ئوقتەك ئېتىلىشقا تەييار...

— بولدى، بولدى، ھىكايىنىڭ كېرىكى يوق! ئۇ شۇنداق بولغاچقىمۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە يامان تەسىر بەرمىسۇن دەپ قۇربان نىيازنىڭ كۇرىسىغا ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇ چوڭ نەرسە ئەمەس، يامىنىغا كەلسە "ۋاڭ" قىلىپلا قويىمىز تۇگەيدۇ،— قادىر ھاجى ئاددىلا بىر مەسىلىنى سۆزلەتقاندەك قولىنى شىلتاپ قويدى،— بۇنداق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ. بىزگە كېرىكى، ئۇلار مەھمۇدلارنىڭ ھەرىكەت پىلانى ھەققىدە نېمىلەرنى دەپ قالدۇ، شۇنىڭغا دېققەت قىلىدىغان ئىشتى، ئۇلارنىڭ بىرەر ھەرىكەت قوزغاش ياكى مەھمۇد قايتا قوزغالسا ماسلىشىش ئويى بارمۇ- يوق، مانا شۇ! ئەمما سەن بەڭگىنىڭ ئىشنى بۇزغىنىڭنى بىلىپ بولدۇم! تايىنى يوق چاغدا خۇمارىڭنىڭ تۇتۇپ كېتىشى، سالاھىيىتىڭگە گۇمان چۈشۈرۈپتۇ. ئەمدى سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشقا يارىمايسەن! خوش، ھاجى بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

— كۆرۈشتۇم.

— ئەمىسە شۇ گەپنى قىل، مۇھىمى شۇ.

— ئۇنىڭدا نارازىلىق بارلىقى ئېنىق بولدى. ئۇ قۇربان نىيازدىنمۇ، قۇربان سەئىدىنمۇ زېرىككەنلىك ئىكەن. ئابدۇللا داموللىنىمۇ يامان كۆرىدىكەن. بىراق...

— نېمە بىراق؟
— ئۇنى سايە قىلىدىغان ئىشنى ھازىرلا ئېيتىشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. باشقىچە گۇمانغا كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئېغىز ئاچمىدىم.
— ئالدىرىما، ۋاقىت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇنى نېرىدىن ئايلاندۇرۇپ قورقۇت. مەسىلەن: شىڭ دۇبەن سىجاڭدىن ئانچە رازى ئەمەس ئىكەن، ھامان بىر كۈنى ئارىسى بوزىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا يېقىن بولغانلارنىڭمۇ ئىشى چاتاق دېگەندەك گەپلەرنى قىل، ئۇنىڭغا مەدەت بولىدۇ، خىزمەت كۆرسىتىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش خىيالى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدا تاللاش ئىمكانىيىتى قالدۇرماسلىق ئۈچۈن قۇربان نىيازدەك سوۋېتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سوۋېتكە بېقىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئورۇسلار قانات ئاستىغا ئالىدۇ، باشقىلارنىڭ ئىشى تەس، دېگىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا- قازاغا چوڭراقلاردىن مەنلا ئۇچرايدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ، جەزمەن ھەرىكەت قىلىدۇ، ھېچ بولمىسا پولكىنى ئېلىپ ماۋتىتىن ئايرىلىپ قېچىپ كېتىدۇ.
— بولىدۇ، — دېدى ئىگىز بويلۇق مېھمان قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ قويۇپ.
— ئىنتايىن ئۇستىلىق ئىشلەت: خىتايلارنىڭ 36 ھىلىسىنى بىلىسەنغۇ؟ شۇ خەقنىڭ كىتاپلىرىنى كۆپ ئوقۇغان نىمىغۇ سەن؟
— ھەئە، چاتاق يوق.
— ئۆگىتىشىمنىڭ ھاجىتى يوقكەن- دە؟ قادىر ھاجى كەيپى تارقاپ، كاللىسى سەگەكلىشىپ قالغان، بىراق تۇرۇپ-تۇرۇپلا زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. شۇڭا بالدۇراق كەتكۈزۋېتىش كويىدا دەيدىغاننى دەپ بولدۇممۇ قانداق دەپ ئويلىنىپ قالدى،— دېمىسەممۇ بىلىپسەنغۇ، ۋەزىپە مۇھىم، ئەمما يەنە ئىشتانغا شاخىنا قويۇپ، ھەممە ئىشنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرما ساراڭ بەڭگە! — دەپ قوشۇپ قويدى.
— بىلدىم، — دېدى مېھمان.

— ئاۋۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا چاقىرمىسىمۇ سۆرۈلۈپ بېرىۋالما، ئۆزەڭنى ئاشكارىلىغاننىڭ تاشايىنىدا ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن. چاقىرسىمۇ گاھىدا ئەتىۋارلىق قىلىپ بارماي قوي. ئۇ يەردىكى گەپ- سۆزلەرنى سەندەك ساراڭ بەڭگىسىزمۇ ئۆزۈم ئەپلەشتۇرۇپ كېتىمەن، يەنىلا مېنىڭ قۇلىقىم ئۇزۇن.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە.

— ئۇ سولتەكلەر قۇرۇق گەپنى جىق قىلىشقىنى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە بىرلا سائەتتە يىغىشتۇرىلىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىگە پاكىت تويلاشىقىمۇ ھاجەت يوق. ئۇلار تۇتۇشقا تېگىشلىك، بۇ ئېنىق! مۇھىمى ماموت! مامۇت يىقىلسا ئەپەندىلەرنىڭ ئىشى بىردەملىك ئىش! بۇندىن كېيىن ئەپەندىلەرنىڭ ئىشىغا كەم ئارىلاش!

— بولىدۇ، — مېھمان ئۆزىنىڭ ئەپەندىلەر ئارىسىدا گۇمانغا قالغانلىقى ھەققىدە قادىرھاجىنىڭ خەۋەر تېپىپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. «تىوۋا، يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدۇ» دېگەندەك ئىشقۇ بۇ؟ دېمەك تونىنىڭ ئىچىدە مەندىن باشقا قۇلاقلىرىمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى.

— ئەمىسە ياخشى چۇش كۆر!

مېھمان قادىرھاجىغا ئەيمەنگەندەك قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. قادىر ھاجى دەرۋازىنىڭ ئېچىلىپ، يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلانغىچە ئورنىدىن قىمىرلىمىدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## 1

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى شەۋقى خەۋەر قىلغىنى ئۈچۈن ئۇ نېمە گەپلىكىنى ئېنىقراق ئۇقۇپ بېقىش نىيىتىدە شەۋقىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— نېمە گەپلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، سىلىنى باشلاپ ئايرىم بىر كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى. بەلكىم موھىم بىر گېپى باردۇ، كەلگەنلىرى ئوبدان بوپتۇ، ئىككىمىز بىللە باراتتۇق ئەمەسمۇ، شۇڭا سىلىنى ماڭا قارىماي كېتىۋېرەمۇ دەپ دەككە ـ دۈككە بولۇپ ئولتۇراتتىم.

— ئۇنداق بولسا جابدۇنۇڭ، تېزرەك بارايلى، — دېدى تەۋپىق، يانچۇق سائىتىگە قارىۋېتىپ، — مەن ھويلىدا ساقلاپ تۇراي.

شەۋقى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ ناھايىتى ئۇزاق يۇتۇپلا كەتتى. ئەزەلدىن ئەسكەرچىسىگە تېزلىككە ئۆگەنگەن تەۋپىققە بۇ ھال تازا ئېغىر كەلدى. بۇۋاي ئەسلىدىمۇ ناھايىتى ئۇزاق جابدۇيتتى. بۈگۈن سىجاڭنىڭ كۆرۈشمەكچى بولۇشىدىن كۆڭلىگە ھەرخىل گۇمان كېلىپ، تېزرەك بېرىپ بېقىشقا ئالدىراۋاتقاچقا تېخىمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. تەۋپىقنىڭ سەل سەۋرىسى تېشىپ، ھويلا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ جىلى بولۇپ تۇرغاچقا ئاخىرقى ھېساپتا جابدۇنۇپ بولۇپ بوسۇغىدا پەيدا بولغان شەۋقىغا قېيداش ئارىلاش:

— نېمە بولدىڭىز، ئۇستاز؟ تويغا جابدۇغاندىنمۇ تەس بولدىمۇ قانداق؟

— دېدى.

— سىلىنى تازا ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمىسىلە، — دېدى شەۋقى خىجىل كۈلۈمسىرەپ. شۇنىڭ بىلەنلا جىلىچىلىكى تارقاپ كەتكەن تەۋپىق:

— نېمە گەپ بۇ؟ سىز ھەمىشىلا شۇنداق ئۇزاق جابدۇنىسىز، شۇنداق ئەستايىدىل، خۇددى قىز كۆرگىلى بارىدىغاندەك؟ — دېدى.

— بولۇپمۇ سىجاڭنىڭ ئالدىغا بارىدىغان چاغلاردا، دېسىلە، — دەپ تولۇقلىدى شەۋقى كۈلۈمسىرەپ، — ۋاي ي، نېمىسىنى ئېيتىلا ئىنىم، سىجاڭ بىزنىڭ ساڭگىل ـ سۆڭگۈل بېرىشىمىزنى ياقتۇرمايدۇ. مەنغۇ ئەزىلى شۇنداق مىس- مىس، قەشقەردىكى بىلەمەنلە ھەرزامان سىجاڭغا سالامغا بارماقچى بولسا ھەممىسى مانا شۇنداق جابدۇيدىغان بولۇشتى.

— ياخشىغۇ. مۇشۇنداق ئۆزىنى تۈزەپ يۈرگەنغۇ ياخشى، بۇنىڭدا يەنە باشقا ئالاھىدە سەۋەپمۇ بارمۇ؟

— بار، بولمامدىغان، — دېدى شەۋقى قالغان چالا پەدىزىنى ھويلىغا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىپ، ئۈستىبېشىغا ئەتىر چېچىپ تۇرۇپ، — كەلسىلە، سىلىنىڭ ئۈستىلىرىگىمۇ سېپىپ قوياي، بۇ سىلى ئىشلىتىدىغانغا ئوخشىمىسىمۇ، — تەۋپىققە ئەتىر چېچىۋېتىپ داۋام قىلدى، — سىجاڭ بىر قېتىم كىر كىيىملەر بىلەن، ئەبگا تۇرقىنى تۈزىمەي بارغاندىن بىرىنى تىللاپ ھەيدەپ چىقارغانىكەن. بىزگە گەپنىڭ ئوچىقىنى قىلىپ، ”يۇمۇلاق شە دېگەندە نەچچە مىللەتنىڭ ئادىمى بار، مۇرەككەپ بىر يەر، سىلەر بولساڭلار خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئادەملىرى، ئاڭلىق، ئۇقۇمۇشلۇق تەبىقىسى، بۇ يەرگە مەدىنىي ئادەملەردەك كەلمىسەڭلار بولمايدۇ، مىللەتنىڭ ئابروينى چۈشۈرىسىلەر، مىللەتنىڭ ئۇقۇمۇشلىقى مۇنداق بولسا قالغىنى نېمە بولماقچى، دەيدىغان تونۇش پەيدا قىلىپ قويىسىلەر، شۇڭا ناھايىتى دىققەت قىلىڭلار“ دەپ ئالاھىدە تاپىلىغان تۇرسا، دىققەت قىلمىساق قانداق بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قالتىس ئادەم جۇمۇ، سىجاڭ. بولدىڭىزمۇ؟ كەتتۇقمۇ؟ — دېدى تەۋپىق شەۋقىنى يەنە چالاڭ قالمىغاندۇ دېگەندەك قىلىپ، ئاندىن ھويلىدىن چىقىۋاتقاندىلا، — يېڭىلىقلاردىن سۆزلىگەچ ماڭايلى، — دېدى.

ئۇلار رەسىملەردىكى دۇككانلارغا دىققەت بۆلمەستىن ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولۇپ، يولنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىن كېلىشەتتى. ئۇلار سىجاڭنىڭ مىللىي ساپاغا دىققەت قىلىشىدىن باشلانغان پاراڭلىرىنى داۋام قىلىپ بارا- بارا قىش يېقىنلىشىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئالتىنچى دىۋىزىيىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر بولۇۋاتقىنى ئۈستىگە كېلىپ توختىغاندا شەۋقى ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان قىشلىق كىيىم- كېچەكنى كېچىكتۈرىۋاتقانلىقىنى، باشقا تەمىناتلاردىمۇ بەك سىقىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلىۋاتقانلىقىنى، سىجاڭنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى بەك غەمگە قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى.

— بىر كۈنى قىزىل دۆۋىدىن توختاجى بىلەن كېلىۋاتاتتۇق، قۇم دەرۋازا تەرەپتىكى ھىندىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا سىجاڭغا ئوخشاش بىرسىنى كۆرۈپ قالدۇق. ھوي، ئۇ يەردە سىجاڭ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ھىندىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا نېمە ئىشى باردۇ؟ دېدىم مەن. توختاجى باشقا بىرسى بولسا كېرەك، ئوخشىتىۋاتقانلا، دېدى. ئەمما يېقىنلاپ كېلىپ قارىساق راست سىجاڭ ئىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ بەك خىجالەت بولغاندەك قىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق بىر ھالىتىنى كۆرمەپتىكەنمەن، كۆڭلۈمگە يەتمىگەن خىياللار يەتتى. بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ، دەپ ھەيران بولدۇم. سىجاڭ تازا قولاشمىغان ھالدا گەپ يومزاپ، مەن ھاۋا يەپ يۈرەتتىم دېدى، ئاندىن بىزنى ۋاقتىڭلار بولسا ماڭا مېھمانغا كېلەرسىلەر دەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن توختاجىغا قارىدىم، سىلى سىجاڭغا دىققەت قىلىلىما؟ نېمە بولغان بۇ ئادەمگە؟ دەپ سورۇدۇم. توختاجى سىجاڭنىڭ غېمى كۆپ، خاپىلىقتا شۇنداق، دەيدۇ. نېمە خاپىلىق؟ ياردەم كېرەك بولسا بىزگە دېسە بولمامدۇ؟ دېدىم مەن تەخىرسىزلىنىپ. توختاجى سەل سۈكۈتتىن كېيىن ماڭا ئۇ بېچارىنىڭ ھازىرقى ھالىنى دەپ بەردى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى بوشاشتۇرىۋېتىش ئۈچۈن تەمىناتنى ئازايتىش، كېچىكتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىۋاتقىنىنى، بۇ ئىشنى ۋاقتلىق ھەل قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن تۇرپاندىكى بىر قىسىم يەر- زېمىنلىرىنى ساتقانلىقىنى، ئېيتىپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ ھىندىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا

تۇرىشىمۇ چوقۇم قەرز سوراش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ چوقۇم بىر مۈلكىنى گۆرۈگە قويماقچى بولسا كېرەك، دېدى.

— توختاجى باي بولغاندىكىن بىر ئاز ياردەم قىلماپتىمۇ؟

— بىر قېتىم ياردەم قىپتۇ. ئەمما سىجاڭ ناھايىتى ئىچى كۆچلۈك ئادەم بولغاچقا قايتا سورىمىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توختاجى مەكتەپلەرگە كۆپ ياردەم قىلىۋاتقاچقا ئۇنىڭ كۈچىنى خورىتىشنى خالىمىسا كېرەك.

بۇ گەپلەردىن تەۋپىقنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئەمما قولىدىن ھېچقانداق ياردەم بېرىش كەلمىگەچكە تېخىمۇ ئازابلاندى.

— شۇ ئىشقا ئالاقىدار گېپى بارمىكىنە؟

— ئىككىمىزنى چاقىرتىشى بۇنىڭ ئۈچۈن بولمىسا كېرەك، چۈنكى بىز باي بولمىغاندىكىن بۇ جەھەتتە ياردەم قىلالمايدىغىنىمىز ئۇنىڭغا ئايان.

— دۇرۇس،...

— يەنە چەتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىدىغان ئىشتىمۇ بەك جىنى سىقىلغان بولسا كېرەك. سوۋېتكە چىقىرىشقا قارشى تۇرۇپ بۇ ئىش ئەپلەشمىگەندىكىن ئازاپلىنىشى بىر سىرى، ئوقۇغۇچىلارغا ئازدۇر- كۆپتۇر بىر نېمە بېرىپ يولغا سېلىش نىيىتى بولغان بولسا، قولى قىسقىلىق قىلىپ، تازا ئىچى تىتىلداۋاتقان بولىشىمۇ بار گەپ.

— توغرا، ئاستا- ئاستا كېرەكتىن چىقىرىشىدا گەپ يوق، ھەر ئىش بولسا ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئامانەت دەڭا، ئىشقىلىپ،...

ئۇلار يۇمۇلاق شە ئالدىغا كەلگىچە بۇ ھەقتىكى قايغۇلىرىنى سۆزلىشىپ كەلدى.

## 2

ئۇلار گۈللباغقا كىرىپ كەلگەندە ئىشتاپ ھويلىسىدىكى لاپاسلىق سۇپىدا ئوفىتسېرلار ۋە رۇس مۇشاۋۇر ئەسكەرلەرنىڭ مەشق ھەركىتىنى كۆرۈپ

تۇرىشاتتى. ئۇلار گەپ ـ سۆزسىز ئۆتتۇپ كېتىشنى ئوڭايسىز بىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار قەستەن كۆرمەسكە سالدىمۇ ياكى ھەقىقەتەن دىققىتى مەيداندا بولغاچقا ئۇلارنى سەزمىدىمۇ، ھېچكىم ئۇلارغا دىققەت قىلمىدى. ئۇلار بۇ ھالدىن تېخىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. يېڭىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ كەلگەن قۇربان نىياز مەيداندىكى ئەسكەرلەرنى چۆكۈرۈپ، مەسخىرە قىلىپ، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرگەن ھالدا بىر نېمىلەر دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ پەقەت شۇ سۆزلىرى ئۇلارغا ئۇقۇلدى:

— تەربىيىلىنىشى ياخشى ئەمەس، قىزىل ئارمىيىنى ئالىدىغان بولساق...

— بولدى شۇڭ قويۇڭ، — دەپ سالا قىلدى قۇربان سەئىدى پىچىرلاپ،

— بۇلار شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ قىزىل ئارمىيە ئەمەس!

— سىز بەك ئاشۇرىۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟ — دېدى سەمىتاجى تەرىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ كىمگە قارىتىپ دەۋاتقانلىقنى بىلگىلى بولمايتى، — مۇئاۋىن سىجاڭ بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟!

— پىكىر بېرىۋاتىمەن....

— بەس! كېرىكى يوق!

— [1] Что они говорять? — دېدى رىبالكىن تەرجىمانغا بۇرۇلۇپ.

تەرجىمان پىچىرلاپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، رىبالكىن سەمىتاجىغا غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ باش چايقىدى. بۇنى كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا كۆرۈپ تۇرغان سەمىتاجىنىڭ شۇئان رەڭگى تاتىرىپ كەتتى ۋە مەشىققە كوماندا بېرىۋاتقان مەشقاۋۇلغا قاراپ كەيپسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— بولدى قىلىڭلار!

---

[1] ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ (رۇسچە)، — ئا.

ئەسكەرلەر تارقاۋاتقان چاغدا تەۋپىق، شەۋقى ئوفىتسېرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر- ئىككى ئېغىز ئەھۋال سوراشتى- دە، سىجاڭنىڭ كابىنىتىغا قاراپ مېڭىشتى. تەۋپىق بىلەن ياندىشىپ ماڭغان ئابدىنىياز ئۈنىڭغا:
— كەچتە قەيەردە بولىسىز ئەپەندىم؟ — دېدى.
— كەچتە كېتىمەن.
— ئەتتەڭ، تۇرۇپ كەتسىڭىز ئوبدان بولاتتى، سۆھبەتتىڭىزدە بولساق.
— ئەمما پات ئارىدا يەنە كېلىمەن، — دېدى تەۋپىق.
مېھمانلار ئىشىك تۈۋىدە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ مۇلازىم ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ سىجاڭغا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى سورىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ مېھمانلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. توختاجى شۇ يەردە ئىكەن.
مەھمۇد مۇھىتى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىراقسانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان ئىشتاپ باشلىقى ئىدرىسغا:
— ئەمدى دەم ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەنمۇ مېھمانلار بىلەن ياتاققا چىقىپ كېتىمەن، — دېدى ۋە مېھمانلارغا بۇرۇلۇپ، — چۈش بولۇپ قالدى، مېنىڭ ياتىقىمغىلا چىقايلى، يۇرۇڭلار، — دەپ مېھمانلارنى باشلاپ ماڭدى. تاشقارقى بۆلۈمدىكى مۇلازىم ئەسكەرگە، — سىز بېرىپ مېھمانلارغا تاماق ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.
ئۇلار مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۇزاققىچە ئارىنى سۈكۈت باستى. مۇلازىم ئەسكەر تاماق ئېلىپ كەلدى. (مەھمۇد مۇھىتى ئادەتتە ئەسكەرلەرنىڭ ئاشخانىسىدىنلا تاماق يەيتتى). ئۇلار شۇ چاغقىچىمۇ نېمىدۇر بىر نەرسە ئۆزلىرىنى سىقىپ تۇرغاندەك سۈكۈتتە تۇرۇشقانىدى، سىجاڭ ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ:
— قېنى مېھمانلار، مەرھەمەت قىلىشسىلا، ئەسكەرلەر تامىقى لايىقىدا بولمىسىمۇ، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن، — تاماقتىن كېيىن پاراڭلىشارمىز. سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلار زىق ئەمەستۇر؟ ماڭا كۆپ بولغاندا ئىككى سائەت ۋاقتىڭلارنى بەرسەڭلار يېتىدۇ، — دېدى ئۇچۇق- يورۇق بولۇشقا

تىرىشىپ. توختاجىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئەتتىگەنكىگە قارىغاندا بىر ئاز ياخشىراق كۆرۈنەتتى.

توختاجى ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئاشۇ نازۇك ئۆگىرىشنى بايقىۋالدى. ئۇنىڭ خېلى ئېچىلىپ قېلىۋاتقىنىنى تەۋپىققە بىلدۈرگەن توختاجى ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى چىرايى ئېچىلمايۋاتقىنىنى ئەسكەرتتى. تەۋپىق دەرھال بۇنىڭغا كۆڭلىدە تەبىر بېرىپ، ئەگەر شەۋقى دېگەندەك ئۇنىڭ ئەھۋالى قەرز ئېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بولسا، دېمەك ئۇ قەرزنى ئالالىغان بولسا كېرەك دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن بۇ ئاخىرقى چارە ئەمەسىدى. شۇڭا تەۋپىق گويا ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر يېرى جاراھەتلەنگەندەك چوڭقۇر ئازاپ ھېس قىلدى. ئاشۇنداق ھېسداشلىق ھېسياتى بىلەن سىجاڭغا پات- پاتلا قاراپ قويۇۋىدى، سىجاڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئارتۇقچە تەشۋىشتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن گەپكە سېلىپ:

— نېمە ئانچە شۈك بولۇپ كەتتىڭىز؟ قېنى سىزنىڭ جۇشقۇن، روھلۇق كەيپىياتىڭىز؟ كۈلكە- چاقچاقلىرىڭىز؟ ھاجىم، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، مەمتىلى ئەپەندى توي قىلغاندىن كېيىن خېلى خوپ سۈندىمۇ قانداق؟

بۇ گەپ بىلەن تەۋپىق دەرھال ئىچكى ئازاپلارنى نېرى چۆرۈۋېتىپ، دائىمى خۇشخۇيلىقىغا قايتتى، دە چاقچاق قىلدى.

— مەنغۇ توي قىلغاندىن كېيىن شۈكلەپ كېتىپتىمەن، سىزچۇ؟ سىز يەڭگىمىزنى سېغىنىپ شۈكلەپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ئەلبەتتە، ئەلبەتتە، — دەپ كۈلدى سىجاڭ.

ئەمما كۈلكىنىڭ تېگىدىن بىر خىل ئازاپ بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق ئەمەستۇر، سىجاڭ؟ — دېدى تەۋپىق جىددىيلىك بىلەن، — ئېنىق بىلمىسەكمۇ ھەر ھالدا ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمىز.

سىجاڭ داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا مۇلازىم ئەسكىرىنى چاقىرىپ، ياكى ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكىچە جىم ئولتۇردى. ئاندىن كۆزىنى بىر نوقتىغا تىككەن ھالدا:

— شۇنداق، دوستلار..... — دېدى ئارقىدىن ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ تامدىكى گۇاڭشۇينىڭ 36- يىلى ئېلىنغان قەشقەر رايونىنىڭ خەرىتىسى ئالدىغا بېرىپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، خەرىتىگە قارىغانچە، — مەن باشتىلا بولىشىنى پەرەز قىلغانىدىم، .... — دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇ چاغدا ياتاقتا قۇربان نىياز كىرىپ كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ:

— ئىش بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قۇربان نىياز مەڭدەپ قالدى. خىجىل بولغىنىدىن بىر مەھەل نېمە دەرىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن:

— بىر ياقتا چىقمايدىغانسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، قانداق؟

— توختاجىملار سىزنى بىر ياقتا تەكلىپ قىلىپ كەلدىمىكىن دېگەنتىم...

— شۇنداق بولسا نېمە قىلاتتىڭىز؟

— مۇشاۋۇر سىجاڭ بىر ياقتا چىقسا مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇڭ، ھەمرا بولىمەن، دېگەنتى....

— ھە، مۇنداق گەپ ئىكەن ـ دە! خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ مۇشاۋۇرىڭىز ھەم خاتىرجەم بولسۇن، مەن ئۇ كىشىسىز قانداقمۇ بىر يەرگە ماڭاي!؟

— ئەمىسە مەن چىقاي...

مەھمۇد مۇھىتى ئۇنى كۆز نۇرى بىلەن ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ قېشىغا قايتىپ:

— كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئەھۋال ئەنە شۇنداق، — دېدى ئويچان يوغان كۆزلىرىنى دوستلىرىغا بىرمۇ- بىر تىكىپ. راۋۇرۇس كىيگەن گېنېرال مايرۇرلۇق ھەربىي فورمىسى ئۇستىدىن باغلىغان كەمىرىدىكى تاپانچىنى ئارقىغىراق سۈرۈپ قويۇپ، — ئۇنىڭچە بولسا بۇ يەردە ئولتۇرغىسى بارىدى، بىراق قارشى ئېلىنمىدى. راست دەپتىكەن دەيسىلەر، ھېلىغىچە باشقىسى كىرىدۇ، — ئۇنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى ۋە ئىشك تەرەپكە قاراپ

تاشقارقى ئۆيدىكى مۇلازىم ئەسكەرنى چاقىردى ۋە — مەن مېھمانلار بىلەن بىللە بولىۋاتىمەن، ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭ، ھەتتا مۇشاۋۇرنىمۇ! — دېدى.

— خوپ! — مۇلازىم ئەسكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن بۇلتۇر ئەتىيازدىلا ھاجىمنىڭ رەئىس بولىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ 6-دېۋىزىيىگە قوماندان بولۇپ دۆلەت ئارمىيىسى قارمىقىغا ئۆتۈشۈمگە رازى ئەمەسىدىم. بىز خەلقنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى جىم- جىتلا يەنە ئۆزىمىز قارشى تۇرىۋاتقان تەرەپنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنغا ئايلىنىپ قالدۇق. ئەجەبا، بىزنىڭ شۇنچە قۇربان بېرىشىمىز رەئىس دېگەن قۇرۇق ئاتاق بىلەن سىجاڭ دېگەن نامنى ئېلىش ئۈچۈنمىدى؟ مەن شۇ چاغدىلا ھاجىمغا بۇ ئىشنىڭ بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى، ئورۇس ئارىلاشقان ئىشقا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شىڭ دېگەن مۇناپىق ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن بىزنى يەنە بىر- بىرلەپ يوقۇتىدىغانلىقىنى ئېيتقانتىم. بۇنداق ئالدامچىلىق تارىختا ئاز بولدىمۇ؟ بۇنداق ئالدامچىلىقنى زورۇڭتاڭمۇ، ياڭ زىڭشىڭمۇ قىلغان. زورۇڭتاڭ ”كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋالغىچە ئىشكىم نەزرە“ دېگەندەك، ياقۇپبەگ ئورۇش تەييارلىقى ئۈچۈن يىغىۋالغان ئاشلىق ئامبارلىرىنى خەلققە ئېچىپ بەرسە،ساددا خەلقىمىز چاچاڭ قۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالغانىدى، ھەتتا ئۆزلىرى ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ھەمدەم بولۇشقانىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار ”پادىشاھ زالىم بولار، ياقۇپبەگدىنمۇ زالىم بولماس“ دەپ شۇنداق قىلىشقان (سەۋرىسى يوق بىچارە ئەل!)، ئاخىرىدا ئۇ تولۇق غەلبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، رەھىمسىز ئۆچ ئېلىشقا كىرىشىپ قانچە مىليون خەلقنى قىرغىن قىلدى؟ تۆمۈر خەلىپچۇ؟ ئۇ قۇرئان تۇتۇپ ئىچىلگەن قەسەمگە ئىشىنىپ ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ .... — مەھمۇد مۇھىتى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا سۈكۈت ئىچىدە بىر ھازا تۇردى، — بىز تارىخى ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالدۇق. بىز خەقنىڭ كۆزىمىز كىچىك، كۆڭلىمىز ساددا، كاللىمىز ئاددىي ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىقىمىزدىن ئىدى. شۇڭا مەن ھەر قايسىڭلارغا ئىخلاس قىلدىم. ئۆزۈمنىڭ ھامان تۇزاقتىكى قۇش

ئىكەنلىكىمنى، ئۇۋۇچى خاھلىغان ۋاقتىدا تۇزاقتىن ئېلىپ بوغۇزلىسا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا كېيىنكى كۈنلۈكتە بىزنىڭ ئىسيانچىلىرىمىز، ئىنقىلابچىلىرىمىز يەنە بۇگۈنكىدەك نادان، ئاسانلا گول بولىدىغان قىزىققانلاردىن بولمىسۇن دەپ سىلەرنىڭ پېشىڭلارغا ئېسىلغانىدىم...

— ھازىر قانداق قىلماقنى ئويلاۋاتىسىز، ئىنىم؟ — سورىدى شەۋقى جىملىقنى بۇزۇپ.

— مەنمۇ؟ مەن كۈرەش قىلىمەن! — دېدى مەھمۇد مۇھىتى كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، — مەن شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشايمەن! بىراق، ھازىرقى بۇ قوشۇن ئىچىدىن سىرتقا باشلىغان كۆتەككە ئوخشاپ قالدى. ئۇ بىز كۆزلىگەن ئىش ئۈچۈن يارىمايدۇ. باشقىدىن تەييارلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شىڭ قىلىۋاتقان ئىشلارنى مەركىزى ھۆكۈمەتمۇ خوپ كۆرمىسە كېرەك، مەن نەنجىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ باقايمىكىن دەيمەن. بۇنداق قىلغاندا ھېچ بولمىسا شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغاندىن كېيىن باشلايدىغان ئۆچ ئېلىشىدىن، مىڭلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ، گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ قەتلىئام قىلىنىشىدىن ساقلىنىپ قالغىلى بولار دەپ ئۈمىد قىلىمەن....

— شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىچكى ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈنلا بولىشى چوقۇم! مەن بۇ قارانىيەتچىدە كوممونىزىم ئەقىدىسى بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن! — دېدى تەۋپىق.

— ئەلبەتتە شۇنداق، — دېدى شەۋقى.

— سوۋېت ئۆزى كىم؟ بىزنىڭ دوستىمىزمۇ؟ توغرا ”ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ دوستى“، لېكىن بۇ قانداق دوست؟ ئېزىلگۈچىلەرنى ھېلىقىدەك چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئىشەندۈرۈپ، ئاۋالقى خوجايىننى ھەيدىۋېتىدۇ ـ يۇ، ئورنىغا ئۆزى خوجايىن بولىۋالىدىغان ئاجايىپ دوست! بۇنىڭ ”ئېزىلگۈچى“ ئۈچۈن نېمە پەرقى بار؟ — مەھمۇد مۇھىتىنىڭ غەزەپتىن كالتە ساقىلى دىرىلدەپ تۇراتتى، — كامنۇزۇم دېگەن نېمىسى؟ ئۇ

ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپ، ئۇخلىماي كۆرگەن چۈش! باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، شىڭدا بۇنداق ئەقىدە بولسۇن- بولمىسۇن — شۇ ئەقىدىنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىنى قۇرتىدىغان قۇرۇتقۇ. ئورۇس دېگەن بىزنىڭ تارىخى دۈشمىنىمىز!

بۇ گەپ بىلەن ئارىدا ئېغىر سۈكۈت پەيدا بولدى. ئاۋۇ ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن مەلۇم يىلمانلىقتا ھېچ بولمىغاندا دۈشمەن ئەمەس دەپ قارايدىغان خاھىشقا يېقىنراق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوڭايسىزلىق ئىچىدە زۇۋان سۈرەلمەي قالدى.

— سىلەرنى چاقىرتىشىمىزمۇ مانا شۇ ئىشلار ئۈچۈنىدى، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى، — ياشلارنى ئوبدان تەربىيەلىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ قولىغا قورال بەرسىلا جەڭ قىلالايدىغان زاپاس ئەسكەر بولۇپ قالسۇن! — كەسكىن ھالدا شۇنداق دېگەندىن كېيىن تەۋپىقنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ يەڭگىل سىلكىپ، — سىزنىڭ ھېلىقى ئايرىم تەربىيەلەۋاتقان 500 نەپەر”ئەلەمدارلار“ىڭىز مېنىڭ زوقۇمنى كەلتۈرىۋاتىدۇ. سىز ئۇلارغا تېخىمۇ ئېتىبارىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ، مەن ئارىلاپ مەشقاۋۇللارنى ئەۋەتەي، تەربىيەلەشكە ياردەملەشسۇن. تەبىئىيكى ئىلگىرىكى جەڭچىلىرىڭىزنى ئەۋەتسەم ئانچە دىققەتنى تارتماس.

تەۋپىق جاۋاب بەرمەي ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئىككى نۇرانە كۆز ئۇچراشتى. دېمەك ئۇنىڭ ئايرىم كۆرۈشۈشتىكى مەخسىدى شۇ بولسا كېرەك دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى تەۋپىق. مەھمۇد مۇھىتى يوغان كۆزلىرىنى دەرھال توختاجىغا يۆتكەپ:

— ھاجىم، بۇنداق ئالاھىدە تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقا مەكتەپلەردىمۇ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى. ئاندىن سەل ئويلىنىۋېلىپ، — نوۋبېشىدا بولمايدۇ، يىراقراق جايلاردا، ئاسمىنى كەڭ سەھرا قىشلاقلاردا...

— چوقۇم شۇنداق قىلىمىز. سىجاڭ، — دېدى توختاجى قىسقىلا.

— قارىغانىدا شىڭ شىسەينىڭ ”ئىلغار“لىق تونىمۇ پات پۇرسەتتە يىرىلىپ، بىزنىڭ ئەمدىلا گۈللىنىشكە باشلىغان مەدەنىيەت ھەرىكىتىمىز ئۇچۇقۇپ كېتىدىكەن، - دە! — دېدى شەۋقى خۇرسىنغان ھالدا.

— ئەگەر مەن مەھمۇدنىڭ جېنى ئېسەن بولىسىلا بىزنىڭ بۇ ياخشى بىخلىرىمىزنى قوغدايمەن!

— سىلىدەك بىر تۇۋرۇك بولغاچقىلا بولىۋاتقان ئىشلار. دە بۇ، ئەگەر سىلىدىن ئايرىلسا يېڭىلىقپەرۋەرلەرنىڭ كۈنى تەس...

— ئۇغۇ شۇنداق. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيلى! — دېدى تەۋپىق جىددىيلىك بىلەن، — مۇشۇ پۇرسەتتە كۆپرەك ئۇرۇق چېچىۋېتەيلى، كېيىن ئۇلار قىرغانغا، چاپقانغا تۈگىمىسۇن!

مەھمۇد مۇھىتى تەۋپىقنىڭ مۇرىسىنى قاتتىق قامالالاپ تۇتۇپ، دوستانىلىق بىلەن ئېغىتتى. ئۇلار شۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇ ئىشلار ھەققىدە كونكرېت پىكىرلەشتى، سىجاڭ ئۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، شەۋقى ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە سۆز ئاچتى:

— شۇنداق قىلىپ، ھىندىدىن قەرز ئالالىدىلىمۇ؟

— ھە؟ — تۇيۇقسىز سوئالدىن ھەيران بولغان سىجاڭ قايتۇرۇپ سورىدى، — ئۇقۇپ بوپسىز - دە؟ قەرز ئالدىم، تېخىمۇ مۇھىمى قىشلىق كىيىم-كېچەك.

— ھۆكۈمەت قەشقەردە ئەسكەرلىرى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇر؟ — دېدى توختاجى ئاچچىقى كېلىپ.

— ئېسىدە باركەن، بىز ئېسىدە بولمىغان بىلەن باشقىلارنى ئۇنتۇماپتۇ، — دېدى سىجاڭ تەئەددى بىلەن، — يېڭىشەردىكىلەرنى تەكشۈرۈپ باقتۇق، ئۇلار ھەر ھالدا ئېسىدە باركەن، تەمىناتىمۇ توختىماپتۇ، قىشلىق كىيىم-كېچەكلەرمۇ كېلىپ بوپتۇ.

بۇ گەپ قايتىدىن قوزغىلىشى بىلەنلا ئارىدا خېلى كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان مەھمۇد مۇھىتى يەنە غەمكىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنتايىن تىت-تىت بولىۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. تەۋپىق يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا

تىكىلىپ قاراپ ئىچى سىيرىلدى. ئۇنىڭغا بىرەر ئەمەلىي ياردەم بېرەلمەي تۇرغىنىغا ئىچى پۇشتى. نىھايەت ئويلىنا-ئويلىنا بىر مەسلىھەت بېرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

— بۇ ئىشلارنى مۇشاۋۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ كىشىنى ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىشكە قويۇپ كۆرۈڭ. بەلكىم بۇ ئىتتىپاقچىنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن بۇنداق نومۇسسىزلىقنى توختىتىپ قالار، دانالار ئېيتقان: ”يىلاننى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ دۈشمىنىڭنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈر، ھېچ بولمىغاندا بىر پايدىغا ئېرىشىسەن. يا دۈشمىنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسەن، يا يىلان دۈشمىنىڭنى چېقىۋالىدۇ، دۈشمەندىن قۇتۇلىسەن“ دېگەنىدەك، ئەگەر رىبالكىن بۇ ئىشنى ھەل قىلالىسا قىيىنچىلىق ھەل بولىدۇ، ھەل قىلالمىسا ئۇنى چەتكە قېقىشقا باھانە تېپىلىدۇ.

— توغرا، — دېدى شەۋقى قوشۇلۇپ، — ئىككى پايدىدىن بىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇنى پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا — مەجلىستە ئېلان قىلىش، ”بۇ ئىشنى رىبالكىن مۇشاۋۇر مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلماقچى“ دېگەنىدەك ئۇسۇل بىلەن ئەپلەش كېرەككەن. ئىش ئاقماي قالسا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىن ئاغرىنىدۇ.

— رىبالكىن بۇ يەردە نوپۇز تىكلەش ئۈچۈن بىرەر چوڭ ئىشنى ھەل قىلىشقا ھەر قاچان جاندىلى بىلەن تىرىشىدۇ، ئوچۇق سۆزلەشسىلا، ئۇنىڭ سۆزى يەردە قالماسلىقى مۇمكىن.

— بەللى، مانا ھەقىقى مۇشاۋۇرلار، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى مەمنۇنلۇق بىلەن ساقىلىنى سىيپاپ، — بۇنى ئەلۋەتتە سىناپ كۆرۈشكە بولىدىكەن. بىراق بۇ ھىلە بىلەن پەقەت يېرىم يىللىق، كۆپ بولغاندا بىر يىللىق تەمىنات غېمىدىن قۇتۇلغىلى بولار، ھامان بىر كۈنى ئۇ يەنە بۇ ئىشنى ئاشۇنداق قىلماي قالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئورۇس بىلەن بۈگۈنلا سۆزلىشىمەن.

چۈشتىن كېيىنلىك مەشغۇلات ۋاقتى بولۇپ كاناي چېلىنغاندا مېھمانلارمۇ كېتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەھمۇد مۇھتى ئۇلارنى ئۇزىتىپ مەيدانغىچە بىللە كەلدى.

ئابدىنىياز سىنىپقا كىرىش ئالدىدا ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، باش لىڭشىتىپ خەيرلەشتى.

ئۇلار ئىشتاپ دەرۋازىسىدىن چىققاندا توختاجى دوستىدىن سورىدى:

— هازىرلا كېتەملا؟

— كەچتىرەك كېتىمەن، هازىر نوۋېشىغا بېرىپ يۇسۇپ ئەپەندىلەر بىلەن كۆرىشىمەن، ئاندىن مەجىددىن بوۋاينى يوقلاپ قايتىمەن، ئىبادەتخانىنىڭ لەغمىنىنى يېمەي كەتسەم بوۋاينىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ.

— ئەمىسە بىللە ماڭايلى، مەن سانايى نەپىسەگە بارىمەن، سىلىچۇ، هاجىكا؟

— مەن سىلى بىلەن مېڭىپ، ئۆيۈشمىغا كىرىپ چىقايمىكىن، — دېدى شەۋقى.

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى يوللىرى بىر بولۇپ چىقتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## 1

بىر ئادەمنىڭ ئىنتىلگەن مەۋقەسى قانچە
يىراق بولسا ئۇنىڭ ئىقتىدارىمۇ شۇنچە تېز
تەرەققىي تاپىدۇ. جەمئىيەتكە شۇنچە پايدىلىق
بولىدۇ.....

— ئا. م. گوركىي.

تەۋپىق شەۋقىگە بەرگەن ۋەدىسىگە مۇۋاپىق بىر ھەپتىدىن كېيىن قەشقەرگە ئاتلاندى. ئۇنىڭدا سەنەملەرنى رەتلەش خاھىشىدىن باشقا چەتئەلگە چىقىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى ئويۇشمىغا مەلۇمات قىلىش، ئويۇشمىنىڭ تەييارلىقلىرىنىمۇ كۆرۈپ بېقىش نىيىتىمۇ بولغاچقا تېجەن مەكتەپكە مۇدىرلىق قىلىۋاتقان سەيپىدىننى بىللە ئېلىپ ماڭدى.

نويابىرنىڭ ئىزغىرىن شاملى بىلەن ئەتتىگەن كەچلەردە بولىدىغان قۇرغان سوغۇقى باشلانغان بولۇپ، سوغۇقنىڭ ئەڭ بىلىنىدىغان يېرى قىران دەريا بوغۇزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى جايلار ئىدى. بۇ يەردە نەشتەردەك سوغۇق غۇر- غۇر ئىسسىپ يۈزلەرنى چېقىپ ئۆتەتتى. بىراق ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدا قىش پەسلى بۇنچە بالدۇر باشلانمايدىغان بولغاچقا، قۇياش كۆتۈرۈلىشى بىلەنلا ھاۋا- جاھان ئىسسىپ، تاكى ئېغىر ياتقۇغىچە شىللە قورۇلمايتى. بۇ ئايلار قېلىن كىيىم كىيسەڭ كۈندۈزى ئېغىر كېلىپ، يېنىك كىيىنسەڭ ئەتتىگەن كەچتە دۈگدەرەپ، تازىمۇ ئادەمنى تىت- تىت قىلىۋېتەتتى.

سەھەردىكى ھەرىكەتلەر كىشىگە خوشىياقمايتتى. قۇياشمۇ باچاڭ تەرەپتىن توڭۇپ قالغاندەك كۆڭۈلسىزلىك بىلەن، چىرايى تۇتۇق ھالدا قىزىرىپ ھارارەتسىز چىقىپ كېلەتتى.

تەۋپىق سايدا كېتىۋاتقاچ شەرق تەرەپكە قاراپ، تۆۋەندە كۆرۈنىۋاتقان قاخشال بولغان باغ- ئورمانلار ئۈستىدە ھارارەتسىز قىزىرىپ تۇرغان قوياشقا قاراپ، ئاجايىپ كۆڭۈلسىزلىنىپ كەتتى. ئۇ يېقىن ئارىدا بىر تۇركۇم مۇنەۋۋەر شاگىردلىرىدىن ئايرىلىپ قالدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىمۇ، ياكى كۆڭۈلسىز قىشنىڭ قىستاپ كېلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ شۇنداق بولدىمۇ، رەڭگىدىمۇ روشەن كۆڭۈلسىز ئىزنالار پەيدا بولدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ تاۋىڭىز يوقمۇ، قانداق؟ — دەپ سورىدى سەيپىدىن.

— ياق، ئۆزۈم ساق، كەيپىممۇ جايىدا. پەقەت سىېنىڭ ئۈنچىقماي مېڭىشىڭ جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ، — دېدى تەۋپىق كۈلۈمسىرەپ.

— نېمە قىل دەيسىز؟

— ھىكايە سۆزلىگەچ ماڭسەن.

تەۋپىق ھەتتا سابىتنىڭ ئاغزىدىنمۇ گەپ يۇلۇپ ئالالايدىغان بولغاچقا، سەيپىدىننى ئاسانلا گەپكە سالدى. كۆڭۈللۈك چاقچاقلار، ھەزىل — يۇمۇرلار بىلەن، چاپسانلا قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

ھەززەت تەرەپ ئېگىز بولغاچقا ئۇ يەردىن جەنۇپقا — ئالىلىقانداق چوڭقۇرلۇقتا مۆككەندەك كۆرۈنىدىغان شەھەرگە قارىغاندا كەچ كۈز مەنزىرىسى تېخىمۇ ئاجايىپ كۆرۈنەتتى. يازلىق تونىنى سالغان شەھەر غېرىۋانە كۆزگە تاشلىناتتى. ئاندا- ساندا كەچكۈز شامالىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قالغان سېرىق ياپراقلارمۇ بولاتتى. شەھەر ئۆيلىرى ئەنە شۇ يوچۇن دۇنياغا ئوخشىتىپ تۇرغان دەرەخلەر ئارىسىغا مۆككەندى. يەنە بەزىلىرى دەرەخلەردىن خېلى خوپ ئېگىزدە — تىك يار باغرىدا مۇئەللەق تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئېگىزلىكلەرگە قانداق چىقىشىدىغانلىقىغا ئەقىل يەتمەيتى. بۇ ھال تۇمەن بويىغىراق كەلگەندىلا ئاشۇنداق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ كۆرۈنگىنى

بىلەن، يىراقتىن ئىگىز- پەس يارلىقلاردەك، يېڭىلا ئۆرۈش ئاسارىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن خارابىدەك مىسكىن كۆرىنەتتى.

يەنە بىردەم كەيپىسىزلىنىپ كەتكەن تەۋپىق تۇمەن دەرياسىغا قاراپ بىردەم تۇرىۋالدى. ئاندىن سەيپىدىنگە:

— قەشقەرنىڭ يارىشىقى، ئانىنىڭ سۈتىدەك پاك سۇ... — دېگەندەك باش ئۇچى يوق بىر نېمىلەرنى دېدى. سەلدىن كېيىن ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ، — ئاۋۋال "ھىلال ئەھمەر"گە كىرەيلى، — دېدى. بەلكىم ئۇ مەجىددىن بىلەن چاقچاقلىشىپ ئازراق كۆڭلىنى كۆتىرىۋالماقچى بولغانمىكىن، ئەيتاۋۇر ئالدىراپ كېتىۋاتقىچە — تاكى مەجىدىنىڭ بوسۇغىسىدا بوۋاي بىلەن ئۇچراشقىچە ھېچنەرسە دېمىدى.

— ۋاقىتسىز كېلىش، — دېدى مەجىدىن ھاسىسىنىڭ ئەگرى سېپىدىن بىلىگىگە ئېسىپ قويۇپ، ئىككى قوللاپ قولىنى سىقىپ، — شۇنداق بولسىمۇ مېنى خوشال قىلىسىز.

— سىزمۇ مېنى خوشال قىلىسىڭىز ئىدى، — دېدى تەۋپىق كۈلمەي تۇرۇپ، جىددىيلىك بىلەن.

— نېمە بولدى سىزگە؟ — دېدى دوختۇر تەۋپىقنىڭ چىرايى تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ.

— نېمە بولغىنىمنى دوختۇر بولغاندىكىن بىلىڭ - دە!

— مەن روھنىڭ دوختۇرى ئەمەس، دوستۇم.

— نېمە، مېنى روھى كېسەل دېمەكچىمۇ سىز؟

— چاقچاقنى قويۇڭ، نېمە بولدىڭىز؟ سەيپىددىن بۇ ھۆرمەتلىك تاغىڭىزغا نېمە بولدى؟

— مەنمۇ بىلمىدىم.

— بەللى، بۈگۈن ماڭا سىلەردەك كۆڭۈلسىز مېھمانلارنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ قانداق، كۆپ مېھمان چاقىراي، خوشال- خورام بىر كۈننى ئۆتكۈزەيلىمۇ؟

—رەخمەت، دوختۇر، ئىبادەتخان يەڭگىمىز بولسا پەقەت سۈنچايلا ئىچىپ چىقىسۇن، بولمىسا، شۇنداق بىردەم ئولتۇرايلى. مەن ھازىر ئويۇشىمغا بارماقچىمەن.

— يامان خەۋەر ئاڭلىمىغانسىز؟

— ياق، پەقەت ياخشى خەۋەر، بىر نەۋرە ئىنىم ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى يولغا سېلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقىنىمىزنى بىلىسىزغۇ؟

— ھە، شۇڭا كۆڭلىڭىز يېرىمىمىدى؟ چىدىمايۋېتىپسىز- دە؟ ياخشىغۇ ئۆزىڭىزنىڭ پىكىرىچە بولۇپ سايۇزغا چىقىدىغان بولغىنى، بولمىسا نېمە دەيتىڭىز؟

ئىچكىرىدە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىبادەتخان ئارىلىقتىكى ئىشككە كېلىپ، پەردە ئارىسىدىن رەنجىگەن ئاۋازادا دېدى:

— ھە، دېمەيلا مېھمان بىلەن تەگىشىپ كەتكىلى تۇردىكەنلا، ما داستخاننى ئالسىلا، ھېرىپ كەلگەن ئادەم دېگەننىڭ ھاردۇقىنى سورايمىز، ئاندىن ئۇسسۇلۇق بولسىمۇ بېرىپلا ۋارقىراشساقمۇ بولىدۇ.

— ئەمدى نېمە دەيسىز، بوۋاي؟— دېدى تەۋپىق كۈلۈپ.

— سىزنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىڭىز ھەممە يەردە تېپىلىدۇ، بۇنىڭغا ھەيران قالمايمەن. خوش، چايغا قاراڭ، ۋارقىراشنىمۇ توختاتقۇم يوق،

— بەللى، يىغىلىپ قالغان ئاچچىقىڭىز بارمىدى؟

— چاخچاقنى قويايلى،— دېدى مەجىددىن چاي لىقلىغاچ، ئارقىدىن سەيپىدىنگە ئېچىنغاندەك قاراپ تۇرۇپ دېدى،— بىچارە بالىلارنى بىھۇدە قىلىۋېتىمىز - دە!...

سەيپىدىن ھەيران بولۇپ دوختۇرغا تىكىلىپ قالدى.

— ئۇنداق دېمەڭ، نىمىشكە بىھۇدە بولاتتى؟ بىلىم دېگەننىڭ ئۆگىيى يوق.

— مەسلەن: خوتۇن دېگەننىڭمۇ ئۆگىيى يوق، بىراق، ياخشى- يامىنى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئاستىراق، يەڭگەم ئاڭلاپ قالسا بىز كەتكەندە كوسا قىلىپ قويمىسۇن.

— چاخچاقچا بۇرىماڭ، جاۋاب بېرىڭ.

— شۇنداقمۇ؟ ياخشى- يامىنى قانداق؟

— بۇلار سوۋېتكە چىقسا پولشۇنك بولۇپ كېتىدۇ؟ توغرا، تەبئىي پەنلەرنىڭ تۈرلىرىغۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش، بىراق، باشقا يەردە پاكىزلا شۇنى ئۇگەتسە، ماۋۇلار روھىنى بۇلغاپ ئۇگىتىدۇ...

— بۇ ھەقتە ئىلگىرى ئاز تالاشتۇقمۇ؟ ئاخىرى بىرلىككە كەلگەندۇققۇ؟ بۇگۈن يەنە بۇ گەپنى قوزغاپ نېمە قىلىسىز؟

— بىرلىككىغۇ كەلگەن، سىزنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ئامالسىز قالدۇرىدىغان سەۋەبلەر، ئۇنداق بولغانىكەن، ئەۋەتمىگەن ياخشىراق بولاتتى.

— نېمىشكە؟

— مەسىلەن، ئالايلۇق، ھازىر سەيپىدىننىڭ نەزىرىدە ئىككىمىز كىم؟ مەبۇد! بىزنىڭ سۆزلىرىمىز مۇقەددەسلىكتە ئايەتتىن قېلىشمايدۇ، ئۇ شۇ تاپ بىزگە بولغان ساداقەتتە ئۆلۈمگە بويرىساق رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ماڭىدۇ... — مەجىددىن بۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا سەيپىدىن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولدى. "بوۋاي تېپىۋالدى، كۆڭلۈمدىكىنىڭ ئۆزىنىلا بىلدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ،— بۇ ئەپەندىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاتا - ئانامدىن ئەزىز،..." مەجىددىن ئەپەندى سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى، — بىراق، سوۋېتكە بېرىپ ئالتاي تۇرغاندىن كېيىن نېمە بولىدۇ، دېمەمسىز؟ ئەگەر شۇ يەردە تۇرۇپلا ئاتسا ئوقى يېتىدىغان مىلتىق بولسا ھېچبىر ئايانماي ئىككىمىزنىڭ پېشانىمىزگىلا ئاتىدۇ.

سەيپىدىن بۇ گەپلەردىن كېيىن بوۋاينى ئالقىشلىمىدى: "مەبۇد بىلىپ چوقۇنغىدەك بولىۋاتقان ئادەملەرنى نېمىشقا ئاتقىدەكمەن؟ شۇ دەرىجىدە

ئۆزگىرىپ كېتىمەنمۇ؟“ دەپ ئويلىدى ئۇ.[1]

— ئەپەندىم، كوممۇنىست دېگەن مانا شۇنداق يامان نەرسە!ـ دەپ داۋام قىلدى مەجىددىن، — ئۇلار روھنى زەھەرلەشكە ئۇستا. تۇيۇدۇرمايلا ئۆز بالاڭنىمۇ ئۆزەڭگە دۈشمەن قىلىپ قويالايدۇ.

— دوختۇر!ـ دېدى تەۋپىق ۋارقىراپ دېگۈدەك، — مەن سىز بىلەن مۇنازىرىلەشكىلى كەلمىدىم، ئۇنىڭغا ھەپسىلەممۇ يوق. مەن سىزدىن تەسەللى ئاڭلارمەن دەپ كىرگەنىدىم!...

— كەچۈرۈڭ، ئەپۇ قىلىڭ دوستۇم، مىڭ مەرتىۋە ئەپۇ سوراي،— دېدى مەجىددىن لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا،— مەن سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ياخشى ئەمەس تۇرغىنىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ بىلجىرلاۋېرىپتىكەن...

تەۋپىقمۇ ئۇنىڭ نېرىسىغا پاراڭنىڭ تازا قولاشمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆيۈشمىغا بېرىپ ئىشنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىدى.

— خەير دوستۇم، قايتىشىمدا يەنە كېلىمەن، يەڭگەممىنىڭ لەغمىنىگە ئېغىز تەگمەي كەتمەيمەن، سىزمۇ مېنى ئەپۇ قىلىڭ، كۆڭۈلسىزلىكىمگە سىزنى شېرىك قىلىۋالغىنىم ئۈچۈن...

— ئۇ يەردە شۇنچە زۆرۈر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئۆيۈشما بۇلار ئۈچۈن تىكتۈرۈپ بەرمەكچى بولغان كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ كېتەي، مەھمۇد سىجاڭ ئۆزىتىش مۇراسىمىنى ”يۇملاق شە“دە ئۆتكۈزۈشىمىزنى تەكلىپ قىلغان. شۇڭا كىيىملەرنى كەيدۈرۈپ، راۋۇرۇس ئېلىپ كېلەي، دەيمەن. يەنە ھەر بىرسىگە بېرىلىدىغان راسخودمۇ بار...

---

[1] 1988 - يىلى بۇ رومان توغرىسىدا سەيپىددىن ئەزىزى بىلەن پىكىرلىشكىنىمىزدە يوقارقى مەجىددىن ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ خىيالىدا پەيدا بولغان نارازىلىقىنى ئەينەن شۇ تەقلىتتە سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئاخىرىدا ئۇ:”مەجىددىن ئەپەندى راست دەپتىكەن، بىز سوۋېتكە بېرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ پەرزىنىڭ توغرىلىقىنى ھىس قىلدىم“ دېگەنىدى، — ئا.

—كىيىنچۇ؟ ماڭا ئەتە كېلەمسىلەر؟

— ھەئە.

— خەير!

ئۇلارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى بەكمۇ ئېھتىياتتا، پەس ئاۋاز بىلەن، خۇددى بىر مەيدان قاتتىق يىغا-زاردىن كېيىن ھازىدارلار بىلەن كۆڭلى يېقىنلار ئەھۋاللارشقاندەك، ئۆز ئارا ئىچ ئاغرىتىش، ئۆز ئارا ئاياش تۇيغۇسىدا ئېيتىلدى. بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ئېغىر-ئېغىر تىنىش بىلەن كۆڭۈل بۇزۇلۇش كەيپىياتىنى يۇقتۇردى. شۇڭا تەۋپىق خوشلىشىپ چىققاندىن تارتىپ تاكى ھېيتگاھقا كەلگىچە يىغىدىن ئېسەدىگەندەك كەيپىياتتا كەلدى.

## 2

1935 - يىلى نويابىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر جۇمە كۈنىسى ئاتۇشتىن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن تەۋپىق ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە يىغىلىش ئۆتكۈزدى.

بۇ يەرگە چاقىرىغان مېھمانلار ئىچىدە چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىدىغان سەيپىدىن، مۇھەممەد قارى مەشرەپ، مۇھەممەد قارى ئاتكەن قاتارلىقلاردىن باشقا، ھەمىشە سۆھبىتىدىن ئايرىمايدىغان شاگىرتلىرى — ئابدىراخمان، ئەمەت مەخسۇم، ئابدىغوپۇر قۇناجىم، لىۋاھىدىن، سابىت قاتارلىقلار، ھەم مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىدىسىدىكى خادىملاردىن قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم، ئىسلام ئاخۇن خەلپىتىم، نۇرۇللا خەلپىتىم، مۇھەممەد قارى زەكى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن موللا ئېزىز داموللام، ئابدىراخمانھاجى قاتارلىقلار جەم بولۇشتى.

مېھمانلارنى كۈتۈش ئىشلىرىغا نىمكار باللار قارىشىپ بەردى. غېنى، ئايىمگۈل، رەجەپلەرمۇ ئىشقا ياراپ قالغانىدى.

مېھمانلارغا داستىخان سېلىنىپ، مەھەممەت داموللا كاتتايايلاقتىن ئەۋەتكەن ”كۆكبەھرى“پىچىلدى (بۇنداق ئېسىل قوغۇنلارنى پەقەت پەيزىۋات، كاتتايايلاق خەلقى تاكى يازنىڭ باشلىرىغىچە ساقلايدۇ)، داستىخانغا مەشھەدنىڭ شىرمان نانلىرى ۋە ھەر قايسى يۇرتلاردىن قول بالىسى قىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇناقى ئۈزۈملەرمۇ يېتىپ كەلدى. داستىخانغا كەلتۈرۈلىدىغان بىرىنچى نۆۋەتلىك نېمەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نىزامىددىن ساھىپخانلىق سۈپىتى بىلەن مېھمانلارنى داستخانغا بېقىشقا تەۋەززۇ بىلەن تەكلىپ قىلدى. ھېچكىم ”ئۈزىتىش مۇراسىمى“نىڭ باشلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك نۇتۇق سۆزلىمىدى. تەۋپىقمۇ ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا ئابدىراخمان شائىر بىلەن سەيپىدىن ئارىسىدا ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەر دېيىشىۋاتاتتى. ئۇ چەتئەلگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىغا تاپىلايدىغان سۆزلىرىنى بۇندىن بۇرۇن نەچچە قېتىملاپ دەپ بولغاچقا، بۈگۈن سورۇنغا رەسمىي تۈس بېرىپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنى ئارتۇقچە ھېسابلىدى.

پەقەت تەڭتۇش ياشلالا ئۆز ئاراچېقىشقان يوسۇندا ئوقۇشقا چىقىدىغانلار بىلەن سۆزلىشىپ، ”تاپىلاش“لارنى قىستۇرۇپ ئۆتەتتى.

— مۇھەممەد قارى، سەن ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ جەزمەن گېئولوگىيە ئوقىغىن،— دېدى سابىت مۇھەممەد قارى ”ئاتكەن“گە، — بىز ئۆزىمىزنىڭ تۇپرىقى ئاستىدا نېمە بارلىقىنى بىلمەي، باشقىلار ئاچقان كاندا نىمكا ئىشلەپ يۈرىۋەرمەيلى!

— ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ،— دېدى ”ئاتكەن“.

— خوش، سەنچۇ ”مەشرەپ“؟ — سورىدى لىۋاھىدىن.

— قېنى سەن ئېيتىپ باقە.

يەنە بىر گۇرۇھ ياش بولسا يەنە بىرسىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، تۇشمۇ-تۇشتىن گەپ سورايتتى ۋە تاپىلايتتى.

— مېنىڭچە سەن بىناكارلىقتا ئوقۇ،— دېدى ئەمەت مەخسۇم،— ئارخىتكتور بولۇپ كەل، بىزدىمۇ قاتمۇ- قات بىنا-قەسىرلەر بولسۇن، ئەجداتلىرىمىز ھەتتا پادىشاھلىرىمىزدىنمۇ بىرەر خىش تام ياكى تاش تام

قالماپتىكەن، كىيسەك، چالمىلاردىلا ئۆيىنىمۇ، ئوردىنىمۇ ياساپتىكەن، شۇڭلاشقىمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭكىدەك پادىشاھلاردىن قالغان ئوردىلار بىزدە يوق. ئەمدى ئۇنداق بولمىسۇن.

سۇنچايدىن كېيىن داستىخان يىغىۋېتىلدى. نىزامىددىن كۆپچىلىككە تەكەللۇق قىلىپ.

— بىردەم پۇت- قولۇڭلارنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىۋېلىڭلار، تاماقنى ئارقا- ئارقىدىن قىلىپ سىلەرنى قىينىمايلى، ھەم ۋاقتىنى ئۇزارتايلى دەپ، ئارىلىقنى سەل ئۇزارتىۋەتتۇق،— دېدى.

تەۋپىق ئەڭ ئاۋۋال ئورنىدىن تۇردى ۋە چوڭ ئادەملەر ئارىسىدا سىقىلىش ھېس قىلىپ قالغان ياشلارغا بىردەم بولسىمۇ يېنىكلىك بېرىش ئۈچۈن:

— ياشلاردىن "كالتەك ئويۇنى" ئويناشنى خالايدىغانلار يۈرۈڭلار، بىردەم قىزىۋالايلى، كۆرۈشنى خالايدىغانلار چىقىپ كۆرسەڭلارمۇ بولىدۇ،— دېدى.

بىر توپ ياش ھويلىغا قاراپ چىقىشقا باشلىدى. پېشقەدەملەردىنمۇ بەزىلىرى ئەگەشتى. ھويلا سەيناسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، دەرۋازىغا ئېلىپ چىقىدىغان قاراڭغۇ دالاندا كېلىۋاتقاندا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان نەبى مايمۇندەك چاقچاقلىق بىلەن قاراڭغۇ دالان ئۈستىدىكى بالىخانا ئۆگزىسىگە چىقىۋالدى ۋە مېھمانلار دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا ئۇلارنى بىر چۆچۈتىۋەتمەكچى، بۇ قىزىقچىلىق بىلەن ئەپەندىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالماقچى بولۇپ، يېرىم كېسەكنى تۇتقىنىچە دەرۋازا ئۈستىدە بېشىنى چىقىرىپ ماراپ تۇردى. تۇۋەن تەرەپتىن گۇدۇك- گۇدۇك قىلغان ئاۋاز يېقىنلىشىپ كېلىشىگىلا يېرىم كېسەكنى تام بويلىتىپ تاشلىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا بوسۇغىدىن پۇتىنى ئېلىۋاتقان سەيپىدىن كۆكرىكىگە سۇۋۇشۇپ دېگۈدەك پۇتىنىڭ تۇۋىگىلا "گۇپ! " قىلىپ چۈشكەن كېسەكتىن چۆچۈپ كېتىپ، ئارقىسىغا داجىدى. كۆپچىلىكمۇ قورقۇپ كەتتى.

— يا، پەناھ! سەللا كېيىن چۈشكەن بولسا سەيپىدىننىڭ چوققىسىغىلا چۈشىدىكەن!

— خۇدا ساقلىدى، دەڭلا، بولمىسا بالىخانا ئۆگزىسىدىن چۈشكەن مۈنچە يوغان نىمە باشنى يېرىپ، جاننى ئالامدىغان!

—ئۆزى چۈشتىمۇ، نىمە بالا؟

— بۇ نەبىنىڭ قىلغان ئىشى!ـ دىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ يۈرگەن غىنى،— مەن ئۇنىڭ ئۆگزىدە ئۆمىلەپ يۈرگىنىنى كۆرگەن.

— ھىۇ، ئىالاجوقى!ـ دەپ كايىدى نىزامىددىن ۋەھىمىدىن تىترەپ كېتىپ،— قىنى ئۇ گالۋاڭ؟!

— ئۇنى ھازىرلا سۆرەپ چۈشىمەن! — دىدى غىنى ئۆگزىگە يامىشىپ.

”كالتەك ئويۇنى“ ئۇچۇن كېتىدىغان كالتەكلارنى تېپىش ئۇچۇن ئارقىدا قالغان تەۋپىق يېتىپ كېلىپ بۇ ھەم قىزىق، ھەم ۋەھىملىك ئىشنى ئوقتى.

— بولدى قوي،— دىدى ئۇ غىنىنى توسۇپ،— كىچىك بالا قورقۇپ كەتسە قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ.

كۆپچىلىكنىڭ ھەرخىل تەسەۋۋۇر ۋە سوئاللىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىردەملىك ۋاڭ- چۇڭى سەل پەسىيىپ، ئۇلار ئىشك ئالدىدىكى ئاق تاشلىۋېتىلگەن ۋەخپە ئىتىز تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ تېخىچىلا يۈرىكى جايىغا چۈشمىگەندەك ھېلىقى تاسادىپى ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىپ ماڭاتتى. ئۇلار ئىتىزلىققا چىققاندىن كېيىنلا دىققىتى يېڭى ئويۇننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە كۆچتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپلىكى بۇنداق ئويۇننى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

تەۋپىق بىر مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى نوغۇچىسىمان كالتەك بىلەن دىئامېتىرى 40 مېتىرچە كېلىدىغان يوملاق دائىرە سىزدى. ئاندىن ئوتتۇز سانتىمېتىر ئۇزۇنلىقتىكى كالتەكچاقلاردىن ئونىنى پىرامىدا شەكلىدە ئۈستى- ئۈستىگە تىزدى. ئويۇن جەريانى نوغۇچىسىمان كالتەك بىلەن ھېلىقى ئۇششاق كالتەكچاقلارنى بىر-بىرلەپ ئۇرۇپ دائىرە سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىش بولاتتى. بۇ ئاددىيلا بىر ئىشتەك تويۇلغىنى بىلەن ناھايىتى جەلپ قىلارلىق ئويۇنىدى. نوغۇچ كالتەكنى ھە دېگەندە ئەڭ ئۈستۈنكى

كالتەكچاقتا تەككۈزگىلى بولمايتتى ياكى بىر ئۈرۈش بىلەنلا كالتەكچاقلارنىڭ دۈۋىسى ئۆرۈلۈپ، بۇزۇلۇپ كېتەتتى.

ئون تال كالتەكچاق سىزىقتىن ئۇرۇپ چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى بىرخىل شەكىلدە تىزىلاتتى. يەنە ئورۇپ چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى بىر خىل شەكىلدە تىزىلاتتى. بۇ ئويۇننىڭ بىر قېتىم ئاياقلىشىشىغا بەزىدە تولۇق يېرىم كۈن ۋاقت كېتەتتى...

ئۇلار ئويۇنغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن چاغدا بويامەت مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ۋە ھېلىقى مەخسۇس تەربىيىلىنىۋاتقان تەنھەركەتچىلەر ھەم ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ياردەملىشىش ئۈچۈن مەھمۇد مۇھتى ئەۋەتكەن نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇنلارمۇ دائىرە ئەتراپىغا كېلىپ ئويۇن كۆرىۋاتاتتى...

غېنى مېھمانلارنى چاقىرغىلى چىقتى. ئۇ ئويۇنغا قاتناشماي چەتتە تۇرغان سابىتنى توندى- دە:

— تاماق تەييار بوپتىكەن، دادام قىچقارغىلى چىقاردى. موللىكامغا دەپ باشلاپ كىرىڭە، — دېدى ئالدىرىتىپ.

— بولىدۇ، سەن كېتىۋەر، سابىت شۇنداق دەپلا تەۋپىقنى چاقىرىش ئۈچۈن ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ماڭدى.

لېكىن ئويۇنغا قىزىقىپ كەتكەنلەرنى چاقىرىش ئاسان بولمىدى. ھەممىسى پەقەت ”مانا ھازىر، سەل تۇرۇپ“ دېيىشەتتى- دە، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئويۇنغا كىرىشىپ كېتەتتى. شۇڭا غېنى يەنە بىر قېتىم چاقىرغىلى چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق بۇنىڭ بىلەنمۇ يەنە ئىش ئەپلەشمىدى. ئۈچىنچى قېتىم نىزامىدىن ئۆزى چىقىپ، ئىنىسىنىڭ پېشىدىن تاتتى:

— نېمانداق قىلىسەن، ئۇكام؟ ئۆيدە نەچچە ئاقساقال ساقلاپ ئولتۇرسا...

شۇندىلا ئۇلار كۆڭلىنىڭ تېگى ئويۇندا قالغان ھالدا ۋەخپە ئېتىزدىن چىقىشقا باشلىدى. ئەتراپتىن يىغىلغانلارمۇ تارقىلىپ كەتتى. نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇن تەۋپىقنىڭ كۆزىدىن قېچىپ سەل بۇرۇنلا كېتىپ قالغانىدى.

مېھمانلار قايتىدىن ئۆيگە كىرىپ ئىلگىرىكى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن تەۋپىق موللا ئېزىز داموللا، ئابدىراخمانھاجىلاردىن ئەپۇ سورىدى. ئۇلار بولسا ياشلارنىڭ قىزغىنلىقىنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاۋال خام قىيمىلىق ئۇگرە تاتىلدى. ھېرىپ- ئېچىپ كىرگەن ياشلار تەرلەپ- تەپچىرەپ تۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن بىر چىنىدىن ئاشنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، بىيە ۋە گۆش بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلدى. ئەمدى مېھمانلار كىچىك گۇرۇھلار بويىچە قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئالدىرىماي تاماققا بېقىشتى. بەزىلەر كالتەك ئويۇنى ھەققىدە، بەزىلەر يېتىپ كېلىۋاتقان قىش پەسلى ھەققىدە؛ بەزىلەر ئوقۇش، چەتكە چىقىدىغانلارنىڭ كەلگۈسى قاتارلىقلار ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆردىكى موللا ئېزىز داموللام گال قىرىپ، سۆزلىمەكچى بولىۋاتقاندەك ئورنىدا قىمىرلىدى. پاراڭلىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى جىم بولۇشتى.

— بۈگۈن، ئۆزى، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن نىزامىددىن ئالاھىدە چاي قىلىپ، ھەر قايسىمىزنى داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ. بۇنىڭدىن مەخسەت، چەتكە چىقىدىغان بالىلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن تۈز قۇيغاندەك بىر گەپ، مانا مۇشۇ پۇرسەتتە ھەممەيلەن نىزامىدىننىڭ داستىخىنىغا بەركەت، چەتكە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب تىلەپ بىر دۇئا قىلايلى، — دېدى ئۇ.

— بەرھەق، — دېدى ئابدىراخمانھاجى داموللىنى قوللاپ— شۇنداق قىلىلى. سىلى نېمە دەيلا، ئەپەندى؟ — دەپ سورىدى ئۇ تەۋپىق تەرەپكە قاراپ.

— مەن بۇلارغا دەيدىغان گەپلىرىمنى دەپ بولغان، تەكرار-تەكرار تاپىلاپ بولغاندىم. بۈگۈن يەنە بىر قېتىم تاپىلايدىغىنىم، بۇلار چەتكە چىققاندا راھەتكە بېرىلىپ ۋەتەننى، بەختسىز مىللىتىنى ئۇنتۇپ قالمىسا، ھەر ۋاقت بۇ قەۋرىستاندەك خاراپ ۋە ئەجەل پۇراپ تۇرغان يۇرت بىلەن، ھاياتنىڭ خوۋلىقىنى

بىلمەي ئۆمرى ئۆتۈپ كېتىدىغان بىچارە ئۇيغۇرنى ئېسىدە تۇتۇپ ئوقىسا، كەيپى-ساپاغا بېرىلىپ، يولدىن چىقىپ كەتمىسە ھەم چوقۇم قايتىپ كەلسە دەپ ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭا گەرچە بۇ مۇشۇلارنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق بولسىمۇ، داموللامنىڭ تەكلىۋىگە كۆرە بۇلارنىڭ ئىنساۋىغا دۇئا قىلايلى،— دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا. ئۇنىڭ ئاۋازى ۋە بىر قىزىرىپ، بىر بۇزىۋىرىۋاتقان چىرايىدىن كۆڭلىدە مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلارنىڭ قايناپ تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس ئىدى،— قېنى داموللام دۇئا قىلىپ بېرىڭ. خوش،...

— ئامىن! — دامولللام دۇئاغا قول كۆتۈردى ھەم پىچىرلاپ دۇرت ئوقۇشقا باشلىدى.

مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن تەۋپىق غەمكىن بولۇپ قالدى. ئۇ ئالللىقانداق قىمەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بىلەن ئېزىلگەن، شۇنداقلار بىر مۇنچە ياراقلىق باللارنى يېتىشتۈرگەن ئاتىدەك ئېپتىخارلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمگەنىدى. ھويلىدا ئالدىراپ مېڭىپ يۈرگەن نىزامىددىن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— نېمە بولدى ساڭا؟— دېدى جىددىلىشىپ.

— كۆڭلۈم پەرىشان بولىۋاتىدۇ، ئاكا، جىسمىمنىڭ تېڭىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەكلا... قانداق ئېسىل يىگىتلەر ئىدى ھە...ـ ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىراپ مېڭىپ يۈرگىنىنى ئېسىگە ئالدى ھەمدە ئاكىسىنىڭ جىددىي چىرايىغا دېققەت قىلدى ۋە سورىدى،— سىزگە نېمە بولدى؟

— قارىمامسەن، ھېلىقى بەغەرەز ھېلىقى ئىشتىن كېيىنلا يوقالغان پېتى ھازىرغىچە قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ،— دېدى نىزامىدىن ئېتىكىنى تىنىپ ۋە تالادىن كىرىۋاتقان غېنىدىن سورىدى،— باردەكمۇ؟

—نېمە گەپ؟ كىم يوق، كىمنى ئىزلەۋاتىسىلەر؟

— نەبى بولمامدۇ، شۇ گالۋاڭ بايا قورقۇپ كەتكەنمۇ، ھازىرغىچە يوق، ئاچچىيارغا چۈشۈپ كەتمىسە بولاتتىغۇ.

— ئۇ ئەقىلللىق بالا، ھېچيەرگە كەتمەيدۇ، ئاۋارە بولماڭ. مەن ئۆزۈم ھازىرلا تاپىمەن،— دېدى تەۋپىق ۋە كۆڭۈلسىز ۋەزىيەتتە كىچىككىنە بولسىمۇ ئىچ

پۈشقىغا ئېرىشكەندەك، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە مەلىكىزادىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئېشەكنى توقۇپ چىققان قاسىمغا ”ئىككىڭلار كېتىۋېرىڭلار“دەپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئاستا ئاچيار تەرەپكە كېتىۋېتىپ يەنە ئاشۇ ئونبەش نەپەر ئوقۇغۇچىسى ھەققىدە ھەم ئىپتىخارلانغان، ھەم يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ئويلىدى. ئىچىنىڭ تىتىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن بىرتال سىگارت تۇتاشتۇرىۋالدى. ئۇنىڭ خىيالى ئالدىغا ئۇچرىغان بىر كىچىك بالىدىن (بۇ بالىمۇ تەۋپىقنىڭ ئاتۇشتىكى مىڭلىغان كىچىك دوستلىرى ئىچىدىكى بىرسىدى) نەبىنى كۆرگەن- كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى.

—كۆرمىدىم،— دېدى بالا ئۆزىگە خاس چۈچۈك تىل بىلەن،— ئۇ تالاغا چىقمىدى، مەنمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. سىز تاپالىسىڭىز قىچقىرىپ قويۇڭ جۇما، ئەپەندى دادا، بىللە ئوينايمىز.

— بولىدۇ، مەن ئۇنى تاپسام چاقىرىپ قويىمەن،— دېدى تەۋپىق بالىنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ، ئۇ بالىنى تېخىچە ئۆگزىدە مۆكۈپ ياتامدىكىن دېگەن گۇمانغا كەلگەنىدى.

ئۇ ھويلىغا قايتىپ كىرىپلا ئۆگزىگە چىقتى ۋە ئۆگزىگە بېسىلغان قوناق شېخى ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان بىرجۈپ كىچىك پۇتنى كۆردى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بالىلىق دېگەن نېمانداق قىزىق، نىماندىاق ئوماق! ھەي، ساددا ئىنسان، بېشىڭنى شاخ ئارىسىغا تىقىۋالغىنىڭ يوشۇرۇنغىنىڭ ئىكەن- دە؟ پۇتۇڭ دارديىپ چىقىپ تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ يوق. تۇرە ئورنىڭدىن، تېز بول، — ئۇ كېلىپ نەبىنى تارتىپ تۇرغۇدى. بالا ھېلىمۇ قورقۇپ تۇراتتى.

— دادام مېنى ئۇرماسمۇ؟— دېدى ئۇ سىناش نەزىرىدە تاغىسىغا قاراپ.

— ئۇرمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورىشىڭ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ؟ چوڭلارنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلىپ قويغاندا جەزمەن ئەپۇ سوراش كېرەك.

— نېمە دەيمەن؟

—”دادا، مېنى ئەپۇ قىل، گۇناھ قىلىپ قويۇپتىمەن“ دېسەڭلا بولدى، ئۇ سېنى ئۇرمايدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ.

— ماقۇل، ئەمىسە،— ئالدىغا چۈشۈپ، شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ بىر دىنلا توختاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— موللىكا، سەيپىدىنكامنىڭ بېشى يېرىملىغاندۇر؟— دەپ سورىدى.

— ياق، تەگمەپتۇ، ئەمما تاسلا قاپتۇ. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىشنى ھەگىز قىلما، بولامدۇ؟

— ماقۇل.

— ئۇلار قايتىپ چۈشكەندىن كېيىن نىزامىددىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارنى كۆردى. سەل خاۋاتىرلىنىۋاتقان نەبى دادىسىغا يېقىنىراق كەلگەندە تاغىسى ئۇگەتكەن سۆزلەرنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىپ، دۇدۇقلىدى:

— دادا، ئەپۇ قىل، گۇناھ قىلىپ...

شۇئان نىزامىددىننىڭ ئاتىلىق قەلبىدە مېھىر فونتانلىرى ئېتىلىپ رەڭگىگە كۈلكە يۈگەردى ۋە بالىنى قولىدىن يېتىلەپ ئالدىغا تارتىپ:

— ئەپۇ قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشنى قىلما، جۇمۇ!؟ ماڭە يۈگۈر، تامىقىڭنى يە، — دەپ ئۇنى ئۆي تەرەپكە ئىتتەردى.

— نەبى تامىقىڭنى يەپ بولۇپ تالاغا چىقىپ باقىن، بىر دوستۇڭ سېنى ئىزدەۋاتاتتى، — دېدى تەۋپىق ۋەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ.

ئاكا- ئۇكا ھويلىسىدا يالغۇز قالغاندىن كېيىن بىردەم سۈكۈتتە تۇرۇشتى. نىزامىددىن بۇنداق تۇرۇشتىن ئىچى پۇشۇپ:

— ئولتۇرمامسەن، كەچلەپ كېتەرسەن، — دېدى.

— ياق، ئاكا، مەن كەتسەم بولغۇدەك پىغانىم تۇتىۋاتىدۇ، كېتىپ بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولاي،— دېدى تەۋپىق.

نىزامىددىن تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي ئاختاخانىدىن ئىنىسىنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ چىقتى. ئۇلار دەرۋاز ئالدىدا خوشلاشتى. تەۋپىق يېنىك ھەرىكەت بىلەن توروق ئېتىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

## 3

ئەتىسى چەتئەلگە چىقىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە بىر تۈركۈم ئۈزاتقۇچى مۇئەللىملەرنىڭ سىپپى تەۋپىقنىڭ كوماندىسىدا قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى. چەتئەلگە چىقىدىغانلار قەشقەر ۋىلايەتلىك ئويغۇر مەدەنيي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تىكتۈرۈپ بەرگەن سارجا كاستيۇم- بۇرۇلكىلارنى كىيىپ، بۆلەكچە ئۈز بولۇپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ باشقا يۇك- تاقىلىرىنى ئېلاخۇن هارۋىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭغاندى.

ئۇلار ئاۋۋال قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا كىرىشتى. بۇ يەردە هەر قايسى ناهىيە، يېزا مەكتەپلىرىدىن كېلىدىغانلارنىڭ هەممىسى جەم بولغاندىن كېيىن، قاتار بولۇشۇپ"يۇمۇلاق شە" گە ئاتلىنىشتى، ئۆستەڭ بويى كوچىسىدىكى مىغ- مىغ ئادەم دېڭىزى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، ئۇلارغا يول بېرىشتى. هەممە ئادەم پۇزۇر كىيىنگەن يىگىتلەرنىڭ چاقچاق- تېتىك قەدەم ئېلىپ يۈرۈشلىرىدىن زوقلىنىپ جايىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالاتتى.

6- دېۋىزىيە ئىشتابى بۇگۈن بۆلەكچە قىزىپ كەتكەندى. ئىشتاب ئىچىدىكى هەربىلەر پەرزەنتلىرى ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئەسكەرلەردىن هۆرمەت قاراۋۇللىرى تەشكىللىنىپ، ئىككى تەرەپتە تۇرۇشاتتى. لاپاس ئاستىدىكى سۇپىدا ئوفىتسېرلار ئولتۇرۇشاتتى.

سەپەرگە چىققۇچىلارنىڭ سەپلىرى سۇپا ئالدىدا ئوفىتسېرلار تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇشتى. بىر كەمدە "مامۇت سىجاڭ چىقتى" دېگەن شىۋىرلاشتىن كېيىن مەهمۇد مۇهىتىنىڭ يوغان بەستى سەهنە ئۈستىدە پەيدا بولدى

يىغىننى ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشقۇردى. ئاۋۋال ئۇيۇشمىدىن بىرى ئېچىش سۆزى سۆزلىدى. ئارقا- ئارقىدىن ئايرىم مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، ناهىيىلەرنىڭ ئۇيۇشما مەسئۇللىرى سۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشقاندا يىغىن رەئىسى مەهمۇد مۇهىتىغا پىچىرلاپ:

— سۆزىڭىز بارمۇ؟— دەپ سورىدى.

— بار! — دېدى تۇرۇپ سەھنە، ئالدىغا كەلدى،— بالىلىرىم، سىلەر چەتئەلگە ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا تۇرىسىلەر، مۇشۇ مەزگىلدە سىلەرگە ئاخىرقى بىر نەچچە ئېغىز سۆزۈمنى دەۋالاي،— ئۇ ھاياجىنىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — سىلەر سوۋېتكە چىقماقچى. ئۇ يەر بولشۇىكلارنىڭ ئېلى، سىلەرنىمۇ قىزىل پاچاق بولۇشقا قىستىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق ئەھۋالغا يولۇقساڭلار، بولشۇىكلارنى دۇمبالاڭلار، جېدەل چىقىرىڭلار! مەكتەپنىڭ يېنىغا مەسچىد سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭلار! تەلىپىڭلارغا ئۇنىمىسا ئىسيان كۆتۈرۈڭلار! قىيىن ئەھۋالدا قالساڭلار ماڭا تېلېگىراما بېرىڭلار، مەن سىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىمەن![1]

مەھمۇد مۇھىتى شۇلارنى دېگەندىن كېيىن مۇلازىم ئەسكىرىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆزى پەسكە چۈشتى. مۇلازىم ئەسكەر ئېلىپ چىققان تېرە ھەميانىنى ئېلىپ شەخسىي ئۆز نامىدىن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئىككىدىن تىللا تارقىتىپ بەردى.

ئۇزىتىش مۇراسىمى زور داغ- دۇغا ئىچىدە ئېچىلىپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار سەپەر تەييارلىقى قىلىش ئۈچۈن تارقاشتى.

تەۋپىق قەشقەردىكى دوستلىرىنىڭ قېشىغا بارمىدى، ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان شاگىرتلىرى بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە دېۋېزىيە ئىشتابىدا قونۇپ قالدى.

ئەتىسى ئوقۇغۇچىلار پوچتا ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ رەسمى سەپەرگە ئاتلانغاندا مەھمۇد مۇھىتى يەنە ئۇزاتقىلى چىقتى ۋە يوغان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، تۈنۈگۈن تاپىلىغان سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، قەھرى بىلەن يەنە بىر قۇر تاپىلاپ خەيرلەشتى.

---

[1] يوقۇرىدا بېرىلگەن دىئالوگدا ماھمۇد مۇھىتى تىلىدىن بېرىلگەن سۆزلەرنى سەيپىددىن ئەزىزى بىلەن بولغان سۆھبىتىمىزدە سەيپىددىن ئەپەندى ئەينى شۇ بويىچە ئېيتىپ بەرگەندى، — ئا.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كەيپى بۇزۇلغان ھالدا جايىدا تۇرۇپ قېلىشقانىدى، مەھمۇد مۇھىتى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، تەسەللى بېرىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق قايغۇنى ئۇنتۇش مەخسىتىدە ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى.[①]

— باللارنىڭ ھىجران ئازابىنى بىللە ئولتۇرۇپ، ھەمسۆھبەت بولۇش ئارقىلىق ئۇنتايلى، يۇرۇڭلار، ماڭا مېھمان بولىڭىزلار، — دېدى ئۇ ئۇيچان ھالدا.

1987- يىل سىنتەبىر، بىرىنچى ئارگىنال پۈتتى.
1988- يىلى سىنتەبىردە ئىككىنچى قېتىم تۈزىتىلدى

ئاتۇش — شورۇق.

① 1988-يىلى سىنتەبىردە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن مەزكۇر رومان ۋە رومان ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخي دەۋىر ئۇستىدە سۆھبەتلەشكەن ۋاقتىمدا سەيپىدىن ئەزىزى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ باپنىڭ 1-3- بۆلۈكلىرى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە ئاساسەن يېڭىدىن تولۇقلاندى، __ (ئاپتور.)